ئەنۋەر هاجى مۇھەممەد

# كۆپۇك



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ISBN 978-7-105-10006-4
9 787105 100064 >
定价：16.00元

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

# كۆپۈك

(رومان)

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار سالام
مەسئۇل كوررېكتور: شەمسىيە تۇرسۇن

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

# كۆپۈك

(رومان)


| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 010—64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2009- يىل 6- ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2009- يىل 6- ئايدا بېيجىڭدا 1- قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 9.5 |
| سانى | : | 0001-3000 |
| باھاسى | : | 16.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-10006-4/I. 2037 (维 290)

图书在版编目(CIP)数据

泡影：维吾尔文/安尼玩·买买提著.—北京：民族出版社，2009.4

ISBN 978-7-105-10006-4

Ⅰ.泡··· Ⅱ.安···Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第055486号

责任编辑：沙塔尔·沙拉木
责任校对：夏木斯亚·吐尔孙
出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2009年6月第1版　北京第1次印刷
开　　本：850×1168毫米 1/32
印　　张：9.5
印　　数：0001-3000
定　　价：16.00元

ISBN 978-7-105-10006-4/I.2037（维290）

# نەشرىياتتىن

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد 1974- يىلى 10- ئاينىڭ 25- كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقيار يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1991- يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى( ھازىرقى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ) ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىياتى كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1996- يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ھازىرغىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قارمىقىدىكى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەدنىڭ ئەسەرلىرى 1991- يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ھەر قايسى ئەدەبىي ژۇرناللاردا «لاي سۇ ئىچكەن جانلار»( «تارىم» )، «قىيامەتلىك كېسەل» ( «تەڭرىتاغ» )، «گۇناھ»( «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» )، «كۆز يېشى ۋە ۋەھىمىگە تولغان كۈنلەر»( «كىرورەن» )، «بېيجىڭ ئادىمى» ( «مايبۇلاق» )قاتارلىق ئون نەچچە پوۋېست، «چاقىرىش»، «يىراق سەھرادىكى يېڭى ھېكايە»، «مۇھەببەت» قاتارلىق يىگىرمە پارچىغا يېقىن ھېكايە، «تەكلىماكان ئوغلى»، «مىجىت قەلەم ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان سىرلار»، «مۇھەببەتلىك ھايات» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخبارات، «يازغۇچى ۋە ئىنسان تەبىئىتى»، «پروزا ئىجادىيىتىدىكى بىر قانچە مۇھىم روھىي ھالەت» قاتارلىق ئوبزورلارنى ئېلان قىلغان. ئاپتورنىڭ «لاي سۇ ئىچكەن جانلار» ناملىق پوۋېستى جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغاپ، 1996- يىلى «تارىم ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئەسەرلىرى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن؛ «مۇھەببەت» ناملىق ھېكايىسى 2006- يىللىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 1999- يىلى ئۇنىڭ «جان

ئـوتى» نـاملىق ھېكايىلەر توپلىمى، 2005-يىلى «لاي سـۇ ئىچـكەن جانلار» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشـر قىلىنغان. 2005-يىلى ئۇنىڭ «ھەر كاللىدا ھەر خىيال» نـاملىق ئەدەبىي ئاخبـارات، ئوبزورلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئـۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن سىرت ئەدەبىي تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، نوبېـل ئەدەبىيـات مۇكاپاتىغـا ئېرىشـكەن مەشـھۇر تـۈركىيە يازغۇچىسـى ئورخـان پامۇكنىڭ «يېڭى ھايات» ناملىق رومانىنى تۈركچىدىن تەرجىمە قىلدى، بۇ كىتاب 2008-يىلى 7-ئايدا نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئەنـۋەر ھـاجى مـۇھەممەد 2004-يىلـدىن بۇيـان «ئەرتـۈرك» ( Erturk ) تەخەللۇسـى بىـلەن تـور ئەدەبىياتـدىمۇ بەلگىلىـك نەتىجىـلەر قازانغان ياش يازغۇچى بولۇپ، ھەرقايسى تور بېكەتلىرىدە ھەر خىـل تېمـا ۋە ژانىرلاردا 50 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر ئېلان قىلدى.

«كۆپـۈك» ئاپتورنىـڭ تـۇنجى رومـانى، رومانـدا مەلـۇم نـاھىيە بازىرىـدىكى بىـر ئـائىلە كىشىلىرىنىڭ ھايـات كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، 90-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، شەھەرلىشىش دولقۇنىنىـڭ يەنىمـۇ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭىدىن پەيدا بولغان خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب........................................ 1
ئىككىنچى باب ................................. 74
ئۈچىنچى باب ..................................200

# بىرىنچى باب

## 1

ئەلياتقۇدا ئۇلار يەنە سەتلىشىپ قالدى:
— ياستۇقنى ئاتماڭلا! — دەپ ۋارقىرايتتى ئەر.
— ماڭ ئاشناڭنى تاپ، يوقال! — دەپ ۋارقىرايتتى ئايال.
— باشقا قويىدىغان نەرسىنى ئاتماڭلا!
— سەن بىلەن بۇ ياستۇققا ئەمدى باش قويمايمەن! — ئايال ياستۇقنى ئېرىنىڭ كاللىسىغا ئاتتى، ئېرى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋالدى، ئايالى ئۇنى تارتىپ يىرتىۋەتتى، ياستۇقنىڭ قېتىدىكى يۇمشاق پاختا تىتىلىپ چىقتى.
— چۇۋۇلدىمۇ مانا...
— سەندەك مازنىڭ مېزىنى چۇۋۇيمىز شۇنداق! — ئايال غەزەپ ئاچچىقى بىلەن ئېرىنى سەتلەپ تىللاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. ئەر ئالدىراپ تالاغا ماڭدى. باھارخان ئوغلىنىڭ بىچارە ھالىنى كۆرۈپ كېلىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى:
— ۋاي نېمە بولۇشتۇڭلار؟!
— ھېچنېمە، بېرىپ ئوغۇللىرىدىن سورىسىلا...
— زادى نېمە ئىش بولدى؟
— تازا ماز بىر نېمىگە تېگىپتىكەنمەنمۇ دەيمەن...
— ئۇنىڭ نەرى مازكەن، نېمانداق گەپ قىلىسىز؟
— ماز بولغاندىكىن ماز دەيمەن، بېرىپ ئۆزىدىن سوراپ باقسىلا!

ئەر-خوتۇنچىلىقتىكى كېلىشمەسلىك ئابدۇباقىنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى سۇندۇرۇپ، خوتۇننى قىتىغۇر، جىلىخور قىلىۋەتكەنىدى.

www.uyghurkitap.com

دىمىقى ئۇستۇن خوتۇنىنىڭ شەھلا كۆزىدىكى كۈچلۈك ئىنتىلىش ۋە غەلىتە ئىپادىلەرنى كۆرسىلا ئۇنىڭ يۈرىكى سىيلىپ كېتەتتى، كۆڭلىدە خوتۇن خەق دېگەننى ئېرىتىپ شام قىلىۋېتىمەن دەپ ئويلىسىمۇ، نەق شۇ پەيتلەردە خوتۇنىنىڭ توك قاپىقىدىن، يامان كۆزىدىن، سېسىق گېپىدىن قورقۇپ، شامالدا ئۆچەي دەپ قالغان شام نۇرىدەك ئاجىز ھالغا چۈشۈپ قالاتتى. ھەر ئاخشىمى ئۇنىڭ ئەركىنلىكى تامامەن خوتۇنىنىڭ ئىختىيارىدا بولاتتى، پەقەت ئۇيقۇلۇقتىلا ئاندىن يۈرىكى جايىغا چۈشەتتى.

باھارخان بىر دەمدىن كېيىنلا بالىسىدىن گەپ سورىغىلى كىردى:

— سانىيخاننى نېمە قىلدىڭ؟

— ھېچنېمە...

— ئەمىسە نېمىشقا زوۋانى بېسىقمايدۇ؟

— ئۇنىڭ ئاغزى ئاشۇنداق بەزەپ.

— سېنى شۇنداق سەتلىسە بېشىڭنى تۆۋەن سىلىپ تۇرامسەن؟

— ئۇ ساراڭ بىلەن تەڭ بولغىچە...

— ھەي، ماڭا راستىڭنى دە، ئاراڭلاردا نېمە ئىش بولدى؟

— ھېچقانداق ئىش يوق، ئۇ سىزگە بىر نېمە دېدىما؟

— نېمە دەيتتى، سېنى يارىماس لاتىغا چىقىرىۋەتتى، ئۇ سېنى نېمىشقا كەمسىتىدۇ؟ سېنىڭ نەرىڭ يارىماسكەن، ماڭا بىر دېگىنە قېنى...

— يوق يەپتۇ ئۇ جىن ساراڭ...

— ئۇنى خوتۇن قىلالماي قورقىلى تۇردۇڭمۇ ئەمدى، قارىغىنە چىرايىڭغا...

— ۋاي ئانا، بولدى قىلىڭە ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويۇپ...

— قوپ جوڭگو، خوتۇنىڭنىڭ يېنىغا كىرىپ يات! كىم سېنى بۇ يەردە ئۇخلىسۇن دېدى!؟ — باھارخاننىڭ تامنىمۇ تىترەتكىدەك

زەردىلىك، قاتتىق ئاۋازىدىن ئابدۇباقى چۆچۈپ كەتتى، سانىيەنى ئوغۇرلۇقچە گەپ ئاڭلاۋاتقان، مېيىغىدا كۈلۈۋاتقان سىياقتا كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— ماڭا نېمىشقا راست گەپ قىلمايسەن؟ دېگىنە قېنى، زادى نېمە ئىش بولدى؟ ئۇ جاپىلداقنىڭ ئېغىزى نېمىشقا كەچكىچە بېسىقمايدۇ؟

— ھېچ ئىش يوق، — دېدى ئابدۇباقى پۇشۇلداپ، — شۇ ئۆزىچىلا تايىنى يوق ئىشقا قوڭنى چىقىپ قوپتى...

— نېمىگە قوڭنى چاقتى؟

— بىللە ياتىلى دېگەندە ئۇنىمايدۇ، مىجەزىم يوق چاغدا ئادەمگە دوق قىلىدۇ... خۇيى يامان خوتۇنىنى خوتۇن قىلماق تەسكەن، مەن بۇ بىر نېمىنى بىكار پۇل خەجلەپ ئاپتىمەن...

— ھەي، سەن بىر خوتۇننى يولغا سالغان ئەر كىشى تۇرۇپ مۇشۇنداق دەمسەن، مۇشۇمۇ سەندەك ئەر كىشى دەيدىغان گەپمۇ؟ نېمىشقا ئۇنى خوتۇن قىلالمايسەن، نېمىشقا ئۇنى باشقۇرالمايسەن، نېمىشقا مېنى خاتىرجەم قىلمايسەن؟!

ئابدۇباقى ئېغىر تىنىپ بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى، خوتۇننى ئاز دېگەندەك ئەمدى ئانىسىمۇ ئۇنى پاراكەندە قىلىۋاتاتتى، ئۇ قاتمۇ قات بىئاراملىقتا چىدىماي ئاخىر ئىچىدىكى دەردىنىڭ ھەممىسىنى تۆكتى:

— شۇ ... مۇشۇ يېقىندىن سوغۇم ئېشىپ كەتتىمىكىن، تازا مىجەزىم يوق... تۇرسام... ئاشناڭ باركەن، كېسىلىڭ باركەن دەپ چىشىمغا تەگدى. مەن ئۇنداق ئەمەس دېسەم ئۇنىمايدۇ، نېمىشقا دائىم شۇنداق بولىدۇ دەيدۇ. مەن نەدىن بىلەي دېسەم، سېنىڭ زادى بىر چاتىقىڭ بار، سەن بالا تاپالمايسەن دەپ يۇرۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدۇق...

باھارخان ئوغلىغا ئەجەبلىنىپ قارىدى، چاتاق مۇشۇنىڭدا ئىكەن، بۇرۇنقى خوتۇنى ياۋاش بولغاچقا گەپ قىلالمىغان بىلەن،

يېگى خوتۇنى بوش قويۇۋەتمىگەن گەپ. بۇرۇنقى خوتۇنىدىن بالا يۈزى كۆرەلمەسلىكنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ئوغلىدا بولغىيمىدى؟

— ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بىر چاتىقى بارمىكىن دەيمەن... — دېدى باھارخان ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — بېشىدىن ئىش ئۆتمىسە ئۇنداق دېمەستى...

— ئىشقىلىپ، بەك يامان خوتۇن ئېلىپ قاپتىمەن، — دېدى ئابدۇباقى يەنە ئېغىر تىنىپ، — بەك بولمىسا قويۇۋېتەرمەن ...

— خوتۇننى ئوڭلاپ خوتۇن قىلالماي تۇرۇپ قويۇۋەتمەكچىمۇ تېخى؟ مۇشۇمۇ ئەر كىشىنىڭ دەيدىغان گېپىما؟ بىلىڭ نېمانچە بوش؟! نومۇس قىلمامسەن؟ — دېدى باھارخان پەس، زەردىلىك ئاۋازدا، — مەن سېنى ئوغۇل دەپ چوڭ قىلغان، تولا يۈزۈمنى تۆكمە!

ئابدۇباقى تىترەپ كەتتى، باشقا ھېچنېمە دېيەلمىدى، بىر ياقتا ئەركەك مىجەز ئانىسى، بىر ياقتا ئەركەكزەدەك خوتۇنى قاراپ تۇراتتى، ئۇ گويا ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قىسىلدى. ئۇنىڭ قورتتەك تۈگۈلۈپ يېتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ باھارخاننىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى:

— ماڭ جۇگۇ، خوتۇنۇڭنىڭ قېشىغا كىرىپ يات!

ئابدۇباقى ئورنىدىن تەستە قوپۇپ، ھويلىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ھۇجرىسىغا ماڭدى. ئۆزىگە ئايرىم ئورۇن سېلىپ يېتىۋالغان سانىيە ئابدۇباقىنىڭ كىرگىنىنى تۇيۇپ ئىچى سىقىلغان بولسىمۇ جىم يېتىۋەردى، ئابدۇباقى ئۆزىنىڭ ئورۇنىنىمۇ تۈزۈك سالالماي، ئۆز ئۆيىدىمۇ خاتىرجەم ياتالماي، ئۆزىنىڭ پالانى پۇلغا ئالغان سەتەڭ خوتۇنىدىنمۇ خۇشاللىق تاپالماي، خوتۇنىنىڭ كۆزىنى يۇمۇپ جىم ياتقانلىقىدىن رازى بولۇپ ئاخىر ئۇخلاپ قالدى.

## 2

سانىيەنىڭ سەتەڭلىكى ئابدۇباقىنىڭ ئىپتىخارى ۋە خۇشاللىقى بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇنداق بولمىدى، سەتەڭلىكنىڭ ئەپت-بەشىرىسى تويدىن كېيىن چۈۋۈلۈپ چىقتى ۋە قورقۇنچلۇق تۈيۈلۈشقا باشلىدى. ئابدۇباقى شۇنى چۈشەندىكى، بۇ سەتەڭلىك ئەسلىدە بىر ئېزىتقۇ نىقاب ئىكەن. خوتۇنى پەرداز ئەينىكى ئالدىدا چىرايىغا تەمەننا قويۇپ مەغرۇر ئولتۇرسا، ئابدۇباقى بۇ ئەينەكتە ئۆزىنىڭ سولغۇن چىرايىنى، قولاشمىغان كۆلكىسىنى... كۆرەتتى.

ئېرىدىن رازى بولمىغان سانىيە ئۆزىنى بىر پۈتۈن شادلىققا ئېرىشەلمەي ئەخمەق قىلىنغاندەك، ھەتتا ئالدانغاندەك ھېس قىلدى؛ ھەر ئاخشىمى گويا چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلانغان ئادەمدەك قىينىلىۋېرىشنى خالىمىدى؛ ئۆزىنىڭ كەم قالغان كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېرىدىن ئەيىب ئىزدەپ، مەسخىرە ۋە ئاچچىقىنى سىپسىق گەپ بىلەن بېسىقتۇرۇپ، كېچىدىكى ئىشنىڭ تەسىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك سۈرەپ كىرىپ، ئاخىر ئۇنى تېزلا بويسۇندۇرۇپ يېپەك قىلىۋەتتى، ئۇ ئېرىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋالغىنىدىن ناھايىتى خۇرسەن ئىدى، مۇبادا ئۇ ئېرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ قالسا ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولاتتى.

ئېرىنى تىللىغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇ ئاپىسىنىڭ قېشىغا يامانلاپ بېرىپ دەرد تۆكتى:

— ھەر قايسىڭلار زورلاپ... مانا ئەمدى ئۇ نېمىگە تەگكەنگە تويدۇم! ئەر خەق دېگەنمۇ شۇنداق يارىماس بولامدۇ، ئاجرىشىپ كېتىمەن، يېنىپ كېلىپ قېشىڭىزدا تۇرىمەن...

— كەلسە-كەلمەس گەپنى قىلما، بىرەر كۈن ئازنىلىق قىلساڭ قىلىپ، يامانلايدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلما! قولۇڭدا يا بىر ھۈنىرىڭ يوق، جېنىنى بىر ئۇبدان باقارمىكىن دەپ سېنى

ئاشۇنداق باي خەقكە بەرگەن، چوگمۇ بولدۇك، جاپايىڭنى ئەمدى ئۆزۈڭ تارت! ــ دېدى ئانىسى يىڭنە ئۇشىدىن باش كۆتۈرمەي.

ــ ھەر قايسىڭلارغا يۆك بولۇپ قالدىممۇ ئەمدى، خەپ شۇنداق دېگىنىڭىزگە...

ــ سەن ئەمدى تالانىڭ ئادىمى، ئەرگە تەگكەندىن كېيىن ئەمدى بۇرۇنقى شوخلۇقىڭنى تاشلا! ئېرىڭنى ئۆزۈڭگە ئۆگىتىۋالساڭ بولىدۇ، باھارخانمۇ بولىدىغان خوتۇن، ئوبدان ئۆتىسەڭ بولىدۇ.

ــ ئەر دېگەن شۇنداق بولسا ئەرگە تېگىپ نېمە ئىش قىلاتتىم، تووا دەيمەن، ئەجەب تەلەيسىزكەنمەن!

ــ تېخى ئەمدى توي قىلدىڭ، ھەممە ئىش ئاستا-ئاستا بولىدۇ. بەختىڭ بولسا كېيىنچە باھارخاندەك باي خوتۇن بولۇپ قالامسەن تېخى...

ــ ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ئۇ سىقىپ يالايدىغان بىر خوتۇنكەن، خەققە ئىجارىگە بەرگەن دۇكانلىرىدىن ھەر ئايدا ئىككى مىڭ كويدىن ئوشۇق پۇل يىغىۋالىدىكەن، يەنە تېخى ناۋايخانىغا نان ياقتۇرىدىكەن، تىككۈچىگە كىيىم تىككۈزىدىكەن، موزدۇزغا ئاياغ بۇيرۇتىدىكەن، پۇل بەرمەيدىكەن.

ــ پۇلغا شۇنداق چىڭ بولمىسا باھارخان باي بولالمايتتى. ئاشۇنداق ئۆيىمىز بولىدىغان بولسا بۇ چاغقا بىزمۇ بېيىپ كېتەتتۇق.

ــ باي، باي دەيسىز، قارىسا ئۆيلىرى كونا، يا يېگەن-ئىچكىنىنىڭ يا تۈزۈك كەيگىنىنىڭ تايىنى يوق، تاماقنى تېخى قەمبەر دېگەن ھىلىقى شالدام ئېتىدۇ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۈرۈپ...

ــ خەقنى ئۇنداق كەمسىتمە، ئۇ ئاتىسىنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ كەتكەن قىز. باھارخاننىڭ ئېرى ئەسلي چوڭ موللام ئىدى، قەمبەر ئابدۇباقىدىنمۇ بۇرۇن تۇغۇلغان بالا، ئۇ كىچىكىدە ئاتىسى تاھارەت ئېلىۋاتقاندا كەينىدىن مارىغانمۇ يا



www.uyghurkitap.com

ناماز ئوقۇۋاتقاندا بېشــــىدىن سەللىسىنى ئېلىۋېتكەنمۇ ئىشقىلىپ ئاتىسىنى قاتتىق رەنجىتىپ قويۇپ ئۇ كىشىدىن تاياق يەپتىكەن. ئۇ شــۇ تاياقتىن بەك قورقۇپ كېتىپ زۇۋانـــى تۇتۇلۇپ، ئاغزى سەل مايماق بولۇپ قاپتىكەنمىش، دەسلەپتە كېكەچلەپ كېيىن تىلى سەمرىپ ئاشۇنداق ســۆزلىيەلمەيدىغان، ئاغزىدىن شالدام ئاقىدىغان بولۇپ قاپتىكەن. ئۇ داموللام كوپېراتســيە ۋاقتىدىلا كېسەل تارتىپ ئۆلۈپ كەتكەن. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ ئادەمنىڭ باھارخانغــا قالغان ئۆي-زېمىنى ھازىرقىدىـــن چوڭ كېلەتتى، كوپېراتسىيىدىن كېيىن بازارنى كېڭەيتىش، يول ياساش ۋاقتىدا ئۇ تامنىڭ بىر قىسمى يولغا چىقىپ كەتتى. ھازىرقى يول بۇرۇن بـــەك تار ئىدى، بازار بولمايتتى، مانـــا ھازىر بازارنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى، باھارخاننىڭ تەلىيى كەلدى. ئېسىگدە بولسۇن، ئۇ ئۆي-زېمىن ھامان ئېرىككە ۋە ساكا قالدۇ، ئېرىكنى ئوبدان باشقۇرالايدىغانلا بولساڭ ئۇ چاغدا پۇل دېگەن دۇكان-دۇكاندىن كېلىۋېرىدۇ، بىر ئۆمۈر ھالاۋەت كۆرىسەن...

— ۋاي قويۇڭە ئاپا، شــۇ خەقتىن نېمىنى تاما قىلىســىز؟ ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىزغۇ ئەينا، يوغان بىر قورۇ-جايى بولغان بىلەن بىــرەر ئېغىز چىرايلىق ئۆيى يوق، ھەممە تېمى مايماق، ئادەمنى بېسىۋالارمۇ دەپ ئەنسىرەيمەن، ئاخشىمى خاتىرجەم ياتالمايمەن. باھارخان ئىجارىگە بەرگەن دۇكانلىرىنىڭمۇ دۇكان دېگۈچىلىكى يوق، ئۇنىمۇ ئىجارىكەشــلەر ئۆزى ئالدىراپلا ساپتىكەن، قارىسا بىرسى بىر ياڭزا، كالا پوقىدەك پومزەك، سوكال-سولتەكلەرنىڭ ھەممىسى مۇشــۇ يەرگە يىغىلغان. ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسى ئاندىن سەت، تېخى بىر نېمىلىرىنى ئارتىپ قويىدۇ. كوچىدىن قارىسىڭىز بەك ســەت چىنىپ تۇرىدۇ، بەزىدە نومۇس قىلىپ شــۇ ســەت ھويلىغا كىرگۈممۇ كەلمەيدۇ، ئۇ پىخسىق خوتۇن كونا تاملىرىنىڭ ھەممىنـــى چېقىپ يا تـــۈزۈك ئۆي ســالمايدىكەن، يا چىرايلىق دۇكانلارنى سېلىپ خەققە ئىجارىگە بەرمەيدىكەن، سىقىپ يالاپ

يىغقان پۇللىرىنى نېمە قىلىدىكىن!؟

— ئېرىڭنىڭ قۇلىقىنى ئوبدان تولغاپ باق، يا بولمىسا قېيناناڭنىڭ ئۆزىگىلا مەسلىھەت بېرىپ باق، مەنمۇ دەپ باقارمەن، بىزمۇ ئەمدى ئۇلارغا يات ئەمەس، بۇ ئىشنى بۇرۇن باشلىۋالغان ياخشى.

— يوق گەپنى قىلىشمايلى ئاپا، بىز دېگەنگە ئۇنايدىغان خوتۇنما ئاشۇ؟

— دەپ باققاننىڭ زىيىنى يوق، ئەڭ ياخشىسى ئېرىڭنى گەپكە كىرگۈز...

— ئانىسىنىڭ گېپىدىن چىقالمايدىغان ئاشۇ لامزەللە نېمە قىلالايدۇ؟! تووا دەڭا ئاپا...

— نېمىلا بولسا ئېرىڭ، "ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسا، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم بولسا" دەپتىكەن، سېنى ئۇ ئۇرۇپ بىر يېرىڭنى ئەيىبناق قىلىپ قويمىغاندىكىن، تولا يامانلاپ كېلىۋەرمە.

— سىزلا خۇش بولسىڭىز ماقۇل، كەلمەي، — دېدى سانىيە قاپىقىنى تۈرۈپ.

## 3

ئانىسىنىڭ قارغىشىغا كەتكەن قەمبەر تىنىم تاپماي ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى، ئەگەر ئۇ بىكار تۇرۇپ قالسا، خىيال سۈرۈپ جىم ئولتۇرۇپ قالسا ياكى چۈشتە ئۇخلاپ قالسىمۇ باشقىلارنىڭ كۆزىگە سىغمايتتى، ئانىسى باھارخاندىن تارتىپ سانىيەگىچە ھەممىسى ئۇنى ئىشقا بۇيرۇپ كۆنۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۈن-تىنسىز ئىشلەيتتى، گاھىدا شالدىمىنى قويۇپ ھېچكىم ئۇقالمايدىغان بىر نېمىلەرنى دەيتتى. گاچىلار ھېچ بولمىسا قول ئىشارىتى بىلەن بولسىمۇ مەقسىتىنى بىلدۈرەلەيدۇ، ئەمما قەمبەر ئۇنىمۇ بىلمەيتتى. لېكىن ئۇ پۈتۈنلەي سۆزلىيەلمەيدىغان گاچا ئەمەس

ئىدى، "ئانا" دېگەن سۆزنى تولۇق دېيەلەيتتى، قالغانلارنىڭ ئىسمىنى دېيەلىشىچە دەيتتى؛ ئاۋازى ئىنچىكە چىقاتتى، مۇبادا ئۇ تولۇق گەپ قىلالايدىغان ياكى ناخشا ئېيتالايدىغان بولسا ئاۋازى چوقۇم يېقىملىق ئاڭلىناتتى.

قەمبەر 16 ياش ۋاقتىدا بويىدا قالدى، باھارخان قىزىنى بىر مۇنچە تىللىدى، كىم بىلەن نېمە ئىش قىلغانلىقىنى سورىدى. قەمبەر قورسىقىنى تۇتۇپ، ئانىسىغا قانداقتۇر بىر نەرسىدىن ئەجەبلەنگەن كىچىك بالىدەك قاراپ، چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دېدى، تاكى شۇ بالىنى تۇغقىچە قورسىقىنى تۇتۇپ، ئۆزىلا چۈشىنىدىغان مەلتۇك تىلدا سۆزلەپ ھەم ئۆزىچە كۈلۈپ يۈردى. قەمبەر مەكتەپتە ئوقۇمىغاچقا ئۆيدىن تالاغا چىقمايتتى، شۇڭلاشقا، ئوغۇللار بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باھارخان خىلمۇخىل گۇمانلارنى قىلىپ باقتى، ئۆيگە كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغان دۇكاندارلارنى ئويلاپ باقتى، بىراق ئۇلار كۈندۈزى دۇكان ئاچسىمۇ كېچىسى ئۆيلىرىگە كېتەتتى. دۇكاندارلار ئىچىدە پەقەت بىر قېرى موزدۇزلا ئۆيى بازاردىن يىراق بولغاچقا ئۆيگە كېتىپ بولالمىغاندا دۇكىنىدا ياتاتتى. باھارخان بۇ ئادەمدىن گۇمانلىنىپ يۈرمىدى، ئۇ بوۋاي ئىككى موچەن تاپسىمۇ كۈنىگە شۈكۈر قىلىپ، ئاخىرەتلىكىنىڭ غېمىنى يەپ ئۆتكەن ئادەم ئىدى. گۇمانلار گۇمان پېتى قالدى، قەمبەرنىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ، ئۆزىگىلا ئوخشايدىغان بىر قىز تۇغدى، باھارخان ئۇنىڭغا "گۈلەمبەر" دەپ ئىسىم قويدى ۋە ئۇنى خۇدايىمنىڭ ئامانىتى دەپ بىلىپ، ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلدى. ئۇ گۈلەمبەرنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ ئاتىسىنى ئېنىقلاش ئارزۇيىدىن ئاللىقاچان ۋاز كەچكەن بولسىمۇ تاڭ سەھەردە كۆرگەن بىر قېتىملىق چۈشى ئۇنى ئەسكەرتىپ قويدى. چۈشىدە ھېلىقى قېرى موزدۇز پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا: "باھارخان، قىزىمنىڭ ئايىغى يىرتىلىپ كېتىپتۇ، مەيەگە ئەكەلسىلە، ياماپ بېرەي" دېگۈدەك، قولىدا ئۈچلۇق

بىر بىگىز تۇرغىدەك... باھارخان چۈشىدىن ئويغىنىپ، ئۆلۈپ كەتكەن شۇ ئادەمنىڭ چىرايىنى ئەسلەپ، تۇۋا دەپ ياقىسىنى تۇتتى، كۆڭلىدە بىر شەك قالدى.

باھارخان "ھەقىقىي نەۋرە" كۆرۈش ئارزۇيىدىن كىچەلمەي، ئابدۇباقى بىلەن خېلى ئۇزاق ئۆي تۇتقان ياۋاش كېلىننى تۇغماسقا چىقىرىپ، ئوغلىدىن ئاجراشتۇرىۋەتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئابدۇباقى ئۇ خوتۇنىنىڭ قۇچىقىدا بالا كۆتىرىپ باشقا بىر ئەر بىلەن كوچىدا كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ كۈنلا ئانىسىغا بۇنى دېدى.

— ئۆزىنىڭ بالىسى ئەمەستۇ؟!— دېدى باھارخان .

— تاڭ ئەمدى، بالىسى بار بىرسىگە تەگكەن بولسا...
— دېدى ئابدۇباقى ئېرەن قىلماي.

— سېنىڭ بالاڭ بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — دېدى باھارخان ئوغلىغا مىختەك قادىلىپ، — چىرايىنى ئېنىق كۆردۈڭمۇ؟ ئوغۇلمىكەن، قىزمىكەن؟

— يۈگىكىنى ئېچىپ قاراپ باقمىسام، مەن نەدىن بىلەي!— دېدى ئابدۇباقى جىلە بولۇپ.

ئابدۇباقى دەردىنى ئۆزى بىلەتتى، ئۇنىڭ كەيپخۇمار، شەھۋەتپەرەس ئاغىنىلىرى خوتۇنلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، نەچچە باللىقمۇ بولۇپ بولدى. ئۇ كەيپ-ساپاغا ئۆزىنى بەك ئۇرۇپ كەتمەيتتى، ئەمما يانمايتتى، ھاراقنى جىق ئىچىۋالغاندا شاشلىشىپ قالمىسا، ئادەتتە ئاغىنىلىرىدەك دادىل، قوپال ئەمەس ئىدى، دائىم ئىچ-ئىچىدىن تىترەپ، سوغۇق تەرلەپلا تۇراتتى؛ ئانىسى ئېسىگە كېلىۋالاتتى، باھارخان ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بەرمەستە ھەم خوتۇنىدىن ئاجراشتۇرىۋەتكەندىن كېيىن بىر قانچە قېتىم: "سېنىڭ ئاتاڭ كاتتا ئۆلىما، كەيپ-ساپانى ئازراق قىل، خوتۇن دېسەڭ مەن ئۆيلەپ قوياي، يامان يولغا كىرىپ كەتمە" دېگەنىدى. ئەمما ئۇ خوتۇن ئېلىشقا ئالدىرىماي بىر قانچە يىل

بويتاق، ئەركىن ياشاپ، يېشى 35 تىن ئاشقاندا ئاخىر ئانىسىنىڭ دېگىنـــى بويىچە ئۆيلەندى، ئۆيلەنگەندىمۇ ئانىســـنىڭ پۇلى بىلەن تازا ئېسىل ئۆيلىنىۋالدى، قىز ئالدى، سەتەڭ سانىيە ئاخىر ئۇنىڭ يېڭىياچە خوتۇنى بولۇپ قالدى.

جىنسىي ئىســـتەك ئۇنىڭ كاللىسىغا هاراق ياكى تاماكىنىڭ خۇمارىدەك چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنىدى، خىيالىدا شـــۇ هۇزۇرغا شۇنچە بېرىلەتتى، شـــۇ لەززەتكە هەر كېچە ئىنتىلەتتى، بىراق ئىمكانىيەت هازىرلانغان پەيتتە جىددىيلىشىپ، ۋۇجۇدى تىترەپ، پۇت-قوللىرىدىن تارتىپ جىمى ئەزايىدا جان قالمايتتى. بۇرۇنقى خوتۇنى ياۋاش بولغاچقا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلەتتى، ئازادە كەيپىيات يارىتىپ بېرەتتى. بىراق ســـانىيەنىڭ ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلگىنى تەنە-مەســـخىرە، ۋەهىمە، كۆڭۈلســـىزلىكلا بولۇپ، ئابدۇباقى ئۇنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ۋە مەسخىرىسىگە ئۇچرىغانچە بۇرۇنقى خوتۇنىنىڭ قەدرىنى قاتتىق هېس قىلدى.

گۈلەمبـــەر كىچىكىدىنلا باهارخانىنى ئانام دەپ تونۇپ هەم شـــۇنداق ئاتاپ كەلدى، باهارخانمۇ ئۇنـــى ئۆزىنىڭ قىزىدەك قىلىۋالدى. قەمبەر بالىســـىنىڭ بارلىق جاپاسىنى تارتىپ چوڭ قىلغان بىلەن، ئاخىرىدا ئۇنى ئانىسىغا تاشلاپ بەردى، پەقەت باهارخانلا گۈلەمبەرنىڭ قەلبىـــدە ئانا ئوبرازىنى تىكلىدى. بۇ مۇناسىۋەت ۋە شۇنىڭغا خاس ئاتاش-چاقىرىشلارغا ئابدۇباقىمۇ كۆنۈپ كەتتى، ئەتراپتىكى قولۇم-قوشنا، تونۇش-بىلىشلەرمۇ باهارخانىنـــىڭ ئىززەت-هۆرمىتىنى قىلىپ، گۈلەمبەرگە غەيرىي قاراپ يۈرمىدى، ئۇنىڭ ئانىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ، گەپ كوچىلاپ، غەيۋەت قىلىشـــىپمۇ كەتمىدى. چۈنكى كىشىلەرگە ئاشۇ بالا ۋە شۇ بالىنىڭ ئانىســـى مەۋجۇت بولسىلا باشقىسى بەرىبىر ئۇنچە مۇهىم ئەمەستەك تۇيۇلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# 4

ھېلىقى ئاخشــىمى سانىيە ئابدۇباقىغا «ماڭ ئاشناڭنى تاپ، يوقال» دەپ ۋارقىرىدى، ســانىيەنىڭ بــۇ گەپنى قانداق ئوي-خىيالدا دەپ سالغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئابدۇباقى مۇشۇ گەپتىنلا سۆيۈنۈپ، خوتۇنىنىڭ باشقا ھاقارەتلىرىنى كۆڭلىگە بەك ئېلىپ كەتمىدى، چۈنكى ســانىيە ئۇنىڭ ئەرلىك كۈچىنى يەنە باشــقا تەرەپتىن ئېتىراپ قىلغانىدى. ئاشــۇ گەپنى ئويلىســىلا ئۇنىڭ ۋۇجــۇدى يېنىكلەپ قالاتتى، خوتۇنىنى ھامــان بىر كۈن رازى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تېخى تۈگەشمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

دەرۋەقــە ئابدۇباقىنىڭ ھاياتىدىمۇ شــۇنداق بىر ئىشــلار بولغانىدى. ئۇ چاغلار ناھايىتى زېرىكىشــلىك بولۇپ، ئابدۇباقى بۇرۇنقى خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ، ئاغىنىلىرى بىلەن كۈندە دېگۈدەك كەيپ-ســاپا قىلىپلا يۈرەتتى. باھارخان ھــاراق ئىچكىلى پۇل بەرمىگەن ۋاقىتتىمۇ ئۇ چۆپقەتلىرىنى قايسى قاۋاقتا بولسۇن پۇراپ تاپاتتى، سورۇنغا قىستىلىپ كىرەتتى. بىر بازار كۈنى كەچتە ئۇ كىنوخانا ئالدىدىكى قاۋاقتا ئىچىشــۋاتقان ئاغىنىلىرى زورلىغان ھاراقتىن بىر ئوتلاپ ئىچىنى قىزىتىۋالغاندىن كېيىن، ســورۇندا تونۇمايدىغان بىــر ئىككىيلەننىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى پۇشۇپ، ئەدەپكە چىقىپ كىرەي دەپلا ئاستا كەشنى توغرىلىدى. ئىچى قىززىغان چاغدىلا ئۇ ئۆزىنىڭ مەقســتىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى.

كىنوخانىنىــڭ ئالدىدىكى كەچلىك بــازاردا گازىر ۋە كۆك تاماكا ســاتىدىغان بىر قاملاشقان چوكان بولۇپ، ئابدۇباقىنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇ چوكاننىڭ گېپىنى تولا قىلاتتى، ئەپسانە پاراڭلاردىن ئابدۇباقىنىڭ كاللىســى قىزىپ كېتەتتى؛ ئۇ چوكان نەشــىمۇ ساتاتتى، نەشىخورلار ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ باراتتى، ئابدۇباقىمۇ

نەچچــە قېتىم ئاغىنىلىرى بىلەن بىللــە بېرىپ، ئۇ چوكاننىڭ ئۆيىدە نەشـــە تارتىپ پاڭ بولۇپ يېتىـــپ، ئويغانغاندا قاتتىق نـــان بىلەن چاي ئىچىپ، چوكانغا رەھمەت ئېيتىپ، قولىغا پۇل بېرىپ يېنىپ كەلگەنىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ چوكاننىڭ ئېرى سەكســەن خالتا ئاچىدىغان دوراپۇرۇش بولۇپ، كېسەلگە قاراپ دورا ياسايدىكەنمىش، بېغىغا يوشۇرۇنچە كەندىر تېرىپ، نەشـــە ياساپ سېتىپ خېلى پۇل تېپىپتىكەنمىش، تاپقان پۇلىغا بىر موتسىكلىت ئېلىپ مىنىپ شەھەر ـ بازار ئارىلاپ ئوقەت قىلىپ يۈرگەندە، يولدا ماشىنىغا سوقۇلۇپ جېنىدىن ئايرىلغانىكەنمىش.

تاماكىچـــى چوكان ئابدۇباقىنىڭ ھالســـىز پارقىراپ تۇرغان كۆزىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولدى:

ــ كەلسىلە، گازىر چاقاملا؟

ــ گازىـــر چاقســـام گېلىم ئاغرىيدۇ، ـ دېـــدى ئابدۇباقى چوكاننىڭ ئۇزۇن ئورۇندۇقىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرغاچ، ــ بىرەر چېكىم بولسا ما گالنى ئوگشىساق بولاتتى.

ــ تاماكىڭىزنى چېكىپ تۇرۇڭ.

ــ خۇمارنى بۇ باســـالمايدۇ، يېنىڭىـــزدا تىرناقچىلىك بىر نەرسىمۇ يوقما؟

ــ يوق.

ــ ئۆيىڭىزگە بارماي بولمىدى، كاللامنى قاپاق قىلىپ تازا چەكمىسەم ئۆلۈپ قالىدىغاندەك قىلىمەن...

چوكان كۈلۈپ كەتتى:

ــ سىزنىڭ كاللىڭىز زادى قاپاق...

ئۇلار كىنو تۈگىمەســـتىلا قايتىپ ماڭدى. چوكاننىڭ ئۆيىدە ئۇ نەشىنى تولدۇرۇپ چەكتى، يۇمشاق ناندىن تويغىچە يېدى، قېنىق دەملەنگەن ئىســـسىقلىق چاينى قانغىچە ئىچتى. چوكان ئۇنى بىر كېچە قوندۇرۇپ ئەتىســـى ئۇزىتىپ قويدى. ئابدۇباقى بىر ئاخشـــام خۇشال بولۇۋالغاندىن كېيىن ئۇ چوكاننىڭ خۇددى

نەشىدەكلا خۇمارلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. چاشقانمۇ بىر كىرگەن تۆشۈككە نەچچە قېتىم كىرىدۇ دېگەندەك، بىر قېتىم باشلانغان ئىش پۈرسىتى كەلگەندە ئارىلاپ-ئارىلاپ يۈز بېرىپ تۇردى.

خوتۇنى بىلەن كېچىدىمۇ، كۈندۈزدىمۇ قاملىشالمايۋاتقان ئابدۇباقى تاماكىچى چوكاننىڭ ئۆيىگە باردى، بۇ تازا چىڭقى چۈش ۋاقتى ئىدى، چوكان ھويلىسىدا كىر يۇيۇۋاتقانىدى، ئابدۇباقىنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوپۇپمۇ قويمىدى، قانداقتۇر بىر ئىشلار ئۇنى خاپا قىلغاندەك، ھېچنېمىگە مەيلى يوقتەك قىلاتتى. ئابدۇباقى ئوڭايسىزلىنىپ، ئادەتتىكىچە ھال-ئەھۋال سورىدى، چوكانمۇ زورىغا جاۋاب بەردى.

— بۈگۈن بىرەرسى سىزدىن نەشە تىلەپ كەلمەس؟

— تاڭەي، ئەمدى بېرىدىغان نەشىمۇ يوق...

— كەيپىياتىڭىز تازا جايىدا ئەمەس، نېمە، بىرەر ئىش بولدىما؟

— مېنىڭ كەيپىياتىم ھەر ۋاقىت جايىدا، — دېدى چوكان بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي. ئۇ خېمىر يۇغۇرغان پەددە بار كۆچىنى يىغىپ كىر يۇيۇۋاتاتتى، داستىن مازغاپلار ئۆرلەپ-ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى.

— خاپا كۆرۈنىسىز...

— كۈندە سىلەرگە ھېجىيىپ يۈرسەم بولامتى؟!

— نەشىڭىز راستىنلا تۈگىدى؟

— تۈگىدى، ئەمدى نېمە تاپساڭلار شۇنى چېكىڭلار!

— باشقا كەيپىنىمۇ قىلمايسىز؟...

— ئۇ كەيپىنى ئەمدى خوتۇنىڭىز بىلەن قىلىۋالارسىز.

— خوتۇنۇم سىزچىلىك بەلەن بولغان بولسا بۇ يەرگە كەلمەيتتىم، — دېدى ئابدۇباقى سەممىيلىك بىلەن.

— ۋايىيەي، ئەر خەق دېگەنچۇ، خوتۇنى تۇرسا ھەتتا مېدە

ئىشەككىمۇ كۆز سالىدىغان بىر نېمە!
ئابدۇباقى ئەندىكىپ كەتتى، بۇ چوكاندىكى مۇلايىملىقنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى، جاھاندىكى خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسلىدە سانىيەدەك يامان ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.
— خوتۇن خەق دېگەنمىچۇ، يالغۇز قالغاندا چىدىماي، ئۆيىدىكى چاشقان بىلەنمۇ جېدەللىشىۋېرىدىغان بىر نېمە! — دېدى ئابدۇباقى ھاراق سورۇنىدىكى قىزىقچىدەك.
— چاشقانمۇ سىزدىن ياخشى! — دېدى چوكان ئۆكۈپ، ئۇ خۇددى راست دەۋاتقاندەكلا قىلاتتى. بۇ گەپ ئابدۇباقىنىڭ ئىچىنى لازا قۇيغاندەك ئېچىشتۇرىۋەتتى:
— چاشقانلارغا كۆنۈپ قاپسىز-دە! — دېدى ئۇ ئۇكايىسىزلىقىنى مەسخىرىلىك كۈلكە بىلەن يوشۇرۇپ، — سىزنىڭ نەپسىڭىزمۇ بوش ئەمەس!
— بىز سەتلىشىپ قالمايلى، ئاستا كېتىۋېلىڭ، — دېدى چوكان داستىكى يۇندىنى ھويلىسىدىكى ئۈزۈم قېرىنىغا تۆككەچ، — نوچى بولسىڭىز خوتۇنىڭىزنى قويۇۋېتىپ مېنى ئېلىڭ، بولمىسا بۇ يەرگە ئىككىنچى كەلمەڭ!
— كۆڭلىڭىزنىڭ بۇنچە نازۇكلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقماپتىمەن، — دېدى ئابدۇباقى پەسكويغا چۈشۈپ، — تېخى تونۇگۇن ئالغان خوتۇننى بۈگۈن قويۇۋەتكىلى بولمايدۇ، سىزمۇ توغرا چۈشىنىڭ.
— ۋايىيەي، مەن سىلەرنى چۈشەنمەي قالامدىم، ھەر قايسىڭلارنىڭ نەزىرىدە مەن خالىغاندا كېلىپ تۇتۇپ مىجىپ باقىدىغان بىر ئويۇنچۇقمۇ شۇ؟!
— ياق، ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، باشقا گۇيلار قانداقكىن، ئەمما مەن سىزگە ئۇنداق قارىمايمەن...
— ھەممىڭلار بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى، — دېدى چوكان ئابدۇباقىغا ئەلەم بىلەن بىر ئالىيىپ، — نەشىدىن نەپسىڭلار

قانمىسا خوتۇن تاما قىلىسىلەر. سىزنى خېلى ياۋاش، تۈزۈك ئادەم كۆرسەم سىزمۇ تايىنلىقكەنسىز، خوتۇن ئالماستا ۋاي دېگىنىڭىز بىلەن ئەمدى سولاشتىڭىز. ساق ۋاقتىمدا ئىزدەپ كەلگەن بىلەن ئاغرىپ قالسام كارىڭىز يوق، نەچچە ۋاقتتىن ئاغرىپ قېلىپ بۇگۈن ئاران ئۇگشالدىم.

— ئۇنداق بولسا ياخشى ئارام ئېلىڭ، — دېدى ئابدۇباقى چوكانغا سەل ئىچ ئاغرىتىپ، — ئەسلىدە مەنمۇ سىزنى كۆرۈپ كېلەيلا دەپ كەلگەن، ئاغرىپ قالغىنىڭىزنى ئۇقماپتىمەن. مېنى بەك يامان كۆرۈپمۇ كەتمەڭ، توي قىلغاندىن كېيىن ئەمدى ئۇنداق ھەۋەسلىرىمۇ سەل قايرىپ قويىمساق بولمايدۇ دەڭگا، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئوبدان ئۇگشۋاپسىز...

— ئۇگشىمىساق بولامدۇ دەيسىز، — دېدى چوكان ئابدۇباقىنى ئۆزىتىپ چىقىۋېتىپ، — خەقلەرنىڭ مەندىن تاپمىغان گەپلىرى قالمىدى، ئېرىدىن مېنى كۆنلەيدىغان خوتۇنلار بىلەن گاھىدا كوچىدىلا سەتلىشىپ قالدىم، بۇ خوتۇنلارغا ھېچ ئىش بولمىغان دەپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىكەن، قاراپ تۇرۇپ تۆھمەتكە قالدىم. ئەمدى يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ، ئەل-جامائەت ئالدىدا سەت تۇرىدىكەن، ھالىمادىس ئۆلۈپ تارتىپ قالسام كىم مېنىڭ سۆيىمگە كىرىدۇ، كىم مېنىڭ نامىزىمنى چۈشۈرىدۇ، كىم مېنى ئۆلدى دەپ يىغلايدۇ، خۇش بولار بەلكىم، بىر ئەسكى خوتۇن ئۆلدى دەپ...

— ئۇنداقمۇ بوپ كەتمەس، ھېچ بولمىسا مانا بىز يىغلارمىز، — دېدى ئابدۇباقى ئۆزىنى سەمىمىي كۆرسىتىپ.

— قالغىنىنى خۇدايىم ئۆزى بىلەر، — دېدى چوكان سۈس كۈلۈمسىرەپ، — ئابايا سەل قوپال تېگىپ قويدۇم، رەنجىمەيسىز.

— ھە ياقەي...

ئابدۇباقى شۇنچە تەبىئىي، چىرايلىق خوشلىشاي دېسىمۇ

رەڭگىرويى ئۆزگىرىپ، غەلىتىلىشىپ كەتتى، ئاغزىچە چوكان يۈزنى دەرھال بۇراپ هويلىسىغا كىرىپ كەتتى. بەلكىم چوكان ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندۇ، بۇنى ئويلاپ ئابدۇۋاقىنىڭ ئىچى يەنە ئاچچىق بولدى، ئادەم دېگەننى چۈشەنمەكنىڭ ئىنتايىن تەسلىكىنى هېس قىلدى.

## 5

قەمبەر ئوتتۇزدىن ئاشقان بولسىمۇ بۇرۇنقى ئىسكەتىدىن قالىدىغاندەك ئەمەس؛ يۈز-كۆزى، كۆكسى، ساغرىسى يەنىلا شۇنداق يۇملاق، جەزبىلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قىزى گۈلەمبەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولغان ئەرنىڭ كىملىكى جاهاندىكى مەشهۇر سىرلاردەك سىرلىق بولۇپ قېلىۋەردى. ئۇنىڭ گۈلەمبەر بىلەن قىلچە كارى بولمايتتى، ئۆزىنىڭ خىيالىي دۇنياسىدا ياشاۋېرەتتى، ئۇ شۇنداق بىغەم، ساغلام بولغاچقا يەنە نەچچە ئون يىللار ئۆتسىمۇ هازىرقى ئىسكەتىدىن كەتمەيدىغاندەك، ئۆيدىكى تۈگىمەس ئىشلارمۇ ئۇنى جاپادىن قېرىتىۋېتەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ گالۋاڭلىقى قارىماققا ئانچە بىلىنمەي كەتمەيتتى، ئۆزىمۇ ئۇنى چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ ئەقلى كەمتۈك بولغان بىلەن هېسسىياتى مول ئىدى، كېچىسى بەزىدە باهارخاننى ئۇخلاتماي بوش ئىڭراپ، كېسەل ئادەمدەك ئېغىر-ئېغىر تىنىپ چىقاتتى. ئۇ پەقەت كېچىسىلا ئازادىلىككە، راهەتكە چىقاتتى، ئۆزىنىڭ بەدىنىگە كېچىك بالا ئويۇنچۇققا خۇمار بولغاندەك خۇمار ئىدى.

ئابدۇۋاقىنىڭ بوشاڭلىقى، سانىيەنىڭ جىلخورلۇقى، قەمبەرنىڭ يوشۇرۇن قىلىقلىرى باهارخاننى تۇرۇپ-تۇرۇپ غەمگە سالاتتى، تەشۋىشلەندۈرەتتى. ئۇ مەرهۇم ئېرىنى هۆرمەت بىلەن ياد ئېتەتتى، بۇ ئۆيىنىڭ شان-شەرىپى ۋە جايىنى ساقلاش، ئۆزىنى ۋە بالىلىرىنى باشقا ئەرگە تەئەللۇق قىلماسلىق ئۈچۈن تۇل

پېتى ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئائىلىق سالاھىيىتى خوجىدارلىق ئىمتىيازى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، سانىيەمۇ ئۇنى شۇنىڭغا ھۆرمەتلەپ قوياتتى.

ئىجارىگە بېرىلگەن دۇكانلارنىڭ سودىسىنىڭ بارغانچە ياخشىلىنىشى، مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ باھارخانمۇ دۇكانلىرىنىڭ ئىجارىسىنى ئۆستۈرىۋىدى، دۇكاندارلار غىڭ قىلالمىدى، سانىيە قېينانىسىنىڭ چىڭگىلىقىنى تېخىمۇ چۈشىنىپ قالدى. باھارخان ناۋايخانىدىن، تىككۈچىلىك دۇكىنىدىن، موزدۇز دۇكىنىدىن خالىغاندا پۇل سوزەتتى، خالىغاندا پايدىلىناتتى، ئۆزىمۇ شۇ دۇكانلارغا ياندىش بىر بوتكا قۇرۇۋالغان بولۇپ، كۈندىلىك مال سودىسى قىلاتتى؛ بازار كۈنلىرى ئۆپكە-زاسۋي قويۇپ شۇ بوتكىنىڭ ئالدىدا ساتاتتى. باھارخانىنىڭ غەللىسىگە توختىماي چۈشۈۋاتقان پۇللاردىن كۆزى قىزارغان سانىيەنىڭمۇ لەڭپۇڭچىلىق قىلىپ ئۆز ئالدىغا پۇل تاپقىسى كەلدى. ئىش باشلىۋالغاندىن كېيىن بولسا ئولتۇرسا-قوپسا دائىم شۇ ئىشنىڭلا غېمىدە يۈرۈيدىغان، ئۆزىمۇ ئاز-تولا پۇل تېپىپ، يېڭى پاسوندا كىيىم كىيىپ خەققە چىرايلىق كۆرۈنۈپ يۈرۈشنىلا ئويلايدىغان، كېچىسى بالدۇرلا ئۇخلايدىغان بولۇپ قالدى. باھارخان كېلىنىنى لەڭپۇڭچىلىققا سېلىپ قويۇپ گويا ھەممە جېدەل-ماجرادىن قۇتۇلغاندەك، ئوغلىنى بۆلەك چىقىرىۋەتكەندەك بولۇپ قالدى. ئابدۇباقىمۇ خوتۇنىغا قارىشىپ بېرىدىغان، يوق نەرسىنى تېپىپ بېرىدىغان بولدى. خوتۇنى مۇشۇ كىچىككىنە ئىشىدىن رازى بولسىلا ئابدۇباقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى قىلىپ بېرىشكە رازى ئىدى، خوتۇنىنىڭ تەنزىسىگە كىرگەن پۇلغا كۆز سالمايتتى، ئۇنىڭ پۇل بىلەن بولسىمۇ رازى بولۇپ يۈرۈشنى ئويلايتتى.

## 6

باھارخان باللىرىنى دەپ تېلېۋىزور ئالدى. كەچ كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ھويلىسى ئادەم بىلەن لىق تولاتتى، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھويلىدىكى نەرسىلەر يوقىلىشقا باشلىدى، باھارخان دۇكاندارلاردىن باشقا خەقنى كىرگۈزمىدى. ھەر كۈنى كەچ ئالتە يېرىم بولۇشى بىلەن تەڭ گۈلەمبەر تېلېۋىزورنى ئاچاتتى، ھەممىنى قالدۇرماي كۆرەتتى، ئاندىن سانىيە بىلەن ئابدۇباقى تەنزىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تېلېۋىزور ئالدىغا كېلەتتى، ئاگىنچە قەمبەرمۇ تاماقنى تەييار قىلاتتى، پېشايۋان ئاستىدىكى كەڭ كارىۋاتقا داستىخان سېلىناتتى، باھارخان نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپلا داستىخان ئالدىغا كېلەتتى. داستىخان يىغىشتۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ دۇكاندارلار بىر-بىرلەپ كېلىشكە باشلايتتى، جىم ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشەتتى، باھارخان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خۇددى ئاغچا خېنىمدەك ئىززەت-ئېتىبار ئىچىدە ئولتۇراتتى، بەزىدە ئۇلاردىن ئوقەتنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ قوياتتى، بۇ ئۇلارنىڭ پاراڭ قىلىپ ئولتۇرىشىغا بىر باھانە بولۇپ بېرەتتى، تېلېۋىزور كۆرۈش خۇشياقمىغاندا پاراڭلار ئەۋجىگە چىقاتتى. ئۇلار «مەملىكەت خەۋەرلىرى، خەلقئارا خەۋەرلەر»دىن كۆرە ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرى، ئۆزىنىڭ پاراڭلىرىغا بەك قىزىقاتتى. دۇكاندارلار ئوقەتنىڭ پارىڭىنى تولا قىلاتتى، قاقشاپ قوياتتى، باھارخان پەرۋا قىلمايتتى.

بىر شەنبە كۈنى كەچتە تېلېۋىزوردا ناخشا-ئۇسسۇل بېرىلىۋىدى گۈلەمبەر ھاياجانلىنىپ كەتتى، بۇنى سەزگەن باھارخان:

— قوپە گۈلەمبەر ئاكىلىرىڭغا ئۇسسۇل ئويناپ بەر، — دېدى. قالغانلارمۇ باھارخانغا بولۇشۇپ ئۇنى ئۇسسۇلغا قىستىدى. گۈلەمبەر تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى ئۇسسۇلچى ئاياللارنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

نەپس، رىتىملىق ھەرىكەتلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۇسسۇلىنىڭ ھېچنېمە ئەمەسلىكىنى ئويلاپ پەقەت ئوينىغۇسى كەلمىدى. ئۆپچۆرىسىدىكىلەرنىڭ تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلىۋاتقان شۇنچە چىرايلىق ئۇسسۇلنى كۆرمەي ئەكسىچە ئۆزىنى بۇ قاملاشمىغان يەردە قاملاشمىغان ئۇسسۇلنى ئويناشقا زورلىغىنىغا جىلە بولدى:

— ئوينىمايمەن!

— قوپە ئويناپ بەر، شۇلارنى دوراپ بەرسەڭمۇ ھېساب، — دېدى باھارخان.

— ۋايجان شۇ... ئۆزىڭىز ئويناڭە...

— كىچىكىڭدە ئويناپ بېرەتتىڭغۇ، ئەمدى نېمە بولدۇڭ؟

— دېدى ئابدۇباقى.

— ھازىر چوڭ بولدۇم، ئوينىمايمەن ... — دېدى گۈلەمبەر.

ھەممەيلەن جىم بولۇپ قېلىشتى.

گۈلەمبەر ئۆز ئانىسى قەمبەرگە يات تولىمۇ زېرەك چوڭ بولغانىدى. مەكتەپتىمۇ ياخشى ئوقۇيتتى. بولۇپمۇ ئەدەبىياتتا نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى ئىدى. بىر قېتىملىق ئەدەبىيات دەرسىدە مۇئەللىم بالىلارغا «باھار» دېگەن ماۋزۇدا نەسر يېزىپ كېلىشنى تاپشۇردى.

"....

باھار يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ھاۋا ئىسسىيدۇ، يەرمۇ ئىسسىيدۇ، قار-مۇزلار ئېرىپ سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىشقا باشلايدۇ، دەل-دەرەخلەر كۆكلەيدۇ، قۇشقاچلار باھارنىڭ كەلگەنلىكىدىن نەغمىگە چۈشكەندەك ۋىچىرلاپ سايرىغىلى تۇرىدۇ، مەكتەپ ھويلىسىدىكى گۈللەر رەڭگارەڭ ئېچىلىدۇ، مەكتەپ بېغىدىكى ئۆرۈك، ئالما، نەشپۈت دەرىخى رەڭمۇرەڭ چېچەكلەپ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ...

ئېھ باھار! سەن خۇددى ئانىسى ياساندۇرۇپ قويغان چىرايلىق قىزغا

ئوخشايسەن، تەبەسسۇم قىلسەن، ساڭا كىشىنىڭ زوقى كېلىدۇ! سېنى خۇددى ئۆزۈمنىڭ دوستىدەك ياخشى كۆرىمەن، ساڭا قاراپ تويمايمەن، سۇلارنىڭ شىلدىرلىشىمۇ، قۇشقاچلارنىڭ سايرىشىمۇ سېنىڭ ئاۋازىڭدەك ئاڭلىنىدۇ ...گۈل-بوستانلار ئارا سەيلە قىلسام، ئىللىق شاماللارغا يۈزۈمنى تۇتسام، پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينىسام، سۈزۈك سۇلاردىن قانغۇدەك ئىچسەم، ۋارقىراپ ناخشا ئېيتسام دەيمەن. ئېھ باھار! سەن نېمىدېگەن ئىللىق، نېمىدېگەن مېھرىبان-ھە، ئانامىمۇ ساڭا ئوخشاش ئىللىق ۋە مېھرىبان،'خان' دېگەن گەپنى قوشمىغاندا ئانامنىڭ ئىسمىمۇ باھار، ئانامىمۇ ياش ۋاقتىدا 'باھار'، 'باھارگۈل' دەپ چاقىرىلىدىغان بولغىيتى،'باھار' دېگەن بۇ ئىسىم نېمىدېگەن چىرايلىق-ھە! دوستلار، باھار پەسلى يېتىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمدى ئۇيقۇنى ئاز ئۇخلاپ سەھەر تۇرۇپ يۈگۈرەيلى، قۇياشقا قاراپ كۈلۈمسىرەيلى! ياخشى ئۆگىنىپ، مەكتەپ بېغىنىڭ تىمەن ئۆسكەن مايسىلىرىغا ئايلىنىپ باغۋەنلىرىمىزنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايلى!"



گۈلەمبەرنىڭ نەسرى مۇئەللىمگە ياراپ كېتىپ، سىنىپتا ئوقۇتۇپ بولۇپ، باللاردىن: "تەسىرلەندىڭلارمۇ" دەپ سورىدى.

— تەسىرلەندۇق، — دېيىشتى قالغانلار.

— چىن ھېسسىيات دېگەن ئەنە شۇ! — دېدى مۇئەللىم، — نەسر يازغاندا كۆڭلىمىزدىكىنى چىقىرىشىمىز كېرەك، گۈلەمبەر كۆڭلىدىكىنى دەپتۇ، مەكتەپ ئىچىدىكى باھارنىمۇ يېزىپتۇ، باياتىن بىر قىسىمىڭلار كۈلگەندەك قىلدىڭلار، لېكىن بۇ بىر تەبىئىي ھېسسىيات، ئاپتور ئۆز كۆڭلىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان نەرسىلەرنى قورۇنماي يازغان، قوللانغان ئوخشىتىشىمۇ جايىدا، باھارنى خۇددى ئانىسى ياساندۇرۇپ قويغان قىزغا ئوخشىتىپتۇ، "باھار" دېگەن ئىسمنى ۋە باھارنىڭ ئىللىقلىقىنى ئۆزىنىڭ ئانىسىغا باغلىيالاپتۇ، مانا بۇ بىر تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى. سىلەردىمۇ چوقۇم مۇشۇنداق تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولۇشى كېرەك، ئەدەبىيات دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خىيال، تەسەۋۋۇر، ھېسسىيات بىلەن بولىدىغان نەرسە...
بالىلار گۈلەمبەرگە قاراپ قويۇشتى، قىزلار ھەسەت بىلەن، ئوغۇللار ھەۋەس بىلەن قارايتتى.
ھەر كۈنى كەچتە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە پىيادە ياكى ۋېلىسىپىتلىك كېلىپ، سائەت يەتتىگە ئۈلگۈرۈپلا سىنىپلىرىغا كىرىپ كەچلىك مۇزاكىرە قىلاتتى، ھەر كىم ئۆز ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلاتتى؛ ”مىسۋاش“ لەقەملىك بىر بالا دائىم گۈلەمبەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالاتتى، كەتمەي بېزىرىپ تايىنى يوق گەپلەرنى قىلاتتى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ ئۆزى يازغان بىر كۇپلېت شېئىرنى گۈلەمبەرگە كۆرسەتتى، شېئىر مۇنداق يېزىلغانىدى:

سىنىپ ئىچى ئازادە،
شۇنچە گۈزەل، يورۇق.
ئىشلىمەكتە ساۋاقداشلار،
ئەدەبىياتتىن تاپشۇرۇق.

گۈلەمبەر بۇ شېئىرنى ئوقۇپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ياسىن مىسۋاشنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ:
— بۇنى مەن ئۆتكەندە مۇئەللىم بىزنى تاپشۇرۇق ئىشلەڭلار دېگەن ۋاقىتتا سىنىپتا ئولتۇرۇپ ئوينىشىپلا يېزىپ قويغانتىم، بۇ شۇ ۋاقىتتا كاللامغا كەلگەن بىر ئىلھام، — دېدى.
— ياخشى يېزىپسىز،سىنىپنى چىرايلىق تەسۋىرلەپسىز — دېدى گۈلەمبەر.
— لېكىن كەيىندىكى ئىككى مىسرا سەل ئاددىي بولۇپ قالدى، بولمىسا قاپىيىسىغۇ ئوبدان كەلگەنتى...
— شۇنچىلىك قاپىيە تاپماقمۇ تەس، داۋاملىق يېزىپ بەرسىڭىز چوقۇم ياخشى شېئىرلارنى يازالايسىز.
— مېنىڭغۇ شائىر بولۇپ كەتكۈملا بار، لېكىن سىزدەك

بولالمايمىز-دە!

— ۋاي بولدى قىلىڭە، مۇئەللىم بىر ماختاپ قويسىزە ئەمدى...

— مۇئەللىممۇ بىكار ماختىمايدۇ، ئاڭلىسام مۇئەللىمنىڭ ئۆزىمۇ ئۇستا شائىرمىش، يازغان شېئىرلىرى كىتاب-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ تۇرىمىش...

بىر كۈنى ياسىن مىسۋاش تۇرۇپلا گۈلەمبەرگە ئاتاپ بىر شېئىر يېزىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش خىيالىغا كەلدى، شۇنچە ئۇزاق ئويلىنىپمۇ كۆڭلىدىكىنى شېئىر قىلىپ قاپىيەگە چۈشۈرۈپ يازالمىدى، ئاخىر ئۆيىدىكى بىر قانچە ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ كونا سانلىرىنى ۋاراقلاپ، كۆڭلىگە ياققان مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن پايدىلىنىپ تېرىپ-تۆشەپ يۈرۈپ ئىككى كۇپلېت شېئىرنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى، كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدىن بۇرۇنراق سىنىپقا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئەڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقىدىن گۈلەمبەرگە جاي ساقلاپ قويدى، گۈلەمبەر كېلىشى ھامان ئۇنى يېنىغا تەكلىپ قىلدى، گۈلەمبەر بۇ ئىززەت-ئىكرامنى چوڭ بىلىپ ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. مۇزاكىرە ئارىلىقىدا يەنە ھېلىقىدەك ئورتاق پاراڭ باشلاندى. گۈلەمبەر ئۇنىڭ بۇ كەچتە ئاجايىپ روھلىنىپ، خۇشخۇيلىشىپ، كۆزىنىڭ، ھەتتا يۈزىدىكى سېرىق تۈكلىرىنىڭمۇ بۆلەكچە يالتىراپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ سەل ئەجەبلەندى، سەل ئۆتۈپ ئۇنىڭ ھېلىقى ئىككى كۇپلېت شېئىرنى ئوقۇدى:

سېھىرلىك كۆزلىرىڭدىن چاقنىغان نۇرلار،
قۇياشتەك قەلبىڭدىن چىقتىمۇ ئەي قىز.
قۇياشتەك مېھرىڭنى بەرسەڭ گەر ماڭا،
قەلبىڭدە دەرەختەك تارتاتتىم يىلتىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

مۇھەببەت سەن بەكمۇ قىممەتلىك نەرسە،
ھېچنېمە ھېچقاچان يېتەلمەس ساڭا.
بەزىلەر كۆڭۈلنى پۇلغا تېگىشتى،
بىلىمەن بۇ قىلمىش ساۋاقتۇر ماڭا.

گۈلەمبەر بۇ شېئىردىن خېلىلا ھاياجانلاندى، بىراق بۇنى ئۇنىڭ يازغانلىقىغا ئانچە ئىشەنمىدى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلىنى ياساپ:

— ياخشى يېزىپسىزغۇ، داۋاملىق يېزىپ تۇرسىڭىزلا ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ چىقالايدىكەنسىز مانا، گېپىم راستمىكەن!...

— دەپ قويدى.

ياسىن مىسۋاش كۈلدى، لېكىن ئىچ-ئىچىدىن كۈلەلمىدى، ھەممە ئىش ئۆزىگە ئايان ئىدى، يەنە كېلىپ مىگىبىر جاپادا گۈلەمبەرگە ئاتاپلا قۇراشتۇرۇپ چىققان بۇ شېئىردىن گۈلەمبەر ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى ھېچ چۈشەنگەندەك قىلمايتتى. دەل شۇچاغدا سىنىپقا ئىككى مۇئەللىم كىرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، پاراڭ يەنە باشلاندى.

— سىز بۇ شېئىردىن زادى نېمىنى چۈشەندىڭىز؟ — دېدى ئۇ گۈلەمبەرگە لەپپىدە بىر قاراپ.

— مەزمۇنىنى دەيمۇ، بەدىئىيلىكىنىمۇ؟

— سىز مۇئەللىممتىڭىز ئۇنى دەپ...

— ئەمىسە نېمىنى دەيمەن؟

— نېمىنى چۈشەنگەن بولسىڭىز شۇنى دەڭ...

— مۇھەببەتنى كۈيلەپسىز شۇ...

— قايسى مۇھەببەتنى؟

— كۆڭلىڭىزدىكى مۇھەببەتنىچۇ؟ كۆڭلىڭىزدە چوقۇم بىرسى بار ئوخشايدۇ، شۇنىڭغا ئاتاپ يېزىپسىز، ياخشى يېزىپسىز، ئاپىرىپ ئەمدى ئۇنى شۇنىڭغا كۆرسەتسىڭىز بولغىدەك...

ياسىن مىسۋاش قولىدىكى دەپتىرىنى يۆگەپ نوكەش قىلىۋالدى، گۈلەمبەرنىڭ ئاددىي قىز ئەمەسلىكىدىن ئۇچى پۇشتى.

— بۇنى سىزگە ئاتاپ يازغان، — دېدى ئۇ شارتتىدە بۇرۇلۇپ.

— تولا چاقچاق قىلماڭە ئادەمگە...

— چاقچاق ئەمەس راست گەپ، بۇ شېئىرنى سىزگە ئاتاپلا يازغان!

گۈلەمبەر ئورنىدىن قوپۇپلا ئۆزىنىڭ جايىغا ماڭدى. دەل شۇ چاغدا سىنىپتا توك ئۆچۈپ قالدى. ھەممە ياقتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۇرقىراشلىرى، جوزىلارنى دۇمباق چېلىپ ئۇرۇشلىرى ئاڭلاندى. بۇنداق چاغدا ئوغۇللارغا بولۇپ بېرەتتى، قىزلارنى قوغلاپ، تېپىۋالغان يەردىلا قۇچاقلاپ، مەجبۇرىي سۆيۈپ قىن-قىنىغا سىغمايتتى، ئەڭ ياۋاش ئوغۇللارمۇ بۇ ۋاقىتتا ھەددىدىن ئاشاتتى. ھازىرمۇ شۇنداق بولدى، قىزلار چىرقىرىشىپ تالاغا قېچىشقا باشلىدى، ئوغۇللاردىن بىرسى ئىشىكنى تاقاپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئوغۇللار دەپتەر-قەلەملىرىنى قويۇپ قىزلارغا ئېتىلدى. جۇپ-جۇپ قارا گەۋدىلەر، ۋارقىراش، تىللاش، يىغلاشلار ئەتراپىنى بىر ئالدى. گۈلەمبەرنىمۇ بىرسى كەينىدىن قۇچاقلىۋالدى، قارا گەۋدە ئۇنىڭ بەدىنىنى خۇددى مىجىۋېتىدىغاندەك چىڭ قىساتتى، يۈز-كۆزلىرىگە ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيەتتى، گۈلەمبەرنىڭ ۋارقىرىغان، تىللىغان ئاۋازىمۇ باشقا ئاۋازلارغا قوشۇلۇپ كەتتى...

توك تۇيۇقسىز يېنىپ قالدى. گۈلەمبەر ئۆزىنى قويۇۋەتكەن ياسىن مىسۋاشنىڭ چىرايىدىكى مەغرۇرلۇقنى كۆرۈپ، خۇددى سۆڭەكنى غاجىلاپ بولۇپلا ئىگىسىنى تونۇماس بولۇۋالغان ياكى ئىگىسىگە نوچىلىق قىلىۋاتقان سېرىق ئىتنى كۆرگەندەك بولدى...

7

بىر ئايال بەزىدە قىزدەك، بەزىدە لىۋەن چوكاندەك، بەزىدە ئانىدەك، بەزىدە بۇزۇق خوتۇندەك، بەزىدە بىر دەستە گۈلدەك، بەزىدە قۇرۇپ قالغان تىكەنىدەك بولۇپ قىلىشى مۇمكىن، ئايالالرنىڭ ھاياتىدىكى ۋە ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىش خۇددى سارالڭ خوتۇننىڭ چاچلىرىدەك چىگىش، مۇرەككەپ. ئابدۇباقى خوتۇن خەقنىڭ دېۋەڭلىكى، شەيتانلىقى ۋە شۇملۇقى توغرۇلۇق جىق گەپلەرنى ئاڭلىغان، ئەمدىلىكتە خوتۇنى سانىيەدىن ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆردى؛ توي قىلىپ بىر ئۆيدە ياشاۋاتسىمۇ ئۇ خوتۇن قارىسى كۆرمىگەندەك ئۆتۈۋاتاتتى. "خوتۇندىن قورقۇش كېسىلى" قاچاندىن بېرى چاپلاشتى، ئۆزىمۇ بىلەلمىدى، خوتۇنىنىڭ جادۇ كۆزلىرىدىن ئەيمىنىپ، بەزگەكتەك تىترەپلا يۈرەتتى، ئۆزىمۇ خوتۇنىنىڭ كۆزىگە سىغىپ بولالمايۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بىر ھۇجرىدا، بىر ھويلىدا، بىر لەگپۇڭ غالتىكىنىڭ يىپىدا قانداقتۇر بىر ئادەت ۋە مەنپەئەتكە باغلىنىپ بىللە ئۆتىۋەردى. سانىيە ئالتە ئايدەك لەگپۇڭچىلىق قىلىپ ئۆزىگە ئازراق پۇل يىغدى، ئابدۇباقى ئۇنىڭ قانچىلىك پۇل يىغقانلىقىنى بىلمەيتتى، پەقەت لەگپۇڭ غالتىكى ئارقىلىقلا ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلەتتى. ئۇ ھەر ئاخشىمى سانىيە يېتىپ بولغاندا ئاندىن ھۇجرىسىنى تاپاتتى. ھېچ ئەپلەشمەيۋاتقان ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئۇنىڭ ئىچىنى شۇنداق سىقاتتىكى، ئانىسىنى دېمىسە ھەر ئاخشىمى ئۆلگۈدەك مەست بولۇپ تالادا يېتىپ قالغۇسى كېلەتتى. سانىيە بىر نەچچە قېتىم ئۇنىڭغا "مىجەزىڭنى داۋالاپ كەل" دېدى، ئابدۇباقى خوتۇنىنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناپ ئۆتكەن مەسخىرىلىك ئۇچقۇنلارنى ئامالسىزلىق ئىچىدە كۆردى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئايرىم بىر يوتقانغا يۆگىنىپ يېتىشلىرىدىن، ئۆزىگە نېرىدىن ئايرىم ئورۇن سېلىپ بېرىشلىرىدىن قورسىقى كۆپسىمۇ، ئەمما ئىش يەنە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەپلەشمەي قالسا خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ غۇرۇرى تۆكۈلۈشتىن ئەنسىرەپ، نېرىدىن بولسىمۇ خوتۇنىغا تەلمۈرۈپ ياتاتتى.

ســـانىيە تېلېۋىزور مەستانىســـى ئىدى، ئۇلاپ بېرىلىۋاتقان تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ بىرەر قىســـمىنى كۆرەلمەي قالسا ئاھ ئــۇرۇپ كېتەتتى، كېچىســـى يالغــۇز خىيال ســۈرۈپ ياتاتتى، ئابدۇباقى بۇ دۇنيادا بارمۇ-يوقمۇ، خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. بىر ئاخشىمى سانىيە يەنە ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ كۆزى ئەمدى ئۇيقىغا بارغاندا ئابدۇباقى ئۆزىنى زادى بېسۋالالماي ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ياتتى. ســـانىيەنىڭ بەدىنى تاشـــتەك چىڭ ئىدى، گويا چىقىش تەس بولغان چىمەنلىك تاغقا ئۇخشـــايتتى؛ ئابدۇباقى خۇددى تاغقا چىقىۋاتقان قېرى بوۋايدەك ھالسىراپ كەتتى، زىيادە ھاياجاندىن ھوشىنى يوقاتتى، قاراڭغۇدا ئۇ خوتۇنىنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى نارازىلىقنى، مەسخىرىنى تەســـەۋۋۇر قىلىپ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى ۋە بىر يامان، سەتەڭ ۋۇجۇدىنىڭ ئۈســـتىدە كۈچلۈك ئاپتاپتىن ئېرىگەن قار- مۇزدەك ئېرىپ ئېقىپ چۈشتى. بىر لەھزە لەززەت ئاچچىق ئەلەم ۋە پۇشايمان بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇ قايتا ئەسىرگە چۈشكەن دۈشـــمەندەك تىترەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ ھەقىقەتەن بىئەپ، ھەتتا قورقۇنچلۇق بىر ھالغا چۈشـــۈپ قالغانىدى. بۇ ھالدىن ئۇ يەنە قاتتىق ساراســـىمىگە چۈشـــۈپ، تالاغا ھاجەتكە ماڭغان بولۇپ ھۇجرىسىدىن ھاپىلا-شـــاپىلا چىقىپ كەتتى، خۇددى گۆردىن تىرىلىپ چىققان ئادەمدەك ئەركىن نەپەس ئالدى. سانىيە ئۇنى تازدىن مازغىچە، مەينەتتىن مۇناپىققىچە تىللاپ، غۇدۇراپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇ نېمىشقىدۇر بۇرۇنقىدەك ئۇنلۇك چالۋاقاپ كەتمىدى.

ئابدۇباقى ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىۋېتىپ يەنە ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى، سانىيە تېخى ئۇخلىمىغانىدى:

— ئادەمنى مەينەت قىلىپ، نېمە بۇ!... ئەتە ئەتىگەندە سۇ ئىسسىتىپ بەر ئەمدى!

www.uyghurkitap.com

ــ هه ماقۇل، ئەته مەنمۇ يۇيۇنىمەن.

ــ ئەمدى ئىككىنچى يېقىن كەلگۈچى بولما!...

ــ ئۇنداق دېمــەڭلا، ئەر-خوتۇن بولغاندىكىن ئەمدى... ئۇنچىلىك ئىش دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ، بىر-بىرىمىزنىڭ ھالىغا يەتسەك نېمە بولىدۇ!... بۇرۇن ئۇنداق ئەمەستىم، سىلە بىلەن توي قىلىپلا مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم، ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، سىلە بىلەن بىللە بولغاندىن بېرى مىجەزىمنى تازا تەڭشىيەلمەيۋاتىمەن...

ــ قاملاشمىغان ئىشنى زورلاپ قىلمىسا نېمە بولىدۇ؟ مانا بىر مۇنچە ئىش تېرىدىڭ ئادەمگە...

ــ خاپا بولماڭلا ئەمدى، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ...

ــ خەيــر بوپتــۇ، ئېرىمكەن دېمىســەم بۇنــى ئۆزۈڭگە ئادالاتقۇزاتتىم...

ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ ســىرلىق، سېھىرلىك باغرىغا ئەرلىك كۈچ-قۇۋۋەتتە سىڭىپ كىرەلمەسلىك نېمە دېگەن چوڭ ئازاب-ھە! ئابدۇباقى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى، قات-قات كۆرپىلەر ئۈستىدە يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكــەن خوتۇنىغا قاراپ يەنە كونا خىياللىرىنى سۈردى، ئۇنى قويۇۋېتەي دېسە، بىر مۇنچە پۇل خەجلەپ ئالغان، قويۇۋەتمەي دېسە يا پايدىلىنالمىغان، سەتەڭ خوتۇنىغا خۇددى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويۇلغان چىرايلىق ئويۇنچۇققا قارىغاندەك قاراپلا ياتقان...

كېيىنكــى كۈنلەردە ئابدۇباقى ھــاراق ئىچمىگەن كۈنلىرى ئاخشــىمى زادىلا ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالــدى. ئۇ تىنماي ھۇزۇرلىنىشنى ئويلايتتى، خىيال سۈرەتتى: ھازىر ھەممە خەق پۇل كويىدا ئالدىراش، خەقلەرنىڭ بوش ۋاقتىتا خوتۇن مارىلايدىغان ھەپىسلىســى قالمىدى، شــۇنداقتىمۇ كېچىدە نېمە ئىشــلار يۈز بېرىدۇ، خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ، پۇل تېپىشــنىڭ مەقسىتىمۇ شۇ پۇلدىن پايدىلىنىش، راھەت كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىشقۇ!؟ ئابدۇباقى "ھۇزۇرلىنىش" دېگەن بۇ گەپنى يادىغا ئالســلا تاماكا، نەشە،

هاراقتىن كۆرە ھېلىقى ئىشنىڭ شۇ گەپكە ئاجايىپ ماس كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى، جىنسىي ھۇزۇر ئىستەكلىرى كاللىسىدا دائىم پەيدا بولاتتى، نەپسى ھەر قاچان يوشۇرۇن تاقىلداپ تۇراتتى. ئەمما نەپسى قانىدىغان پەيتتە "مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ" دېگەندەك ئوسال ئىش يۈز بېرەتتى.

ئابدۇباقى تاماكىچى چوكاننىڭ ھۇجرىسىدا مەيلى قۇۋۋەت دورىسى ئىچسۇن ياكى بەدىنىنىڭ ئەسلىدىكى قۇۋۋىتى ئىختىيارسىز ئۇرغۇپ كەتكەن بولسۇن، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكەنىدى، ئىشەنچ ۋە شادلىققا چۆمگەنىدى. ئۇ شۇنداق دورىلارنى ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ خوتۇنىغىمۇ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلىغانىدى، بىراق ئۇ چوكاندىن سوراشتىن نومۇس قىلدى، چوكان ئۆزىدە ئۇنداق دورا بارلىقىنىمۇ ئەلۋەتتە دېمەيتتى، ئۇنىڭ چېيىدا دورا بارلىقى ئابدۇباقىنىڭ ئاغىنىلىرى ئارىسىدىكى گەپ ئىدى، خالاس.

ئابدۇباقى ئۇنداق قۇۋۋەت دورىلىرىنى باشقا دورىپۇرۇشلاردىن تېپىپ ئىشلىتىپ كۆرۈشنىمۇ ئويلىغانىدى. لېكىن قايسىبىر سورۇندا ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىدىن بىرى "قۇۋۋەت دورىسى ۋاقىتلىق ئۈنۈم بەرگەن بىلەن كېيىن ئادەمنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ. بىز خەققە كەپتەر گۆشى بىلەن هاراقتىن باشقىسى بىكار" دەپ قالدى؛ يەنە بىرى قوپۇپ: "هاراقمۇ بولمايدۇ، ھەممىدىن پاقلان گۆشى ياخشى" دېدى. ئۇلارنىڭ كېيىنچە يەنىلا تەبىئىي قۇۋۋەتنى ساقلىغان ياخشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خوتۇنىنى رازى قىلغانلار، بالا تاپقانلار بولغاچقا ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن پايدىلىنىپ قويۇش زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇباقى ئۇنداق دورىلارغا قىزىقىپ كەتمىدى، تاماكىچى چوكاننى رازى قىلالىغىنىم چوقۇم تەبىئىي قۇۋۋىتىمدىن بولغان دەپ ئويلاپ يۈردى. ئەمما بۇ قېتىم يەنە خوتۇنىنى رازى قىلالماي دەككىسىنى يېدى. سانىيە جىنسىي تۇرمۇشنىڭ غالىبىيەتچىسى ئىدى، ئۇنىڭ

ۋۇجۇدى ئابدۇباقى ئۈچۈن گويا ئاسان كىرگىلى بولمايدىغان گۈزەل قەسىر ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا تەن بەرمەسلىك بىلەن بىر ۋاقىتتا خوتۇنىدىنمۇ ئاغرىندى، سانىيە ئۇنىڭغا بىرەر قېتىممۇ ئاكتىپلىق بىلەن يېقىنلىشىپ باقمىدى، لېكىن راستىنلا يېقىنلىشىپ، قىلىق چىقارغىلى تۇرسا ئابدۇباقى تېخىمۇ ھودۇقۇپ "ھاياجانلىق جەڭ مەيدانى"دىن تېخىمۇ بالدۇر، تېخىمۇ ئۇسال ھالەتتە چېكىنىپ چىقماسمۇ؟ ئۇ چاغدا يەنە يېڭىلگەن دۈشمەندەك ئاجىز، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالماسمۇ؟

ئەڭ مۇھىمى خوتۇن خەق يۈۋاشراق، مۇلايىمراق بولسا، ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن كۈندۈزدىمۇ، كېچىدىمۇ ئۆز ئارا كۆيۈنۈپ، بىر-بىرىدىن سۆيۈنۈپ، بەختلىك ئۆتسە بولىدۇ. شۇ چاغدا ئابدۇباقى ئۈشتۇمتۇتلا مۇھەببەت دېگەن بىر نەرسىنى ئويلاپ قالدى. مۇھەببەت زادى توي قىلماي تۇرۇپ يۈرۈۋاتقان قىز-يىگىتلەر ئارىسىدىكى ئىشمۇ؟ توي قىلىمىز دەپ يۈرۈۋاتقانلارنىڭ تولىسى تويغا ئاز قالغاندا ئايرىلىپ كېتىشىدىكەنغۇ؟ توي قىلالىغانلارمۇ تويدىن كېيىن ئۇرۇشۇپ ئاجرىشىپ كېتىدىكەنغۇ؟ مۇھەببەت كۆپۈكتەك يوقايدىغان نەرسىمىدۇ؟ سانىيە بىرەرسى بىلەن يۈرۈپ باققان بولغىيمىتى؟ چوقۇم يۈرۈپ باققان، تۇنجى مۇناسىۋەتتە رازى قىلىنمىغان گەپ، شۇنداق بولمىسا نېمىشقا توي كېچىسىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ قاتتىق رازى قىلىنىشىغا خۇددى نەشىگە بېرىلگەن نەشخورىدەك خۇمار بولىدۇ؟ بۇ ئاللىقاچان ئىش كۆرۈپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئەمەسمۇ؟

سانىيە ئۆزگەردى، كېچىلىك تۇرمۇشتىن كۆرە كۈندۈزلۈك تۇرمۇشنى چوڭ بىلىدىغان بولدى. ئۇ كېچىسى ئۇخلاشتىن ئاۋۋال تېلېۋىزور ئالدىدىن كەتمىسە، كۈندۈزى لەگىيۈك غالتىكىدىن نېرى بولمايتتى؛ كېچىسى تېلېۋىزوردىن كۆرگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىكى قىزىقارلىق، رومانتىك كۆرۈنۈشلەرنى چۈشەپ ياتسا، كۈندۈزى كوچىدا ئۆتكەن ئاياللارغا قاراپ ئولتۇرۇپ،

ھەر خىل مودا كىيىملەرنى كىيىشــنى، كوچا-كويلاردا، توي-تۆكۈن ۋە مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا پۇززۇر ياسىنىپ يۈرۈشنى ئۈيلايتتى. ئــۇ قاتتىق ئورۇندۇقتا بىر كــۈن ئولتۇرۇپ لەگۈپۈك ساتاتتى، تاپقان پۇلىنى ئۆزىنى جابدۇشقا خەجلەيتتى، ھەر كۈنى يەنە شۇ قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلاتتى. جاھاندا ئۇنىڭ بۇنىڭدىن بۆلەك ئالاھىدە چوڭ خۇشـاللىقى ۋە مەقسەتلىرىمۇ يوق ئىدى. ســانىيەنىڭ دوستلىرى كۆپ ئىدى، ئۇلار زېرىكسىلا سانىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ بىكارغا لەگۈپۈك يېگەچ غەيۋەت پاراڭلىرىنى قىلىشاتتى. سانىيەنىڭ ئاغزى يامان بولغاچقا دوستلىرى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلىشاتتى.

ئابدۇباقى دەســلەپتە سانىيەنىڭ توي كېچىسىدىن كېيىنلا ئۆزىنى ســەنلەپ چۈشۈشــىدىن قاتتىق خاپا بولغانىدى، ئەمما كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىمۇ سەنلەيدىغانلىقىنى بىلىپ جىم بولۇپ قالدى. بىراق باھارخــان كېلىنىنىڭ ئۇنداق قوپاللىقىغا كۆنەلمەيۋاتاتتى، ســانىيە ھەر قېتىم ئابدۇباقىنى ســەنلىگەندە ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئانىلىق ئىمتىيازىنى كېلىنى تارتىۋالغاندەك بىئارام بولاتتى.

سانىيە دائىم بوۋاقتەك قېنىپ ئۇخلايتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنىڭ ياخشىلىقى ئابدۇباقىغا ئەكسىچە ئۇنۇم بېرەتتى. سانىيە بىر كىم يېنىمدا پۇشۇلداپ، خارقىراپ ياتسا قەتئىي ئۇخلىيالمايمەن دەپ ئابدۇباقىنى ھەر كېچىســى دېگۈدەك ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەي، ئابدۇباقىنى "چوشــقىدەك خورەك تارتىسەن" دەپ ئەيىبلەيتتى. ئابدۇباقــى توي قىلغاندىن بۇيان ســانىيە بىلــەن تولۇق بىر كېچە بىر ياستۇقتا تۈزۈككىنە باش قويۇپ باقمىغىنىنى، ئۇنىڭ بىلەن زادى ئىسســىق ئۆتۈشمەيۋاتقىنىنى ھەر كېچە ئەلەم بىلەن ئويلايتتى. "بۇ گۇينىڭ خوتۇنىنى قانداق قىلســام بولار" دەپ، ئۆچەككە كىرەلمەي سوغۇقتا قالغان قۇرتتەك تۈگۈلۈپ، تىترەپ تولغىنىپ ياتاتتى. بىر قانچە ئاخشــىمى ئــۇ ئاچچىقتىن ھاراق

www.uyghurkitap.com

ئېچىپ كىرىپ، خوتۇنىغا بېزەڭلىك قىلىپ بېقىپ ئاقتۇرالمىدى؛ ھەر قېتىمقىدەك سېسىق گەپ ئاڭلاپ، تېرىكىپ يېتىپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئەركەكلىك كۈچىگە ئەزەلدىن شەك كەلتۈرۈپ باقمىغان بۇ بايقۇش يامان خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ قويۇپ، ئۇسال ئەھۋالغا قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇنداق بولارنى بالدۇرراق بىلگەن بولسا سانىيەنى ئېلىشقا خەجلىگەن پۇلغا ھاراق ئېلىپ ئىچكەن ياكى تاماكىچى چوكانغا خەجلىگەن بولاتتى، ھېچ بولمىسا ئىككى-ئۈچ ئاي شەھەر چۆگىلەپ كىرگەن بولسا، ياقا يۇرتلاردىن ياخشى خوتۇن ئۇچراپ قالاتتى...

ئابدۇباقى بىر كۈنى چۈشتە تاماكىچى چوكاننىڭ ئۆيىگە كەلدى. چوكان ئۇنىڭدىن كۆپ كۈچلۈك كۆرۈنەتتى، مەڭزى ھەمىشە قىزىل تۇراتتى، بىراق ئويناق كۆزلىرىگە قانداقتۇر بىر خىيالىي پەردە تارتىلغاندەك قىلاتتى... ئۇنى كۆرۈپ ئابدۇباقى سەل تىترىدى، قانسىز لېۋى تەستە قىمىرلىدى، زوۋانى بوش چىقتى:

— يولدىن ئۆتكەچ ئەھۋال سوراي دەپ كىرىپ قالدىم...

— ياخشى بوپتۇ.

— ئۆتكەندە سەل قوپال تېگىپ قويۇپتىمەن، كۆڭلىڭىزگە ئالماسسىز؟

— ياقەي، بۇ جانغا خاپىچىلىق توشامدۇ دەيسىز، ئۆتكەنگە سالىۋات...

ئارىنى بىر دەم سۈكۈت باستى، ئابدۇباقى بۇ چوكاننىڭ ئېپپەتلىك ئاياللاردەك نورمال، نومۇسچان، ئەستايىدىل، سالماق ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇن ئىشرەتلىك ئۆتكەن چاغلىرىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي قالدى.

چوكان خۇشياقماسلىق بىلەن ئۇنى ھويلىغىلا باشلاپ، چاي دەملەپ ئەكەلدى، ئاندىن نېرى كەتتى، ئابدۇباقى چايدىن بىر ئۇتلاپلا كۈچلىنىپ كەتكەندەك بولۇپ، ئەسەبىي خىياللارغا

چۆكتى...

چوكان بىر دەمدىن كېيىن ئابدۇباقىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

ــ ئابدۇباقاخۇن، سىز قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرىسىز! خۇدادىن قورقمامسىز؟ بۇرۇن قىلغان گۇناھىمنى ئەمدى يۇياي، ئادەم بولاي دەپ ئويلىمامسىز؟! مەن ھازىر نامازنى باشلىۋالدىم، خۇدايىم بۇيرۇسا ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە تاشلىماسمەن دەيمەن، بولسا سىزمۇ ئوقۇڭ، ھېچ بولمىسا جۈمە كۈنلىرى جۈمەگە بېرىڭ...

ــ دەپ تەنبىھ بېرىشكە باشلىدى.

ئابدۇباقى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ لەسسىدە بولۇپ قالدى، بۇ چوكاندىن ئەمدى ھېچنېمىنى تاما قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. چوكان ئەمدى ھالال پۇل تېپىپ، خۇدا نېسىپ قىلسا ھەرەمگە بېرىپ، ئەڭ چوڭ ئارزۇيىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى ئىكەن.

ئابدۇباقى ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ تەقۋادارلىق ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ رەھمەتلىك ئاتىسى تەقۋا موللا ئىدى، باھارخان بۇنى دائىم ئەسكەرتىپ، ئابدۇباقىنى مەسچىتكە بار دەپ پەقەت گەپ ئاڭلىتالمىدى، ئاندىن "ناماز ئوقۇساڭ ئۆزۈڭگە ئوقۇيسەن، ئوقۇمىساڭ گۇناھى ئۆزۈڭگە" دەپ كارى بولمىدى. ئابدۇباقى ناماز ئوقۇماقتا يوق، ھاراق ئىچتى، زىنا قىلدى... گۇناھى بەك جىق. تاماكىچى چوكان تۆۋە قىلىشقا باشلاپتۇ، ئەمما ئابدۇباقى خۇددى ئۆلمەيدىغاندەك، خۇدانىڭ ئالدىغا بارمايدىغاندەك ياشاۋاتىدۇ... ئۇ خۇدادىن قورقمامدۇ؟ ھەممىدىن ئۇلۇغ خۇدادىن قورقمىغان ئادەم نېمىشقا خوتۇنىدىن، ئانىسىدىن قورقىدۇ؟

ئابدۇباقى ھېچ بولمىسا جۈمە نامىزىغا بولسىمۇ بېرىش نىيىتىگە كەلدى. بىر جۈمە كۈنى مىڭ بىر جاپادا غۇسلى تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە باردى، جامائەتكە قېتىلىپ ۋەز ئاڭلىدى، ناماز ئوقۇدى، نامازدىن چىققاندا كۆڭلى ئىنتايىن ئازادىلىككە چۆمدى.

نۇرغۇن ئەر جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئۆتەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەركەكلىكىگە يەنە ئىشىنىپ قالدى، دېمەك، ئۇ يەنىلا بىر ئەر، ئەرلەر توپىغا قوشۇلالايدىغان ھەقىقىي بىر ئەر ئىدى.

ئابدۇباقى مەسچىتنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، مەسچىتكە قاراشلىق دۇكانلارغا قاراپ بېقىپ، بىر دوراپۇرۇشنىڭ ئالدىغا ئىختىيارسىز بېرىپ قالدى، دوراپۇرۇش ياشىنىپ قالغان ئادەم بولۇپ، چوڭ تىۋىپتەك قىلاتتى، دۇكىنىدا ھەقىقەتەن سەكسەن خالتىغا يېقىن دورا ئەشيالىرى تۇراتتى، ئايرىم بىر جايغا كىچىك خالتىلىق دورىلار ئېلىپ قويۇلغان بولۇپ، قارىماققا چاي دورىسىدەكمۇ قىلاتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە چوقۇم ئىسسىقلىق دورىلىرى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

— قانداق دورا ئالاي دەيسىز ئۇكام؟- دېدى دوراپۇرۇش ئۇنىڭ ئەستايىدىل ھالىتىگە قاراپ.

— قانداق دورىلار بار؟

— بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي دورا، دورا ياسايدىغانلىرىمۇ بار...

— مۇنداق ئۆتكەچ قاراپ باقاي دەپ قالدىم...

— قارىسىڭىزمۇ شۇ مۇشۇنداق دورىلار، ھەر خىل كېسەلگە شىپا بولىدۇ، تەبىئىي ھەر خىل، مىجەزىڭىزگە قارىتا بۇيرۇپ بېرىمىز...

— ئادەمنىڭ مىجەزىنى تەڭشەيدىغان دورىلار بارمۇ؟ مەسىلەن، ئىسسىقلىق... چاي دورا دېگەندەك...

دوراپۇرۇش ئۇنىڭغا قاراپلا كۆڭلىدىكىنى تۇيدى، بۇنداق ھاجەتمەنلەر بۇرۇنقىدىن كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. دوراپۇرۇشنىڭ ئالدىغا تۇنجى كەلگەندە قورۇنغانلار قايتا كەلگىنىدە "سوغۇقۇم ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئىشتىھايىم تۇتۇلۇۋاتىدۇ، بەل ئاغرىۋاتىدۇ، بەدىنىمدە ھېچ قۇۋۋەت يوق، ئۇيقۇم ياخشى ئەمەس، نېرۋام ئاجىز، ئاخشىمى ئاراملىق يوق..." دېگەندەك گەپلەر بىلەن

كۆڭلىدىكىنى ئېپادىلەۋېرەتتى. بەزىلىرى گېپىنى ھېچ يوشۇرۇپ ئولتۇرماستىن "ھېلىقىدىن بولسا بەرسىلە ئاكاۋا، مۇشۇ كۈندە خوتۇن خەق تولا كۈنلەپ كېتىۋاتىدۇ" دەيتتى.

— ھاجىتىڭىز ماڭا ئايان، — دېدى دوراپۇرۇش، — ئۆيلەنگىلى ئۇزاق بولدىمۇ؟

ئابدۇباقى بۇ دوراپۇرۇشنىڭ تەجرىبىسىگە قول قويدى، ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— ئىككى ئۆيلەنگەن، ھازىرقىسى ئىككىنچىسى...

— قارىغاندا ئەپ ئەمەسكەنسىلەر، — دېدى دوراپۇرۇش، — خوتۇن خەققە يامانىراق بولۇۋاتىدۇ. خوتۇن خەق قوپال ئەردىن چۆچۈيدۇ، بولمىسا تومۇرىڭىزنى تۇتۇۋالىدۇ، تومۇر تۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىنلا ئىش چاتاق، گېپىڭىز ئاقمايدۇ، ئىشىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ، ئۇسال ھالغا چۈشۈپ قالىسىز، كۈندۈزدىمۇ خاپا يۈرۈيسىز...

ئابدۇباقى ئۆپچۆرىسىگە قاراپ قويدى، دوراپۇرۇش ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— تولا ئەنسىز كۆرۈنىسىز، بۇمۇ ياخشى ئەمەس. بۇ دۇكانغا سىز كىرسىڭىز ئىككىنچى بىرسى ئالدىراپ كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ھاراق بوتكىسى ئەمەس. ھېچكىم سىزگە ئۆلپەت بولالمايدۇ، دەردىڭىزنى تارتىشىپ بېرەلمەيدۇ. بىر كىم بىر كىمگە دوقۇرۇشۇپ قېلىشىنىمۇ خالىمايدۇ. لېكىن جاھان مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئەر خەقنىڭ بۇرۇنقىدەك كۈچ-قۇۋۋىتى قالمايدىغان بولسا، قاراپ تۇرىسىز، بۇندىن كېيىن ھېچكىم ھېچكىمنى زاڭلىق قىلالمايدىغان بولىدۇ. مەن بىر قاراپلا مىجەزىڭىزنىڭ سۇسلۇقىنى بىلدىم، بەدەندە قان ئاز بولسا سوغۇق ئەگىز ئېشىپ كېتىپ شەھۋەت ئاجىزلىشىدۇ، زەئىپى باھلىق پەيدا بولىدۇ. سىز ئىسسىقلىق دورىلارنى ئىشلىتىپ كۆرۈڭ، بۇ دورىلار سوغۇق ئەگىزنى تارتىدۇ، قاننى كۆپەيتىدۇ، باھنى كۈچەيتىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ، تەن سۇيۇقلىقىنى

تەڭشەيدۇ... تەۋسىيەم شۇكى، ياخشى ئۇزۇقلىنىڭ، ھاراق ئىچمەڭ، تاماكا چەكمەڭ. ھۇجرىنىڭ ھاۋاسى بەك سوغۇق ياكى بەك ئىسسىق بولمىسۇن، قورسىقىڭىز بەك تويۇپ كەتكەندە، مەستلىكىڭىزدىن يېشىلمىگەندە، مىجەزىڭىز يوق چاغدا ئۇ ئىشنى زورلاپ قىلماڭ؛ بەدەندە كۈچ-قۇۋۋىتىڭىز تولۇق چاغدا، خوتۇنىڭىزنىڭ كەيپى ئوبدان ۋاقتىدا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىڭ. ئادەمدە قۇۋۋەتنى نەپسانىيەت تولۇق بولۇشى لازىم.

دوراپۇرۇش كېپىنى تۈگىتىپ، بىر كىچىك خالتىسىدىن بىر بولاق دورا ئوراپ بەردى ۋە:

— بۇنى چاي ئورنىدا ئىچىپ كۆرۈڭ، سەھەردە، كەچتە، تاماقتىن كېيىن ئىچسىڭىز بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىڭىزمۇ ئۇ ئىش بىلەن زىيادە ھەپىلىشىپ كەتمەڭ، ھەپتىدە ئىككى قېتىم بولسا مۇۋاپىق. ئەمما ئۇ ئىشنى دائىم ئويلاپ تۇرۇۋالماڭ، كەيپ-ساپا قىلماڭ، كەيپ-ساپانى كۆپ قىلغان ئادەمنىڭ نېرۋىسى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، نېرۋا بۇزۇلغاندىن كېيىن مىجەزمۇ بۇزۇلىدۇ. تەندىكى قۇۋۋەتنى نەپسانىيەتنى ئۇڭشىغىلى بولىدۇ، ئەمما روھىي نەپسانىيەتنى ئۇڭشىماق تەس، بۇ ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. بەدەننى ئىسسىق تۇتۇڭ، ئۇيقۇنى ياخشى ئۇخلاڭ، بۇ دورىنى ئىچىش بىلەن بىللە باھنى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان نەرسىلەرنىمۇ دائىم يەپ تۇرۇڭ. پاقلان گۆشى، كەپتەر گۆشى، ياڭاق مېغىزى، شورپا، ئىسسىقلىق چاي دېگەنلەر سىزگە پايدا قىلىدۇ...

ئابدۇباقى بۇ گەپلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى، دورىنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى. ئۇ دۇكاندىن چىقىپ تۇرۇشىغا يەنە بىر ئەر خۇددى خالاغا نۆۋەت ساقلاپ تۇرغاندەكلا ئالدىراپ كىرىپ كەتتى.

ئابدۇباقى ئانىسىغا ئۆزىنىڭ مەسچىتكە بارغانلىقىنى، تازا مىجەزى بولماي قېلىپ تېۋىپقا كۆرۈنگەنلىكىنى، نېرۋا ئاجىزلىقىنى ئۆيدە داۋالاش ئۈچۈن بىر ئاز پۇل كېرەكلىكىنى ئېيتتى‌ۋىدى،

باھارخان ئۇنىڭ مەسچىتكە بارغانلىقىدىن، ئەمدى ھاراق ئىچمەي، تاماكا چەكمەي ياخشــى ئوزۇقلىنىش ئارزۇسىغا كەلگەنلىكىدىن خــۇش بولۇپ ئۇنىڭغا پۇل بەردى. ئابدۇباقى ئانىســى بەرگەن پۇلغا بازار كۈنى يوغان خالتىدا بىر خالتا ياڭاق ئالدى. شۇنىدىن كېيىن يانچۇقىدا پۇلى بولســىلا كىنوخانا ئالدىغا بېرىپ كاۋاپ، باچكا گۆشى، تۇخۇم يەيدىغان بولدى. بىر شەنبە كۈنى كەچتە ئــۇ يەنە كىنوخانا ئالدىدا كەپتەر گۆشــى يەپ ئولتۇراتتى، بىر ئاغىنىسى كېلىپ ئۇنى بىليارت ئويناشقا تارتتى، ئۇلار دائىم پۇل تىكىشىپ ئوينايتتى.

ــ مۇنداق قىلايلى، ــ دېدى ئابدۇباقى ــ ئىككىمىز يات ئادەم بولمىغاندىكىن پۇل تىكىشــىپ كەتمەيلى، تەنزە ھەققىنى تەڭ تۆلەيلى، كىم جىق ئۇتتۇرســا شــۇ ئۆيىدە گۆش قايىنتىپ مېھمان قىلسۇن!

ئاغىنىسى ماقۇل بولدى. ئۇلار ئالتە قول ئويناپ بولدى قىلدى. ئابدۇباقى تۆت قول، ئاغىنىسى ئىككى قول ئۇتتى. ئاغىنىسى ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ مېھمان قىلماقچى بولدى. ئابدۇباقى بۇ ئاغىنىسى بىلەن كونا ئۇلپەت بولغان بىلەن ئۆيىگە ھېيت-ئايەمدىن باشقا كۈنى بېرىپ باقمىغانىدى. ئاغىنىســى ھاراق ســورۇنى راستلاپ تەييار بولدى ۋە ئابدۇباقىغا كۆڭۈل چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

ــ يېقىندىن بۇيان جىق ئادەم بار ســورۇندىن قاچىدىغان بولۇپ قالدىم، ئەسلىدە ئاغىنە دېگەندىن بىرسىلا بولسا كۇپايە ئىكەن...

ئابدۇباقى ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ كەتتى:

ــ راست، مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، شۇڭا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھاراق ســورۇنىغىمۇ بارمىدىم، ئاغىنە جىق بولغان بىلەن ھەقىقىي ئاغىنە ئاز بولىدىكەن ...

ســاھىبخانا ئايال بىر قانچە خىل قورۇمــا قورۇپ كىردى، ئابدۇباقى بۇ ئايالغا قاراپ "خوتۇن كىشى دېگەن مانا مۇشۇنداق

مۇلايىم، كۆيۈمچان بولسا بولىمامدۇ“ دەپ ئويلاپ ھەسرەتلەندى، ئاغىنىسىگە ھەۋەسلەندى.

— ئوخشىمىغان سەيلەرگە ئېغىز تەگكەچ ئەمىسە... قورۇنماي، خۇددى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىدەك ئولتۇرۇڭ، — دېدى ساھىبخانا ئايال كۈلۈمسىرەپ.

ئازادە ئولتۇرۇۋاتقان ئابدۇباقى بۇ ئۆينى خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىدەك تەسەۋۋۇر قىلىپ، يەنە ھەسرەتلەندى.

ئىچىش باشلاندى، ئابدۇباقى ئادەتتىكى ئاچچىق ھاراقلارنى ئەمدى ئىچەلمەيدىغانلىقىنى، چىلانغان ھاراق بولسا بىرەر رومكا ئىچىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىزىرىپ تۇرۇۋالغاچقا، ئاغىنىسى ئامالسىز ھاراق ئىشكاپىنى ئاچتى. ئابدۇباقى ئادەمگىياھ چىلانغان ھاراقتىن بىر رومكا ئىچىپ ناھايىتى قانائەتلەندى. ھاراق گەرچە سەل قاڭسىق بولسىمۇ دورىلىق قىممىتى بار ئىدى، ئابدۇباقى ئۇنىڭ بەدەنگە، بولۇپمۇ جىنسىي ئاجىزلىققا قانچىلىك مەنپەئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ كۈچىنى ھامان بىر ئاخشىمى كۆرۈپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇلار ئاز-ئازدىن ئىچىشكەچ پاراڭ بىلەن بىر نەچچە سائەتنى ئۆتكۈزدى. ئاغىنىسى ئۆزىنى ماختاپ كېلىپ، ئۆيىدە بىر نەچچە خىل چىلانغان ھاراق بارلىقىنى، بولۇپمۇ يىلان چىلانغان ھارىقىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى، ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشتا بەك ئەسقاتىدىغانلىقىنى دەپ سالدى. ئابدۇباقىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، ئاغىنىسىنىڭ خوتۇنىنى پىلىكتەك يۇمشىتىپ، ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان مۇلايىم قىلىۋەتكەنلىكىنىڭ سىرىنى ئۇقۇۋالغاندەك بولدى...

— ما كارامەتنى! — دېدى ئۇ ئىچ-ئىچىدىن ھەۋەسلىنىپ، — بۇ ھاراقلارنى نەدە ساتىدۇ؟ ئۆزۈڭ ياسىدىڭمۇ يا!؟

— بەزىلىرىنى چوڭ ماگىزىنلاردا ساتىدۇ، قىممەت... چىلايدىغان نەرسىنى تاپساڭ ئۆزۈڭ چىلىۋالساڭمۇ بولىدۇ، ھاراقنى

ئۇزاقراق ساقلايسەن، بىراقلا ئىچىۋالمايسەن...
ئابدۇباقى "بۇ ئاداشــمۇ خوتۇننى مۇشــۇ هاراققا تايىنىپ رازى قىلىدىكەنغۇ" دەپ ئويلاپ كۆڭلى ئارام تاپتى. بىر دەمدىن كېيىن ئاغىنىســى ئەدەپكە چىقىپ كــرەي دەپ تالاغا ماڭدى. ئابدۇباقى ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا ئىشــكاپتىن هېلىقى هاراقنى ئېلىپ، ئاغزىنى تەستە ئېچىپ، بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپلا بىر يۇتۇم ئىچىۋەتتــى، هاراقتا لەيلەپ ياتقان بىر چــار يىلان ۋە بىر قارا يىلاننىڭ ئۆلۈكى بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى، ئۇ قاتتىق قورقۇپ، بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى تېز ئەتتى ۋە ئۇنى جايىغا قويۇپ، ئىشكاپنى ياپتى. سەل ئۆتۈپ ئۇنىڭ گېلى قۇرۇشقا، بەدىنى تەرلەشكە باشلىدى... ئاغىنىسى كىرگەن ۋاقىتتا ئۇ هە دەپ يەنە قورۇما يەۋاتاتتى، سوغۇق چاي ئىچىۋاتاتتى.
ئابدۇباقى ئاغىنىسىغا كۆپ رەهمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە راۋان بولدى، يولدا بارغىنچە كىچىك تەرىتى قىستاپ، كوچىنىڭ بىر چېتىگە ئۆتۈپلا، قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ هاجىتىنى راۋا قىلــدى. ئاندىن ئىنتايىن روهلىنىپ، خوتۇنىنى ســېغىنىپ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى. ئۆيىگە كېلىپ، هۇجرىسىغا كىرىپ، كۆزى ئەمدى ئۇيقىغا بارغان سانىيەنى ئويغىتىۋەتتى.
— تېخــى ئۇخلىمىدىڭىزمــا خوتــۇن... — دېــدى ئۇ يېشىنىۋېتىپ.
— يەنــە ئىچىپســەندە، — دېــدى ســانىيە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — كوچىدا مەست يېتىپ، قۇسۇقۇڭنى ئىت يالاپ بولغاندا كەلدىڭمۇ؟
— تىللىماڭلا جېنىم خوتۇن، بۈگۈن بىر جىم يېتىڭلا... — ئابدۇباقى خوتۇنىنىڭ يوتقىنىنى قايرىپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگىلى تەمشەلدى.
— هاراق ئىچكەندىكىن ئۇيقۇڭنى ئۇخلىساڭ بولمامدۇ، نېمە ئادەمگە سېسىق پۇرىتىپ...

— جىق ئىچمىدىم خوتۇن، شۇ ئازراقلا...

— ماڭ، ساق چېغىڭدا كەل، مەن ئۇخلايمەن...

— ئۇنداق قىلماڭلا جېنىم خوتۇن ... مۇشۇ بىر قېتىم ئۇناڭلا، ئەمدى ئىككىنچى ئىچىدىغان بولسام ئىت بوپ كېتەي!

— كاللاڭ ئۇگشىغاندا يات مەن بىلەن، بۇگۈن مىجەزىم يوق.

— جېنىم خوتۇن، خۇش بوپ كېتەي ... — ئابدۇباقى سانىيەگە يامىشىۋېتىپ زۇۋانى پەسلەپ كەتتى، سانىيە ھە دەپ يۈزىنى ئەپقېچىپ، بۇرنىنى ئېتىپ ئۇنى ئۇستىدىن چۇشۇرىۋېتىشكە ئۇرۇناتتى.

— ماقۇل دەپ جىم يېتىڭلا ئوبدان خوتۇن، بەلەن خوتۇن، تاتلىق خوتۇن... — ئابدۇباقى خوتۇنىنى زورلىغانچە ئەسەبىيلىشىپ كەتتى، بەدىنى چوغدىكى تۆمۈردەك قىزىپ، نېرۋىلىرى ئىنتايىن سەزگۈرلىشىپ كەتتى. ئۇ سانىيەنىڭ چاچلىرى ۋە يۈزىدىن كېلىۋاتقان خۇشپۇراقلاردىن مەست بولدىيۇ توساتتىنلا كۆڭلى ئايىنغاندەك بولۇپ، مەيدىسى ئېغىرلىشىپ، گېلىغا بىر نەرسە لۆمۈلدەپ ماڭدى... يەرگە ئېگىشىپ بولغىچە قاڭسىق قۇسۇق ئۇنىڭ كانىيىدىن شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ، سانىيەنىڭ چېچى ۋە يۈز-كۆزىنى رەسۋا قىلىۋەتتى. ئابدۇباقى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ بولغىچە سانىيە ئۇنىڭ كانىيىغا ئېسىلىپ، قۇسۇققا مىلەنگەن ياستۇق ۋە يوتقاننى ئۇنىڭ بېشىغا ئارتىپ، كاللا-ماللىسىغا ئۇرۇۋەردى، زۇۋانىنى قويۇۋېتىپ تىللاۋەردى:

— ۋۇي ئۆلەمەن پوق قۇرتى، قۇسە، ئەمدى قۇسە، نەرىمگە قۇسسەن، قېنى يەنە قۇسە...

— ۋاي خوتۇن، مەن قەستەن قىلمىدىم...

— قۇسقىڭنى تالادا قۇسماي ماڭا قۇسۇپ بېرەمسەن ھەي مەينەت، قۇسقىڭنى ئۆزۈڭگە يالىتىمەن، يالا مانى، ۋۇي لالما ئىت!

— ئى ئانام ئۇخلاۋاتىدۇ... بولدى قىلىڭلا دەيمەن...

— ئاڭلىسا ئاڭلىسۇن، كېلىپ كۆرسۇن سەندەك لالما ئىتنىڭ ھالىنــــى! ئەمدى ھاراق ئىچمەيدىغان بولدى دەپ كېتىشــلىرى تېخى!

— ئەمدى ئىچمەيمەن... بولدى قىلىڭلا.

— ھەر قانچە بولســمۇ كۆڭلۈڭ ئېلىشقىنىنى تۇيمامسەن دەيمەن ھەي مەينەت، ئادەمگە پوق قۇرتىدەك چاپلىشســەن، ئۆزۈڭنى يا چاغلىمايســەن، ساق چېغىڭدا كەل دەپ چىرايلىق دېسەممۇ ئاڭلىمايسەن، ئەمدى ئادالا ما ئۇستىۋاشلىرىمنى، ئەتە تېخى بىر كۈن مۇشۇ ئۆينى تازىلايسەن، يوتقان بىلەن ياستۇقنىڭ كىرلىكلىرىنى يۇيىســەن، قەمبەرگە يۇغۇزماي ئۆزۈڭ يۇيىسەن، يۇيماي باقە قېنى!...

شۇ چاغدا ياندىكى ئۆيدىن باھارخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋاي بالامــەي، نېمە بولۇشــتۇڭلا! نېمانداق تۇگىمەس جېدەل بۇ!

— ۋاي ئانا، كىرىپ كۆرســله ما مەينەتچىلىكنى، يوتقان كۆرپىنىڭ بىرســمۇ ســاق قالمىدى، ھەممىنى قۇسۇققا مىلەپ بولدى ما مەينەت...

— ھەي ئابدۇباقى، ۋۇي ئادەم بولمايدىغان ئېشــەك! — دېدى باھارخان توســاتتىن قەھرلىك ئاۋازدا، — مەن ســاڭا قانچە دېدىم ھاراق ئىچمە دەپ، مەسچىتكە بېرىپ خېلى تۈزىلىپ قاپتۇ دېسەم ئەمدى يەنە ئېشەك سۈيدۈكىنى پۇراپ تاپتىڭمۇ!

خوتۇنىدىن كۈندە ئۇنىڭدىنمۇ سېســىق گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرســىمۇ مىت قىلمايدىغان ئابدۇباقىغا ئانىسىنىڭ گېپى ئېغىر كەلدى:

— سىزمۇ تولا كوتۇلدىماڭ، بۇ ئىشنى سىز ئۇقمايسىز...

— ھە مەن كوتۇلدىماي، ھاراق ســاڭا دورا بولغان بولسا ئەمســە بېرىپ ئىچىۋەر، توگىگە ئوخشاش كەينىڭگە سىيىۋەر،

www.uyghurkitap.com

ھەر ئاخشىمى كېلىپ قۇسىۋەر، خوتۇنۇڭدىن تاياقنى تازا يەۋەر، دەشنام ئاڭلاپ ئولتۇرىۋەر، قۇسقىڭنى ئۆزۈڭ ئادالاۋەر، ھەركۈنى ئاشۇنداق ئۆزۈڭنىڭ مەينىتىنى ئادالاپ ئۆت! ھۇي ياخشى كۈن ئۆتمەيدىغان ئىزا خالتىسى...

سانىيە ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ بۇنداق تەگىشىپ قېلىشىنى ئەمدى كۆرۈۋاتاتتى. ئابدۇباقى ئانىسىغا قېيدىيالىغان بىلەن قۇسقىنى خوتۇنىغا ئادالاتقۇزالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ بولغانىدى.

## 8

مۇبادا بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئەرلەرنى ھاياتلىق چۆلىدە كېتىۋاتقان تۆگىلەر دەپ پەرەز قىلساق، سانىيە شۇ تۆگىلەرنىڭ ئىچىدىن ئابدۇباقى ئاتلىق بىر تۆگىنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ، ئۈستىگە يۈك ئارتىپ ياكى ئۆزى مىنىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا كارۋانبېشى بولۇپ مېڭىشنى ئارزۇلايتتى. ئۇ بۇ ئارزۇغا يەتتى، شۇڭا بۇرۇندىن ئويلاپ كەلگەن قانداقتۇر بىر قۇدرەتلىك ئەرنى ئەمدى ئۇنچىۋالا خىيال قىلماس بولدى، چۈنكى ئابدۇباقى سانىيەنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئەر بولالماي، ئۇنىڭغا سەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى، بۇ ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىرەر قېتىممۇ تازا چىڭىغا چىققۇدەك، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ۋايىغا يەتمەي تۇرۇپ بۇزۇلغىلى ئاز قالغاندا، باھارخان ئۆزىنىڭ كەگرى ھويلىسىغا تېلېۋىزورنى پەيدا قىلدى، دۇكانلىرىنىڭ ئىجارىسىنى ئۆستۈردى. قېيىنانىسىنىڭ ئاقىلانە ئىشلىرى سانىيەنى مەمنۇن قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئانىسى بىلەن قېيىنانىسىنىڭ ھەقىقەتەن قالتىس ئاياللاردىن ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ قالدى. بىراق بىر مەزگىلدىن كېيىن سانىيە تېلېۋىزور كۆرۈشتىنمۇ، لەگېۋۈك سېتىشتىنمۇ زېرىكتى. ئۇ ئۆزىنىڭ

تەگتۇشلىرى بىلەن ئۆزىنى ھەر دائىم سىلىشتۇراتتى، ھېلىلا تېخى ئۆزىنىــــڭ يېنىغا كېلىپ لەگپۇڭ يەپ بىــــر ئوبدان گەپ قىلىپ بەرگەن دوستى خوش دەپ ماگغاندا ئۇنىڭ كەيىندىن قاراپ ئۆزىنى زامانغا يېتىشــەلمەي قېلىۋاتقاندەك، ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشتىن ھېچبىر خوۋلۇق كۆرمەيۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. قارىماققا خەق ھەۋەســلەنگۈدەك تۇرمۇش كەچۈرگەن بىلەن ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىســە قانداق بولغىنى؟ ئابدۇباقى ئارقىلىق ئاخىر مۇشۇ ئۆي-زېمىن، مال-مۈلۈككە ئېرىشــكەن تەقدىردىمۇ تۇرمۇشتىن راھەت كۆرەلمىســە ئۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ خەقلەر گازىرچىلىق، لەگپۇگچىلىق دېگەندەك ئۇششــاق ئوقەتنى تاشلاپ، چوڭ سودا قىلغىلى تۇردى، كۆپلىگەن ئائىلىلەر رەڭلىك تېلېۋىزور ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ ھەر ئاخشــمى يەنە رەڭسىز، كىچىك تېلېۋىزورغا قــاراپ، كۈندۈزى بىر كۈن ئاپتاپقا قاقلىنىپ، خېرىدار كۈتۈپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرسۇنمۇ؟

سانىيە لەگپۇگچىلىقنى ياراتمىدى، ئۆزىنىڭ ئورنىغا قەمبەرنى تۇرغۇزۇپ قويۇپ، دوســتلىرى بىلەن بىللە بازار چۆگىلەشكە، ســورۇنلارغا بېرىشــقا باشــلىدى، بۇ يەردە ئۇ لەگپۇڭ سېتىپ ئولتۇرغاندىن بەكرەك ئۆزىنى نامايان قىلالايتتى. بۇنىڭغا باھارخان ئاخىر چىدىيالمىدى:

— بالام، مۇشــۇ يېقىندىن بارىدىغــان يېرىڭىز كۆپىيىپ قالدى، سەل دىققەت قىلىڭ!

— ۋاي ئانا، مەن دائىم ئاداشــلىرىم بىلەن بىللە، ســىلى ئەنسىرىگۈدەك ھېچ ئىش يوق!

— شــۇنداقتىمۇ دىققەت قىلىڭ، ھەممە ئىش ئۆز لايىقىدا بولسۇن.

— مەن يا توي قىلمىغان قىز بولمىســام، ئەنسىرەپ نېمە قىلاتتىلا؟!

- ھازىر جۇۋانــلار بەكرەك يامان چىقىــپ كېتىپ بارىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەنسىرەپ قالىدىكەنمىز.

ــ خاتىرجەم بولسىلا، ھەر قانچە يامان بولساقمۇ كوچىغا چىقىپ قالمايمىز.

ــ ئىشقىلىپ، خۇدايىم ساقلىسۇن. ھەممىدىن يامىنى بىكارچىلىق، بىكارچىلىقتىن ئىش بۇزۇلىدۇ. سىز ھازىر بىكار قېلىۋاتىسىز. بىكار ئولتۇرۇپ پۇل تاپماق تەس كەلدىمۇ؟ لەگېنى زادى ساتامسىز، قانداق قىلىسىز؟

ــ ساتىمەن، لېكىن تۇزۇك پايدا تاپقىلى بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئاداشلىرىم جىق، كوندە دېگۈدەك بىر-ئىككىسى لەگېنى يەيدۇ، پۇل دېيىشكە مەن خىجىل بولىمەن، يا ئۇلار ئۆزىنى بىلىپ بەرمەيدۇ. شۇڭا قەمبەر مېنىڭ ئورنۇمدا لەگېنى ساتسۇنمىكىن...

ــ قەمبەر لەگېنى ساتالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆيدە قىلىدىغان ئىشى جىق.

ــ ئەمىسە ئابدۇباقى ساتسۇن...

بۇ گەپتىن باھارخاننىڭ غۇزىدە ئاچچىقى كەلدى:

ــ ئېرىڭىزنى دېپەيدەك قارىتىپ قويۇپ، ئۆزىڭىز كوچا چىڭدامسىزا!؟ خەقلەر كۆرسە نېمە دەيدۇ؟!

ــ نېمە دېسە دېمەمدۇ؟! كىنوخاننىڭ ئالدىدىمۇ نەچچە ئەر خەق گازىر، لەگېنى سېتىپ يۈرمەمدۇ؟ ئابدۇباقاخۇن چوڭ ئوقەتنى قىلالمىغاندىكىن شۇ ئىشنى قىلسۇن، ئەر خەق بولغاندىكىن پۇل تېپىپ خوتۇننى باقسۇن، مانە!؟ يا بىر تۇزۇك ھۈنەر بىلمىسە، يا بىر ئۆز ئالدىغا پۇل تېپىپ خەجلەشنى بىلمىسە، يا بىر يېگى ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇشنى بىلمىسە، ئۇنىڭ نەرى بىر ئەر؟! قاچانغىچە ئاشۇنداق يۈرۈيدۇ ئۇ؟ ... ــ سانىيە سۆزلىگەنچە قايناپ كەتتى.

ــ ئەرنى ئەر قىلغانمۇ، يەر قىلغانمۇ خوتۇن دەپتىكەن، ئېرى لامزەللە بولسا خوتۇنى چاقچاقلىراق بولۇشى كېرەك، سىزنى

مەن خېلى ئوبدان كېلىن دەپ يۈرسەم، سىزمۇ ئەمدى پېشىگىزنى قېقىپ تۇمشـــۇقىڭىزنى تولغاپ يۈرەمسىز؟! ــ دېدى باھارخانمۇ بوش كەلمەي.

ــ ماڭا ئەلچى قويغاندا ئەجەب ئۇنى لامزەللە دېمىگەنتىلە، ئەمدى ئۇنىڭ پوقىنى ماڭا ئارتىپ قويامىلا، مانە!؟

ــ ســـىزنى ئوڭشاپ كېتەر دەپتىمەن، ــ دېدى باھارخان چاندۇرمـــاي، ئـــۇ ســـانىيەنىڭ بۇ ئۆيگــە ھامان تارتىشـــىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئوبدان گەپ قىلسا ئەيۋەشكە كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ــ ئەگـــەر مـــاڭا قويۇپ بەرســـىلە مەن ئۇنى ئاشـــۇنداق ئوڭشايمەن، ــ دېدى سانىيە قەتئىي ھالدا.

ــ ھە ئوڭشـــاڭ، قېنى ئوڭشـــاپ بېقىڭ، ئۇنى ئوڭشـــاپ كېتەلىسىڭىز مەنمۇ خۇش...

باھارخان ئوغلىغا زادى ســـانىيەدەك بىر كېلىن لازىم دەپ ئويلايتتـــى. ئابدۇباقى ئەگەر بۇرۇنقىـــدەك يۇۋاش، مىس-مىس خوتۇن ئېلىپ قالغان بولســـا، مەيلـــى كەلگەنچە ئىش قىلىپ، تېخىمۇ ھۇرۇنلىشـــىپ، دۆتلىشىپ جېنىنى ئوبدان باقالمايتتى. ئەگەر ئانىســـىدىن پوككىدە ئايرىلىپ قالسا، مۇشۇ كەڭ ئۆي-زېمىننى ساقلاپ قالالىشـــىمۇ بىر گەپ ئىدى. بازارلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى باھارخانغا بۇ ئۆيىنىڭ ھامان چېقىلىپ باشـــقا يەرگە كۆچۈرۈلىدىغانلىقىنى بىر قانچە قېتىم پۇرىتىپ بولدى. دەرۋەقە، پۇلى كۆپ ئىدارە، شـــىركەت ۋە شەخســـلەرنىڭ بۇنداق جايغا كۆز قىزارتىشـــى تەبىئىي ئىـــدى. ناھىيە بازىرىنىـــڭ يوللىرى ئاساســـەن رەتلىنىپ، كېڭەيتىلىپ بولغاچقا، باھارخان بازارلىق ھۆكۈمەتتىكىلەرنىڭ گەپلىرىدىن بەكمۇ تەشۋىشلىنىپ كەتمەيتتى، چۈنكى ئۇ بازارلىق ھۆكۈمەت ۋە بازار قۇرۇلۇشى ئىدارىسىدىكىلەرگە بىر نەچچە قېتىم ماسلىشىپ، تام ئورنىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئەل قاتـــارى چىقىرىپ بەرگەنىدى، ئەمـــدى ھەممىدىن قۇرۇق

قىلىشقا ھەرگىز ئۇنىمايتتى.

— چىڭ تۇرسىلا، — دېگەنىدى سانىيەنىڭ ئانىسى، — قولىلىرىدا زېمىن خېتى بولغاندىكىن نېمىدىن قورقىلا. يامىنى كەلسە بۇ يەردىن ئۆلۈكۈم چىقسا چىقىدۇكى تىرىكىم چىقمايدۇ دەپ يېتىۋالغۇلۇق، سىلىنى ھېچكىم ھەيدەپ چىقىرالمايدۇ. مەن سىلىگە دېسەم قۇدام، مۇشۇ ئۆينىڭ ئورنىغا بارغۇ، مۇشۇ بازارغا ياراشتۇرۇپ ئىككى-ئۈچ قەۋەتلىك تازا ئېسىل بىنا سېلىپ، ئۈستىدە ئۆزلىرى ئولتۇرۇپ، ئاستىلىرىنى دۇكان قىلىۋەتكەن بولسىلا، پۇل دېگەن ئىشىكلىرىدىنمۇ، تۆڭلۈكلىرىدىنمۇ كىرەتتى، پۇل بولغاندىكىن سىلىنى ھەيدەيمەن دەيدىغان بوڭقۇشلارنىڭ گېلىنىمۇ مايلىغىلى بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن سىلىگە ھېچكىم، ھەتتا ھاكىم بولسىمۇ چېقىلالمايتتى...

— مەنمۇ ئويلىغان قۇدام شۇنى، — دېگەنىدى باھارخان، — بازارلىق ھۆكۈمەتتىن ئۇنىمايۋاتىدۇ ئەمەسمۇ، بولمىسا ئۆزۈمنىڭ پۇلىغا قوشۇپ، بانكىدىن قەرز ئالساملا پۈتىدىغان ئىش. بىزنىڭ ماۋۇ بىر قوشنىمىزنىڭ ئوغلى چوڭ سودىگەر ئەمەسمۇ، شۇنىمۇ يېقىندىن قەۋەتلىك ئۆي سالغىلى قويمىدى، ئاڭلىساق بىزنىڭ بۇ ئۆيلەر كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغاچقا، بازارلىق ھۆكۈمەتتىكىلەرنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۆز ئالدىمىزغا ئۆي ياكى دۇكان سالالمايدىكەنمىز... ئۇغۇ مەيلىغۇ قۇدام، سىلى كۆرۈۋاتقان مۇشۇ ئۆي، مۇشۇ ئىجارە دۇكانلىرىمنىمۇ قايتا ياسىغىلى قويمايۋاتىدۇ ئەمەسمۇ، كوچىنىڭ ئىسكەتىنى بۇزۇۋاتىدۇ دەيدۇ، ئەمما ياسىغىلى قويمايدۇ، يېقىندىن ئۆي، دۇكان سېلىشقا ئەسلا ئۇنىمايدۇ... دېمەك، ئۇ خەقنىڭ مەقسىتى باشقا، بىزنى زادى بۇ يەردىن قوغلاپ ئۆزلىرى ئىگە بولماقچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بۇ يېرىمىزگە شۆلگىيىنى ئېقىتىپ، چىشىنى بىلەپ تۇرغانلار كۆرمىڭ دېسىلە ھازىر... خۇدايىمغۇ تېخى ئۇنداق كۈننى بىزگە كۆرسەتمىدى، ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ قالسا قېنى ئۇنى

كۆرەرمىز...

ــ ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، سىلىمۇ قاراپ تۇرماسىلا، بىزمۇ قاراپ تۇرماسمىز، تەۋەررۈك زېمىننى ئۇنداق ئاسان قولدىن چىقىرىۋېتىدىغان ئىش يوق!

باھارخان قۇدىسىنىڭ بەستىگە چۇشلۇق خېلى جېنى بار ئايال ئىكەنلىكىنى، قىزىنىمۇ خۇددى ئۆزىدەكلا بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى شۇ چاغدىلا ھېس قىلغانىدى.

## 9

باھارخاننىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر دۇكاندا يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقان بولسىمۇ خوتۇن قارىسى كۆرمەي ئۆتتۈۋاتقان ھېلىماخۇن ئىسىملىك بىر موزدۇز بار ئىدى، كۈندۈزى شۇ دۇكاندا ئىش قىلاتتى، كېچىسى شۇ دۇكاندا يېتىپ-قوپاتتى، بىر ئاياغنى 15 كۈندە ئاران پۈتتۈرەتتى، ئەمما ئاياغنى 15 يىل چىدىغۇدەك تىكەتتى. ئۇ باھارخاننىڭ ھىمايىسىدىلا شۇنچىلىك كۈن كۆرۈۋاتقىنىغا شۈكۈر دەپ، كۈنلىرىنى ئىشتىن باش كۆتۈرمەي ئۆتكۈزەتتى، تاپقان پۇللىرىنى باھارخانغا سادىقلىق بىلەن تاپشۇراتتى. باھارخان ئۇنىڭغا كېرەكلىك بىر قىسىم پۇللارنىلا قالدۇرۇپ قالغىنىنى ئۆزى ساقلايتتى. ئۇ دۇكاندارلار ئىچىدە ئەڭ كەمبەغەل بولسىمۇ، لېكىن باھارخانغا ئەڭ سادىق ئىدى. بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ كىيىۋاتقان ئاياغلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇ تىكەتتى ياكى يامايتتى.

ھېلىماخۇن باھارخاننىڭ ئۆيىدىن ئاش-تاماق يەيتتى. سانىيە بۇ ئۆيگە كېلىن بولغان دەسلەپكى چاغلاردا قەمبەر ئەتكەن تاماقنى شۇ قاسماق موزدۇز يېسىلا بولىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ھېلىماخۇن قەمبەر ئېلىپ كىرگەن تاماقلارنى يەپ، قارنى تويغاندا ئىشىنى قىلاتتى، قورسىقى ئاچقاندا يەنە قەمبەرنىڭ شەپىسىگە قۇلاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سالاتتى، قەمبەر دۇكانغا كىرگەندە ئۇنىڭغا ھەجىيىپ، قاچىغا قول ئۇزارتاتتى؛ قەمبەر ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دەپ كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ھەر قېتىم "قاچىنى ئۆزۈم يۇي" دېمەكچى بولغىنىنى ھېلىماخۇن ئېنىق چۈشىنەتتى، قاچىسىنى بىكارلاپ قازان بېشىدا قاچا يۇيۇۋاتقان قەمبەرگە تەگلىسە قەمبەر ئۇنى تۇرۇبىدىن سۇ تارتىشقا بۇيرۇيتتى، قەمبەر پەقەت ئۇنىلا ئىشقا بۇيرۇيالايتتى. شۇنداق قىلىپ ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ سۇ تارتىش ھېلىماخۇننىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى.

باھارخان ھېلىماخۇن بىلەن قەمبەرنىڭ بارغانچە ئىناق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سەزدى. قەمبەر كېچىسى پەقەت جىم ئۇخلىمايتتى، گاھىدا ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئىڭراپ ياكى ئېغىر تىنىپ، باھارخان بىلەن گۈلەمبەرنى بىئارام قىلاتتى. باھارخان ئۇنىڭغا نەچچە دەپ، ئايرىم يەردە دۆشكەللەپ، تىللاپ بېقىپمۇ ئۇنىڭ يامان ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى، ھەر قانچە قىلسىمۇ ئۇنىڭ قولىنى كېسىپ تاشلاشنىڭ ئورنى يوق-تە! بىردىنبىر ئامال يەنىلا ئۇنى ئەرگە بېرىۋېتىش ئىدى. باھارخان كۆپ ئويلىنىپ ئاخىر ئۇنى باش-كۆزىنىڭ سادىغىسى قىلىپ ھېلىماخۇنغا ياتلىق قىلىۋېتىش قارارىغا كەلدى. بۇ قارار قەمبەرگە ئۇقتۇرۇلغاندا ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغان ئېچىلدى، لەۋلىرىنى ئۆمەللەتتى: "ئانا... ئانا... ئۇ... ئۇ... " دېگەندەك بىر گەپلەرنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن ھەيران قېلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى.

— ماقۇل دە قىزىم، يېشىڭمۇ بىر يەرگە باردى، بۇنداق ئۆتىۋەرسەڭ قاملاشمايدىكەن. خوتۇن خەق دېگەن ئەردە ياخشى، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا سېنى ياتلىق قىلىپ بىر ئەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزاي. ئۇ ساڭا كۆيۈنىدۇ، بىر ئوبدان ھۈنىرى بار، ساڭا توپلەي تىكىپ بېرىدۇ، مۇشۇ ئۆيدە تۇرىدۇ، ھېچنەگە بارمايدۇ، قېشىڭدا مەن بار قىزىم، ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمە...

قەمبەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يەنە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇردى،

باھارخاننىڭ ئىچى سىيرىلغاندەك بولدى. ئۇ پەقەت ئەقلى ۋە تىلىدىكى كەمتۈكلۈك تۈپەيلىدىن ئاشۇ كۆرۈمسىز، قاسماق موزدۇزغا تەۋە بولۇپ كېتەتتى، "تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى باھارخان، — ھەر ئىككىلىسى خۇدايىمنىڭ ئاجىز بەندىسى، ھازىر بۇنداق تۇرغان بىلەن ئەتىگىچە ئۆزىمىز ئوگشۇالىمىز، تۇرمۇش قۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىرى ئۆزىنىڭ يامان ئادىتىنى تاشلايدۇ، بىرى ئۆز ئارزۇسىغا قېنىپ، مېنىڭدىن ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ كېتىدۇ..."

ئابدۇباقىنىڭ بۇ ئىشتىن قورسىقى كۆپتى:

— ئادەم چىقمىغاندەك ئەمدى شۇ موزدۇزنى تاپتىڭىزما!؟ ما خەق ھېلى گەپ تاپىدۇ جۇمۇ، ئويلاپ ئىش قىلىڭ!؟

— نېمە دەپ گەپ تاپقۇدەك؟!

— ئىككىسىنىڭ بىرەر چاتىقى بار دەپچۇ؟!

— يوقالغىنە ماڭ! — دېدى باھارخان غەزەپ بىلەن، — قەمبەر سېنىڭ نېمەڭ، ئۆز ئاچاڭغىمۇ شۇنداق قارا چاپلامسەن، شۇ گەپنى خوتۇنۇڭ بىلەن سەن تاپمىساڭ ھېچكىم تاپمايدۇ!

— قېنى قاراپ تۇرۇڭ!

— يوقالغىنە جۇگۇ ئىچىمنى ئىلەشتۈرمەي!

— نەگە يوقىلىمەن نەگە!! — دەپ ۋارقىرىدى ئابدۇباقى ئاچچىقتىن لاغىلداپ تىترەپ، — يوقالسا ئاۋۇ قاسماق موزدۇز يوقالسۇن!

— ئۇ ھېچنەگە يوقالمايدۇ، قولىدا ھۈنىرى بار. ئۆزۈڭنىڭ قولىدىن يوق كەلمەيدۇ، يەنە نېمە يوغان گەپ قىلىسەن؟! بېرىپ خوتۇنۇڭنى باشقۇر، خوتۇنۇڭ كوچىغا چىقىپ كەتكىلى نەۋاخ، بېرىپ تېپىپ كەل!

— نەگە بارسا بارسۇن ئۇنداق قانجۇق، ئىزدىمەيمەن...

— خوتۇنۇڭنى باشقۇرالمىغان ئادەم نېمە ئىش قىلىسەن بۇ يەردە، مېنى باشقۇراي دەمسەن؟!

بۇ گەپ ئابدۇباقىغا تازا تەگدى، ئاچچىقتىن بېشىنى چۆرۈپ، تالاغا چىقىپ نەلەرگىدۇر يوقالدى.

سانىيە قېينانىســـىنىڭ ئۇ قاراردىن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى بىر خىيالىنى ئاختۇرۇپ تاپتى: قەمبەر ئەتكەن تاماقنى شـــۇ مورزدۇر يېسىلا مۇۋاپىق.

— بۇمـــۇ بوپتۇ، ـــ دېدى ئۇ زاڭلىق ئارىلاش كۈلۈپ، ـــ لېكىن ئۇ ئادەم كۈيئوغۇللۇققا يارامدىكىن تاڭ؟!

— ياراپ قالار، ـــ دېدى باھارخان ئىشــەنچ بىلەن، ـــ قەمبەرگە زادى شۇنداق يۇۋاش، سادىق ئادەم لازىم.

قەمبەرنى ئالدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ھېلىماخۇنىنىڭ قولىدىن بولقىسى چۈشۈپ كەتتى، ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى:

— با... با... باھارخاچا، نېمە دەيلا؟!...

— ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويايلىمىكى دەۋاتىمىز.

ھېلىماخۇنىنـــىڭ يۈرىكى مومدەك يۇمشـــاپ ئېرىپ كەتتى. كۆزلىرى خۇشـــاللىقتىن چاقناپ، ئاندىن ياشقا تولدى، ئەمما ئۇ ھەر قانچە تەســـىرلىنىپ كەتكەندىمۇ ئۇنى ئىپادىلەشكە يەنىلا قاشـــاڭلىق قىلاتتى، ئـــۇ پەقەت ھاياجاندىـــن بوغۇلۇپ تۇرۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللەتتى:

— با ...باھارخاچا، مەن مەشەدە ئۆلگىچە سىلىگە كۈيئوغۇل بولاي، ئىشلىرىنى قىلاي... تويلۇقنى مەن ئىشلەپ قايتۇراي!...

— تويلۇقتىـــن غەم قىلما، بۇ ئۆيمـــۇ ئۆزۈڭنىڭ ئۆيىدەك، بۇنىڭدىن كېيىن قەمبەرگە ئوبدان قارىساڭ شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، بېشىڭنى سىلىغىنىمنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويمىساڭلا بولدىغۇ!

— چوقۇم ئېسىمدە ساقلايمەن! ....ـــ ئۇنىڭ ئاۋازى زىيادە خۇشاللىقتىن تىترەپ كەتتى، بىر ھېسابتا ئۇ بولغۇسى قېينانىسىغا چىن دىلىدىن مۇشۇنداق قەسەم بەردى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىككىســـىنىڭ تويى بولدى. تويغا جىق ئادەم قاتناشـــمىدى، قاتناشقانلارمۇ بۇ توي ھەققىدە ئاللىقانداق

گەپلەرنى قىلىشىپ كەتمىدى.
ھېلىماخۇنىنىڭ تويىدىن ئاۋۋاللا تۇزىلىپ، خېلى چىرايلىق بىر ھۇجرا تۇسىگە كىرگەن دۇكىنى توي كېچىسى خۇددى ئۇنىڭ شاھانە ھەرەمخانىسىغا ئايلاندى. سۇپىغا سېلىنغان يېڭى يوتقان-كۆرپىلەر ۋە شۇ تۆشەك ئۈستىدە ياتقان قاملاشقان چوكان ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ بەختى ئىدى. ئۇ تۇنۇگۈنلا تېخى ناھايىتى ئەبگا بىر ئادەم ئىدى، مانا ئەمدى پېشانىسىنىڭ ئوڭلۇقىدىن بىر يۇمىلىنىپلا بەخت ئىگىسىگە ئايلاندى.
ھېلىماخۇن كىيىملىرىنى ئالدىرىماي سېلىپ يوتقانغا كىردى، ئۇزۇندىن بېرى يەردە سۆرىلىپ، جېنى قاقشاپ يۈرگەن پاقا كۆلچەكنى كۆرگەندەك يايراپ كەتتى، قەمبەر شۇ كۆلچەكتە تىترەۋاتقان نازۇك قۇمۇشقا ئوخشايتتى...
ئابدۇباقى بۇ كەچتە خوتۇنىدىن يىراق يەردە ئىچى پۇشۇپ ياتاتتى، توختىماي تاماكا چېكەتتى.
— ئۆينى ئىسسىماي ئۇخلىساڭ بولمامدۇ ھەي بىر نېمە! — دەپ ئاچچىقلاندى سانىيە.
ئابدۇباقى ئىلگىرى تاماكىسىنى تالادا چېكىپ كىرەتتى، بىراق بۈگۈنكى ئەھۋال باشقىچە ئىدى، ئۇ قەمبەر بىلەن شۇ چۇپرەندە موزدۇزنىڭ بىر ھۇجرىغا جەم بولۇپ قېلىشىنى كۆڭلىگە ھېچ سىغدۇرالمايۋاتاتتى، ئىچى ئاچچىققا تولۇپ، يۈرىكى ئەلەمدە مۇجۇلۇۋاتاتتى... ئۇنى ئاز دەپ خوتۇنى ئۇنى يەنە تەتۈر قىيناۋاتاتتى. ئۇ چىدىيالمىدى:
— ئۇيقۇڭلىنى ئۇخلاڭلا، تاماكا چەككىلىمۇ قويىمامدىكىنە ئەمدى، ئۆينى ئىسسىسام ئۆزۈمنىڭ ئۆيى...
— ئۆي سىنىڭ بولسا مەن كىمنىڭ؟! ماڭا بىر قارىغىنە ھەي يۈزسىز، — سانىيە ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھومايدى.
ئابدۇباقى سانىيەنى مېنىڭ دېيەلمەيتتى، چۈنكى بۇ خوتۇنىنىڭ ۋۇجۇدىغا تېخى ئىگە بولالمىغانىدى، شۇڭا ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى.

— خىيالىڭدا سەن مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن!؟ ماڭا قاراپ تۇرۇپ بىر گەپ قىلە!

ئابدۇباقى ياستۇقنى مەيدىسىگە بېسىپ، پەگاغا بېشىنى ساڭگىلىتىپ دۇم ياتاتتى، ئۆچمىگەن تاماكىسىدىن يەنىلا ئىس چىقىۋاتاتتى.

— ماڭا قارا دەيمەن ھەي خام قاپاق بەڭگى، مەن سېنىڭ نېمەڭ!؟

ئابدۇباقى خوتۇنىنىڭ سۇر-ھەيۋىسىدىن يەنە تەمتىرىگىلى تۇردى، بۇنداق چاغدا ئۇ خوتۇنىنىڭ كۆزىگە دادىل تىكىلەلمەيتتى، گەپ قىلسا باشقا ياقتا قارىۋېلىپ خىيالىغا كەلگەنچە سۆزلەپ قويۇپ، ئارقىدىن يەنە ئۆزىنىڭ گېپىدىن ئەنسىرەپ كېتەتتى.

— ماڭا قاراپ بىر گەپ قىلىپ باقە سەن، مەن يا كۆزۈڭگە جىن كۆرۈنەمدىم؟ قاچانلا قارىسا كۆزۈڭنى مەندىن ئەپقاچىسەن، خۇدۇكۇڭ بارمۇ يا؟!

— يوق گەپنى قىلماڭلا...

— توۋا، سەندەك بىر نېمە بىلەنمۇ ئۆي تۇتۇپ يۈرۈۋاتىمەن-ھە! ئىچىڭنى ئىسلىماي نېمە گېپىڭ بولسا دېمەمسەن؟! ئاناڭغا ھەر گەپنى قىلىسەنۇ ماڭا قىلساڭ بولمامدىكەن!؟

— گەپ دېگەننى ئاڭلايدىغان ئادەمگە قىلىمىز.

— مەن گەپ ئاڭلىمامدىكەنمەن؟ ئېغىزى ئېچىلدىغۇ ما نېمىنىڭ...

— خوتۇن خەقنىڭ مانداق ياۋاشراق بولغىنىنى كۆرگەن...

— مەن قانداقكەنمەن، يامان بولۇپ تېرەڭنى تەتۈر سويمىغاندىمەن!

— مانا ئەمەسمۇ مانا، مۇشۇمۇ خوتۇن خەق قىلىدىغان گەپمۇ ئەمدى...

— ھەي سەن تولا چىشىمغا تەگمە، يامان بولۇپ بىر نېمە

قىلدىڭمۇ سېنى!؟

— قىلمىدىڭلىما، نەچچە قېتىم مەشـەدە مـاڭا ھەيۋە قىلمىدىڭلىما، ئانامنى دېمىسـەم، سـىلىنى خوتۇن كىشىكەن دېمىسەم... مەنمۇ...

— ھە نېمە قىلالايتتىڭ، ئۇرامتىڭ مېنى!؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ، ئەگەر ماڭا چېقىلساڭ بىر يېرىڭنى چىشلەپ ئۈزۈۋالىمەن!

بۇ گەپتىن ئابدۇباقى ئىختىيارسـىز تىترەپ كەتتى. سانىيە ئۇنى مەيلى غەزەپتىن ياكى ھاياجاندىن بولسـۇن ئۆزىگە زادى چېقىلدۇرمايدىغاندەكلا قىلاتتى. بۇنداق خوتۇننىڭ ئەمدى نېمە كېرىكى؟

— ئەڭ ياخشىسى، ئاجرىشىپ كېتىلى...— دېدى ئابدۇباقى خوتۇنىغا يالتىندە قاراپ، ئۇ بۇ گەپنى دەپ بولۇپلا يەنە بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— نېمە!؟ ئاجرىشىلى؟! — سانىيەنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچەيدى، زۇۋانى چوڭايدى، — مەن ساڭا ئاجراشقىلى تەگكەن ئەمەس، قاچان ئاجراشقۇم كەلسە شۇ چاغدا ئاجرىشىمەن، كۆرۈڭگە تېخى، مېنى قويۇۋېتەرمىش! خورىكىڭ ئەجەب ئۆسـۈپ قاپتۇغۇ سېنىڭ، ئۆچۈرە تاماكاڭنى! ئۆينى ئىسلاپ بولدۇڭ! يەرگىمۇ بىر مۇنچە تۆكۈرۈپ بولدۇڭ! ...— ئابدۇباقى تاماكىسـىنى ئاخىرقى قېتىم كۈچەپ شوراپ بولغىچە سانىيە جىلە بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى، ئابدۇباقى تاماكىسـىنى ھاپىلا-شاپىلا يەرگە تاشلىدى. سانىيە يەرگە چۈشكەن تاماكىنى دەسسەپ ئېزىۋەتتى.

ئۆي ئىچى قاراڭغۇلۇققا ۋە تىمتاسـلىققا چۆمدى. ئابدۇباقى خوتۇنىغا قارىدى، غېمىـدە يوق ئۇخلاپ كەتكەن خوتۇنى گويا تاۋۇت ئىچىدىكى جەسـەتكە ئوخشـايتتى. ئابدۇباقى تۇيۇقسىز شۈركىنىپ كەتتى، خوتۇنى زادى ھەر قاچان جىنسىي ھەۋەستىن خالىي ئۆلۈكتەك تىنچ ياتاتتى. شۇنداق بولۇشى كېرەكمۇ؟ خوتۇن دېگەننى نېمىگە ئالىدۇ كىشـى؟! تويدىن ئاۋۋال ئۇ سـانىيەگە

تاتلىق ســويمىغا قارىغاندەك قاراپ نەپسى ئاقىلدىغان بىلەن، ۋەســلىگە يەتكەندە پاقا تەشــكەن ســويمىدەك قاراپ تۇردى، ئۆزىنىڭ قانداقىسگە سولۇشۇپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قالدى. ئاشۇ توي كېچىســىدىكى مەغلۇبىيەت ئۇنى ســەۋدايى، لەقۋا قىلىپ قويــدى. ئارزۇيىدىكى ئىشــنى ئويلىغانچە قاملاشــتۇرالمىدى، خوتۇنىنىــڭ غۇرۇرى بىلــەن تەڭ ئۆزىنىڭمــۇ ئەرلىك غۇرۇرى تۆكۈلدى. سورۇنلاردا خوتۇنلار ھەققىدە ئەپسانە پاراڭلار بولغاندا ئــۇ چاندۇرماي ئۇلتۇرغان بىلــەن دەردىنى ئىچىدە بىلدى. ھەر بىر كېچىنى ئىنتايىن تەســتە ئۆتكۈزۈپ كەلدى، ئەمما خىيالىدا ئاغىنىلىرى ئۇنى ھەر كېچە مەسخىرە قىلىپ، مازاق-چاقچاقلارغا كۆمۈۋېتەتتى...

ئەمەلىيەتتە ســانىيەمۇ بەزى كېچىلىرى ئۇخلىيالماي جىلە بولاتتــى. ئابدۇباقىنى ئىچىــدە قارغاپ، ئاندىــن بۇنىڭدىنمۇ ئىچى پۇشــۇپ باشقا خىياللارنى ســۈرەتتى. توي كېچىسى ئىش ئەپلەشمىگەندىن تارتىپ ئۇ ئۆزىنى قاتتىق ئەخمەق قىلىنغاندەك ھېس قىلىپ، ئابدۇباقىنى نۆلگە چىقىرىپ كۆڭلى تىندى. ئاندىن ئۆزى ياخشى كۆرمەي، چۈشەنمەي تەگكەن بۇ ئەردىن يىرگىنىپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئادىتى، شېرىن خىياللىرى بىلەن بەند بولدى...

سانىيە تۇنجى تەسىراتقا بەك سەزگۈر ئىدى، بىرەرسى بىلەن تۇنجى كۆرۈشــكەندە ئۇنىڭغا كۆڭلىدە يا ئۇنداق يا بۇنداق دەپ باھا بېرەتتى، ياقتۇرىدىغان ياقتۇرمايدىغىنىنى ئېنىق ئايرىيتتى، ئوتتۇرىدا ھېچنېمە قالدۇرمايتتى. ئەمما توي ئىشىدا ئۇ بولغۇسى ئېرىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلالمىدى، يەنە بىر جەھەتتىن ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولالمىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ يارىماس ئەرنىڭ بەختسىز خوتۇنى بولۇپ قالدى...

ئىككىسى بۇرۇقتۇرمىلىقتا ياتقاندا ھېلىماخۇنىنىڭ دۇكىنىدىن تۇيۇقسىز قەمبەرنىڭ ئۇزۇپ-ئۇزۇپ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى-



www.uyghurkitap.com
كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

يۇ يەنە بىر دەمدىلا پەسلەپ كەتتى، بۇ ئاۋازدىن ئابدۇباقىنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى، سانىيەنىڭمۇ ئارامى بۇزۇلدى. ئادەتتە بىرەر غەيرىي تىۋىشنى ئاڭلىسىلا ئەنسىرەپ ياتالمايدىغان باھارخان بۇ ئاخشـــىمى ئورنىدىن قوزغالمىدى، گۈلەمبەر ئانىسىغا قاراپ جىم ياتقاندەك قىلغان بىلەن زادىلا ئۇخلىيالمىدى.

گۈلەمبەر ئاچىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن شۇ قاسماق موزدۇزنىڭ دۇكىنىدا تۇنەيدىغانلىقىنى ئويلىسىلا كۆڭلى بىر قىسما بولاتتى. ئۇ كىچىكىدىنلا باھارخاننى ئانام دەپ كەلگەن، لېكىن كىچىكىدە بىر قېتىم قوشنىســـىنىڭ قىـــزى بىلەن بىر نېمىنى تالىشـــىپ ئۇرۇشـــۇپ قالغاندا ئۇ قىزنىڭ ئاپىسى گۈلەمبەرنى "ماڭە بېرىپ هويلاڭدا ئوينا ســـاراڭنىڭ قىـــزى، خۇي-پەيلىڭ ئاپاڭ قەمبەر ساراڭغىلا ئوخشاپتۇ" دەپ تىللىغانىدى. كېيىن ئابدۇباقىمۇ بىر قېتىم ئۇنى ئانىسىدىن پۇل سورىغۇزۇشقا ئۇنىتالماي مەستلىكىدە "هارامىلىق" دەپ ســـالغانىدى. ئادەتتە باشقىلارنىڭ هەر قانداق گېپىگە سەزگۈر گۈلەمبەر ئۇ گەپتىن يىغلاپ ئانىسىغا دەرد تۆكتى، باھارخان ئابدۇباقىنى بىر مۇنچە تىللاپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. شـــۇنىڭدىن كېيىن گۈلەمبەرنىڭ كۆڭلىگە بىر گۇمان چۈشتى، زىيادە خىيالچان بولۇپ كەتتى، قەلبىدە ئەزەلدىن تولۇن ئايدەك يورۇق بىر ئانىنىڭ يۈزىنى بۇلۇت توسۇۋالغاندەك بولدى. ئۇ شۇ گۇمانىدىن ئىزچىل يانماي، چىرايىنى قەمبەرگە سېلىشتۇرۇپ هەم باشقا نازۇك تۇيغۇلىرىغا ئاساسلىنىپ قەمبەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئاچىسى ئەمەس بەلكى هەقىقىي ئانىسى ئىكەنلىكىنى پەملىدى، بىراق بىر بالىنى تۇغۇپ قويۇش بىلەن ئۇنىڭغا ئىگە بولالمىسا ئۇنى قانداقمۇ ئانا دېگىلى بولسۇن؟ ئۇنداقتا ئاتىسى كىم؟

بىر كۈنى گۈلەمبەر ئانىسى بىلەن يالغۇز قالغان چاغدا ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— ئانا، سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ؟

— هە، نېمىنى سورايتتىڭ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

— مېنى زادى كىم تۇغقان؟
— تۇۋا، سېنى ئاناڭ تۇغمىسا كىم تۇغىدۇ؟
مېنى قەمبەر ئاچام تۇغۇپتىكەنمىشقۇ؟
— كىم شۇنداق دەيدۇ؟
— ھېچكىم...
— بىرسى سېنى يەنە تىللاپتۇ-دە!
— راست گەپ قىلىڭە ئانا، سىز يەنىلا مېنىڭ ئانامغۇ؟!
— ئاناڭ دېگەن مەن، شۇنى ئۇقساڭ بولدى!
— سىزغۇ مېنىڭ ئانام، لېكىن مېنى كىم تۇغقان؟
— مەن سېنى يا تالادىن كۆتۈرۈپ كىرمىسەم نېمىگە گۇمان قىلىسەن؟!
— مۇنداقلا سوراپ قويدۇم ئانا، خاپا بولۇپ كەتمەڭ، ئەمدى ئىككىنچى سورىمايمەن...
— قەمبەرمۇ مېنىڭ قىزىم، سەنمۇ مېنىڭ قىزىم، قەمبەرنىڭ قىزى بولساڭمۇ سەن يەنە بەربىر مېنىڭ قىزىمغۇ؟! نېمە ئۇنى-بۇنى تالىشىپ يۈرۈيسەن؟
شۇنىڭدىن كېيىن گۈلەمبەر ئۇ گەپنى قايتا تىلغا ئالمىدى، بەزىدە قانداقتۇر بىر ئىشلاردىن قاپىقى تۈرۈلۈپ قالغان باھارخاننى كۆرسە، ھەمىشە خىيالىي يۈرۈيدىغان، كۈلۈپ تۇرىدىغان قەمبەر ئۇنىڭغا سۆيۈملۈك بىر ئانىدەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ياتلىق بولۇپ كېتىشى بىلەن تەڭ گۈلەمبەر ئۇنى ئانام دەپ ئانچە ئويلىماس بولدى.

## 10

شۇنداق قىلىپ قەمبەرنىڭ تەقدىرى ئانىسىنىڭ بىر ئوي-خىيالى بىلەنلا ئۆزگەردى، باھارخان دانا رەھبەردەك كەسكىن بىر بۇيرۇق بىلەنلا ئەيىبناق قىزنى ئۇ ئەسلىدىنلا

موھتاج بولغان بىر ئەرگە چېتىپ، ئۇنىڭ يېرىم جېنىنى پۈتۈن قىلدى. بىر ئەرگە ياتلىق بولماستا ھېچنېمىگە ھېساب بولمىغان بىر ھېسسىياتلىق ۋۇجۇدنى مۇرادىغا يەتكۈزدى. كۆپتىن بېرى يوشۇرۇن تەقەززالىقتا ياشاپ كەلگەن قەمبەر تويدىن كېيىن بەختكە ئېرىشتى، سېھىرلىك سەزگۈلىرىنىڭ قات-قات تۈگۈچلىرى ئاستا-ئاستا يېشىلدى.

ئون نەچچە يىل ئاۋۋال ئۇ بىر دۇكانچىنىڭ زورلۇقىغا ئۇچرىغان، دۇكانچى "سىز بەك چىرايلىق، سىزنى خوتۇنلۇققا ئالىمەن، بوينىڭىزغا ئالتۇن زەنجىر ئاسىمەن" دەپ بىر ياقتىن ئالداپ-سىلاپ، بىر ياقتىن ئۇنىڭ نومۇسىغا تەگكەنىدى، كېيىن دۇكىنىنى تاقاپ يوقالدى.

شۇنچە يىللاردىن كېيىن قەمبەر ئاخىر جاينى تاپتى، باھارخانمۇ ناھايىتى ئېغىر بىر روھىي بېسىمدىن قۇتۇلدى. قەمبەر ئۇ موزدۇزغا تېگىپلا قاملىشىپ كەتتى ۋە ئېرىگە ئاجايىپ ئۆگىنىپ قالدى. گۈلەمبەرلا ئەمەس، شۇ ئۆيدىكى ھەممىيلەن، دۇكاندارلار ۋە قوشنىلارمۇ قەمبەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلىشتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاللىقانداق شادلىق، بەختىيارلىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، بۇرۇنقىدەك سۇلغۇن، سۆرەلمە ئەمەس ئىدى. بۇيرۇلغان ئىشنى چەبدەس قىلاتتى، بۇرۇن زادىلا دېيەلمەيدىغان سۆزلەرنى دەپ مەقستىنى ئۇقتۇرۇۋاتاتتى، شۇ ھالەتتە گويا ئەمدى تىلى چىقىۋاتقان كىچىك بالىغا ئوخشايتتى. قەمبەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن ھېلىماخۇنمۇ ئېرىنچەكلىكنى تاشلىدى، ئاياغنى ئىتتىك يامايدىغان بولدى.

گۈلەمبەر ئاكىسى ئابدۇباقى بىلەن سانىيەنىڭ مۇناسىۋىتىگە قاراپ، بۇلارنىڭ تويى بىر بىمەنە بىرلىشىش دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتكەنىدى. يېقىندا يەنە قاملاشمىغان بىر توي بولدى، ئەدەبىيات دەرسى بېرىدىغان چىمەنگۈل خانىم ئۆزىگە پەقەت ماس كەلمەيدىغان بىر ئادەمگە تەگدى. ئۇ ئادەم ماتېماتىكا دەرسى

www.uyghurkitap.com

بېرىدىغان، كىيىنىشىگە دىققەت قىلمايدىغان، دەرسنى ناھايىتى تېز سۆزلەيدىغان، ئاچچىقى يامان، قىلىقى سەت بىر ئوقۇتقۇچى ئىدى. بىر قېتىم مەۋسۇملۇق ماتېماتىكا ئىمتىھاندا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەن چىقىپ قالغاندا ئۇ سىنىپقا خاپا كىرىپ ”مەكتەپ مائاشىمنى تۇتىمەن، تۇتىمەنلا دەيدۇ، ئەمدى تۇتىمەن دېسە ما يېرىمنى تۇتۇڭ دەيمەن“ دەپ جان يېرىنى كۆرسەتكەندە، ئوغۇللار پاراققىدە كۈلۈشۈپ، قىزلار بېشىنى تۆۋەن سالغانىدى. چىمەنگۈل خانىم پاكىز، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرەتتى، دەرسنى ياخشى سۆزلەيتتى، قاچانلا قارىسا نازاكەتلىك، يېقىملىق كۆرۈنەتتى. سىنىپتىكى كەپسىز ئوغۇللار ئۇ خانىمنىڭ شۇ مىجەزىنى بىلىۋېلىپ، بەزىدە ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇراتتى. چىمەنگۈل خانىمنىڭ تويى بولىدىغانلىق گېپى تارقىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ خانىم سىنىپقا دەرس ئۆتكىلى كىرىپ، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرغاندا بىرسى يېنىدىكى ساۋاقدىشىدىن بىزار بولغاندەك: ”بوپتۇ، ۋاي بوپتۇ، چىمەنگۈل خانىم ئەرگە تەگسە بوپتۇ، سېنىڭ ئاچاڭمۇ ئەرگە تېگىدىغۇ! نېمە كەچكىچە كوتۇلدايسەن!“ دەپ، چىمەنگۈل خانىمنى ھۆپپىدە قىزارتىۋەتكەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۈزاققىچە پىخىلداپ كۈلۈشكەنىدى.

چىمەنگۈل خانىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا شېئىر ئېلان قىلىپ بەلگىلىك ئىناۋەت قازانغان، ئەدەبىياتقا كۈچلۈك ئىشتىياقى بار بىر ھەۋەسكار ئىدى، خاتىرىلىرىدىكى ئېلان قىلىنمىغان شېئىرلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇپ بېرەتتى. بۇ چاغلار ئۇ خانىمنىڭ خىزمەتكە يېڭىدىن كىرىشىپ ئوقۇتقۇچىلىققا چىن دىلىدىن بېرىلگەن، قەلبى قىزغىنلىققا تولغان چاغلىرى بولغاچقا دەرس بەرگەن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەنمۇ ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كەتكەنىدى، قىزلارنى ياتىقىغا باشلاپ ئۆزى تاماق ئېتىپ مېھمان قىلاتتى، يېڭىدىن يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى،

گۈلەمبەرمۇ بىر نەرسە يېزىپ قالسا شۇ خانىمغا كۆرسىتىپ پىكىر ئالاتتى، چىمەنگۈل خانىم ئۇنىڭغا ئۆزى بىلىدىغان ئەدەبىيات نەزەرىيىلىرىنى زېرىكمەي سۆزلەپ بېرەتتى ۋە ئۇنى دادىل يېزىشقا، باشقىلارنى زادىلا دوراپ قالماسلىققا ئىلھاملاندۇراتتى.

چىمەنگۈل خانىم قىزلارغا دائىم ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇش ھاياتىنى سۆزلەپ بېرەتتى، گۈلەمبەر ئۇ خانىمنىڭ ھاياجانلىق گەپلىرىدىن ئاجايىپ كۆڭۈللۈك، غايىۋى بىر مەكتەپ ھاياتىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى، يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن چوقۇم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، باشقا بىر ئېسىل شەھەر ۋە ئېسىل مەكتەپ مۇھىتىدا ياشاپ بېقىشنى ئارزۇ قىلاتتى؛ مۇنداقچە ئېيتقاندا، چىمەنگۈل خانىم گۈلەمبەرگىلا ئەمەس باشقا قىزلارغىمۇ بىر ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى گۈزەل ئوبرازىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇزاتتى؛ قىزلار چىمەنگۈل خانىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزلىرىنىڭ كېلىچەكتىكى ھالىتىنى كۆرگەندەك بولاتتى، شۇڭا بۇ خانىم توي قىلغاندىمۇ قىزلار خۇددى ئۆز ئىشىدەك بىلىپ ھەر خىل خىياللارنى قىلىشتى.

چىمەنگۈل خانىم بىر ھەپتىلىك ئارام ئالغاندا گۈلەمبەرنىڭ ئۇ خانىمنى بەك كۆرگۈسى كېلىپ كەتتى، تويدىن كېيىن ئۇ خانىمدا قانداق يېڭى ئالامەتلەرنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىغا قىزىقتى. باشقا قىزلار "چىمەنگۈل خانىم سىنىپقا چوقۇم پەچەت كىيىنىپ كىرىدۇ" دېيىشەتتى. ئەمما گۈلەمبەر چىمەنگۈل خانىمنىڭ كىيىنىشلىرىدىن كۆرە ئۇنىڭ قانداق چىراي ئىپادىسى بىلەن سىنىپقا كىرىدىغانلىقىغا ۋە ئوقۇغۇچىلىرىغا قانداق تەرزدە قارايدىغانلىقىغا ھەم شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا بەك قىزىقاتتى. سىنىپىدىكى ئوغۇللار بولسا "ئۇ خانىم توي قىلىپلا قېرىنىلىشىپ كېتىدۇ، بىزنى قورقماي تىللايدىغان بولىدۇ، بىر ئىش بولسىلا ئېرىگە دەيدۇ، ئۇ شاتراق ئەپەندى خوتۇنىنىڭ گېپىگە كىرىپ بىزدىن ئۆچ ئالىدۇ" دەپ

يۈرەتتى.

ھەپتە ئۆتۈپ چىمەنگۈل خانىمنىڭ دەرسكە كىرىدىغان ۋاقتىمۇ كەلدى، دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنغان ھامان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ھاياجان، قىزىقىش، جىددىيلىشىش ئىچىدە ئۇ خانىمنىڭ سىنىپقا كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ھايال ئۆتمەيلا چىمەنگۈل خانىم سىنىپقا ناھايىتى تەبىئىي قىياپەتتە كىرىپ كەلدى ۋە ئىشىكنى ئاستا يېپىپ، سالماق قەدەم تاشلاپ مۇنبەر ئالدىغا كەلدى، ئۆرە تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ سەل خىجىل بولدى، "ئولتۇرۇڭلار" دەپ بولغاندىن كېيىن يوقلىمىغا قارىغان بولۇپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى، يۈزى سەل-پەل قىزاردى. قىزلار ئۇنى ئوغۇللاردىنمۇ بەك سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ، تويدىن كېيىن بولىدىغان ئاللىقانداق ئىشلارنى ۋە ئۆزگىرىشلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلاپ، خىياللارغا چۆكۈشتى. خانىمغا سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان گۈلەمبەر خانىمنى بىر كېچىدىلا قېرىپ كەتكەندەك، بۇرۇنقىدىن بىچارىلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، كۆڭلى يېرىم بولدى.

ئەتىسى چىمەنگۈل خانىمنىڭ ئېرى دەرس ئۆتكىلى كىردى، دەرسنى ئاۋۋالقىدەكلا، ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا ئۆتتۈۋەردى. بىراق ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ دەرسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمىدى. ئوغۇللار ئۇنى ئىچىدە تىللاپ، يەرگە پات-پات تۈكۈرۈپ قويۇشتى؛ قىزلار ئۇنىڭ يېڭى شىمىغا ئىختىيارسىز دىققەت قىلىشىپ، ئۇنىڭ ھېلىقى ئۇنتۇلغۇسىز سەت گېپىنى تۇيۇقسىز ئېسىگە ئېلىشىپ بىئارام بولۇشتى. ئۇ دوسكىغا يازغان نەرسىلىرىنى بىر باشتىن ئۆچۈرۈپلا ماڭاتتى، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، مۇبادا ئۇنىڭ دەرسى ئۆزلەشمەي مائاشى يەنە تۇتۇپ قىلىنسا، ھېلىقىدەك سەتلىشەرمۇ؟

ئوغۇللار تەنەپپۇسقا چىققاندا بىر-بىرىگە: "قارىغاندا بۇ ئەپەندى توي قىلىپ قەرزگە بوغۇلۇپتۇ، دىققىتى بۇزۇلۇپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسى خوتۇنىغىلا كېتىپ قالىدۇ-دە، دەرسنى ياخشى ئۆتەلمەيدۇ، بىز ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسەك ئۇنىڭ مائاشى يەنە كۆلىنىدۇ، مائاشى تۇتۇپ قېلىنغاندىن كېيىن 'ما يېرىمنى تۇتۇۋالار' دېمەي نېمە دەيدۇ، ھەممە گۇناھ شۇنىڭدا تۇرسا..." دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىپ، بىر ھازاغىچە كۇلۇشۇپ تەنەپپۇس ۋاقتىنى توشقۇزدى. ئوغۇللار ئۇ گەپلەرنى قىزلارغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ دېگەچكە، ئۇلار قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاشتى ھەم ئىچى قارنى بوشاپ قالغاندەك بولۇشتى.

## 11



ناھىيە بازىرىنىڭ رەتلەنگەن، كېڭەيتىلگەن يوللىرى پۈتكەندىن كېيىن باھارخاننىڭ قورۇسىغا نۇرغۇن كۆزلەر تىكىلدى، بايلار ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ كۆزلىرى قىزاردى. بازارلىق ھۆكۈمەتتىكىلەر باھارخاننىڭ ئۇ جايىنى بەرىبىر ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىدىكى مۈلۈك قاتارىدا كۆرەتتى، شۇڭا ئۇدا بىر نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ باھارخانغا بۇ ئۆينىڭ جايىغا قايتا ئۆي سېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت مۇۋاپىق باھادىلا سېتىشقىلا بولىدىغانلىقىنى، ساتقاندىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە سېتىشى كېرەكلىكىنى ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى سۈپىتىدە ئۇقتۇرۇش قىلدى. باھارخان شۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم بولالمىدى، مەرھۇم ئېرىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆزىنى يۆلەكسىز، باشپاناھسىز سەزدى؛ ھۆكۈمەتتىكىلەر ھەر قاچان ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىشى، بېسىم ئىشلىتىشى، ھەتتا مەجبۇرىي كۆچۈرۈۋېتىشى مۇمكىن ئىدى.

دەرۋەقە بىر كۈنى بىر توپ ئادەم باھارخاننىڭ قورۇ-جايىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناھىيىنىڭ

مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى قاتارلىق مۇھىم شەخسلەر بار ئىدى. ئۇلار باھارخانغا خۇددى بۇ ئۆيگە ئايەت ياغدۇرغۇچى يامان مەخلۇقلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى، كۆزلىرىدىن تەشۋىش، ۋەھىمە، ئاچچىق ۋە ئۈمىدسىزلىك غىل ـ پال ئەكس ئەتتى، رەڭگىرويىمۇ بۆلەكچە ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ ناۋايخانىدىن نان، سامسا كەلتۈرۈپ ئالدىغا ناۋات چاي قويدى، ئەمما ھەرىكەتلىرى قولاشماي قالدى، ئاللىقانداق كېلىشمەسلىكنى تۇيغان كۆڭلى خۇددى ئۇنىڭ جىمى ئەزايىنى پالەچ قىلىپ قويغاندەك قىلاتتى.

ــ بولدى ئاۋارە بولمىسىلا، ــ دېدى ھاكىم قولىنى چايغا ئۇزاتقاچ، ــ بىز ھازىرلا قايتىمىز، بىر مۇنچە ئىشلار بىزگە قاراپ تۇرىدۇ، شۇڭا گەپنى ئۇزارتماي سىلىگە دېيدىغاننى دەپ ئاستا ماڭمىساق بولمايدۇ.

باھارخان قىلىۋاتقان ئىشنى توختىتىپ ئۇنىڭغا نېمە گەپ دېگەن مەنىدە قارىدى. باھارخان بۇ ھاكىمنى تولا كۆرەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسى مۇشۇ ئەتراپتا ئىدى، كەچقۇرۇنلاردا نەۋرىسىنى يېتىلەپ ئايلانغىلى چىقاتتى، ھەممە نەرسىگە بۇ جاينىڭ پادىشاھىدەك مەغرۇرلۇق بىلەن نەزەر تاشلايتتى.

ــ تۆرگە چىقسىلا تۆرگە، تۆردە ئولتۇرۇپ دېيىشىدىغان پاراڭ بۇ، ــ دېدى ھاكىم بىر ياققا سۈرۈلۈپ، قالغانلارمۇ ھاكىمغا ئەگىشىپ سۈرۈلۈپ باھارخانغا ئورۇن بوشاتتى، باھارخان ئۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىنى مەقسەتسىزلا پۇرلاپ مىجىقلىغىلى تۇردى.

ــ مۇنداق ئىش قارىسىلا، ــ دېدى ھاكىم باھارخانغا مىختەك قادىلىپ، ــ قارىساق بۇ قورۇ ـ جايلىرىمۇ كونىراپ كېتىپتۇ، سىلىگە ئوچۇقىنى دېسەك، بۇ يەرگە بىز بۇرۇنلا مائارىپ

ئىدارىسى سىلىشنى پىلانلىغان ئىدۇق، لېكىن نەچچە يىلدىن پۇل ھەل قىلالماي كەلــدۇق، يېقىندا بۇ پۇلمۇ ھەل بولدى، ھەممە تەييارلىقلار پۈتتى. ئەســلىدە بىر-ئىككى يىل ئاۋۋاللا بۇ جاينى سىلىدىن ئېلىپ، كونا ئۆي، دۇكانلارنى چېقىۋېتىپ، ئەتراپىغا توساق تام قوپۇرۇپ قويىمىز دەپ ئويلاشقانىدۇق، لېكىن بازارلىق ھۆكۈمەتتىكىلەر سىلىنى يالغۇز ئايالكەن، قىيىنچىلىقى بار ئىكەن، ۋاقتىنچە تۇرۇپ تۇرسۇن، دۇكانلىرىدىن پايدىلىنىۋالسۇن دەپ تۇرۇۋالغاچقــا بىزمــۇ بوپتۇ دېگەنىدۇق، ئەمــدى ئۇنىڭ ۋاقتى توشۇپ قالدى. پات يېقىندا ناھىيىمىزگە يۇقىرىدىن تەكشۈرۈش ئۆمىكى كېلىپ، بۇ بازارنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدىــن كەچۈرمەكچى. بۇ ئۆي ھازىــر كوچا مەركىزىگە يېقىنلا بولغاچقا ئوڭاي كۆزگە چېلىقىدۇ، ئۇلار كۆرۈپ قالسىمۇ بىر سەت، ئۆزىمىزگە تېخىمۇ ســەت بولىدۇ. ناھىيە رەھبەرلىرىدىن تارتىپ مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەرنىڭ مەســئۇللىرىغىچە بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، بىر نەچچە قېتىم مۇشــۇ ھەقتە مەخســۇس يىغىنمۇ ئاچتۇق. ئاخىر سىلىنى بۇ يەردىن كۆچۈرۈشنى قارار قىلدۇق. بۇ ھەرگىز مېنىڭ شەخســەن چىقارغان قارارىم ئەمەس، يۇقىرىنىڭ قارارى، بۇنى ئېنىق چۈشەنسىلە...

— ئاخىــر كېلىپ مەنــدەك بىر ئاجىــز ئايالغا كۈچۈڭلار يېتىپتۇ-دە! — دېدى باھارخان تىترەپ تۇرۇپ، — ھۆكۈمەتنىڭ قارارى، ھۆكۈمەتنىڭ قارارى دەيسىلەر، قاچانغىچە تۈگىمەيدىغان ھۆكۈمەتنىــڭ قارارىكەن ئۇ، نەچچە قېتىم ھۆكۈمەتنىڭ قارارىغا بويسۇنۇپ مۇشــۇ قورۇنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك يولغا چىقىرىپ بەردىم، قولۇمدا ئىسپات قەغىزى بار، ئىشەنمىسەڭلار كۆرسىتىپ قوياي... — باھارخان ئىشكاپىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ بۇ قورۇ-جاينىڭ بۇرۇنقى زېمىن خېتىدىن تارتىپ كېيىنكى ھۆججەتلەرگىچە ھەممىسىنى چىقىرىپ ئۇلارغا كۆرسەتتى.

— بىز ئىشىنىمىز، — دېدى ھاكىم ھۆججەتلەرنى قايتۇرۇپ

بېرىۋېتىپ، ـــ بازار يولىنى كېڭەيتىشكە قوشقان تۆھپىلىرىنىمۇ بىلىمىز. بىز بۇ قورۇ-جايلىرىنى بىكارغا تارتىۋالماقچى ئەمەس، قانۇنلۇق پۇل بىلەن ھۆججەتلىشىپ سېتىۋالىمىز. سىلىنىڭ يۆتكىلىپ بارىدىغان ئۆيلىرىنىمۇ ئالدىلقاچان تەييارلاپ قويدۇق، ئۇ ئۆيمۇ خېلى كەڭ، بازارغا ئانچە يىراق ئەمەس، يەنە تېخى ئوغۇللىرىغا بىر تام ئورنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىمىز.

ـــ ئۆي بولغانلا ھېسابمۇ؟ ماۋۇ تۇرمۇشنى قانداق قامدايمىز!؟ مەن يا ھەر قايسىلىرىدەك ئايلىقچى ئەمەس، مۇشۇ دۇكانلارغا تايىنىپ جان باقمىساق باشقا تاپاۋىتىمىز يوق...

ـــ ئۇنىڭدىن غەم قىلىپ كەتمىسىلە، ـــ دېدى ھاكىم ئىشەنچ بىلەن، ـــ بالىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمىز. ئەگەر بۇ قورۇنىڭ ئورنىغا چوڭراق بىرەر سودا دۇكىنى سالالىساق ئىدۇق، سىلىگە مەخسۇس بىر نەچچە دۇكاننى ئايرىپ بېرەتتۇق، لېكىن بۇ يەرگە بىز ئىشخانا بىناسى سالىمىز. شۇنداقتىمۇ سىلىنى ھەرگىز زىيان تارتقۇزمايمىز، كېيىنكى تۇرمۇشلىرىغا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىمىز، قىيىنچىلىقلىرى بولسا ھەل قىلىمىز.

باھارخان ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. بۇلار ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا "ئۆي سىلىنىڭ بولغان بىلەن يەر-زېمىن دۆلەتنىڭ" دەپ تۇراتتى، ئەگەر "زادى كۆچمەيمەن، قېنى قانداق قىلالايسىلەر" دەپ تۇرۇۋالسا ھەر خىل بېسىم ۋە ۋاسىتىلار بىلەن مەجبۇرى كۆچۈرەتتى. بازار يولىنى كېڭەيتىش ۋاقتىدىمۇ ئۆي كۆچكىلى، تېمىنى چاققىلى ئۇنىمىغانلار ئاخىر ساقچىلارنىڭ بېسىمىغا تىز پۈككەنىدى، باھارخان بۇنداق دىكتاتۇرغا ئۇچراشنى خالىمايتتى. ھۆكۈمەت بۇ قورۇ-جاينىڭ ئورنىغا پۇل بېرىمىز دەۋاتقاندا جاھىللىق ئاقامدۇ؟ يەنە كېلىپ ھاكىم بۇ ئىشقا بىۋاستە قول تىقىپتۇ. باھارخان ئۇنىڭ ياخشى مۇئامىلىلىرىنى ۋە بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئويلاپ ئاخىر يۇمشاپ قالدى.

— بوپتۇ، ھۆكۈمەت نامىدىن ھەر قايسىڭلار تالاشقىنىڭلار ئۇچۇن بۇ قورۇدىن كەچسەممۇ كېچەي... بۇ قورۇنى بەرىبىر گۆرۈمگە ئەكەتەلمەيمەن، بالىلىرىمغا قالار دەپتىم، قارىغاندا بالىلىرىمنىڭمۇ بۇ قورۇدىن رىسقى يوق ئوخشايدۇ... — دېدى باھارخان يىغلامسىراپ، — مەرھۇمدىن قالغان قورۇ-جاي ئىدى، نەچچە قېتىم كىچىكلەپ مۇشۇنچىلىك قالدى، ئەمدى ھېچنېمىسى قالمايدىغان بولدى... بوپتۇ، پۇل بېرىمىز دەيسىلەر، بالىلىرىمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمىز دەيسىلەر، چوقۇم شۇنداق قىلىشىڭلار كېرەك، بولمىسا بۇ قورۇدىن چىقمايمەن.

— خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى ھاكىم خۇشال بولۇپ، — ئاۋۋال بۇ قورۇنى باھالىۋالساق، قالغان ئىش دېگەن ئاسان...

قالغانلارمۇ ھاكىمغا بولۇشۇپ ھە-ھۇ دېيىشىپ ئولتۇردى.

— قانچە پۇلغا باھالايسىلەر؟ — دېدى باھارخان جىددىيلىشىپ، چۈنكى ئۇ بۇ قورۇنى ئۆزىنىڭ مۆلچەرىدە 50 مىڭ كويدىن كەم سېتىلماسلىقى كېرەك دەپ ھېسابلايتتى، ئىلگىرى نەچچە ئادەم بۇ قورۇغا شۇ ئەتراپتا باھا قويۇپ بېقىشقانىدى، بىراق ئۇلار دېگەن شەخسىي، بۇلار دېگەن ھۆكۈمەت-دە! ھۆكۈمەت ئادەملىرىنىڭ ھۆكۈمەت ھېسابىدا قانچىلىك باھا قويۇشى باھارخانغا نامەلۇم ئىدى. ھاكىم باشلىق بىر قاتار مەنسەپدارلارمۇ باھارخاننىڭ ئالدىراپ نەق گەپنى چىقارغىنىدىن جىددىيلىشىپ قېلىشتى، بىراق گەپنى ئاۋۋال ئۆزلىرى چىقارغاندىكىن، باھا مەسىلىسىنى نەق مەيداندا تېزدىن ھەل قىلىشقا بولمايتتى.

— ئۆزلىرى بىر دەپ باقسىلا، — دېدى ھاكىم چېقىر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، قالغانلارنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىمۇ ھاكىمغا ئەگىشىپ تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مەن ھەر قايسىلىرىغا شۇنى دەپ قوياي، — دېدى باھارخان جان كۆچ كەلگەندە ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئادەمدەك قەتئىي تۇستە، — مەن سودىغا خېلى پىششىق، پۇلغىمۇ پىششىق

ئايال، پۇلغا كەلگەندە خەققە تەكەللۇپ قىلغۇم كەلمەيدۇ، شۇڭا سىلەرگىمۇ ئۇچۇقىنى دەۋېرەي، قورۇغا يۈز مىڭ كوي بېرىڭلار، شۇنداق باھا قويغانلار چىققان، مەن ساتمىغانىدىم، بازارلىق ھۆكۈمەت ساتقىلى قويمىغان...

— چۈنكى بۇ جاي بازار قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرىپ بولغان، شەخسىيلەرنىڭ قالايمىقان ئېلىپ-سېتىشىغا بولمايتتى، ئۆي سالىمەن دېسىمۇ بولمايتتى، — دەپ گەپ قىستۇردى بازارلىق ھۆكۈمەت باشلىقى.

— سىياسەت شۇنداق، — دېدى ھاكىم، — ناھىيە تۇرماق ھازىر يېزا بازىرىمۇ رەتلىنىۋاتىدۇ، كوچىنىڭ بويىغا ھەر كىم ئۆز ئىختىيارىچە ئۆي سالىۋەرسە، كەيىدەك دۇكان قۇرۇپ ئولتۇرىۋەرسە، كوچىنىڭ ئىسكەتىگە تەسىر يېتىدىغان گەپ.

— سىلىگە خەق يۈز مىڭ كوي باھا قويسا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، بۇ جاينى باھالاشتا شەخسىيلەرنىڭ قانداق باھا قويۇشى بىلەن كارىمىز يوق، — دېدى بازار باشلىقى، — بىز ھۆكۈمەت ئادىمى، يەرنى ھۆكۈمەت ھېسابىدا باھالايمىز، بۇ ھەقتە ئېنىق بەلگىلىمىلەر بار.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باھارخان "بۇ قورۇنى بۇ خەق بەك تۆۋەن باھالاپ قويمىغىيدى" دەپ ئويلاپ دەككە-دۈككىگە چۈشتى.

— شۇنداق، — دەپ تەستىقلىدى ھاكىم، — بىز بۇ يەرگە باھا تالاشقىلى كەلمىدۇق، كۆڭلىمىزدە سان بار. باشتا دېدىمغۇ، ئىشقىلىپ سىلىنى زىيان تارتقۇزمايمىز، خاتىرجەم بولسىلا...

— بىز ئەلۋەتتە ھۆكۈمەتنىڭ دېگىنىگە بويسۇنىمىز، لېكىن بۇ قورۇنى يۈز مىڭ كويدىن بەك كەم دەپ تۇرۇۋالساڭلارمۇ بولمايدۇ، ھۆكۈمەتمۇ ئادىل بولۇشى كېرەك، — دېدى باھارخانمۇ بوش كەلمەي، شۇ ئەلپازدا ئۇ خۇددى بىر كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ئەمەلدارى بىلەن چېگرا مەسىلىسى ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىۋاتقان بىر ئاجىز دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارىغا ئوخشايتتى.



كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تاربىسى www.uyghurkitap.com

— ئەلۋەتتە، — دېدى ھاكىم بىر كېرىلىۋېتىپ، — قېنى بۇ ھەقتە بازار باشلىقى بىر نېمە دېسۇن.

— سىلىنىڭ بۇ قورۇ-جايلىرى بىر مو بەش پۇڭ كېلىدۇ، شۇنداق بولغاندا 25 مىڭ كوي ئەتراپىدا سېتىلسا مۇۋاپىق...

— نېمە دەۋاتىلا، بۇ يەر بازارنىڭ مەركىزى! — دېدى باھارخان ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، — ماۋۇ يىگىرمە نەچچە ئېغىز ئۆي، دۇكان، ئۇنىڭغا كەتكەن ياغاچ-تاشنىڭ پۇلىچۇ؟! ئۇ نەگە كېتىدۇ؟!

— ئولتۇرسىلا، ئولتۇرسىلا، — دېدى ھاكىم جىددىيلىشىپ، — ئۇنىمۇ ھېسابلايمىز، ئالدىرىماي تۇرامىلا...

— بىزگە كېرىكى يەر، بۇ ئۆينىڭ ياغاچلىرىمۇ كونىراپ قارىداپ كېتىپتۇ... — دېدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تورۇسقا قاراپ.

شۇنداقتىمۇ ھېسابلايمىز، — دېدى بازار باشلىقى، — ھېسابلىمىساق بولمايدۇ.



باھارخان ئۇلار بىلەن بىرەر سائەتچە تالاش-تارتىش قىلغان بولسىمۇ باھادا زادىلا كېلىشەلمىدى، ئەمما باھارخان بەربىر ئۇلارنىڭ دېگىنىگە كۆنمەي قۇتۇلالمىدى، تەۋەررۈك جايى ئاخىر 40 مىڭ كويغا توختىدى.

بۇ كۈنى ئابدۇباقى خوتۇنى بىلەن بىللە بىر ئاغىنىسىنىڭ بالىسىنىڭ خەتنە تويىغا كەتكەچكە، بۇ مۇھىم ئىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى كۆرەلمىدى، كەچتە ئۆيىگە كېلىپ تۇرۇشىغا باھارخان ئۇنى ئايرىم چاقىرىپ، خۇددى بىرسىگە دەرد تۆكۈۋاتقاندەك سۆزلەپ كەتتى:

— بېشىمىزغا كۈن چۈشتى، ئېشىمىزغا توپا چېچىلدى بالام... ھېلىقى ھوشۇر ھاكىمنى بىلىسەنغۇ، بۈگۈن شۇ ئادەم كەينىگە بىر مۇنچە ئادەملىرىنى سېلىپ كېلىپ بۇ ئۆينى تالاشتى، ئۆينى ھۆكۈمەتكە سېتىڭلار، كۆچۈڭلار دەيدۇ. ئۇنى دېسەممۇ، بۇنى

دېسەممۇ ئۇنىمىدى، ھۆكۈمەت بىلەن تەڭ تۇرغىلى بولمايدىكەن، ساتماي قۇتۇلالمىدىم، ساتمىسام مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ قولىمىزغا ھېچ نېمە بەرمىگىدەك. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر 40 مىڭ كويغا ساتتىم، ئۇلار بىزگە يەنە بازار ئىچىدىن ئۆي بېرىدىغان، سېنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولدى...

ئابدۇباقى ئانىسىنىڭ ئېغىزىغا قاراپلا قالدى، ئۆزىنىڭ قانداق ھېسسىياتقا كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى.

— ئەسلىدە بۇ ئىشنى ھەممىمىز بار چاغدا مەسلىھەتلىشىپ قىلساق بولاتتى، لېكىن ئۇلار بۇگۈن سىلەر يوق چاغدا تۇيۇقسىز كېلىپ قالدى، مېنى زادى ساتمىساڭمۇ ساتىسەن دەپ قىستاپ تۇرۇۋالدى، ئامال يوق بوپتۇ دېدىم...

— بوپتۇ، ئوبدان بوپتۇ — دېدى ئابدۇباقى ئانىسىغا ھومىيىپ، — سېتىپ ئوبدان قىپسىز...

— بۇ يەرگە ماگىزىن سېلىنغان بولسىمۇ بىرەر دۇكاننى قايرىۋالاتتۇق، ھېچ بولمىسا سەن شۇ يەردە مال ساتساڭمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇلار بۇ يەرگە ئىشخانا سالىدىكەن، مائارىپ ئىدارىسىنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرىدىكەن...

— بۇ ئوغرىلار ئەجەب تېز تۇتۇش قىلىپتا!؟ پۇلنى قاچان بېرىدىغان بولدى؟

— ئەتە-ئۆگۈن ئەكىلىپ بېرەر، — دېدى باھارخان ئېغىر تىنىپ.

— ئۇ پۇلنى قانداق قىلىسىز؟...

— يېڭى ئۆينى تۈزەيمىز، ئازراق سودا-سېتىقمۇ قىلىمىز، ھازىرقىدەك يېتىپ يەۋېرىدىغان ئىش يوق ئەمدى!

— ئوبدان بوپتۇ، بەك ئېسىل ئىش بوپتۇ — دېدى ئابدۇباقى ئاچچىق تىنىپ، — جان بېقىش تېخىمۇ ئاسان بولىدىغان بولدى...

— شۇڭا مەن سېنى ئىشلىسۇن، ئۆز نېنىنى ئۆزى تېپىپ

يېسۈن دەۋاتمايمەنمۇ؟ ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى مۇشۇ چاغقىچە تېپىپ قىلالمىدىڭ، ئەمدى ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمىز دەۋاتىدۇ، تەييار خىزمەت دېگەن ئۇنچە ئاسان قولغا كەلمەيدۇ. ئۇلار سېنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمىز دېگەندىكىن مەنمۇ خېلى خاتىرجەم بولدۇم. ھەممىسى شۇ سېنىڭ غېمىڭ...

— ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى توكتوك ماشىنىغا سارغىيىپ يۈرىمەنمۇ ئەمدى، ھېچبولمىسا ئۆينىڭ باھاسى ئۆسكەندە بولسىمۇ ساتقان بولساق، گەپ قىلماي 100 مىڭ كوينى قومۇراتتۇق...

— سېنىڭ ئاغزىڭدا گەپلا بار! — دېدى باھارخان جىلە بولۇپ، — سەن بىر ئەر كىشىدەك بولغان بولساڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالمايتتۇق...

— ھەممىنى قىلغان ئۆزىڭىز، — دېدى ئابدۇباقى ئاچچىقتىن تىترەپ تۇرۇپ، — مېنى ئىش قىلغىلى قويمىغانمۇ ئۆزىڭىز، ئۆزىڭىز ھەممىنى پوكانغا بېسىپ ياتتىڭىز، پۇل بولمىسا نېمە ئىش قىلغىلى بولىدۇ؟!

— ھەي كالۋاش! مەن ھەممىنى پوكىنىمغا بېسىپ يېتىپ سېنى ئاچ-يالىڭاچ قويدۇممۇ؟! ئوقەت قىل دەپ ساڭا پۇل بەرمەي تۇرۇۋالغان يېرىم بارمۇ؟ ئوغلاپ كاۋاپچىلىقنىمۇ قاملاشتۇرالمىساڭ چوڭ ئوقەت قىلالامتىڭ؟ كىچىك ئىشنى ياراتماي چوڭغا ئېسىلغان بىلەن ئۇنى قىلالمىساڭ، مەن قانداق قىلىمەن؟! كىچىكىڭدە يا تۈزۈك ئوقۇمىدىڭ، يا بىرەر ھۈنەرگە كۆڭۈل قويمىدىڭ، مۇشۇ كەمگىچە تۈزۈك بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىنىڭنى كۆرمىدىم. شۇنىڭغا باقماي تېخى ھالىڭ چوڭ، خەقنىڭ بالىلىرىغا قاراپ باققىنا، سەندىن كىچىك ماڭقىلارمۇ ھازىر سېنى ياراتمىغۇدەك ئادەم بولۇپ كەتتى...

ئابدۇباقى ئانىسىدىن بۇنداق ئىزانى ئىشتىۋېرىپ قېلىنلىشىپ كەتكەنىدى، ھېچنېمە دېمەي بېزىرىپ ئولتۇردى، باھارخان سۆزلەۋەردى:

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

— گەپ قىلىڭ دېسە ئالتە ئېشەككە يوك، ئەيىبنى ئۆزۈڭگە قويماي ماڭا قويىسەن، بالا بېقىپ چوڭ قىلغان گۇناممۇ؟ ھەممىسى شۇ سەن تازنىڭ غېمى، نېمە دېسەڭ قىلىپ بەردىم. ئالىمەن دېگەن خوتۇنۇڭنى ئېلىپ بەردىم، يەنە ئاناڭ يامانمۇ؟! گەپنى يوغان قىلغىنىڭ بىلەن شۇنىڭغا چۇشلۇق مادارىڭ بولسا قىل، ماڭا يۆلەنمەي بىر قىلىپ باققىنا قېنى؟ ...

— ئۆينى سېتىپ بولۇپ ئەمدى قايىنغىنىڭىز نېمىسى؟! بۇ ئۆيگە سىز ئىگە بولغاندىكىن نېمە دېسىڭىز شۇ ھېساب، ئۆينى ساتتىم دېسىڭىزلا ئىش تۈگىمىدىمۇ؟ ماڭا قايناپ نېمە قىلىسىز؟!

— مەن بايا نېمە دەۋاتىمەن ھەي قاپاق، ھۆكۈمەت سات دەپ زورلىغاندىكىن ساتتىم.

— يوغان ئىش قىپسىز، ئۆيىنىمۇ سېتىپسىز، مېنىمۇ سېتىپسىز. ئەمدى ھۆكۈمەتكە قول بولۇپ ئىشلەيدىكەنمەن، سىز زادى يامان خوتۇن...



— چىقە ماڭ، ھۇ گەپ ئاڭلىمايدىغان ئېشەك! — باھارخان ئوغلىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

ئابدۇباقى ئانىسىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ چۆچۈپ تالاغا ماڭدى، چىقىپ كېتىۋېتىپ تاشقىرىدا گەپ تىڭشاپ تۇرغان سانىيەنى كۆرۈپ قالدى.

ئاخشىمى ئۇخلايدىغان چاغدا ئابدۇباقى خوتۇنىنىڭ تاپا-تەنىسىگە ئۇچرىدى:

— جاھاندا سىلەردەك دۆت خەق يوق جۇمۇ، تەييار ئاشنى ئوڭلاپ يېيەلمەيدىغان قاپاقلار...

— بېرىپ ئانامغا دەڭلا ئۇ گەپنى.

— ئەمدى گەپ قىلغۇم يوق ئاناڭغا، ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلىغان بىلەن ئەسلىدە يامان دۆت خوتۇنكەن.

— ئاغزىڭلىغا بېقىپ گەپ قىلىڭلا، — دېدى ئابدۇباقى ئۆكۈپ، — ھۆكۈمەت بېسىم قىلسا ئامال يوق.

— ئانــاڭ ئۆيىنى، ھەممىمىزنى سـېتىپ يــەپ بولىدىغان بولدى...

— ساتسا ئۆزىنىڭ ئۆيىنى سـاتتى، سىلىنىڭ نېمەڭلىنى سېتىپتۇ؟! سىلىنىڭ بۇ ئۆيدە ھەققىڭلا يوق.

— مەن ساڭا ئەر دەپ تەگكەن، نېمىشقا ھەققىم يوق؟ — دېدى سانىيە ئابدۇباقىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ، — 40 مىڭ كويدا مېنىڭمــۇ ھەققىم بار، مېنى باقالمايدىغان ئادەم خوتۇن ئالمەن دېگىچە بېرىپ ئىشىكىڭنى باقساڭ بولمامدۇ؟

— شــۇنداق قىلسـام بوپتىكەن... — دېدى ئابدۇباقى خۇرسىنىپ، — ئىشــەك باققان بولسام ھېچ بولمىسا مىنگىلى قوياتتى.

— سەن بۇ ئەپتىڭدە ئىشــەككىمۇ مىنەلمەيسەن، ھالىڭغا بېقىپ گەپ قىل! — دېدى سانىيە ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇپ.

ئابدۇباقى نېمىلا دېسە خوتۇنىنىڭ ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپ قالاتتــى، ئاقــۋەت "خوتۇنــدىــن قورقۇش كېســلى" تېخىمۇ ئېغىرلىشاتتى.

— بۇ ئۆيىنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمەتتىن ئۆي بەرسە نەدىن بېرەر؟ تېخى ســاڭا خىزمەت بەرگۈدەك، سەندەك لامزەللىنىمۇ ھۆكۈمەت ئىشــقا ئورۇنلاشــتۇرامدىكەن؟ ھۆكۈمەتنىڭ ھاجەتخانىســىنى تازىلىغىلى قويامدىكىن دەيمەن سېنى!

— پوقتەك گەپ قىلماڭلا...

— بۇ ئۆيدىكى ھەممىڭ لامزەللە، ھەممىڭ بىر زەمبىل پوق! نەچچە ۋاقىتتىن تەييارنى يەپ يېتىشىپ ئارقا ھويلاڭغا شاخىنداپ يۇرۇشــتۇڭ، ئەمدى بۇ دۇكانلىرىڭدىن قۇرۇق قېلىشســاڭ ھەر قايســىڭغا كىم بىكارغا نان يېقىپ، كىيىم تىكىپ بېرىدۇ؟ ئاناڭ تەييارغــا ئۆگىنىپ قالغاندا ھەقىچان ئۇنــى قىلالمايدۇ، مەنمۇ قىلالمايمەن، ئاخىر يەنە شــۇ پۇلغا كۆچۈڭ يېتىشــىدۇ. لېكىن يېتىپ يەۋېرىشــەڭ 40 مىڭ كوي تۆت كۈندە تۈگەپ، ئاندىن

كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىشىسەن قاراپ تۇر... ئاناڭنى خېلى يامان ئايال دەپ يۈرسەم، ئۇمۇ ھۆكۈمەتنىڭ بوقىنى يەپتۇ. ھۆكۈمەتكە ئۇششۇقلۇق قىلسا ئېقىپمۇ قالاتتى، بەك بولمىغاندا 40 مىڭ كويدىن جىقراق پۇل ئۇندۇرۇۋالاتتى. بۇ ئۆي ئەگەر بىزدەك ئادەمنىڭ قولىدا بولغان بولسا ھۆكۈمەتكە بۇنداق ئاسان تارتقۇزۇپ قويمايتتۇق، بۇ يەرگە چوڭ ماگىزىن ياكى كاتتا رېستوران سېلىپلا بېيىپ كېتەتتۇق!

— بىزمۇ قىلالايتتۇق، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ گۇيلىرى ئۇنىمىدى، ھۆكۈمەت بىزنى بۇ يەردىن بۇرۇنلا كۆچۈرىمىز دەپ يۈرگەن...

— ھۆكۈمەتنىڭ بۇ يەرگە كۆزى قىزىرىشتىن ئىلگىرى نېمە ئىش قىلىشقانتىڭ! ئۆيلىرىڭ شۇنداق كونا، سەت كۆرۈنگەندىكىن ھۆكۈمەتمۇ كۆچ دەيدۇ، باشقا ئۆي-ئىمارەت سالىمىز دەيدۇ شۇ!

— بوشراق سۆزلەڭلا، ئانام ئاڭلاپ قالىدۇ...

— سەن لاكات ئانام-ئانام دەپلا مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ مانا!

بىر ھەپتىدىن كېيىن "ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى" باھارخاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئاۋۋال باھارخاننى ھۆججەتكە قول قويغۇزۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا 40 مىڭ يۈەننى نەق ساناپ بەردى. باھارخاننىڭ ئېتەكلىرى بىر دۆۋە پۇلغا تولدى، ئابدۇباقى بىلەن سانىيەنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. "ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى" ھاياجان ئىچىدە ئۇزاپ كېتىشكەندىن كېيىن باھارخان يا خۇش بولغىنىنى يا قايغۇرغىنىنى بىلەلمەي، پۇلنى يىغىشتۇرۇش بىلەنلا ئاۋارە بولدى، ئوغلى بىلەن كېلىنىگە قارىماي تۇرۇپ گەپ قىلاتتى:

— ھەممىنى كۆردۈڭلار ئەنە، ئامال يوق. بۇلار نېمە قىلىمەن دېسە قىلالايدۇ، ئۆيىنىمۇ تەييار قىلىپ قويۇپتۇ، قالغان ئىشلارنىمۇ پات ئارىدا ھەل قىلىدىغان بولدى ...

بىر ئايدىن كېيىن باھارخان قورۇسىنى بىكارلىدى، دۇكاندارلارمۇ دەرىخى ئۆرۈلگەن مايمۇنلاردەك تېزىپ كېتىشتى.

باھارخان ئائىلىسىدىكىلەر ناھىيىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كۆچۈرۈپ كېلىندى. ئۇلار تۇرىدىغان ئۆي كىچىكرەك ھويلىسى بار، ئۈچ ئېغىزلىق، كونىراق ئۆي ئىدى. ھويلىدا ئۈچ تۈپ ئالما دەرىخى، بىر بۇلۇڭدا ئەپچىل ئاشخانا بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئىككىنچى باب

## 1

ئانىسىنىڭ كۆكسىنى شوراپ سۈت ئەمگەن بالا ئانىسى ئېمىتمىگەن چاغدا قولىنى ئېمىدۇ، قولىنى شوراشتەك ئادەت كېيىن ئۇنىڭ تاماكا شوراش ئادىتىگە ئۆزگىرىدۇ. ئابدۇباقى تاماكىنى پات-پات شوراپ تۇرمىسا ئېغىزى، ھەتتا ئۆپكىسى بىئارام بولاتتى، ئاغىنىلىرى بەزىدە "ھاراقنى تاشلىۋەتكەندىن تاماكىنى تاشلىۋەتكەن ياخشى" دەپ قويۇشاتتى، ئەمما بىرەر ئاي ھاراق ئىچمىگەن بىلەن بىرەر كۈن تاماكا چەكمىسە تۇرالمايتتى. ئابدۇباقىمۇ شۇنداق كەيپخۇمار ئىدى، ھاراق، تاماكىنىڭ جىنسىي ئىقتىدارنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، خوتۇنىدىن ئالالمىغان لەززەتنى شۇنىڭدىن بولسىمۇ ئالغۇسى كېلەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئون نەچچە يىلدىن باشلاپ كەيپ-ساپاغا خەجلىگەن پۇللىرىنى ھېسابلاپ كەلسە ھاكىملار بەرگەن 40 مىڭ كويدىنمۇ ئېشىپ كېتەتتى، خەجلىنىپ كەتكەن پۇلنى كىممۇ ئۆتمۈشنىڭ كانىيىدىن بوغۇپ قايتۇرۇۋالالايدۇ؟

ناھىيە بازىرىدا بازار بولغان كۈنلىرى كەچتە ئابدۇباقى دائىم كونا ئاغىنىلىرىنىڭ يېڭى دوستلىرى بىلەن تونۇشۇپ قالاتتى، ئۇلار ھۆكۈمەتكە ئىشلەپ ياكى ھەر خىل سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ھال-ئەھۋالىنى ياخشىلاۋاتقانلار، كاتتا ئۆي، سەتەڭ خوتۇن، نوچى ھاراق، ئېسىل تاماكىلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقانلار ھەم ئېرىشىۋاتقانلار ئىدى. ئابدۇباقى ئۇلار بىلەن بىرەر قاۋاقخانىدا سورۇن تۈزۈپ، تۈگىمەس تەكەللۇپ، ياسالما كۆڭۈل ئىزھارى، ئانچە-مۇنچە چاقچاق، قىزىق گەپ ۋە

ئەپسانە پاراڭلار بىلەن ئۇلتۇرغاندا روھى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى.

شۇ پەيتتىمۇ ئۇ بىر سورۇندا كونا ئاغىنىلىرى ۋە يېڭى تونۇشلىرىنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ، ئىچىپ ـ چېكىپ، سورۇندىكى گەپكە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. سورۇن دېگەندە كىم گەپكە قاۋۇل، چاقچاققا ئۇستا بولسا شۇ نوچى، ئابدۇباقى ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتە ئانچە بىگىسى يوقلۇقىغا ئىچى پۇشاتتى. بۇنداق چاغدا سورۇننىڭ بەزىبىر ئۇششاق چىقىملىرىنى تۆلەش ئارقىلىق كۆڭلى ئازادە ئولتۇراتتى. ئەمەلىيەتتە سورۇندا گەپ تىڭشاپ ئولتۇرۇپ بەرسىمۇ ھېساب، بۇمۇ چوڭ ئىش، سۆزلىگۈچى ھامان ئەستايىدىل ئاڭلىغۇچىنى ياقتۇرىدۇ، ئابدۇباقى ھەر قانداق سورۇندا سۆزلىگۈچىنىڭ سۆيۈنۈشىگە ئېرىشەتتى. بۇ سورۇندىمۇ ئۇ يېڭى تونۇشقان پاراڭچىلارنىڭ قىزىق ئەپسانىلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتى.

— مەن ناھىيىلىك سوتتا ئىشلىمەستە ئۆزۈمنىڭ يېزىسىدا مەخسۇس مۇشۇ توي رەسمىيتىنى بېجىرەتتىم، — دەپ گەپ باشلىدى بىرەيلەن ئىچىپ قىزىۋالغاندىن كېيىنكى ھاياجىنىنى باسالماي، — كېيىن ناھىيىگە يۆتكىلىپ كەلدىم، سىلەر بىلىسىلەر، بىزنىڭ يېزا بىلەن ناھىيىنىڭ ئارىلىقى پىيادە ماڭسا يېرىم سائەتلىك يول، ئاستىمدا موتو بولغاندىكىن بەش مىنۇتقا قالماي ئىدارىگە كېلىپ بولىمەن، بازار كۈنى ئىشلىمگەندىكىن بازارغا ۋاقچىرەك كېلىپ قالىمەن. يولدا دائىم بىرەر چوكان ئۇچراپ قالىدۇ، قارىسام شۇ ساپلا مەن بۇرۇن ئېرىدىن ئاجراشتۇرۇپ قويغان چوكانلار. مېنى كۆرۈپلا تونۇۋالىدۇ؛ "موتوغا چىقىڭ، دېگەن يېرىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي" دەيمەن، سەل تارتىنشپراق ماقۇل دەيدۇ، يولدا بارغىچە ئۇنىڭغا "ئالدىرىمىسىڭىز سىزنى سەيلى قىلدۇرۇپ كېلەي، بىر يەر بار، بەك چىرايلىق، كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ" دەيمەن، دەسلەپتە ئۇنىمايدۇ. كېيىن ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىر مىلىك تەستە كۆندۈرىمەن، يولدا بارغىچە دېمىگەن چىرايلىق گەپلىرىم قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى بېلىق

كۆلگە ئاپىرىمەن، كۆلنىڭ ئەتراپى ئېگىز قومۇشلۇق، مەنزىرىسى چىرايلىق. ئۇ يەرگە ئادەتتە ئانچە ئادەم بارمايدۇ. بىرىپ كۆلنى بىر ئايلىنىپ بولغىچە چوكانمۇ ئىندەككە كېلىپ بولىدۇ، ئاندىن قومۇشلۇققا كىرىپ ئىشنى باشلايمىز. قارىسام دائىملا مەن چاپىنىمنى يەرگە سېلىپ بېرىدىكەنمەن، كىيىممىنىڭ ساپاسى قالمايدىكەن، شۇڭا ئۆيدىن بىر ئەدىيال ئاپىرىپ قومۇشلۇققا تىقىپ قويدۇم. هازىر قارىسام ئۇمۇ پۈرلىشىپ يىرتىلاي دەپ قاپتۇ، كۆپە ئاپىراي دېسەم قومۇشلۇق نەم بولغاندىكىن كۆكىرىپ قالىدىكەن، ئەمدى يىششىقراق ئەدىيالدىن بىرنى ئاپىرىپ قويىمسام بولمىدى...

ئابدۇباقى ئۇنىڭغا هەۋەسلىنىپ كەتتى، باشقىلار تۇشمۇ تۇشتىن گەپ ئاتتى، ئۇمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ قايتۇراتتى:

— بازار كۈنى يولدا مارىلاپ تۇرىدىكەنسەن-دە!؟

— مارىلىمايمىز، ئۆزى كېلىدۇ...

— يولدىن سۈزگەن بېلىقنى بېلىق كۆلگە ئاپىرىمەن دېگىنە!

— ئاپىرىپ هۇزۇرلىنىمىز.

— كونا بېلىق بولسىمۇ تەمى تاتلىق-دە؟!

— ئۇنى بىر دېمە!

— ئۆيدىن ئەدىيال يۆتۈپ كەتسە خوتۇنۇڭ گەپ قىلمىدىما؟!

— خوتۇن بىزگە گەپ قىلالمايدۇ.

— ئۆزۈڭنىڭ خوتۇنىنىمۇ شۇ يەرگە ئاپاردىڭمىكىن دەيمەنا!؟

— ئاپارسام بولۇۋېرىدۇ، چاتاق يوق.

— كىم بىلىدۇ، كەچ ۋاقىتلىرى خوتۇنۇڭنى تونۇماي ئۇ يەرگە ئاپاردىڭمۇ تېخى!

— بىز ئۇ يەرگە كەچتە بارمايمىز دېگىنە، پاشىغا ئامراق بولساڭ سەن بېرىپ كەل.

ــ خوتۇنۇڭنــى تەملــك قىلالماي يۈرۈپتىكەنســەن ـ دە ئەسلى!

ــ خوتۇنۇم ئەزەلدىن تەملىك.

ــ خوتۇنۇڭ ئۇقۇپ قالســا يىگــەن بىلىقلىرىڭنى ئالدى-كەيىنىڭدىن چىقىرىۋېتەرمىكى…

ــ چىققىنى سىڭگكى بولسۇن…

ــ شۇنداق قىلىپ بىلىق كۆلىنى سىستىپ بوپسەن ـ دە!

ــ ئاز گەپ قىل، ھېلىغۇ كۆلكەن، سەنمۇ سىسىيسەن.

گەپلەر بارغانچە قىزىپ، كۆلكىلەر ئەۋجىگە چىقتى، ئەپسانە پــاراڭ قىلغۇچىمۇ قىزىپ، كۆلۈپ ئولتۇردى. بىر دەمدىن كېيىن يەنە بىرەيلەن گەپ باشلىدى:

مــەن بۇرۇن مۇشــۇ كىنوخانىدا ئىشلىگەن چېغىمدا ھەر ئاخشــىمى ئىشلىك توســاتتىم. كىنوخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئــازراق قىچىقى بار بىر خوتۇن لەگپۇگچىلىق قىلاتتى، كۈندۈزى كوچىغا چىقىپ ئۆزىنى بازارغا سېلىپ يۈرەتتى، خېلى پەيزى بار ئــدى. بىر كۈنى ئۆيدە ئىچىم پۇشــۇپ كېتىپ كوچىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشــىپ قالدىم، گەپكە سالسام ماقۇل دېدى. "ياتىقىمغا چۈشتىن كېيىن كەل" دېدىم. ئۇ كېلىشنىڭ ئالدىدا بىر ئاغىنەم ياتاققا كېلىپ قالدى، ئۇ ئۇنداق ئىشتىن نېرى قاچىدىغان ئاداش ئىدى. ئۇ كېلىپ ئەمدى چاي ئىچىپ تۇرۇۋشــمىزغا تالادا ئىشىك قېقىلدى، ھېلىقى ئىش يادىمغا كەلدى، ئاپلا دېدىم، ئۇ خوتۇننىڭ بۇنداق تېز كېلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي، ئاغىنەمگە قاراپ ھودۇقۇپ كەتتىم. ھېچ ئىش قىلالمىغاننى ئاز دەپ ئۇنىڭ ئالدىدىمۇ سەت بىر ئىش بولاتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا "بىر لەگپۇگچى خوتــۇن پۇل دەپ كەلمەكچىدى، ئۆتكەنــدە بىر مۇنچە لەگپۇڭ يەپ پۇلىنــى بەرمىگەنىدىم، نەچچە قېتىــم كىنوغا كىرگۈزۈپ قويســام يەنە پۇل دەپ كېلىۋېرىدۇ بۇ ئۇششــۇق خوتۇن، سىلە ئاســتا چىقىپ مېنى ياتىقىدا يوق تۇرىدۇ دەڭلا، مەن ئىشىكنىڭ

كەينىگە ئۆتۈۋالاي“ دېدىم. ئاغىنەم چىقىپ مېنى يوق دېگەنىدى، ئۇ خوتۇن ”چۈشتىن كېيىن ئۆزى كەل دەپ قويۇپ ئۆزى يوقاپ كېتەمدىكەن، قانداق ئىشتان بېغى بوش بىر نېمە ئۇ گېپىدە تۇرمايدىغان، ئۇنداق ئادەم گېپىنى ئۇچۇق قىلسا بولمامدۇ مېنى ئىسسىقتا يول ماڭغۇزماي، ئۆتكە مەن قاراپ باقاي“ دەپ ئىشىكنى ئېچىپلا ئۆيگە كىردى؛ ئىككى ئېغىز گەپنى ئۇڭشاپ قىلىپ، ئۇ خوتۇننى كەتكۈزۈۋېتەلمىگەن ئاغىنەمگە ئاچچىقىم كەلدى. ئۇ خوتۇن كىرىپلا مېنى كۆرۈپ قالدى، بۇنداق قورقۇنچلۇق كۆزنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغانىدىم، خۇددى جىندىن قورققاندەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ مېنى زاڭلىق قىلىپ ”كىرگىلى چاشقان تۆشۈكى تاپالماي قالدىڭىزمۇ، هالىڭىز شۇنچىلىكمۇ“ دېگىلى تۇردى، ئاغىنەم هېچنېمىنى چۈشەنمەي قاراپ تۇردى، مەن ئۇنىڭغا ”هازىرچە قايتىپ تۇرۇڭلا ئاداش، بۇ خوتۇندىن ئەمدى قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم هېسابلىشىمەن“ دېسەم، ئۇ ”ئەمىسە باشقا كۈنى كېلەي“ دەپ خوشلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇن ماڭا قالدى، مەن ئۇنىڭغا: ”مېنى قانداق تېپىۋالدىڭىز“ دېسەم، ”كۆڭلۈم تۇيدى“ دەيدۇ تېخى! ئۇنداق خوتۇنلار يامان كېلىدىكەن. مەن ئۇ كۈنى هەيران قالدىم، خوتۇن خەقنىڭ بارغۇ، خۇلقى-نازى بولمىسا بىكاركەن، هەر قانچە چىرايى بولسىمۇ خۇلقى يوق خوتۇن ئالماڭلا، خۇلقى يوق خوتۇننى قويۇۋېتىپ، باشقا خوتۇن تېپىڭلار.

— ”خوتۇنۇمدىن ئاشنام بەلەن“ دېمەكچىغۇ سەن، ئاشنا بىلەن بۇزۇقنىڭ نېمە پەرقى! — دېدى بىرەيلەن.

— ئىككىسى ئوخشىمايدۇ... — دېدى بالدۇرلا شىرشىم بولۇپ قالغان بىرسى جوزىغا بېشىنى ساڭگىلىتىپ.

— هاي-هاي، خەپشۇك، كاللاڭلار بەك قىزىپ كېتىپتۇ، ما ئەتراپىمىزدا ئادەم بار جۇمۇ، گەپنى ئاۋايلاپراق قىلىلى، — دېدى ساقىي.

سورۇندا يەنە بىرەيلەننىڭ ئەپسانىسى ئابدۇباقىغا بەك تەسىر قىلدى، ئۇنىڭ ھېكايىسى مۇنداق ئىدى: بىر سودىگەر بازارغا بېرىپ كەچ قاپتۇ، سېتىپ بولالمىغان رەختلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ خوتۇنى بىلەن ئۆيىگە قايتىپ مېڭىپتۇ. يول ئۇزۇن بولغاچقا پاراڭلىشىپمۇ زېرىكىپتۇ؛ خوتۇنى ئاينىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭغا بەك سەتەڭ كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ، يەنە كېلىپ ھارۋىغا قوشۇلغان ھاڭگا ئېشەكمۇ يولدا توختىماي سۈيدۈك پۇراپ، گاھى مېڭىپ گاھى توختاپ تۇرۇۋاپتۇ؛ سودىگەر قارىسا ئۇ ئېشەكنىڭ ھاڭگىلىقى تۇتۇپ كەتكەن، خوتۇنى: "قاراڭلا، ما مەينەتنىڭ قىلىنىلىقىنى..." دەپتۇ. سودىگەر كۈلۈپ قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ-مېڭىپتۇ، يولدا ئادەملەر شالاڭلاپ قاپتۇ. سودىگەر ھارۋىنى يولنىڭ چېتىگە تارتىپ، ئېشەكنى ئىتتىك مېڭىشقا زورلاپ تاياق بىلەن تازا ساپتىكەن، خوتۇنى ئۇنى توسۇپ، "بۇ مەخلۇققىمۇ ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، بازارمۇ بازار يورغىلاپ ھېلىمۇ چىدايدۇ بۇ جانىۋار" دەپتۇ؛ سودىگەر "ھارۋىنى ئەمىسە ئۆزۈڭلا ھەيدەڭلا" دەپ تاياقنى تاشلاپ بېرىپتۇ. خوتۇنى ماقۇل دەپ تاياقنى قولىغا ئاپتۇ؛ ئىككىيلەن ئورۇن ئالمىشىۋاتقاندا سودىگەرنىڭ تۇرۇپلا ھەۋىسى قوزغاپ كېتىپتۇ، خوتۇنىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈۋاتقاندا ئۇ قارشىلىق قىلىپتۇ، "خەق كۆرۈپ قالىدۇ، ھارۋىنىڭ ئۈستىدىمۇ بۇنداق ئىشنى قىلغان بارمۇ، ئۆيگە بارغاندا..." دەپتۇ؛ بىراق ئۇ قانچە قارشىلىق قىلغانسېرى سودىگەر تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ كېتىپتۇ، خوتۇنىمۇ ئاخىر ئۇنىڭغا بويسۇنۇپتۇ؛ ئىككىلىسى ئۆزىنى ئۇنتۇپ ھېسسىيات ئەۋجىگە يېتەي دېگەندە توساتتىن ئالدى تەرەپتىن بىر قارا ماشىنا چىقىپ قاپتۇ؛ ماشىنىنىڭ چىرىقى ھارۋىنى يورۇتقاندا ئۇلار ئېشەكنىڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ؛ ماشىنا قاتتىق سىگنال بەرگەندە ئۇلار تەڭلا چۆچۈپ ھودۇقۇپ كېتىپتۇ؛ سودىگەر لەنتى ئېشەكنىڭ كۆتىگە قاتتىق زىغلاپ، ئۇنى يولنىڭ چېتىگە ھەيدەپتۇ؛ ئۆيگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

كەلگەندە قارىسا بىچارە ئىشەكنىڭ كۆتى قاناپ، كۆرگۈسىز بولۇپ كېتىپتۇ...

سورۇن تازا قىزىغاندا بۇنداق سېرىق پاراڭلار كەم بولمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەچمىشلىرىگە باشقىلارنىڭكىنىمۇ قېتىپ، كۆپتۈرۈپ، قىزىقارلىق سۆزلەيتتى، باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىشتىنمۇ يانمايتتى.

ئابدۇباقى ئۇلارنىڭ گېپىگە كۈلەتتى ـ يۇ، كۈلكىسىگە ھەمىشە بىر خىل ھەسرەت، ئوڭايسىزلىق ۋە ئەلەم ئارىلىشىپ قالاتتى، زادى ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرالمايتتى، پۇخادىن چىققۇدەك قاقاھلاپ كۈلەلمەي مەنىسىز ئىلجىيىپ قوياتتى؛ ساقى هاراقنى سۇنۇپ: "ھە ئابدۇباقى، ئىچە مانى، خوتۇنىڭدىن قورقساڭ بىز سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويىمىز" دېسە جىلە بولاتتى، سورۇن ئەھلىگە خوتۇنىدىن قورقمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولاتتى، رومكىنى قولىغا ئېلىپ، ھەممەيلەنگە تەكشى قارىۋېتىپ "خوشە ئەمىسە" دەپ گۇپپىدە ئىچەتتى، چىرايى قورۇلۇپ سەتلىشىپ كېتەتتى. ھاراق ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرىنى قىزىتىپ، قانلىرىنى ئۇرغۇتۇپ، مېڭىسىگە تەسىر قىلغىلى تۇرغاندا پىغانى ئۆرلەپ قالاتتى، غەرق مەستلىكتە يېقىن بىرەرسىگە يىغلاپ تۇرۇپ دەردىنى تۆكۈپ بەرگۈسى كېلەتتى، ئەمما ئۇ دەردىنى تۆكۈپ بولغۇچە ھاراق دائىم ئۇنىڭ ئاشقازىنىغا سىڭمەي تۇرۇپ قالغان نەرسىلەر بىلەن تۆكۈلۈپ چۇشەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەستلىكىمۇ يېشىلىپ قالغاندەك، قورساق كۆپۈكىمۇ يېنىپ كەتكەندەك بولاتتى.

ئۇنىڭ ئاشقازىنى ۋە بۆرىكى سەل چاتاق بولسىمۇ دوختۇرغا كۆرۈنمەي يۈرەتتى؛ ئۇنىڭ كاللىسىدا ھازىر ھەممىدىن يامىنى جىنسىي ئاجىزلىق كېسىلى ئىدى، بىر ئەر ئۈچۈن قىرىققا بارماي تۇرۇپلا زەئىپلىشىش ھەقىقەتەن ئازابلىق ئىش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئالتۇن دەۋرىنى سېغىنىپ ئەسلەيتتى، ۋاقتىنىڭ شۇنداق

تېز سۈرئەتتە ئۆزىنى ئاجىزلىتىپ بىر يەرگە ئاپىرىپ قويغانلىقىغا ئەجەبلىنەتتى، ئىچى پۇشاتتى. ئىلگىرى ئۇ ئاغىنىلىرىدىن "بىر تامچە مەنى ئاتمىش تامچە قانغا تەڭ" دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندا، ئۆزىنى بېسىقتۇرىدىغان يامان ئادىتىنى بىر مەزگىل تاشلىغانىدى؛ كېيىن بىر سورۇندا ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان بىرسى ئۇ گەپنى يوققا چىقىرىپ "بىر تامچە مەنى بىر يۇتۇم شۆلگەيگىمۇ تەڭ ئەمەس، ئۇ دېگەن ئارتۇق سۈيۈقلۇق، ئۇنىڭ قان بىلەن مۇناسىۋىتى يوق" دېگەندە، ئابدۇباقى "ئۇنداقتا ئۇ خالىغاندا چىقىپ كەتسىمۇ بەدەنگە زىيىنى بولمايدىكەنغۇ؟" دەپ ئويلاپ، بۇرۇنقى يامان ئادىتىنى خۇددى قېرى ئاشنىسىنى تېپىۋالغاندەك يەنە تېپىۋالدى، بۇنىڭ ئەسلىدە كەيپ-ساپا خۇمارىدىنمۇ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى، شۇنداق قىلىۋېرىپ ئاخىر ئۆزىنى تۈگەشتۈرگەنلىكىنى كېچىكىپ چۈشىنىپ، قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلدى؛ ھېلىقى دوختۇرغا غەزەپلەندى، "دوختۇر دېگەنمۇ سەندەك بولامدۇ؟ سەن گۇي مېنى خاتا يولغا باشلىمىغان بولساڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالمايتتىم" دەپ ئۇنى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى. "توختام سۈدىكى سامان ئاسان سېسىپ قالغاندەك، ئۇرۇقدانىدا ئۇزاق تۇرۇپ قالغان ئۇرۇقمۇ پۇچەكلىشىپ قالىدۇ، شۇڭا مەنىينىڭ چىقىپ تۇرغىنى ياخشى" دېگەنىدى تېخى ئۇ بەدبەخ دوختۇر. ئابدۇباقى بۇنىڭدىنمۇ گۇمانلىناتتى، لېكىن توختام سۇ بىلەن سامانىنىڭ مىسالىغا قىياسەن، ئۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپمۇ قالاتتى. "سانىيەدىنمۇ بالا تاپالماسمەنمۇ، بىر يىلغىچە بالا تاپالمىسام ئاغىنىلەرنىڭ ئالدىدا مازاققا قالارمەنمۇ..." دەپ ئەنسىرەپ ئىچى پۇشۇپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ سانىيەنى خوتۇنلۇققا ئالغىنىغىمۇ مانا نەچچە ئايلار بولدى، خوتۇن ھەۋىسى كۆتۈلمىگەندە ۋەھىمىگە ئايلاندى، ئىش ئەپلەشمىگەنسېرى ۋەھىمە تېخىمۇ كۈچەيدى؛ ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ كۈچلۈك ھاياجانغا ئوخشاپ كېتىدىغان روھىي ھالەت بولغاچقا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ دائىم جىددىيلىشىشتىن، رېفلېكسلىق مودۇقۇشتىن خالىي بولالمىدى؛ نېرۋىسى جىددىيلەشكەن هامان ئۆزىنى باشقۇرالماي قالاتتى، بۇنى بىر كېسەللىك دېگەندە ئۇنىڭ جىسمانىي داۋاسى تېپىلغان بولەن، روھىي داۋاسى ئاسان تېپىلمايتتى، هاراق ئەكسىچە ئۇنىڭ دەردىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇراتتى. بىراق ئۇ ئۆزىنى يىقتىپ قويالمىغان يوشۇرۇن كېسەلنىڭ تەھدىتىدىن قىلچە قورقماي، ئالدىغا كەلگەن هاراقنى ياندۇرماي ئىچىۋەردى، مەست بولغاندا يۈز-كۆزى تەڭلا قىزاردى.

سورۇن ئارقالغاندا بىر ئاغىنىسى ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئېلىپ قالدى.

— خوتۇن تالاقنى بۇگۇن... — دېدى ئۇ ئالىجۇقى سۆزلەپ.

— ئىچىۋالساڭ ئاندىن قىلالايدىكەنسەن-دە! — دېدى ئاغىنىسى ئۇنى مازاق قىلىپ.

ئابدۇباقى ئۇنىڭغا ئاستا ئالىيىپ يەنە ئەسلىگە ياندى، كۆزلىرىدىن چالا مەستلىكتىلا كۆرۈلىدىغان بىپەرۋالىق ھەم بىچارە مەغرۇرلۇق ئەكس ئېتەتتى.

— بېرىپلا خوتۇنغا كىيىمىڭنى سال دەيمەن! — دېدى ئۇ يەنە تىلىنى چايناپ.

— ئاندىنچۇ؟

— ئۇنىمسا بېقىنىغا تازا قويىمەن...

— ئۇناپ قالسىچۇ؟

— ئۇناپ قالسا جىم يات دەيمەن... جىم ياتمىسا يەنە كاللىسىغا قۇسىمەن، هى...هى...

ئۇلار تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلىدىغاندا ئاغىنىسى ئابدۇباقىنى تاشلاپ قويۇپ، كوچىدىكى ساتىراشخانىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ كەتتى.

ئابدۇباقى هويلىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچالماي خېلىغىچە

تىمسقلاپ يۈردى، ئىشكنى ئەسلىدە باھارخان ئوچۇق قويغان بولسىمۇ سانىيە ئۆزى كىيىن ئېتىپ قويغانىدى؛ باھارخان ئىشىكنى ئېچىپ: "ئۆيىنى تېپىپ كېلەلەپسەن-ھە" دەپ تەنە قىلدى. چۈنكى ئابدۇباقى بىر نەچچە قېتىم مەستلىكتە كونا ئۆيگە كېتىپ قېلىپ ھەم شۇ يەردە يېتىپ قېلىپ، ئانىسىنى خېلىلا ئاۋارە قىلغانىدى. باھارخان ئۇنى شۇ ئۆيىنىڭ دەردىدە ھاراق ئىچىپ يۈرىدۇ دەپ ئويلىغاچقا، ئۇ ئۆيگە مەست كەلسىمۇ ئانچە قاتتىق گەپ قىلىپ كەتمەيتتى.

ئابدۇباقى ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئورۇننى سىلاشتۇردى، قولى خوتۇنىنىڭ يوتقىنىغا ئۇرۇندى. ئورۇن دېگەن شۇ ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ ئىچ-باغرى ھاراقنىڭ كۈچىدىن ھەم خوتۇنىنىڭ پىراقىدىن ئۆرتىنىپ كەتتى، ھېچ نېمىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا كىيىمنى سېلىپ، سانىيەنىڭ يوتقىنىنى قايرىپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىردى. "خوتۇن بۈگۈن مېنىڭكى، كوچىدىكى بۇزۇقلار قۇرۇپ كەتسۇن..." دەپ خىيال قىلىپ سانىيەنىڭ كەينىدىن قۇچاقلىدى، قاتتىق ھاياجاندىن يۈرىكى شىددەتلىك سوقۇپ كەتتى؛ بىر مەزگىل ئۇششۇك تەگكەن قايناق ھېسسىياتى قايتىدىن ئۆرلەشكە باشلىدى، كاللىسى تېخىمۇ قىزىپ كەتتى، ئالتۇنىدەك بۇنداق قىممەتلىك پەيتنى چىڭ تۇتۇش قارارىغا كەلدى. بىراق شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان خوتۇنى يەنىلا مۇستەھكەم قەلئەدەك تۇراتتى، ئۇنىڭغا قاياقتىن يېقىنلىشىش كېرەك؟ ئۇ ئاپايا ئاغىنىسىگە "بېرىپلا خوتۇنۇمنىڭ قوينىغا كىرىمەن، غىدىك-پىدىك قىلسا بېقىنىغا تازا قويىمەن" دەپ پو ئاتقانىدى، مانا ئەمدى ئۇ خۇددى بازاردىن تاللاپ ئالغان يامان بىر ئېشەكنى كۆندۈرۈپ بولالماي، ئۇنىڭ تېپىۋېتىشىدىن ياكى ئېتىۋېتىشىدىن قورقۇپ مىنەلمەي يۈرگەن غىلتاڭ، قورقۇنچاق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىچى ئاچچىققا تولدى، ھاراق سورۇنىدا كىمدۇر بىرەيلەننىڭ "خوتۇن خەقنىڭ تولىسى ئەسكى خۇيى

بار ئېشەككە ئوخشايدۇ، سەن ئۇنى مىنمىسەڭ ئۇ ساڭا مىنىدۇ" دېگەن سەت گېپىنى يادىغا ئېلىپ، تۇرۇپلا كۈچلۈك غەزەپ ۋە ئىرادىگە كەلدى، "بۇ كېچە يا ئۇنى مەن مىنىمەن، يا ئۇ مېنى مىنىدۇ، يا ئۇنى مەن يوقىتىمەن، يا ئۇ مېنى يوقىتىدۇ، ھەتتا يا ئۇ ئۆلىدۇ ياكى مەن ئۆلىمەن... نېمە بولسام مەيلى... شۇ چاغدا كۆرىمەن..." دەپ ئويلاپ بىردىنلا ئەسەبىيلىشىپ، خوتۇنىنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى قوپاللىق بىلەپ تارتىپ سېلىپ تاشلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ مامۇقتەك يۇمشاق، سىلىق، سېھىرلىك بەدىنىنى سىلاشقا باشلىدى، كۆزىگە قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. "كۆز قورقاق، قول باتۇر" دېگەندەك، قولى ئۇنىڭ كاللىسىدىكى قورقۇنچنى بىر-بىرلەپ يوقاتتى، قولى ئۇرۇنغان يەرلەر ئۇنىڭ بىر-بىرلەپ قولغا كەلتۈرگەن ھەم بۇ دۇنيادا ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ غەلىبىسى بولۇپ قېلىۋاتاتتى. نەپسىنى مەيلىگە قويۇۋەتكىنىدىن ئۇ شۇنچىلىك شادلىنىپ كەتتىكى، ئېغىزىغا يىغىلغان شۆلگىينى يۇتۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى؛ خوتۇنىنى ئوڭدىسىغا ئۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھېسسىياتى خۇددى بىرىنچى پوتەينى پارتىلىتىپ، ھۇررا توۋلاپ غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلىگەن ئەسكەرلەردەك جەڭگىۋارلىشىپ كەتتى. سانىيەنىڭ شېرىن ئۇيقۇسى بۇزۇلۇپ، ئابدۇباقىغا "قايتۇرما ھۇجۇم"غا ئۆتتى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا "بىمەنە ئۇرۇش" باشلاندى، تارىختىكى نۇرغۇن بىمەنە ئۇرۇشلارغا ئوخشاش بۇ ئۇرۇشمۇ ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىسىز ئىدى.

ئابدۇباقى خوتۇنىنىڭ قايتۇرما ئىنكاسىغا قارىتا ئالدىنئالا تەييارلىق قىلىپ قويغاچقا، خوتۇنى بىلەن خېلىلا تىركەشتى. سانىيە ئۇنىڭ مەستلىكتە ئەمەس، ساق چېغىدا شۇنداق قىلالىشىنى ئارزۇ قىلىپ، بۇ ئارزۇيىغا يېتەلمەي ئۇنىڭدىن جاق تويغانىدى. شۇڭا ئابدۇباقى ھەر قاچان مەيلى ساق ياكى مەست بولسۇن جىم يېتىشى، ئۆز ھالى بىلەن ھېسابلىشىشى، خوتۇنىنى قاچان

خۇش قىلىپ كۆڭلىنى ئالالىسا ئاندىن ئۇنىڭغا يېقىنلىششى كېرەك ئىدى، بۇ سانىيە ئۈچۈن گويا بىر مۇقەددەس مىزاندەك بولۇپ قالغانىدى. ئابدۇباقىنىڭ ھازىرقى ئەسەبىيلىكى بۇ مىزانغا تۈپتىن خىلاپ ئىدى، سانىيەنىڭ نەزىرىدە بۇ خۇددى باسقۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن ئوخشاش ئىدى، بۇنداق چاغدا سانىيە ئابدۇباقىنى ئېرىم دەپ ھېسابلىمايتتى ھەم قىلچە يۈز-خاتىرە قىلمايتتى. ئەمما ئابدۇباقى بۇ قېتىم جان-جەھلى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتاتتى، بۇ كۈرەشكە ئۇنىڭ يەنىلا كۈچلىنىۋاتقان ھېسسىياتى ياردەم بېرىۋاتاتتى. ئۇ خوتۇنىنىڭ يىلاندەك تولغىنىپ ھەم يۇلقۇنۇپ قارشىلىق قىلىۋاتقىنىدىن، تىل نەشتىرى سانچىشقا ئاران تۇرغانلىقىدىن تېخىمۇ جەھلى قاتتى، باياتىن ساتىراشخانىغا كىرىپ كەتكەن ئاغىنىسىنىڭ ئازغىنە پۇل بىلەن نەپسىنى قاندۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، نۇرغۇن پۇلغا ئالغان بۇ خوتۇنىدىن قانائەتلىنەلمەيۋاتقىنىغا قورسىقى كۆيتى. ئۇ خامانغا قېتىلغان كالىدەك ئېغىر-ئېغىر پۇشۇلداپ، بىر خىل جىددىي ھېسسىياتنى بويلاپ توختىماي ئايلىناتتى، ئېغىزىدىن كۆپۈك قايناتتى؛ ئۆزىنىڭ ئەرلىكى، خوتۇنىنىڭ خوتۇنلىقى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋىتىنى يىغاتتى، ۋۇجۇدىغا چىدام-غەيرەت بېرەتتى. "جىم يېتىڭلا، ھېلى بىكار... ئۆتكەنكىدەك قۇسۇۋېتىمەن..." دەپ تەھدىت سالاتتى. سانىيە: "قۇسۇپ باقە قېنى... كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرستىمەن" دەپ ئۇنىڭ گېلىنى سىقىۋالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى، خىرقىراپ-بوغۇلۇپ تۇرۇپ ھۆركىرىدى:

— سىقە... سىقىپ ئۆلتۈرىۋەت گۈيىنىڭ خوتۇنى! بۇ جاندىن تويدۇم...

— ھالىڭغا بېقىپ ئىش قىل ھەزلەك...

— بۈگۈن يا سەن ئۆلىسەن... يا مەن ئۆلىمەن... — ئابدۇباقى خىرقىرايتتى، تىپىرلايتتى، سانىيەنى ئۇرغىلى تەمشىلەتتى، لېكىن مەستلىكتە ھېچ ھەرىكەتنى قولاشمىدى.

www.uyghurkitap.com

نېرىقى ئۆيدە ياتقان باھارخان توۋلىدى:

— نومۇس قىلىڭلار، ھەي نومۇس!!

— نومۇس قىلمايدىغان كىم؟— دەپ ۋارقىرىدى سانىيەمۇ چالۋاقاپ، — ئۆيقۇمنى ھارام قىلدى ماۋۇ ئېشەك!...

— سىزمۇ مەست بىلەن تەڭ بولغىچە جىم ياتسىڭىز بولمامدۇ. ئۇنىڭغا قەتئىي كۆيۈنمەيسىز، گەپ سىزدىمۇ بار!

— سىلە كۆيۈمچان بولغاندىكىن كىرىپ ئۇخلىتىپ قويسىلا ئەمىسە...

باھارخان كونا جايىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن كېلىنىنىڭ ھۆرمىتىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىپ يۈرەتتى، بۇ گەپتىن ئۆزىنى باسالماي، ئۇلارنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ چىراغنى ياندۇردى.

— سىز بىر خوتۇن كىشى بولغاندىكىن ئەلۋەتتە ئۇنى ئايىسىڭىز بولمامدۇ؟! ئورۇننىمۇ سېلىپ قويماپسىزغۇ؟

— ئۇ ئۆزىنى ئايىمىسا مەن قانداق ئايايمەن؟! ھېلىمۇ ئۇنى ئاياپ مۇشۇ كۈنگە كەلدىم، — دېدى سانىيە غەزەپ بىلەن، — ئۇ نېمىسگە شۇنچە ھاراق ئىچىدۇ؟ نېمىسگە چوڭچىلىق قىلىدۇ؟! ھاراقنى نەدە ئىچسە شۇ يەردە ياتسا بولمامدۇ! ئۆيگە ساق كەلسە بولمامدۇ! مەن بولسام ئورۇننى سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئىشىكنىمۇ ئېچىپ بەرمەيتتىم!...

— ھە... مۇنداق دەڭ، مەندىن كېيىن قالغاندا بۇنىڭغا كۈن يوق ئۇخشايدۇ-دە!

— ئۆزىدىن كۆرسۇن!

— بۇ ئۆيدىن ماڭا پايدا يوقكەن دەڭا گەپنى ئوچۇقلا قىلىپ!

— سىلىدىن قانچىلىك پايدا چىقاتتى!؟ بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ نېمە خوۋلۇق كۆردۈم مەن؟!

— قاراڭ ما يۈزسىزلىكنى، بىزدىن كۆرگەن راھەتلىرىڭىز

ئازمۇ؟! سىزنى مۇشەققەتتە قويغان يېرىمىز بارمۇ؟ ياشماق تەس كېلىۋاتامدۇ! باشقا خوتۇنلارنى دورايمەن دەۋاتامسىز؟! مەن ئارتۇق گەپ قىلماي، ئۆزىڭىزنى بىلىۋېلىڭ...

سانىيە دىمىقىنى قېقىپ تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى، باھارخان ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، تامغا يۆلىنىپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان ئوغلىغا قاراپ ئېچىندى. ئاندىن ئۆينىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن شال كارىۋاتنى غىچىرلىتىپ دەسسەپ، ئابدۇباقىنىڭ يوتقانلىرىنى تاشلاپ بىردەمدىلا ئورۇن راستلاپ، ئۇنىڭغا تووۋلىدى:

— قوپە، جايىڭغا كىرىپ يات!

ئابدۇباقى جايىدىن قوپماي ئولتۇراتتى، باھارخان ئۇنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ تارتتى:

— قوپ دەيمەن ھەي كالىنىڭ پوقى، ئەتتەك تولغۇلۇپ ئولتۇرماي جايىڭنى تېپىپ يات. قايسى جېنىڭغا هاراق ئىچىسەن، قاچانغىچە ئادەم بولمايسەن دەيمەن!؟ "كېلىنىڭ يامان بولسا ئوغلۇڭدىن كۆر" دەپ، قاچانغىچە سەن نېمىنىڭ دەردىنى تارتىمەن مەن!

ئابدۇباقى ئانىسىنىڭ ئەلپازىدىن سەل چۆچۈپ، جايىغا ئۆمىلەپ باردى-دە، يوتقانغا كىردى.

## 2

ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت خۇددى لىڭگىرتاقتاققا ئوخشايدۇ، بىر ئۇچىدا ئەر، بىر ئۇچىدا ئايال ئولتۇرىدۇ، بىرسى پەسكە باسسا، بىرسى ئۈستۈن كۆتۈرۈلىدۇ، ئەمما چوقۇم تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشى كېرەك. بىراق ئابدۇباقى بىلەن سانىيە توي قىلغاندىن باشلاپلا تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتتى. ئۇلارنىڭ ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتى جىنسىي ئىقتىدار ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سىنىشىشقىلا مەركەزلىشىپ قالدى. سانىيە تېخى قىز بولغاچقا جىنسىي ئىقتىدار

www.uyghurkitap.com

جەھەتتە مۇتلەق ئۇستۇنلۇككە ئىگە، شۇڭا سالىمقىنمۇ ئېغىر ئىدى، بۇنداق ئېغىرلىقنى سەل چاغلىغىلى بولمايتتى. ئابدۇباقى بېشى چوڭ ئايغانچە ئىقتىداردىن مەسىلە چىقىۋاتقان بىر ئەر بولغاچقا سالىمقىنمۇ يېنىك ئىدى، خۇددى لىڭگىرتاقتاقتىن ئۇچۇپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. بۇنداق بىچارە ھالغا قېلىشنى بۇرۇنراق ئويلىغان بولسا ئۇ توي قىلمىغان، شۇ لىڭگىرتاقتاقتا زورلىسىمۇ چىقمىغان بولاتتى. ئۇ ئىش-ئوقەتكە يارىماسلىقىدىن كۆرە، خوتۇن ئالدىدىكى يارىماسلىقىنى ئەڭ چوڭ ئاپەت ھېسابلايدىغان بولدى؛ ھە دېسە شۇ ئىشنى چوڭ بىلىپ، كۈندۈزدىكى ئىشلىرىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى، يەنە كېلىپ ئۆيى ئايرىم بولمىغاچقا، ئانىسى باھارخاننىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ بولالمايدىغان بالىدەك ھەم زادى يارامىلىق ئەر بولالمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى، ئىچى پۇشاتتى، پەقەت ھاراقلا ئۇنىڭ تەلپىگە لايىقلاشقانىدى.

تۈنۈگۈن كەچتە مەستلىكتە ئەسەبىيلەشكەندە ئۇ خوتۇنى سانىيەگە بىر قىزغا باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغاندەك قوپال مۇئامىلە قىلىپ، ئۇچىغا چىققان ۋەھشىي ھېسسىياتتا: "يا سەن ئۆلىسەن، يا مەن ئۆلىمەن" دەپ چۇقان سالدى، دېمەك ئاۋۋال سانىيەنى، ئاندىن ئۆزىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈش ئۇنىڭغا ھايات-ماماتلىق مەسىلىسىدەكلا مۇھىم بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا مەقسەت-تەلپىنى قاندۇرالماي، ئەلەملىك تىپىرلاپ، ئاچچىق يۇتۇپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئۇ ئاغرىۋاتقان گېلىنى سىلاپ، ئاخشام ئۇچرىغان خورلۇقلىرىنى ئويلاپ ئاچچىق خىيال سۈرۈپ ياتتى. ئورنىدىن قوپۇپ يوتقىنىنى يىغىۋاتقان سانىيە ئۇنىڭغا خۇددى ئۆلۈك ئىشەككە قارىغاندەك بىزارلىق بىلەن قاراپ قويۇپ غۇدۇرلىدى:

— ئاخشىمى سېسىق پۇراپ كەلگەن، يا ئادەمنى ئۇخلاتمىغان، ئەتىسى كۈن چۈشكىچە قوپمىغان... ھەممىسى شۇ

ئېشەك سۈيدۈكىنىڭ كاساپىتى... ئۇنى قايسى پۇلۇڭغا ئىچسەن، يا خەقتىن تىلەپ تاپامسەن؟!...

— ئىچسەم ئۆزۈمنىڭ پۇلىغا ئىچىمەن، نېمە كوتۇلدايسەن!
— دېدى ئابدۇباقى بوغۇق ئاۋازدا، ئىچىدە بىر ئاچچىق زەرداپ بولۇپ قايناپ تۇراتتى.

— بۇنىڭدىن كېيىن هاراق ئىچىپ يېنىمغا كېلىدىغان بولساڭ، تېپىپ پەسكە چۈشۈرىۋېتىمەن، پەستە ياتىسەن.

ئابدۇباقى ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ قويدى.

— قارا ما مەينەتلىكىڭنى، ئاخشامۇ ئېشەكتەك سەت قىلىق قىلدىڭ، بېشىمغا قۇسمەن دەپ شالىڭنى قۇيدۇڭ...

ئابدۇباقى گەپ قىلماي يەنە بىرنى تۈكۈردى.

سانىيە ئۇنىڭ كاللىسىغا دەسسىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا هەيۋە قىلىپ كەلدى:

— نېمە تۈكۈرىسەن هەي مەينەت، قوپە، تۈكرۈكىڭنى ئال، ئاخشام تازا كانىيىڭنى سىقىپ، زۇۋانىڭنى بوغۇپلا قويسام بوپتىكەن، هېلىمۇ ئايىغىنىمنى بىل...

— ماڭە ئىشىڭنى قىل؟!... — دېدى ئابدۇباقى كۆزىنى چەكچەيتىپ، — تۈكۈرسەم، ئۆزۈمنىڭ ئۆيى...

— مېنى تېخى سەنلىگۈدەك بولدۇڭمۇ سەن!؟ — دېدى سانىيە قولىنى ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىۋېتىدىغاندەك تەڭلەپ.

— سەنمۇ مېنى سەن دەيسەنغۇ... دېسەم نېمە بوپتۇ! — دېدى ئابدۇباقى ئەمدى هەقىقىي نوچىلىقا قەدەم قويغاندەك كۆرەڭلەپ.

— دېسەڭ بۇرۇنراق دېسەك بولمامدۇ هەي لامزەللە!! — دېدى سانىيە ئۇنىڭ بېشىنى نوقۇپ، — تىلىڭنى باشتا قاغا چوقۇۋالغانمىدى؟!

— بېشىمغا تەگمە! — دېدى ئابدۇباقى خوتۇنىغا بۇقىدەك

ئالىيىپ، ــ ھېلى ئوبدان تەگكۈزۈپ قويىمەن...

ــ ئاپىــرە ماڭ خــام قاپاق كاللاڭنى، ــ دېدى سانىيە ئۇنىڭ بېشىنى تېخىمۇ ئىتتىرىپ، ــ كاللاڭدا لىقمۇلىق ئېشەك سۈيدۈكى...

ئابدۇباقى بۇ ئاھانەت ۋە خورلۇققا زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. "يەنــە چىقىلە رەســۋا" دەپ ئېغىزىنى بــۇزۇش بىلەنلا قالماي ئورنىدىــن چاچراپ قوپۇپ، بارلىق كۈچىنى يىغىپ ســانىيەنى بىر تۈرتۈپلا يىقىتىۋەتتى، سانىيەنىڭ ئورنىدىن قوپسىلا ئۆزىنى بوش قويمايدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭ ئۈســتىگە چىقىۋېلىپ يۈز-كۆزلىرىگە مۇشــت ياغدۇرۇۋەتتــى، قانچە ئۇرغانچە ئۆزىنى ھەقىقىي ئەر كىشىدەك ھېس قىلىپ شۇنچە ھۇزۇرلاندى، قانچە ھۇزۇرلانغانسېرى شۇنچە ئەسەبىيلەشتى ھەم ۋەھشىيلەشتى؛ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇرۇن زادى قاندۇرالمىغان ئەرلىك ھەۋىسىنى قاندۇرۇۋاتقاندەك شادلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇشتى زەرداب يىغىلىپ قالغان يۈرىكىگە ئوخشاش تېز ھەرىكەتلىنەتتى. سانىيە تۇيۇقسىز ھەم قاتتىق تەگكەن ئۇ مۇشــتلارنى تــوراپ بولالماي ھالىدىن كەتتى، قالايمىقان ۋارقىراپ خېلىلا تىركەشتى، ئانىسىنى تووۋلاپ ۋارقىرىدى، باھارخان ئۈلگۈرۈپ كېلىپ بولغىچە بىر مۇنچە تاياق يەپ يۈز-كۆزلىرى كۆرگۈسىز بولۇپ كەتتى. باھارخان كەلگەندە ســانىيەنىڭ بۇرنىدىن قــان، كۆزلىرىدىن يــاش ئېقىۋاتاتتى. ئابدۇباقى شۇ چاغدىلا خوتۇنىنى ئاخىر بويسۇندۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى، خوتۇنىنى ئۇرۇش ئارقىلىق ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشنىڭ ئۇنىڭدىن جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش بىلەن ئەجەب ئوخشىشىپ كېتىدىغىنىدىن ھەيران قالدى.

3

سانىيە يامانلاپ كېتىپ ئانىسىغا بىر مۇنچە دەرد تۆكتى.

— خېلى يۇۋاشــتەك تۇراتتى، ماراپ چىشلەيدىغان ئىتتەك ئۇســال نېمىكەنســە ئۇ — دېــدى ئانىســى، — بىزدىن يىراق كېتىۋېلىپلا سېنى بوزەك قىلغىلى تۇرۇپتۇ ـ دە! خەپ باھارخاننىڭ ئالدىمغا كېلە!

— ئەسلى مەنمۇ بوش كەلمەيتتىم — دېدى سانىيە غەزەپ بىلەن، — ئۇ ئېشەك سۈيدۈكنى ئىچكەن ساراڭ چېپ قويۇپلا قوناق سوققاندەك ئۇرۇپ كەتتى...

— ئــا خوتۇننى دەيمىنــا، بالدۇرراق كېلىــپ ئاجرىتىپ قويماي!

— ۋاي ئۇ قېرى جادىمۇ تاياق يېگىنىمگە خۇش.

— ئۆيىنــى ھۆكۈمەتكە ســېتىپ ئۇ خوتۇنمــۇ ئەمدى تازا ئېلىشــىپ قالغىلى تۇرۇپتۇ، بۇرۇن باھارخان دېســە خېلى ۋاي دەيتتۇق، شۇڭىمۇ مەن سېنى ئۇ خوتۇنغا كېلىنلىككە بەرگەن، ئەمدى نېمىسى قالدى، ئۆي ساتقان 40 مىڭ كويى تۈگىسە قانداق قىلىدىكەن، ھالىغــا باقماي تېخى نېمە يوغانچىلىق ئۇ خەققە! ھېچ بىر ئىشقا ئېپى يوق، قىچقارسا ئېتى يوق گەدەنكەش تازنىڭ تېخى ســېنى ئۇرغىدەك بولغىنىنى، ۋۈي ئىچى قۇرتلاپ كەتكەن تاز!...

— ئالدىرىماي تۇرسۇن، كۆرىدىغىنىنى تېخى ئەمدى كۆرىدۇ ئۇ شــۇۋىچى! — سانىيەنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك نۇرى چاقناپ كەتتى.

— بولدى، شــۇ دەيــۈز ئېرىڭدىن ئاجرىشــىپلا كەتكىنە، باھارخان ئالدىمغا كېلىدىغان بولسا دەيدىغان گېپىم بار.

— ياق، ئاجراشمايمەن — دېدى سانىيە قەتئىي تۈستە — مېنى ئۇرىۋېلىپ قويىۋېتەمدىكەن، مەن ئۇنىڭ كۈچۈكىمىدىم؟! ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، ھېساب ـ كىتاب تېخى تۈگىمىدى...

— نېمە قىلاي دەيســەن؟ — دېدى ســانىيەنىڭ ئانىسى تېڭىرقاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

— نېمىلا قىلسام قىلىمەن!

— ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالاي دەمسەن؟! قەستلەيدىغان ئىشنى قىلما جۇمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايسەن.

— ۋايىيەي، نېمانچە ئەنسىرەيسىز، ئۇنداق قىلىپ سارائمۇ مەن، ئۇنداق مەرەزگە چېقىلسام پوقى ئۆزۈمگە چاچرايدۇ شۇ، مېنىڭ ئويلىغىنىم باشقا...

— تۇيۇقسىز بىر ئىش تېرىپ قويساڭ ئۆزۈڭ بالاغا قالىسەن، بىزگىمۇ ئىش تېرىپ بېرىسەن.

— ۋاي بولدى ئەنسىرىمىگە، ھېچ ئىش بولمايدۇ، ئەجەب قورقۇپ كېتىدىكەنسىز.

— سەن كاجراق چوڭ بولۇپ قالغان، ئاچچىقىڭ ئاندىن يامان، شۇڭا دەيمىنا...

— ياۋاش تۇرۇپ بەرسە پىتمۇ بوزەك قىلىدۇ ئادەمنى! ئاچچىقىم بولغان بىلەن ئۇنچە دۆت ئەمەسمەن!

— ئەقىلىڭ بولسا بايىقىدەك گەپنى قىلماستىڭ.

— ۋاي-ۋۇي، ئەجەب تولا گەپ قىلىدىكەنسىز، سىزنىڭ راست دەپلا ئولتۇرۇپ بېرەي بولدى!.

— نېمە بولىدۇڭ!؟ ئېرىڭدىن يامانلاپ كېلىپ ئەمدى ماڭا قوڭ چاقامسەن؟!

— ئەمىسە نېمىشقا ئادەمنى جىلە قىلىۋېرىسىز؟

— ئاجراش دېسەم ئۇنىماي، ئۇنى قىلىمەن، بۇنى قىلىمەن دەپ يۈرسەڭ، ئادەمنى يا خاتىرجەم قىلمىساڭ، سۆزلىمەي قانداق قىلىمەن؟

— مەن ئۆچ ئالىمەن دېمىدىم، مېنىڭ باشقا ئويلىغانلىرىم بار!

— دېمەمسەن ئەمىسە، يوشۇرىدىغان نېمە بار!؟ ماڭا دېمەي كىمگە دەيتتىڭ؟

— ۋاي ئانا، نېمىنى دەيمەن، ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن!

— ئۆز كۆڭلۈڭدىكىنى نېمىشقا ئۇقمايسەن، ساراڭمۇ سەن!
— هە مەن ساراڭ، ھەممە ئىشىمغا چېپىلىپ مېنى ساراڭ قىلاي دېدىڭىز، باھارخانمۇ سىزدەك چېپىلغاق ئەمەس!
— ئەمىسە قېنىناڭنىڭ ئۆيىگە كەت! دەردىڭنى شۇ خوتۇنغا تۆكۈپ بەر.
— نەگە كېتىمەن نەگە؟! تولا مېنى قوغلىماڭ. بۇرۇن ئۆزىڭىز زورلاپ شۇ توخۇ پوقىغا تەگكۈزگەن ، ئەمدى ئاجراش، ئاجراش دەيسىز، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كىمگە تېگىمەن؟ ئاجرىشىپ نېمە پايدا؟! ئەر خەق دېگەنگە ھۆ بولدۇم...
— ياخشى ئەرگە تەگ، بىر ئىشقا ئېپى بار، تۇتسا سېپى بار، باي ئادەمگە تەگسەڭ تۇرمۇشۇڭ گۈلدەك ئۆتمەمدۇ؟
— ئەر خەقنىڭ ياخشىسى قالمىدى، بىز ياخشى دېگەن بىلەن ئۇ خەقنىڭ ئىچىدە قانداق توڭگۇز قاترايدۇ، كىم بىلىدۇ؟! ئۇلار بىر ئەردىن چىققان خوتۇننى ياراتمايدۇ، خالىسا خۇش قىلىپ، خالىسا باشقا خوتۇنلارنى خۇش قىلىپ يۈرۈيدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە بىر ئەردىن چىقماي تۇرغان ياخشى...
— مەن ساڭا ياخشى بولسۇن دەۋاتىمەن، سەن جاھىللىق قىلىپ، ئاشۇ يۇندىپۈرۈش بىلەن داۋاملىق ئۆي تۇتماقچىما؟
— مەنمۇ ئۇ لامزەللىگە خۇشتار ئەمەس، لېكىن مېنىڭ بۇنداقلا ئاجرىشىپ كەتكۈم يوق، ئۇ ھەزلەكنىڭ جاجىسىنى بەرمەي قويمايمەن...
— يەنە كاجلىق قىلىۋاتىسەن، گېپىمنى ئوبدان ئاڭلا، — دېدى ئانىسى بىتاقەت بولۇپ، — سەن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭنى ئويلىمساڭ بولمايدۇ، باھارخانغا شۇنچە دېسەم ئۇ كالۋا خوتۇن ئاڭلىماي، ئۆيىنى ئاخىر ھۆكۈمەتكە تارتقۇزۇپ قويۇپتۇ، ئۆي ساتقان پۇللىرىمۇ ئۇنداق-بۇنداق قىلىپ تۈگەيدۇ، ھۆكۈمەت بەرگەن پۇلنىڭ بەرىكىتى يوق. ئۇ خوتۇن ئاخىرەتلىكىگە ئانچە-مۇنچە پۇل ساقلاپ قويالامدۇ-يوق، خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ.

ئوغلى بىر يۇندىپۇرۇش، ھېلىماخۇن بىر تېجىمەل، قەمبەر بولسا ئەيىبناق، ھېلىقى قىزى ئوقۇشقا پۇل دەيدۇ، ھازىر سەندىن باشقا نەچچە جان شۇ خوتۇنغا قاراشلىق. ئۇ خوتۇن يېتىپ يەۋەرسە، تاغدەك ئالتۇنى بولسىمۇ توشمايدۇ. سېنى ئۇلارغا بېرىپ بەك خاتا قىپتىمەن، بۇنداق بولارىنى پەقەت ئويلىماپتىمەن، شۇ ئەخمەق خوتۇنغا بەك ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، ئەمدى بولسىمۇ ھوشىمىزنى تاپايلى. سەن تېخى ياش، ئۆزۈڭ ئويلاپ بىر ئىش قىل، بولمىسا ئېغىر كۈنگە قالىسەن. بىزمۇ پوككىدە ئۆلۈپ تارتىپ قالساق ساڭا قارايدىغان ئادەم يوق، خەقنىڭ ئالدىدا خارلىققا قالىسەن...

سانىيە ئويلىنىپ قالدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىغا بەك ئىشىنەتتى، بۇنداق ئىشەنچ ئۇنىڭ ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىشىغا مەدەت بولاتتى.

— ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، — دېدى ئۇ كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، — ئاجراشساممۇ ھازىر ئاجراشمايمەن.

— ھازىر ئاجراشمىساڭ، بالاڭ بولغاندا ئاجرىشامتىڭ؟!

بۇ گەپ سانىيەگە غەلىتە ئاڭلاندى. بۇ ئىشنى ئۇ قىلچە ئويلاپ باقمىغانىدى.

— سىز تېخى ئۇنى بالا تاپالايدۇ دەمسىزا؟ — دېدى ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ.

— نېمە، ئۇنىڭ بىرەر ئەيىبى بارمىكەن!؟

— ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ، ئۇ يارىماس شوۋىچىدىن ئاقساق-چولاق، ساراڭ-دەلدۈشلەر ياخشىراق...

— ئەمىسە نېمە قىلىسەن ئۇنىڭغا تارتىشىپ، كۆڭلۈڭگە ياققۇدەك باشقا بىر ئەرگە تەگسەڭ بولمامدۇ؟!

— ۋاييەي، ئەمدى شۇ بالا تۇغىمەن دەپلا خەقتىن خەققە ئۆتۈپ تۇرىمەنمۇ؟

— ئەمىسە تۇغماس بولۇپ ئولتۇرامسەن؟!

— بالا دېگەن كىچىككىدە ئانىسىنى خاپا قىلىدىغان، چوڭ

بولغاندا جاپا سالىدىغان بىر نىمە، شۇڭا دەيمەن، بالا تۇغۇپ نىمە قىلىمەن؟ بالا تۇغۇپ چوڭ قىلىپ بولغىچە قېرىپ سەتلىشىپ كېتىدىغان گەپ...

— ئەمىسە سەن بالا تۇغماي، كوچا سەتەڭلىرىدەك ياشاي دەمسىنا؟!

— مەن بالا تۇغمايمەن دېدىممۇ؟! — دېدى سانىيە تېرىكىپ

— كىم كوچا سەتەڭگى بولىمەن دەپتۇ؟

— گەپلىرىڭدىن چىقىپ تۇرامدۇ؟ بالا تۇغمىساڭ نىمە ئىش قىلىسەن؟! كوچىغا چىقىپ غىتىلداپ يۇرمەمتىڭ!

— ئېلىشىپ قالدىڭىزمۇ نىمە؟! — دېدى سانىيە ئانىسىغا ھۇرپىيىپ — نىمانداق گەپ قىلىسىز ئادەمگە...

— ئۆزۈڭ ئېلىشىپ قاپسەن، بالا تۇغمايمەن دېگەن خوتۇننىڭ ھەممىسى ساراڭ، ھەممىسى كوچا سارىڭى...

ئۆزىڭىز ساراڭ بوپسىز ھازىر — دېدى سانىيە ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، — گەپ قىلسا يا چۈشەنمىگەن!

— يوقالغىنا ماڭ زاغۇنباش ساراڭ! ئاجرىشامسەن، ئاجراشمامسەن، بالا تۇغامسەن، تۇغمامسەن، كارىم نىمە! بېقىپ مۇشۇنچىلىك قىلىپ قويدۇم، بېرىپ نىمە قىلساڭ قىلمامسەن!؟

— ھە ماقۇل، مەن يوقىلاي، سىزمۇ ئەمدى پاتۇرماڭ بۇ ئۆيگە، مەن زادى ھېچ نەگە پاتمايمەن، مەن زادى كوچا سارىڭى، كوچىغا چىقىپ كەتسەملا بولىدىغۇ زادى...! — سانىيە غەزەپلىنىپ، بوغجىمىسىنى كۆتۈرۈپ تالاغا ماڭدى.

— توختا، نەگە بارىسەن؟! — ئانىسى كەينىدىن توۋلىدى، سانىيە قارىماي كېتىۋەردى، ئالدىغا كوچىدىن يېنىپ كېلىۋاتقان دادىسى ئۇچراپ قالدى، سانىيە بارلىق لامزەللە ئەرلەرگە لەنەت ئوقۇپ، ئۇنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى، دادىسى گەپمۇ قىلماي يېنىپ كېلىۋەردى.

— تۇتۇپ قالساڭلا بولمامدۇ؟! — دېدى سانىيەنىڭ ئانىسى

يولدىشىغا كايىپ ــ سىلىمۇ تازا لامزەللە... ئۇنىڭ ئېرى دېگەن مۇناپىق خېلى ياۋاش بىر نېمىــدەك قىلاتتى، ئىچىدىن مۈگۈز چىقىپ قىزنىڭلىنى ئۇرغۇدەك بوپتۇ!...

ــ ئۇرســا ئۇرغاندۇ، ئۇرغانغا نېمــە بولاتتى... ــ دېدى سانىيەنىڭ دادىسى تاماكىسىنى ئالدىرىماي يۆگەپ.

## 4

ســانىيە كوچىغا چىقىپلا ئەركىن نەپەس ئالدى. ئۇ شۇنى ھېس قىلدىكى، كوچا بۇرۇقتۇرمىلىققا تولغان ئۆيدىن ياخشىــ ئىــدى، كوچىدا ئۆيدە تولا كۆرۈپ ســەت كۆرۈنــۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ چىرايى چېلىقمايتتى، نۇرغۇن يېڭى چىرايلار، يېڭى كۆزلەر ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ جاھاندا ناتونۇش چىرايلارنىڭ تۈنجى ئۇچرىششىدىنمۇ قىزىقارلىق، كۆڭۈللۈك ئىش بولامدىغاندۇ؟ چىراي ھەر دائىم نۇرغۇن ئالامەتلەرنى كۆرســىتىدۇ، ئىنسان ھاياتىنىڭ سېھىر - جەزبىسى شــۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇ. چىراي ــ سېھىرلىك ئەينەك، ئادەم ئۇنىڭغا مەپتۇن، كىشــى ئۆز چىرايىدىن قەلبىنى كۆرىدۇ، ئۆزگىلەرنىڭ چىرايىغا زەن سالىدۇ. چىرايدا ھەتتا دۇنيا نامايان بولىدۇ. بىر ئامېرىكىلىق ئامېرىكىنى، ھەتتا پۈتۈن ياۋروپانى ئەســلىتىدۇ؛ بىر نېگىر يىلبويى ئاپتــاپ بولىدىغان ئافرىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدۇ. ھەر خىل چىرايلار ۋە ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىشچان ئالامەتلەر كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ، ئىككى جىنســنىڭ ئۆز ئارا جەلپ قىلىش كۈچى چىراي جەزبىدارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. كوچىدا كېتىۋاتقان يات جىنسلارنىڭ ئۆز ئارا قىزىقىشــلىرى ھەممىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا ئادەم كوچىغا چىقىشنى، ئادەملەر توپلاشقان بازارغا بېرىشنى، ئاھالىسى شالاڭ يېزىدىن قۇتۇلۇپ شەھەرلەرگە كىرىشنى ئارزۇلايدۇ.

سانىيە كوچىدا كېتىۋېتىپ خېلى جىق ئەرلەرنىڭ نەزەرىنى

كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلارنىڭ كۆزى مەيلى نورمال ئىپادىدە ياكى هاياسىزلارچە بولسۇن، ھەممىسى يىغىلىپ هارارەت پەيدا قىلىپ، سانىيەنىڭ مۇزدەك قاتقان كۆڭلىنى ئاستا-ئاستا ئېرىتىۋاتاتتى. ئاياللار ئۇنىڭ چىرايىدىن كۆرە كىيىۋالغان كىيىملىرىگە، چاچ پاسونىغا زىبۇ-زىننەتلىرىگە دىققەت قىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

سانىيە كوچىنىڭ مەركىزىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قىپىنانىسىنىڭ بۇرۇنقى قورۇ-زېمىنىغا ئېچىنىش ۋە ئەلەم بىلەن قاراپ قويىدى. هازىر ئۇ يەردىكى كونا ئۆيلەر چېقىپ تۈزلىنىپ، ئەتراپىغا توساق تام قوپۇرۇلۇپ قويۇلغانىدى. ئۇ شۇ ئۆينىڭ ئالدىدا لەگپۇڭ سېتىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ قالدى. سانىيە شۇ كۈنلەردە ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى چىرايلار ۋە كوچىدىكى يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ تۇراتتى، لەگپۇڭچىلىق قىلمىغاندىن بېرى يانچۇقىدا پۇلنىڭ تايىنى يوق بازارغا چىقالمىدى. كوچىغا چىقالمىغان ھەسرەتلىك كۈنلىرى ئاياغلاشتى-يۇ، ئەمدىلىكتە مەجبۇري ئايلىنىۋاتقان بۇ كوچىدىن ھېچ خۇشاللىق تاپالمىدى.

ئۇ "شىياڭگاڭ بازىرى" دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇنىۋېرسال سودا بازىرىغا كىردى، بىر نەرسە ئالمىسىمۇ يېڭى ماللارنى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى. بۇ بازاردا ئاياللارنى قىزىقتۇرىدىغان ماللار كۆپ بولغاچقا ئايال خېرىدارلارمۇ تەبىئىيلا كۆپ ئىدى، قىزلىق تويلۇق مېلى ئالىدىغانلارمۇ ئاساسەن مۇشۇ يەرگە كېلەتتى. سانىيە بازارنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ قىممەت باھالىق، ئەمما سۈپىتى ياخشى، كۆركەم بىر رەختنى ئالىمەن دەپ سودىگەر بىلەن باھا تالىشىۋاتقان بىر ئايالنى كۆرۈپ توختىدى. سودىگەر ئۇ رەختنىڭ مېتىرىنى 60 كوي دېسە، ئۇ ئايال رەختنىڭ بىر بۇرجىكىنى مەھكەم تۇتىۋېلىپ "ئۇنداق قىلماي ئازراق چۈشۈرۈپ بەرسىلە" دەيتتى. سودىگەر "ياق ئۇنىڭدىن كېمى يوق" دەيتتى. ئۇ رەخت يېڭى چىققان بولسا كېرەك، ھەقىقەتەن بىر كۆينەك تىكتۈرۈپ

كىيىۋالسا بولغۇدەك چىرايلىق ئىدى. ئۇ ئايال ئاخىر شۇ رەختنى ئالالماي كەينىگە قاراپ- قاراپ قويۇپ كېتىپ قالدى. سانىيەنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى، "چىرايلىق ئايال بولۇپ بۇنداق خارلىنىپ يۈرگەندىن، خەق تالىشىپ ئالىدىغان، گاھىدا ئالالماي قالىدىغان ئېسىل رەخت، ئالتۇن زەنجىر، ئالماس ئۈزۈك... بولۇپ قالسامچۇ" دەپ ھەسرەت چەكتى. بازاردا ئادەمنى مال- دۇنياغا ھېرىس قىلىۋېتىدىغان بىر كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى. سانىيە ھەر تۈرلۈك ماللارغا تويماي قارايتتى، مال ئىگىسى "كەلسىلە خېنىم، نېمە ئالىلا، قاندىقىنى ئالسلا" دەپ ئېغىز ئېچىپ بولغىچە كۆڭلى غەش بولۇپ كېتىپ قالاتتى. بازاردا ھەممە خەقنىڭ كۆزى پۇل- مالغىلا تىكىلىپ قالغاچقا، ھېچكىممۇ بىر كىمنىڭ دىدارىغا ئىنسانىي يېقىنلىق، ھۆرمەت ۋە سۆيۈنۈش بىلەن قارىمايتتى؛ ھەممە خەقنىڭ كۆزى كىرلەشكەن پۇللارنىڭ ئىككى يۈزى تەرىپىدىن خۇنۇكلىشىپ، غۇۋالىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. مال ئالغان خەق پۇل بەرسە ئۇ پۇلنىڭ راست ياكى ساختىلىقىنى پەرق ئەتمەكچى بولۇپ، ئۇنى كۆزىگە يېقىن ئەكىلىپ تۇتۇپ بىر ھازاغىچە قاراپ كېتىدىغان سېتىقچىلار بازار ئارىلاپ كېتىۋاتقان ھەممە خەقنى جەلپ قىلىۋالاتتى. ھېچقانداق بىر نەرسە ياكى ھېچقانداق بىر كۆرۈنۈش خەقلەرنى ئۇنىڭدەك جەلپ قىلالمايتتى. سانىيە يۈز كويلۇق، ئەللىك كويلۇق پۇللارغا ئاشۇنداق يەۋەتكۇدەك تىكىلىپ تۇرۇپ قالغان سېتىقچىلار ۋە خېرىدارلارنى كۆرۈپ "پۇل- مال ھەر زامان خەقنىڭ كۆزىنى چەكچەيتىپ، دىلىنى ۋەسۋەسىگە سالىدۇ. بۇ جاھاندا ئاتا- ئانا بالىسىنى، ئېرى خوتۇنىنى، خوتۇنى ئېرىنى قايىل قىلالمايدىغان، بويسۇندۇرالمايدىغان ئەھۋال تولا، ئەمما پۇل بولسا ئۇنداق بولمايدۇ، پۇل ھەممىنى ئورتاق بويسۇندۇرالايدۇ..." دەپ ئويلىدى، پۇل تېپىپ خەققە سارغايمايدىغان، ئەكسىچە خەقنىڭ كۆزىدە ئېسىل ياشايدىغان ئادەم بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ تونۇدى. بۇ بازاردا مۇھىم

جايلارنى ئىگىلەپ ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى سۆلەتۋاز، سېمىز خوتۇنــلار بولۇپ، ئۆمۈر بويى نوچى ياشــايدىغاندەك قىلاتتى. سانىيە ئۇلارغا قاراپ ئىچى پۇشۇپ كېتىۋاتقاندا دوستى گۈلگىنەگە ئۇچراپ قالدى. سانىيە لەگپۇگچىلىق قىلىپ يۈرگەن مەزگىللەردە گۈلگىنە دائىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ پاراڭلاشقاچ بىكارغا لەگپۇڭ يەپ كېتەتتى. سانىيە دوستىنى كۆرۈپ خۇددى بىر نىجاتكارنىغا يولۇققاندەك خۇش بولدى. ئۇلار قىزغىن كۆرۈشــۈپ پاراڭلاشقاچ بىللە چوڭ كوچىغا ماڭدى.

— يۈزۈڭ نېمە بولدى؟ — دېدى گۈلگىنە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ — باياتىن تاس قالدىم تونۇيالماي قالغىلى!

— بەك كۆك ئەمەستۇ، ئىششــىق يانغاندىكىن دەپ تالاغا چىقىۋەردىم، بەك سەت كۆرۈنمەيدىغاندىمەن؟!

— يــاق، ئانچــە ئەمەس، ســىنچىلاپ قارىمىســا ئانچە بىلىنمەيدىكەن...

— دېســەم گەپ جىق ئاداش، ئەرگە تەگدىم دەپ ئۆتۈپ كەتكەن ســاراڭ، چىدىماس بىر ماز پاينەككە تېگىپتىكەنمەن، هاراق ئىچىپ قالسىلا قىنىغا سىغمايدۇ ئۇ شوۋىچى!...

— تووا ئاشۇ ئېرىڭما؟ جاهاندا ئەر خەقنىڭ ياۋشى قالماپتۇ جۇمۇ!

— ئادەمنىڭ ئەسكىسى ئاشۇنداق پوقتەك ياۋاش-يۇمشاق تۇرۇۋېلىپ تۇيۇقسىز چاچرايدىكەن ئەمەسمۇ!

— يامانلاپ كېلىۋالدىڭما؟

— هەي قويغىنە ئاداش، يامانلاقلىق خوتۇن هەممە ئادەمنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىكەن...

— نېمە بولدى، ئاناڭ بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالدىڭما؟

— هەئە، ئازراق تەگىشىپ قالدۇق.

— نېمىشقا؟

— تولا كوتۇلداپ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نېمە دەپ؟

— ئاجراش دەيدۇ.

— سېنىڭ ئاجراشقىڭ يوقما؟

— ئاداش، بۇ گەپنى كېيىن دېيىشەيلى، ھازىر كاللام پەقەت جايىدا ئەمەس...

— ھازىر مۇشۇ مېڭىشىڭدا نەگە باراي دەۋاتىسەن؟

— ئۇقمايمەن...

گۈلگىنە سانىيەنىڭ خاپىلىق تارتىپ، گاڭگىراپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى پەملەپ ئۇنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ ئەكەتتى.

گۈلگىنەنىڭ ئېرى ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات يېرىدىكى "يۈلغۈن رېستورانى"دا سەي چىقىرىدىغان ئاشپەز بولۇپ، كەچلەردە ئاساسەن ئۆيدە بولمايتتى. گۈلگىنە ئۆيدە يالغۇز قېلىپ زېرىكىپ كەتسىلا ئېرىنى باناقاپ شۇ رېستورانغا بېرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كېلەتتى. كۆپىنچە ھەقسىز تاماق يەپ، مۇزىكا ئاڭلاپ، نۆۋىتى كەلسە شۇ يەردە ئۇچراپ قالغان دوستلىرى ۋە چالا-پۇچۇق تونۇشلىرىنىڭ سورۇنىغا داخىل بولۇپ، ئويناپ-كۈلۈپ يۈرەتتى. سانىيە گۈلگىنەنىڭ تۇتقان ئۆيىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ بىئارام بولدى، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ياخشى ئەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن ئايالنىڭ ھېچ كۈچىمەيلا ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلىدە ئابدۇباقىنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس مەخلۇق ھېسابلاپ، ئۇنى لەنەت-نەپرەتكە كۆمۈۋەتتى.

گۈلگىنە ئۇنىڭ ئالدىغا چاي ئەكىلىپ، قىزغىن پاراڭلىرىنى باشلىدى. بىر چاغدا گەپلەر كۆپىيىپ، مەزمۇنى چوڭقۇرلىشىپ، پەردىشەپتىن بارا-بارا ھالقىپ كەتكىلى تۇردى.

— ئېرىڭ بىلەن نېمىشقا ئاجراشمايسەن؟! — دېدى گۈلگىنە ھېچ چۆچىمەي، ئالدىن تۇرۇپلا ھېجىيىپ كەتتى — تارتىشىدىغان بىرەر يېرى بار دېگىنە-ھە، راستىڭنى دېمەيۋاتىسەن...

— ۋاي، مەن ئۇ مازنىڭ نىمىسىنى ئارزۇلايتتىم؟! — دېدى سانىيە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.
— چوقۇم بىر سەۋەب بار — دېدى گۈلگىنە كۆزلىرىنى ھەييارلىق بىلەن ئويىنىتىپ — ئېرىڭ سىنى بەك رازى قىلىۋەتكەندۇ ھەقىچان، ھە دېگىنە، يالغان دەپ باقە قېنى؟!
— رازى قىلىدۇ؟! ۋاي قوۋۇرغام، نىمىلەرنى دەيدىغانسەن، رازى قىلالىمىسمۇ مەيلىغۇ، ئۆلگۈدەك بىزار قىلىدۇ ئادەمنى!
— ئاخشىمى ئۇنداق قىلمايدىغاندۇ؟!
— ئاخشىمى مەست كىرىپ ماڭا چىقىلىدۇ، دەككىسىنى تازا بېرىمەن، تېخى مۇشۇ كەمگىچە مېنى ھېچنېمە قىلالمىدى...
— ۋاي ماڭغىنا، بۇ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟!
— ئىشەنمىسەڭ مەيلى.
— ئېرىڭ بىلەن ھېچقانداق ئىش بولمىدىما؟
— دېسەم ئىشەنمەيسەن، ئۇ ماز بىلەن ھېچ ئىش بولمىدى، نېمە ئىش بولماقچى؟ توي ئاخشىمى كۆزۈمگە بىر سەت كۆرۈنۈپتى، شۇندىن بۇيان يېقىن يولاتمىدىم — دېدى سانىيە گۈلگىنەنىڭ چەكچىيىپ قالغان كۆزىگە تىكىلىپ. گۈلگىنە ئۇنىڭ كۆزىدىن، بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نىمىسى بار دېگەن مەنىنى چۈشەندى.
— توۋا، قانداق قىلىپ ئۇنداق بولىدۇ؟
— بۇنىڭغا ھەيران قالما، مېنىڭ مىجەزىم شۇنداق، بىر ئىش كۆڭلۈمگە ياقمىسا ئۇرۇمنى ھەرگىز زورلىمايمەن. ئۇنداق قىلماي دەپ باقتىم، لېكىن كۆزۈمگە بارغانچە سەت كۆرۈنۈپ كەتتى ئۇ ماز...
— ئېرىڭگە ئۆچ بولۇپ كېتىپسەن-دە، ئەرگە تەگكەندە قاراپ تەگكۈلۈك، بولمىسا ئاشۇنداق چاتىقى چىقىدۇ، لېكىن سەندىمۇ ئامال يوق-تە، ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلمىگەندىكىن... — دېدى گۈلگىنە كۈلۈپ، سانىيە كۈلەلمىدى، ئانىسىنى ئويلىدى.
— ئانام زورلاپ بولمامدۇ؟ — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن،

— ئەسلىي ئۇ ماز بۇرۇن بىر خوتۇن ئاپتىكەن، بالا ئاپالماي قويۇۋېتىپتىكەن...

— بەزىدە شۇ چوڭلار بەختىمىزگە ئولتۇرۇپ قويىدۇ، مەن نېمىلا بولسۇن ئۆزۈم خالىغىنىمغا تېگىۋاپتىكەنمەن...

— ئانام باشتا ئۆزى زورلاپ، ئەمدى ئاجراش دەپ، ئادەمنى پەقەت ئۆز ئىختىيارىغا قويمايدۇ، شۇڭا سوقۇشۇپ قالدۇق...

— بوپتۇ ئاداش، بىزنىڭ ئۆيدە تۇر، ئۆيىمىز بەك كەڭ بولمىسىمۇ كۆڭلىمىز كەڭ.

— رەھمەت ئاداش، سەن بولمىغان بولساڭ نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇشۇمنى، كىمگە دەرد تۆكۈشۈمنى ئۇقمايتتىم...

— بولدى ئاداش، كۆڭۈلنى يېرىم قىلماي، باشقا پاراڭلارنى قىلىشلى! سەن ماڭا تېخى ئېرىڭنىڭ ئىشىنى دەپ بەرمىدىڭ!

— شۇ مازنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى ئاداش...

— دېگىنە، ئۇنىڭ ئاشنىسى بارمىكەن ياكى ئۆزىدە بىرەر ئەيىبى بارمىكەن؟

— دەسلەپتە ئۇنىڭ ئاشنىسى بارمىكىن دەپ گۇمان قىلغانىدىم، ئەر خەق دېگەن نېمىگە زادى ئىشەنگىلى بولمايدۇ-چۇ!

— قانداق، ئاشنىسى بارمىكەن؟

— يوق ئوخشايدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ ئۇنىڭغىمۇ ئىشەنمىدىم.

— قارىغاندا ئېرىڭنىڭ راستىنلا مىجەزى بوشكەن-دە!

— ئەجەب قىلىن بوپ كېتىپسەن، — دېدى سانىيە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — سەنغۇ ئۇ ئىشلارنى ھەقىچان چۈشىنىپ بولدۇڭ.

— چۈشىنىپ بولماي! قارا سېنىڭ نومۇسچانلىقىڭغا، تېخى ئەرگە تەگمىگەندەك تۇرىسەن، ساڭا راست ھېچ ئىش بولمىدىما؟ سەن تېخى قىزما؟



ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— قىز دېسەم ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ...

— تووۋا، قىزنىڭ ئىشقۇ بۇ!... — گۈلگىنە بىر دەم سانىيەگە ھەيرانلىقتا قارىسا، بىر دەم پىخىلداپ كۈلەتتى.

— بۇ گەپنى ساڭىلا دەۋاتىمەن ئاداش، خەقنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ قالمىسۇن.

— ئەنسىرىمە، مېنىڭدىن باشقىسى بۇ گەپكە ئىشەنمەيدۇ. سەن ھازىر قىز بولساڭ ئەمىسە نېمىشقا ئاجراشمايسەن؟ ئېرىمنىڭ ھەققى قالدى دەپ ئويلامسەن يا؟

— ياقەي، ئۇ لاتا ھەممىنى ئۆزىدىن كۆرسۇن!

— ئېرىڭنى داۋاملىق قىيناپ ساراڭ قىلاي دەمسەن يا؟

— ياقەي، ئۇنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟

— ئەمىسە نېمىگە تارتىنىسەن؟

— مەن نېمىگە تارتىنىشاتتىم، ئۇنىڭ خورلۇقى ئىچىمگە ئۆتۈپ كەتتى، مېنى ئۇرىۋېلىپلا قويۇۋېتىدىغان ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، مەن ئۇنىڭ ئىت-كۈچۈكى ئەمەس...

— ئۆچۈڭنى ئالماي قويمايدىكەنسەن-دە، بىراق بۇنىڭ ساڭا قىلچە پايدىسى يوق، قىز چېغىڭدا ئىسسىقىدىلا بىر نوچى ئەرگە تېگىۋالمامسەن؟

— كېيىن بىر گەپ بولار، ئەر دېگەنگە ھازىر ھۆ بولۇپ كەتتىم.

— ئۇنداق دەپ كەتمە، سەن تېخى نوچى ئەرنىڭ تەمىنى تېتىمىدىڭ، تووۋا، شۇنچە ئارىلىشىپ سېنى ھېچ بىلمەي يۈرۈپتىمىنا؟! يا ماڭا بۇرۇنراق دېمىدىڭ بۇ گەپلىرىڭنى...

— ئىشتاندىن چىققان گەپنىڭ ھەممىنى ئەمدى دەپ يۈرگىلى بولمايدۇ ئاداش، قىز بولسام نېمە بوپتۇ، چوكان بولسام نېمە بوپتۇ، ئۆزۈمنى قىز دەپ قويسام ئىچىڭگە ئوت كەتتىمۇ نېمە!؟

— ھەي... يىگىت بولۇپ قالغان بولسام سېنى كەلتۈرۈپ، خوتۇنلۇققا ئالاتتىمكەن!

ــ بولدى قىلە ئاداش، سۆزلىگەنچە لاۋزىلىشىپ قالىدىغان ئوخشايمىز.

ــ بۇنىڭ لاۋزىلىشىپ قالىدىغان نېمىسى بار، مۇھەببەت دېگەننى چۈشەنمەمسەن؟!

ــ ۋاي قويە، بۇنداق گەپنى ئاڭلىساملا غىجىقىم كېلىدۇ.

ــ قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق دېگىنە!؟

ــ سەندەك يېيەلمىگەن، سەن بەك تېتىپ بېقىپتىكەنسەن-دە! ــ دېدى سانىيە چىرايىنى كۈلكىگە زورلاپ، ئەگەر ئۇ گۈلگىنەنىڭ ئۆيىدە بولماي باشقا بىر يەردە بولغان بولسا ئۇنى چوقۇم زەھەردەك گەپ بىلەن چېقىۋالغان ياكى قاتتىق گەپ بىلەن سىلكىۋەتكەن بولاتتى.

ــ تېتىماتتىكى، باشقا جەھەتتە قارا قورساق بولساقمۇ لېكىن بۇنىڭغا كەلگەندە كاللىمىز ئوچۇق. ساڭا دېسەم ئاداش، سەن ھازىرغىچە قىز بولغاندىكىن بىرەرسىنى تېپىپ مۇھەببەتلىشىپ قوي، مېنىڭ سېنىڭدەك چىرايىم بولىدىغان بولسا ئۇنداق ئەر دېگەننى پۇتۇمغا پايتىما قىلاتتىم، تاياق يەپ يۈزۈمنى كۆكەرتىپ يۈرگىچە يۈز-كۆزۈمنى بوياپ، چاچنى قويۇۋېتىپ، پۈزۈر ياسىنىپ يۈرەتتىم؛ سورۇنلارغا بېرىپ، خەقنىڭ پاراڭلىرىغا قېتىلىپ، ئۇسسۇل-تانسا ئويناپ خەقلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتىم! ئېرىڭدىن ئاجراشماي ئۆچ ئالىمەن دەيسەنغۇ، ئەردىن ئۆچ ئېلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولىدۇ، بۇنىمۇ بىلىپ قوي. سەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۆچ ئالىمەن دەيسەن، قېنى قانداق قىلالايسەن دەپ باقە؟ يەنە تاياق يەيسەن شۇ، ئەر خەق دېگەن بىر ئۇرۇۋالدىمۇ، بولدى يەنە ئۇرسا ئۇرىدۇكى، سېنىڭدىن تاياق يېمەيدۇ...

ــ سەنمۇ شۇنى دەيسەن، لېكىن ئۇ مېنى ئۇرىۋېلىپلا قويۇۋېتەمدىكەن؟ مەن ئۇنىڭ خالىسا خوتۇن قىلىپ، كاللامغا قۇسۇپ، خالىمسا ئۇرۇپ، خېتىمنى بېرىۋېتىدىغان بىر

ئويۇنچۇقمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىدىغان ھېساب-كىتاب تېخى تۈگىمىدى، مەن ئۇنداق ئاسان بولدى قىلمايمەن!

— ئۇنىڭدىن ئالىدىغان پۇلۇڭ بارمۇ يا قېپقالغان باشقا نېمەڭ بارمۇ؟

— ئۇ مازدا پۇل نېمىش قىلسۇن، ھەممىنى ئانىسى جەددال بېسىپ ياتىدۇ!

— تويلۇق نەرسىلىرىڭچۇ؟

— ئۆي كۆچكەندە ئانامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان.

— ئەمىسە ئاجرىشىپ كەتسەڭ بولىدىكەنغۇ؟! ئۆزۈڭ دېگەنتىڭ، ئۇ ساڭا خېلى كۆپ تويلۇق ئاپتىكەن، شۇنچە چىقىم تارتقىنىغا يارىشا سېنى ھېچنېمە قىلالماپتۇ، ئەمدى ئاجرىشىپ كەتسەڭ بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم بولىدۇ، سەنمۇ ئۆچۈڭنى ئېلىۋالغاندەك بولمامسەن؟!

— زىبۇ-زىننەتلەرنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويغان بىلەن بەزى نەرسىلىرىم يەنە شۇلارنىڭ ئۆيىدە، ئۆيگە ماڭغاندا ھەممىنى كۆتۈرۈپلا ماڭغىلى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باھارخانمۇ بوش خوتۇن ئەمەس.

— كىيىم دەيسەن، زەنجىر-ھالقا دەيسەن، ئۇنى دەيسەن، بۇنى دەيسەن، مۇھىمى سېنىڭ مۇشۇ بىر كېلىدىغان ياشلىقىڭ، — دېدى گۈلگىنە كەسكىنلىك بىلەن، — مەيلى قىز بولايلى، چوكان بولايلى، بۇ ياشلىق بىزگە بىر كېلىدۇ، مۇشۇنداق پەيزى ۋاقتىمىزدا كۈلۈپ-ئوينىۋالمىساق قاچان ئوينايمىز؟ مۇشۇنداق چاغدا خالىغىنىمىزنى قىلىۋالمىساق قاچان قىلىمىز؟ بىر كۈنلەردە قېرىپ سولۇشۇپ، خام قاپاقتەك ساڭگىلاپ قالغان چېغىمىزدا بىزگە ھېچكىم قارىمايدۇ، ئەر خەق ئالدىدا چوڭ گەپ قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. ئەينەككە قاراپ ئىچىمىز پۇشۇپ، ھەي ئىست دەپ ئۆز گۆشىمىزنى ئۆزىمىز يېگۈدەك بولۇپ ئولتۇرىمىز...

— كىمنىڭ شۇنداق ئويناپ يۈرگۈسى يوق، — دېدى سانىيە

www.uyghurkitap.com

بۇ گەپلەردىن تەسىرلىنىپ، ــ شۇنىڭغا پۇل بولسا بولىدۇ دېنىم ئادىشىم. مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. باشتا چوڭ بىلىپ ئانامنىــــڭ زورى بىلەن تېگىپتىكەنمەن، مانا ئەمدى ئۆرخەقىنىڭ سۆڭگۈچى ئاپتاپتا قالدى، باھارخان ھەممىنى بېسىپ ياتتى، ئۇ خوتۇن بەك پىخسىق ھەم قاقۋاش. ئابدۇباقى ئۆتۈپ كەتكەن بىر لاتا، ئانىسىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن ھەرگىز چىقالمايدۇ. بۇرۇنقى جايىنى ھۆكۈمەت جايلاپ كەتتى، ئــۇ خوتۇن ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىپ زېمىن ســـاتقان 40 مىڭ كوي پۇلنى تىقىۋېلىپ جاھان مېنىــــڭ دەپ يۈرۈيدۇ، ئەتە-ئۆگۈن ئۇ پۇلنىمۇ بىر نېمە قىلىپ تۈگەتسە نېمىسىگە چوڭچىلىق قىلىدىكىن!...

ــ باھارخان باشتىلا شــۇ يەرگە ھۆكۈمەت چاقالمىغۇدەك قىلىپ كاتتا دۇكانلارنى سېلىۋالماپتىكەن، كاللىسى ئىشلىمگەن گەپ-تە!؟

ــ ئۇ دۆت خوتۇن ئۆزىنى قورقۇتۇپ، سىقىپ يالاپ ئولتۇرغان گەپ، مانا ئەمدى خوپ بولدى، ھەممىسى يوق بولدى!

ــ ئەسلىي شــۇ ئۆيدىن چىقماي يېتىۋالغۇلۇق، يا بولمىسا جۇڭگوياڭغىچە ئەرز قىلغۇلۇق، مەشــەدىكى قايسىبىر ھاجى خېنىم شــۇنداق قىلىپ ئاقتۇرۇپتىكەن، باھارخانمۇ شــۇنداق قىلســـا بولاتتى.

ــ ئۇ خوتۇننىڭ ئېغىزىدا بەش پاتمان گېپى بولغان بىلەن قولىدىن يوق كەلمەيدۇ، بــۇرۇن "ھۆكۈمەت بۇ ئۆيىنى چاقىمىز دېسە بۇ يەردىن ئۆلۈكۈم چىقسا چىقىدۇكى تىرىكىم چىقمايدۇ" دەپ كوتۇلداپ يۈرەتتى، ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى كېلىشى بىلەنلا يۇمشــاپ كەتتى. ھۆكۈمەت "بالىڭىزنى ئىشــقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمىــز، قىزىڭىزغا خىزمــەت تېپىپ بېرىمىـــز" دەپ كېيىن ھېچنېمىسىگە ئىگە بولمىدى، ئابدۇباقى دېگەن لاتىغا ھۆكۈمەت ھاجەتخانىسىدىن ئىش تېپىلسا چوڭ گەپ، گۈلەمبەرخان تېخى يوق خىزمەتنى ياراتماي "ئىشلىمەيمەن، داشۆگە بارىمەن" دەپ

106

يۇرۇيدۇ، پوچىلىقى ئۇ بىر نېمىلىنىڭ تېخى ھالىغا باقماي...

— قېيناناڭنىڭ كاللىسى ئىشلىسە شۇ پۇلنى ۋاقتىدا دەسمىي سېلىۋالسا بولىدۇ.

— ئۇ خوتۇن شۇ پۇلنى ئۆلگىچە بېسىپ ياتسا ياتىدۇكى بىر ئىش قىلاي دېمەيدۇ.

— مەن تېخى قېيناناڭنى سودىغا خېلى پىششىق ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، بۇرۇنقى دۇكانلىرىنى ئىجارىگە بېرىپ تاپقان پۇلىمۇ خېلى بارغۇ دەيمەن؟!

— ئۇ دۇكانلارنى باھارخان سالمىغان، خەق ئۆزى سالغان. ئۇنچىلىك ئىش ئۇ خوتۇننىڭ كاللىسىغا كەلسە بۇ كۈنگە قالامدۇ، ھەي، قويغىن جۇمۇ ئۇ دۆت خوتۇننى! بىر ئىش قىلاي دەيدۇ، قىلمايدۇ، بىر موچەنلىك نەرسە ئېلىپ پايدىسىنى كۆرۈپ بولغىچە شۇ پۇلدىن قۇرۇق قېلىشىدىن قورقىدۇ. ئۆيىنى سېتىپ ئاخىر ئۆزىنىمۇ ساتتى، بالىلىرىنىمۇ ساتتى...

— ئەجەب بىر گەپلەرنى قىلىپ كەتتىڭ ئاداش، قېيناناڭغا بەكلا ئاچچىقىڭ بار ئوخشىمامدۇ!

— ۋايىيەي، نېمە قىلسا ئۆزىگە، مېنىڭ نېمە كارىم، لېكىن ئۇ كالۋا خوتۇننىڭ قىلغانلىرىنى ئويلىساملا ئىچىم ئاچچىق بولىدۇ. ئىلگىرى بەك ئىشىنىپ كېتىپتىكەنمەن. مەن زادى ئەردىن تەلىيىم چىقمىغان شور پېشانە، ئانام قاراپ تۇرۇپ بەختىمگە ئولتۇردى...

— دېدى سانىيە ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، مەن تېخى قىز دەپ ئولتۇرە! — دېدى گۈلگىنە كۈلۈپ، — ياخشى كۈنلىرىڭ تېخى ئالدىڭدا!

سانىيە مەسخىرىلىك كۈلدى ۋە ئۆز گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— قېينانام سارالڭ جادى، ئېرىم بىر ماز ھاراقكەش، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قېلىپ يېگىنىم تاياق، ماڭىمۇ ئاز، نېمە دەپ بۇرۇن ئۆزۈمگە ئىگە بولالمىغاندىمەن؟

ــ ئەمدى ئاجرىشىپ كەتسەكمۇ بولىدىغۇ؟ ئەمدى ئۆزۈڭگە ئىگە بولىدىغان ۋاقىت كەلدىغۇ مانا؟!

ــ ئاجرىشىشقا ئالدىرىمايمەن، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى ئىچىمگە بەك ئۆتۈپ كەتتى، مۇشۇنداقلا بولدى قىلمايمەن؛ ھەم ئالدىراپ ئەرگــە تەگمەيمەن، ئېرىم، قېينانام دېگەن گەپنى ئاڭلىســاملا جۇدۇنۇم ئۆرلەپ قالىدۇ. گېپىمنـــى ئاڭلىمىدى دەپ خاپا بولما ئاداش، ئەمدى ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايمەن، ئۆزۈم بىلگەن يولدا ماڭىمەن، نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىمەن...

سانىيە شۇ ئاخشـــىمى گۈلگىنەنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى، ئۇلار خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە پاراڭ سېلىشـــىپ ئۇخلىمىدى. بىر چاغدا گۈلگىنەنىڭ ئېرى كەلدى، گۈلگىنە سانىيەنى مېھمانخانىدا قالدۇرۇپ قويۇپ، ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

ــ ھېرىپ كەتكەنســىز، ئوبــدان ئۇخلىۋېلىڭ، ــ دېدى گۈلگىنە ئېرىنىڭ بېشىنى سىلاپ.

ــ ئۆيگە بىر كىم كەلدىما؟

ــ سانىيەم كەپتىكەن...

ــ ئەجەب بۇ ئۆيدە قونۇپ قاپتىغۇ؟

ــ بوشــراق گەپ قىلىڭ، بىچارىنىڭ كۆڭلى تەسلىشـــىپ قاپتۇ. ئېرى ئۇرۇپتىكەن، ئانىســىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ ئانىســى بىلەن سوقۇشۇپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. كوچىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق، قارىسام بارىدىغان يېرىنىڭ تايىنى يوق، ئۆيگە باشلاپ كەلدىم.

ــ قانداق چوكان ئۇ ھەممىدىن يامانلايدىغان...

ــ ھەي ئۇنى چوكان دېمەڭ، ئۇ تېخى قىزكەن جۇمۇ!؟

ــ ۋاي ماڭغىنە، يوق گەپنى قىلماي!

ــ ئىشەنمىسىڭىز مەيلى، راست گەپ ماۋۇ...

ــ ئادەمنىڭ كۆلگىسىنى كەلتۈرمە...

ــ سانىيە ئۆز ئاغزى بىلەن ماڭا دېگەن تۇرسا؟!



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— خوتۇن خەقنىڭ گېپىگە خوتۇن خەقلا ئىشىنىدۇ.
— تاڭ ئەمدى، ئۆزى شۇنداق دېدى...
— قىزلىقىنى تەكشۈرۈپ باقتىڭما؟
گۈلگىنە ئېرىنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسىدىن ھودۇقۇپ، بۇ گەپنى ئالدىراپ دەپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلدى.
— بولدى، بۇ گەپنى سىزگە دېمىگەن بولاي.
لېكىن ئېرى ئۇنىڭغا كىرىشىپلىۋالدى:
— ئۇنىڭ ئېرى نېمە ئىش قىپتۇ؟
— تاڭ، نېمە ئىش قىلغانكىن! — دېدى گۈلگىنە ئېرىگە تەتۈر قاراپ يېتىپ — بىر گەپ قىلىپ قويسام بالاغا قالدىمۇ نېمە...
— سەنچە مەن قانداق؟
— ئۇقمايمەن...
— ئۇقمايمەن دېگىنىنى، ماڭا قارىغىنە ھېي يۈزسىز...
گۈلگىنە خوتۇنلۇق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقان، ئۆيدە مېھمان بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ خۇدىنى يوقاتقان پەيتتە سانىيە مېھمانخانا ئۆيدە ئۇخلىيالماي تولغىنىپ، بۇرگە چېقىۋاتقان بەدىنىنى قاشلاپ ياتاتتى.
ئەر-خوتۇنچىلىق خىياللىرى سانىيەنى توختىماي بىئارام قىلاتتى، تام نۇرغۇن نەرسىلەرنى توسۇۋالسىمۇ ئوي-خىيالنى توسالمايتتى... بىر چاغدا گۈلگىنەنىڭ تاتلىق كۈلكىسى ئاڭلاندى، سانىيەنىڭ قۇلىقى دىڭ تۇرۇپ كەتتى، بەدىنى ئىختىيارسىز قىزىشقا باشلىدى.
ئۇلار بىر پەس جىددىي ھاياجانلىنىشتىن كېيىن پەسكويغا چۈشتى.
— توي قىلغىلىمۇ بىر يىلدىن ئاشتى، — دېدى گۈلگىنەنىڭ ئېرى كۇسارچان قوپۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، — بۇ قورسىقىڭ ھېچ يوغىنايمۇ دېمەيدا؟!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— يوغىناپ قالار، خۇدايىم بۇيرۇسا بالىمىزمۇ بولۇپ قالار،
— دېدى گۈلگىنە ئىشەنچ بىلەن.
— لەگپۇگنى ئازراق يېسەڭ بولاتتى سەن، ئاچچىقسۇ، لازا دېگەن نېمىلەرگە ئامراق بولۇپ كېتىۋاتىسەن، زىيان قىلىدۇ دېسە ئۇنىمايسەن، بىلىپ تۇرۇپ يەيسەن، داپەنجىگە ئاندىن ئامراقلىقىڭ، كىمنىڭ جوزىسىدا بولسا بىرىپلا يېگۈڭ كېلىدۇ، ئۇششاق-چۈششەك نېمىنى تولا يەپمۇ سەمرىپ كېتىۋاتىسەن، ئاچچىق-چۈچۈك نېمىدىن ئەمدى نەپسىڭنى يىغساڭ بولارمىكىن!
— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، دوستلىرىممۇ لەگپۇڭ يەيدۇ، لازا-ئاچچىقسۇدىن قالمايدۇ، يەنە تېخى شۇنىڭغا سېزىك بولۇپ بالا تۇغۇۋەردىغۇ؟!
— ئەمىسە سەن نېمىشقا تۇغمايسەن؟
— ۋاي تاگەي، خۇدايىم بۇيرۇمىسا بىكار...
— گەپ شۇنىڭ بىلەن تۈگەمدۇ! ئاغىنە گۈيلار تولا گەپ قىلىپ ئىچىمنى پۇشاردى! بىر ئامالىنى قىلساڭ بولمامدۇ؟
— مەن قانداق ئامالىنى قىلىمەن، بۇ يالغۇز مېنىڭ ئىشىملا ئەمەس، ئىككىمىزنىڭ ئىشى...
— بالا تۇغۇش دېگەن خوتۇن خەقنىڭ ئىشى تۇرسا!
— سەۋەب مەندىلا ئەمەسمىكىن، ئەرلەرمۇ بەزىدە تۇغماس چىقىدىكەنغۇ؟!
— ماگە ھەي كالۋا، تۈزۈك گەپ قىلە!
— سىز ئاڭلىمىغانمۇ؟ بەزى ئەرلەرنىڭ ئۇرۇقى پۇچەك چىقىمىش...
— يوق گەپنى تاپمىغىنە، سەن مەندە مەسىلە بار دېمەكچىما؟ تۇغماس ئۆزۈڭ تۇرۇپ مەندىن گۇمان قىلىۋاتامسىنا؟
— بوشراق گەپ قىلىڭ، ئۆيدە ئادەم بار، — دېدى گۈلگىنە جىددىيلىشىپ، — مەن تۇغماس، مەندە مەسىلە بار، بولدىمۇ، ئەمدى جىم يېتىپ ئۇخلاڭ...

— مۇشۇ كۈندە خوتۇن خەققە نېمە بولغاندۇ دەيمەن، بىر ساراڭ ئادىشىنىڭ كېلىپ ئۆزىنى قىز دەپ يۈرسە، سەن ساراڭ قوپۇپ ئەرلەر تۇغماس چىقىدۇ دەپ يۈرسەڭ، ئەتە-ئۆگۈن يەنە نېمە دەپ چىقارسەن سەن جىن تەگكەن ساراڭلار...

— بوش گەپ قىلىڭ دەيمەن، مېھمان كەلسىلا ھەددىڭىزدىن ئاشىدىغان بىر خۇيىڭىز بار سىزنىڭ كىچىك بالىدەك...

— قويە ئۇنداق ساراڭ ئاداشلىرىڭنى، ئۆزى كەلگەن يارەي، ئۆزى كەتكەن يارەي...

سانىيەگە بۇ كېچە ئۇيقۇ ھارام بولدى، كۆڭلىگە كەلمىگەن خىياللار كەلدى، بەختسىزلىكنىڭ ھەممىسىنى ئابدۇباقىدىن كۆرۈپ ئۇنى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى، قارغىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتنۈپىرىشىنىڭ يەنىلا بىر كېلىشمەسلىك ۋە بەختسىزلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپمۇ قالدى، "ئاجرىشىپ كەتسەم بولغۇدەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — كۈنۈم ئاشۇ ماز بىلەن ئۆتسىمۇ ئۆتىدۇ، يالغۇز ئۆتسەممۇ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدا سىقىلىپ يۈرگەندىن يالغۇز ئۆتسەم ياخشى ئەمەسمۇ؟ ساراڭمۇ مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى قويدەك باغلاپ قويۇپ!؟ يامانلاپ ئۆيۈمدە ياتقاندىن ئاجرىشىپلا ئەركىن يۈرسەم، كوچىلارغا چىقسام، كىيىمنى چىرايلىق كىيسەم، چىرايىمنىڭ ھېچكىمدىن قالغۇچىلىكى يوق بولغاندىكىن بىرەرسىنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالسام، ياخشىراق بىر ئەردىن تەلىيىم چىقىپ قالامدۇ تېخى! ھەر قانچە بىر يامان ئەرگە يولۇقتۇم دېگەندىمۇ ئىشقىلىپ ئابدۇباقىدىن ياخشىدۇ، بىر يەرلىرى ئابدۇباقىنى بېسىپ چۈشىدىغاندۇ! ئۆچۈمنى ئالىمەن دەپ يەنە شۇ ماز بىلەن تەڭ بولۇپ بېشىمنى ئاغرىتىپ يۈرىمەنمۇ؟ ئۇ مېنى بىر قېتىم ئۇرۇۋالدىمۇ، بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ، شۇ چاغدا ئەجەب كۈچۈم يەتمەپتىكەن ئۇ لاتىغا، تومۇرۇمنى ئەجەب تۇتۇۋالدى-دە! ئايال خەق راست ئاجىزمىدۇ؟ نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ ئۇ چىدىماس لاتىدىن ئەنتىمنى ئېلىشىم

www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئاسانغا چۈشمەيدۇ، جېنىمنى ئۈپراتقىنىملا قالىدۇ. راست، نېمە كەپتۇ ئۇنداق قىلىپ، ئاشۇنداق بىر چۈپرەندىكە تەڭ بولۇپ گۈلدەك ياشلىق باھارىمنى ئۆتكۈزۈۋېتىمەنمۇ؟ مەنمۇ باشقا قىز-چوكانلاردەك ئويناپ كۈلسەم نېمىشقا بولمايدىكەن؟ پۇل دېگەننى ئەر خەق خەجلەيدۇ. بىرەرسىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، كۆڭلىنى ئۇتۇۋالساقلا بولدى، ئېپى كېلىپ قالسا نوچىراق بىرەرسىگە ئۇچراپ قالىدىغان گەپ، مېنى جۇۋان دەپ ئالغان بىلەن توي كېچىسى قىز چىقىپ قالسام، كۆرۈڭ، ئۇچاغدا قەدرىم ئۆتۈلمەمدۇ مېنىڭ، مېنى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئېلىپ ھېچنېمە قىلالمىغان ئۇ مازىنىڭ قولىدىن چىقىپ، باشقا ئەرنىڭ قولىغا ئۆتسەم ئەلۋەتتە ئەتىۋارلىنىمەن-دە! ئۇ مازىنىڭ ئۇۋالى ئۆزىگە، ئاجرىشىپ كەتسەم ئۇنىڭغا بىر ئەلەم بولىدۇ-دە! ئۆتكەندە ئاجرىشىپ كېتەيلى دەپ يۈرەتتى، ئاغزىدا دەپ قويغىنى بىلەن كۆڭلىدە مېنى قولدىن چىقىرىپ قويغۇسى يوق، قىزلىقىمنى ئالسام دەيدۇ، ئەمدى ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، قانچە كېچە بىكار ئۆتتى، مازلىشىپ ھېچ ئىشنى قاملاشتۇرالمىدى، شۇ ئىشتىن باشقا ۋاقىتتا مەن بىلەن كارى بولمىدى، خوتۇنۇم بار دەپ ئويلىمىدى، ئويلىسا پەقەت شۇ ئىشنىلا ئويلىدى، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا گۆش تاغىرىمىدىم؟ مەندىمۇ ھېسسىيات دېگەن نەرسە بار، ئۇ مېنى سۆيۈندۈرگىدەك بىرەر ئىش قىلىپ باقتىمۇ؟! يا خوتۇنىنى ئويناپ كۈلدۈرەلمەيدۇ، يا بىرەر ئوقەت قىلىپ جېنىنى گۈلدەك باقالمايدۇ، ئۇنىڭ تۇرقىلا بىر ئادەم، تۇرقىلا بىر ئەر، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاللىقاچان كېرەكتىن چىققان بىر لاتا! ئۇنى تاشلاپ كەتسەم، ئۇنى تازا داغدا قويسامالا بولىدىغۇ! ئاندىن ئەر دېسە ئەر دېگۈچىلىكى بار بىرسىنىڭ يېنىدا مېڭىپ كوچىدا يۈرسەم، ئۇ چۈپرەندە ئالدىمغا ئۇچراپ قالسا چىرايلىرى ئۆڭۈپ، ئىچىدىن قان كېتەر ئىلاھىم!!!...» سانىيە ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ چىقتى، ئاخىر ئابدۇباقىدىن ئادا-جۇدا بولۇپ باشقىچە ياشاپ بېقىش ئىرادىسىگە كەلدى.

## 5

ئەتىسى سانىيە گۈلگىنەگە ھەمراھ بولۇپ كوچا ئايلاندى، كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قالدى، ھەممە نەرسىگە ھېرىسمەنلىك، قىزىققانلىق بىلەن قاراپ چىقتى. كوچىدا ئادەمنى باشقىچە بىر ياشاپ بېقىشقا، ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ياشاشقا قىزىقتۇرىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى!

ماددىي دۇنيا ئادەملەرنى ئابرۇي ۋە بەخت ئۈستىدە ئۆز ئارا رىقابەتلىشىشكە سالىدۇ، ئەرلەر ئاساسەن ھەممىدىن نوچىراق بولۇۋېلىپ، چوڭ-چوڭ ئىشلار، خىزمەتلەر ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە جانبازلىق قىلىشىدۇ، ئاياللارمۇ بوش كەلمەي، ئۇلارغا ۋەسۋەسىلىك ئىلھاملارنى بېرىپ تۇرىدۇ. سانىيە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا، قەدىرسىز بولۇپ قېلىشىغا ئاسان تەن بەرمەيتتى، بولۇپمۇ بۇنداق ياشلىقىدا، "قىزلىقى"دا تېخىمۇ تەن بەرمەيتتى، قېرىغاندا تەن بەرسىمۇ ئۇ چاغدا مەيلى، ئۇ چاغدا ئەرلەرنى قىزىقتۇرغىدەك ھېچنېمىسى قالمايدۇ...

— ئاۋۇ ئادەم ئەجەب مولۇندەك قاراپ كەتتى، — دېدى سانىيە تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ.

— كۆزى چۈشۈپ قارىغاندۇ ئاداش! خۇش بولۇڭلا قارىغانغا.

— سېنىڭچە مەن قانداقراق؟

گۈلگىنە سانىيەگە ئېتىلىك قاراپ، ئۇنىڭ چىرايىدىكى سۇس كۈلكە ۋە نازاكەتتىن ھەيرەتتە قالدى:

— ۋاي سەن دېگەن ئۇنداق-مۇنداق قىزلاردىن ئەمەس دەيمەن ئاداش، ئەينەككىمۇ كۆندە نەچچە رەت قارايسەن، يەنە ئۆزۈڭگە ئىشەنمەمسەن؟

— ئۆزۈم چىرايلىق دەۋالغىنىم بىلەن خەق دېمىسە بىكار-دە!

كىتاب تورى ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يىگانە تورى www.uyghurkitap.com

— خەقمۇ دەيدۇ، دەيدىغانلار چىقىدۇ، ئەر خەق چىرايلىقلارغا ئامراق، يول تاپقاندا، پۇل تاپقاندا ئاۋۋال چىرايلىقنى ئويلايدۇ، چىرايلىقنى قوغلايدۇ، قاراپ تۇر، سەنمۇ ئۇلارنى سوكۇلدىتىدىغان بولىسەن!

— مۇشۇ تاپتا ئۆزۈمنى بازارغا سېلىپ يۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن! — دېدى سانىيە ئىككى يېنىغا بىر قارىۋېتىپ، — مۇشۇ كۆڭلىدە خەقلەر گەپ تېپىشقا بەك ئۇستا، ھازىرلا بىر كىم مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىۋاتامدىكىن دەيمەن، قۇلىقىم قىزىپ كېتىۋاتىدۇ...

— خەقنىڭ گېپىدىن قورقساڭ ئۆيۈڭدىن چىقماي ئولتۇرساڭ بولىدۇ، خەق سېنى سېستىسالا دەيدۇ!

— راست دەيسەن، توي قىلماستا ئۇنى دېگەن، بۇنى دېگەن، ئەرگە تەگكەندىن كېيىنمۇ گەپ تۇگىمىگەن، ئاجرىشىپ كەتسە تېخى ئۇ سۆز-چۆچەكنىڭ يامانلىقى!...

— شۇڭا دەيمەن، خەق ھازىر قوڭىغا ئۇرۇپلا گەپ تاپىدۇ، ھازىر خوتۇن خەقتىن ئېشىپ ئەر خەقمۇ غەيۋەتخور بولۇپ كېتىپتۇ جۇمۇ!

— شۇ ئەمەسمۇ، ئەر خەق ناچارلىشىپ كەتتى!

— بۇنداقمۇ دەپ كەتمەيلى، — دېدى گۈلگىنە ئاخشامقى ئىشلىرىنى يادىغا ئېلىپ ئېرىنى ئاقلاۋاتقاندەك، — ئەر خەق بولمىسىمۇ بۇ تۇرمۇشنىڭ مەززىسى بولمايدۇ، ھەممە ئەر سېنىڭ ئېرىڭدەكلا ناچار بولۇپ كەتمەيدۇ، ياخشى ئەرلەرمۇ بار، ئارىلىشىپ باقساڭ بىلىسەن!...

— ھەي تاڭ جۇمۇ، ئۇ ماز مېنى ھەممە ئەر خەققە ئۆچ قىلىۋەتتى!

— ئاۋۋال ئېرىڭدىن بىر ئاجرىشە، ئاندىن نوچى ئەردىن بىرنى تاپمىغىنىڭنى كۆرەي، ھەممە ئىش ئۆزۈڭگە باغلىق!

— تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدىم... — دېدى سانىيە ئېغىر

تىنىپ، ــ شۇنداق قىلمىسام بولمىغۇدەك.
ــ مانــا ئەمدى ئەقلىڭنى تېپىپســەن! ــ دېدى گۈلگىنە خۇشــال بولۇپ، ــ نېمە قىلىســەن ئۇنداق جاپا تارتىپ، مانا ئەمدى ســورۇنلارغا بىللە بارساق بولىدۇ، ســەندەك چىرايلىق چوكان، يــاق، چىرايلىق قىــز ھەر قانداق ســورۇننىڭ گۈلى بولالايدۇ، ساڭا كۆزى چۈشىدىغانلار چىقىدۇ، تانسا ئوينايسەن، كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالىدۇ. بۈگۈن كەچتە تېخى يولدىشىمنىڭ بىر ئاغىنىسىنىڭ بالىسىنىڭ بۆشۈك تويى بولماقچى، بىللە بارىلى.
ــ چاقىرمىغان يەرگە بارماي، ئاداش...
ــ ۋاي قويغىنە ســېنى، بىر كىم ســېنىڭ باغىقىڭ بارمۇ دەپ سۈرۈشتۈرەمدۇ؟! ئۇنداق سورۇن دېگەندە ئايالىلار قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى، تانسا قىزىيدۇ، ساھىبخانمۇ خۇش بولىدۇ. بولۇپمۇ ســەندەك چىرايلىقتىن بىرسى بارىدىغان بولسا سورۇنغا ھۆسن قوشۇلىدۇ. ئەر خەق ئېچىپ قىزىۋالغاندىن كېيىن بىرنى تانسىغا تارتىشقا باشلايدۇ، قاراپ تۇر، سېنى تانسىغا تارتىدىغان نەچچىسى سېنى تالىشىپ مۇشتلىشىپ كەتمىسە تېخى!
ــ ۋاي ماڭە، ئادەمنى زاڭلىق قىلماي!...
ــ قــاراپ تــۇر دەيمــەن، ئۆزۈڭگــە نېمانــداق ئىشەنمەيدىغانسەن!؟
دەرۋەقە، ســانىيە ئۇ تويــدا بىكار ئولتــۇرۇپ قالمىدى. خوتۇنلىرىنى قارىتىپ قويۇپ ســانىيە بىلەن تانســا ئوينىغانلار ئۇنىڭدىن گەپ ســوراپ، يۈزىنى ئۇنىــڭ يۈزىگە يېقىۋالغۇدەك قىلىپ كېتىشتى، خوتۇنلىرى چىداپ تۇرالماي ئورنىدىن چاچراپ قويۇپ، سانىيەگە ئېسىلغۇدەك بولۇپ كېتىشتى. قاملاشقان ئەرلەر بىلەن ئارقىمۇ ئارقا تانسا ئويناپ ھالىدىن كەتكەن سانىيە ئۆزىنىڭ سېھىر-جەزبىسى، قەدىر-قىممىتىنى ئەرلەرنىڭ ئالدىدا نامايان قىلالىغانلىقىدىن بەك خۇش بولدى، ھاياجانلاندى، گۈلگىنەمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

مېهمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ساھىبخانا ئۆز يېقىنلىرى بىلەن بىر جوزىدا قايتىدىن ئىچىشنى باشلىدى. گۈلگىنەنىڭ ئېرى، گۈلگىنە، سانىيەلەرمۇ بۇ جوزىغا قېتىلدى. گۈلگىنەنىڭ ئېرىنىڭ يېنىدا ھېكىم دەيدىغان بىر ياش بالا ئولتۇراتتى، ئۇ ئەسلىدە تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئاخىرقى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىسى ئىدى، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشكە ئاز قالغاندا قىزلار ياتىقىغا مەست كىرىپ يېتىپ قېلىپ، مەكتەپتىن قوغلىنىپ كەتكەنىدى. كېيىن ئاشپەزلىككە كىرىپ، سەي قورۇشنى ئۆگىنىپ، ئاشلىق ئىدارىسىدە بوغالتىرلىق قىلىدىغان ئاتىسىنىڭ يۈزى بىلەن ھازىر بۇ رېستورانىدا مىك كويدىن ئايلىق ئېلىپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ كۆندە سەھەر ئازراق ھاراق ئىچىپ، تاماكا چېكىۋالمىسا قولى زادى ئىشقا بارمايتتى. ئۇ پارچە ھاراق ئىچىپ ئىچىنى قىزىتىۋېلىپ شوخ يۇرۇشكە شۇنداق ئادەتلىنىپ كەتكەنكى، ھاياتىنى كەيپ ھەم قىزىقچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزمىسە ئۆلۈپ بېرىدىغاندەكلا قىلاتتى. سەھەردە ئىككى سەر قېقىۋالغاندىن باشلاپ ئۇ ھەممىگە چاقچاق ئىدىكى، بىرەر ئىشتا ئىككىلىنىپ تويلىنىپ ئولتۇرغىنىنى، ھەرىكەتتىكى قاشاڭلىقنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئىلگىرى مەكتەپتە ئوغۇللار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانىمۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇرۇشقاق خورازدەك ئېتىلاتتى، قىزلار بىلەن قىزىرىشىپ قالسا ئۇلارنى ھەر قاچان گەپتە تويغۇزۇپ قوياتتى، كۆڭلىدە زەررىچە ئاچچىق ئەلەم قالدۇرمايتتى، ھېچنېمىگە ئەپسۇسلانمايتتى.

ئۇلار ئىچىشىشنى ئەۋجىگە چىقاردى، گۈلگىنەنىڭ ئېرى ئىچىشىشتە ھېكىم بىلەن بەسلىشىپ بولالمايتتى. گۈلگىنە ئۆزىگە قىزىل ھاراقتىن بىر رومكا قۇيۇپ ئېرى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن سانىيەگىمۇ بىر رومكا قۇيماقچى بولدى.

— ئاداش، ماڭا قۇيما، مەن ئىچەلمەيمەن، — دېدى سانىيە.

— ۋاي ئاداش ئىچە، بۇنى ھاراق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، بۇ

دېگەن ئۇزۇم شەربىتى!

— راســت دەيدۇ، — دېدى ھېكىم ســانىيەگە ئىنتىلىپ قاراپ قويۇپ، — شەربەتنىمۇ ئىچمىگەن بارمۇ!

ســانىيە ھېكىمنىڭ كۆزىگە بىر قاراپلا "ئەجەب كۆزى يامان بالىكىنا" دەپ ئويلاپ قالدى. بىر دەم ئالدىدىكى قىزىل ھاراققا، بىر دەم كۆپچىلىككە قاراپ ئاخىر رومكىنى قولىغا ئالدى، ئىلگىرى ئۇ ســورۇنلاردا چايدىن بۆلەك نەرســىنى ھەرگىز ئىچمەيتتى، دوستلىرىمۇ ئۇنىڭ جاھىللىقىنى بىلگەچكە بەك زورلىمايتتى. مانا ئەمدى بۇنىمۇ تېتىپ باقىدىغان بولدى، "زەھەر ئەمەسقۇ بۇ، ئىچسەم ئىچەي، دەردىمنى چىقىراي، بۇنــى ئىچكەنگە بىر نېمە بولۇپ قالماسمەن ..." دەپ ئويلىغاچ بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. گۈلگىنە ئۇنىڭ ئاخىر ھاراق ئىچكىنىگە قاراپ "بېشىغا راست دەرد كەپتۇ بۇنىڭ، تۇرمۇش دېگەن ئادەمنى شۇنداق ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن" دەپ ئويلىدى، سانىيەنىڭ قولىدىكى رومكىنى سىپايىلىق بىلەن ئېلىۋېتىپ ئۇنىڭ ھاراق ئىچىشــكە باشلىغانلىقىنى تەنتەنىلىك تەبرىكلىدى:

— ھەببەللى، يارايسەن ئاداش!

— يىگىتتەك قىز ئىكەنسىزغۇ ۋۇي! — دېدى ھېكىم كۆزىنى قىسىپ. سانىيە ئۇنىڭ سەممىيلىكى ۋە ھەييارلىقىغا مەستلىكى كەلگەچكە قىلچە قورۇنمىدى، ئۇنىڭغــا قاراپ كۈلۈپلا قويدى، قىزىل ھاراقمۇ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

— كۆزۈڭ چۈشۈۋاتامدۇ گۈي، — دېدى گۈلگىنەنىڭ ئېرى ئۇنىڭ كۆزىدىكى مەستانىلىقنى كۆرۈپ، — مەست بولۇپ قالساڭ چوكانلارغا قاش ئاتىدىغان يامان خۇيۇڭ بار-دە سېنىڭ!

— قاش ئاتقۇدەك ئەپتى بولسا ئاتىمىز!

— ئاچاڭغا ئالدىراپ قاش ئاتما ئۇكا!

— كەيپىلىكتە خوتۇنۇڭنى تاپالمايۋاتامسەناۋا ئاكا!

بــۇ گەپتىن گۈلگىنە ۋە جوزىدىكــى ھەممەيلەن پاراقىدە

كۆلۈشۈپ كەتتى.

— ئۇنى-بۇنى دېگەن بىلەن يامان نېمە جۇمۇ سەن، — دېدى گۈلگىنەنىڭ ئېرى ئۆزىنى ئوڭشاپ، — لېكىنزە "خوتۇنى يوقنىڭ خۇدى يوق" دەپ مۇشۇ چاغقىچە خۇدۇڭنى تاپالماي يۈرسەن-دە!

— شۇڭا سەن خوتۇن ئېلىۋېلىپلا خۇدۇڭنى تېپىۋالدىڭ-دە، بولمىسا ئەسلىدە كاللاڭنىڭ بىر ۋىنتىسى كەم نېمە سەن!

يەنە كۆلۈشمەك بولدى، گۈلگىنە دەرھال گەپ ئاچتى:

— ئېرىمنىڭ كاللىسى ساق جۇمۇ، تولا ئادەم زاڭلىق قىلماڭ.

— ھەر ئاخشىمى رېمونت قىلىپ تۇرىدىكەنسىز-دە!

يەنە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى، سانىيەمۇ ئۆزىنى تۇتالماي خېلى كۈلۈۋالدى.

— ئەجەب قىلىن مۇشۇ ھېكىم، — دېدى گۈلگىنە ئوڭايسىزلىقنى كۈلكە بىلەن يوشۇرۇپ، — نەدىن تاپىدىكىن سەت گەپنى!

چاقچاق پاراڭلار تۈگەپ تانسا باشلاندى. ھېكىم دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ سانىيەنى تانسىغا تارتتى. سانىيە ئورنىدىن قوپۇۋىدى، بېشى يەڭگىل قايغاندەك بولدى، ھاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئىچ-ئىچىدىن شوخلىشىپ تۇراتتى. ھېكىم تانسا ئويناۋېتىپ ئۇنىڭ بىلەن دەرھال تونۇشقىلى تۇردى:

— نام-شەرىپىڭىز؟

— سانىيە...

— بۇرۇن نېمىشقا تونۇمايمەن سىزنى؟

— ھەممە ئادەمنى تونۇشىڭىز شەرتمىدى؟

— سىزنى قىز دېسەم چوكان دەيدىغۇ، قايسىسى راست؟

— ھەممىسى راست...

سانىيە توي قىلغاندىن بېرى باشقا بىر ئەر كىشى بىلەن

بۇنداق ئىچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى، گەپ قىلغۇسى كېلىپ تۇرغاندا ھېكىم جىمىپ كەتتى.

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟

— بىرسىنى ئويلاۋاتىمەن...

— كىم ئۇ؟

— كىم دېگەن ئادەم...

— نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟

— سىزنى قانداق كەلتۈرۈشنى...

— قىزىپ قاپسىز، ھاراقنى بەك ئىچىدىكەنسىز!

— ھاراق ئىچمىسەم قېنىم ئايلانمايدۇ، سۈنىڭ ئورنىدا دەڭگا ماڭا ئۇ...

— كۈندە ئىچسىڭىز پۇل توشامدۇ، رېستورانىدا بىكارلىق ھاراقلار يوقتۇ؟!

— جىڭلىنىڭ دەپتىرىگە يېزىپ قويۇپ ئىچىۋېرىمەن، ئاي ئاخىرىدا ئىش ھەققىمدىن كولىۋالىدۇ.

— ھەر ئايدا قەرزگە بوغۇلىمەن دەڭگا؟!

— قەرزدار بولمايمىز، پۇلى يوقمىكىن دەمسىز مېنى!؟

— كۈندە ئىچىۋەرسىڭىز ھەر قانچە پۇلىڭىز بولسىمۇ تۈگەيدۇ.

— مەن ئۇنداق چىلاشقىچە ئىچىپ چوشقىدەك يۈرمەيمەن، ئاز-ئازدىن ئىچىمەن، ئاز ئىچسە يۈرەككە پايدىلىق. يۈرىكىم شۇڭا ساغلام، قول سېلىپ باقسىڭىز بىلىسىز، ئۇتىمىز قانچىلىكىن...

سانىيە ھېكىمنىڭ تەلەتىگە قارىمايلا ئۇنىڭ گېپىنى يالغانغا چىقاردى، ئەمما بۇ گەپكە جىم تۇرۇۋېلىشقا بولمايتتى.

— بۇگۈن جىق ئىچىۋاپسىز، شۇڭا ئىچىڭىز قىزىغان گەپ.

— لېكىن سىزنى كۆرۈپ ئىچىم باشقىچە قىزىپ كەتتى.

— باشقىلارغىمۇ قىزىپدىغاندۇ؟

— بۇنچىلىك قىزىپ باققان ئەمەس.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— يالغان گەپ بىلەن كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ قويغىنىڭىزغا رەھمەت.

سانىيە ئۆزىنى ئالدىراپ تۇتقۇزمايدىغاندەك قىلاتتى. بىر دەمدىن كېيىن ھېكىم گۈلگىنەنى تانىسىغا تارتىپ ئۇنىڭدىن كەپ كوچىلىدى:

— بۇ دوستىڭىزنى ماڭا تونۇشتۇرۇپمۇ قويمىدىڭىزغۇ؟

— كۆزىڭىز چۈشۈۋاتامدا؟ ئېرى بار چوكان جۇمۇ، ئۆزىڭىزنى ئاۋايلاڭ.

— ئېرى نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— بىكارچى.

— مەن تونۇمايمەنما؟

— تونۇپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

— ئاغىنە بولۇپ قويساق بولىدۇ.

— مەقسىتىڭىز نېمە؟ ئېرى بىلەن ئاغىنە بولۇشمۇ ياكى خوتۇنى بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇشمۇ؟

— بۇنى سورىماڭ.

— ئەجەب نىيىتى يامان بالىكەنسىز...

— ئىشقى-مۇھەببەت دېگەننى بىلەمسىز؟! — دېدى ھېكىم گۈلگىنەنىڭ بېلىنى تازا قوروپ، — ئىشقى، ئىشقى يوقنىڭ يۈزىگە مىشقى دېگەننى ئاڭلىغانمۇ؟ راستىنى دېسەم، مەن بۇ دوستىڭىزنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم...

— سىزمۇ بىر كىمنى ياخشى كۆرەمسىز؟! — دېدى گۈلگىنە ئېرى بىلەن تانسا ئويناۋاتقان سانىيەگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ.

— ئىشەنمەمسىز؟ سىزنى تېخى ماڭا ياردەم قىلىدۇ دەپ ئاتايىن تانسىغا تارتتىم. مەن بۇ دوستىڭىزغا چوقۇم تەلەپ قويىمەن، سىز دېيىشىپ بەرمىسىڭىز ئۆزۈم بېرىپ دەيمەن...

— سىز مۇشۇ رېستورانغا كەلگەن بىر نەچچە قىز-چوكانغا چاچراپ باقتىڭىزغۇ دەيمەن، كۆڭلىڭىزنىڭ سۆيۈقلۇقىنى كىم

بىلمەيدۇ؟

— سىزنى كۆڭلۈمدىكىنى چۈشىنىدۇ دېسەم، ھەي سىزمۇ تۈگەپسىزغۇ، — دېدى ھېكىم گۈلگىنەنىڭ بېلىنى سىلاپ.

— سەتلەشمەڭ... — دېدى گۈلگىنە نېرىدا تانسا ئويناۋاتقان ئېرىگە قاراپ قويۇپ.

— كۆيىنىڭىزنىڭ رەختى نېمانچە سىلىق، قولۇم توختىمايۋاتىدۇ.

— گەپنى ئاز قىلىپ تۈزۈك ئويناڭە ما تانسىنى.

— باشتا مەن سىزنى ياخشى كۆرەتتىم...

— ۋاي بولدى لاۋزىلاشماڭە، — دېدى گۈلگىنە قاش-قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، ئەمما كۆڭلىدە راستىمدۇ دەپ ئويلاپ قالدى.

— بالدۇر ئەرگە تېگىپ چاتاق قىلدىڭىز-دە!

— ھېلىمۇ سىزدەك سۆيۈق بىرسىگە تېگىپ قالماپتىكەنمەن.

— مەن سۆيۈقما؟! ياق، مەن سۆيۈقلاندۇرغۇچى، مېنىڭ تەپتىمدىن ھەر قانداق قىز-چوكان ئېرىپ كېتىدۇ...

ھېكىم خۇشال ئىدى، گۈلگىنەنىڭ ئېرى بىلەن جىمجىت تانسا ئويناۋاتقان سانىيەگە پات-پات قاراپ قوياتتى.

كېيىنكى نۆۋەتتە ھېكىم سانىيەنى يەنە تانسىغا تارتتى.

— ھېرىپ قالمىغانسىز؟ — دېدى ئۇ سانىيەنىڭ بېلىنى تۇتۇۋېتىپ.

— ياقەي.

— قارىسام كەيپىڭىز جايىدا.

— بېشىم سەل قايغاندەك بولۇۋاتىدۇ.

— قىزىل شەربەتنىڭ كۈچى دەڭا!

— ئەسلىي ئىچمەيتتىم، ئىچىپ سالدىم.

— قارىسام دەردىڭىز باردەكمۇ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ماڭا بۇ جاھاندا كۈلۈپ ئويناش نېسىپ بولماپتىكەن، — دېدى سانىيە ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ. ھېكىم ئۇنىڭ شەھلا كۆزىدىن ئەلەملىك بىر ئۇچقۇننىڭ چاقناپ ئۆتكەنلىكىنى كۆردى.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟

— دېسەم گەپ بەك جىق، ئەڭ ياخشىسى دېمەيلا قوياي.

— دەۋەرسىڭىز ھېچنېمە بولمايدۇ، دەردىڭىزگە دەرمان بولالايمىز، — دېدى ھېكىم روھلىنىپ، — بۈگۈن ئوبدان تونۇشۇپ قالدۇق، يەنە تېخى بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان ئولتۇرۇۋالىمىز، چىرايلىق پاراڭلىشىمىز، سىز ماڭا دەردىڭىزنى تۆكىسىز، مەن سىزگە دەردىمنى ئېيتىمەن، ئاشۇنداق قىلىپ بىر-بىرىمىزنىڭ ھالىغا يېتىمىز. ئادەم دەرد تۆكىدىغان ئادىمىنى تاپالمىسا ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەيدىغان ساراڭ بولۇپ قالىدۇ جۇمۇ...

— ئۆتۈپ كەتكەن ئىشىنى دەپ نېمە قىلاي، — دېدى سانىيە ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

— قارىغاندا دەردىڭىز كۆپ ئوخشايدۇ، بىر قول تانسا تۇگىگۈچىلىك دەپ بولالمىسىڭىز، كېيىن ئايرىم پاراڭلاشقاندا دەپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— كىم سىز بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىمەن دەپتۇ، دەردىم بار دەپ ھەممىنى سىزگە تۆكۈپ بېرەمەنمۇ؟ قىزىق بالىكەنسىزغۇ سىز...

— راستىنى دېسەم سىزگە قىزىقىپ قالدىم، سىزنى بىر چۈشىنىپ باقسام دەيمەن.

— مېنى چۈشىنىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دېدى سانىيە ئىچىدە خۇش بولسىمۇ تېشىدا قېتىۋېلىپ.

— ھەي، بۇنى سىزگە دېسەم... ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، سىزگىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، لېكىن سىزنى كۆڭلۈمنى چۈشىنىدىغۇ دەپ ئويلايمەن. سىزنى بىر كۆرۈپلا ئۆزۈمنى تۇتالماي قالغىنىمغا

خاپا بولمايدىغانسىز، ئىشقى مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدىغان قىزلار بولمايدۇ. ئەگەر كۆڭلۈمنى چۈشەنمىسىڭىز ياكى خاتا چۈشىنىپ قالسىڭىز، ماڭا راستلا ئۇۋال بولىدۇ...

ھېكىمنىڭ گەپلىرىدىن كۆرە ئۈنىڭ ھاياجانلىق ئەلپازى سانىيەگە تەسىر قىلدى، ھېكىم ھەقىقەتەن قاملاشقان "بالاڭزا" ئىدى، سانىيە ئۈنىڭغا، بولۇپمۇ ئۈنىڭ چىرايىدىكى ئىشقىي ئالامەتلەرگە قىزىقىپ قالدى. ئۆنى-بۇنى دېگەن بىلەن سانىيەمۇ خۇددى باشقا قىز-چوكانلارغا ئوخشاشلا ئەينەككە قاراپ بەختىنى تىلەيتتى. ئابدۇباقىغا ياتلىق بولغاندىن كېيىن بەخت دېگەن نەرسە شۇ چىراي بىلەن بىللە كۆمۈلۈپ قالدى. ئابدۇباقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا سانىيە ئۆز گۆھىرىنى تېپىۋالغاندەك بولدى، مانا ئەمدى بۇ "گۆھەر"گە كۆزى چۈشكەن بىرسى ئۈنىڭ قەدرىنى قىلىمەن دەۋاتاتتى. ئەمما سانىيە بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش دېگەنگە ئالدىراپ ئىشەنمەيتتى:

— كۆڭلىڭىزنى ئىپادىلەيمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، مەن ئاللىقاچان توي قىلىپ بولغان.

— بىلىمەن، ئېرىڭىزنى مەن تونۇيمەنمۇ؟

— ئۈنداق بىر نېمىنى كىم تونۇيدىكىنتاڭ؟!

— ئۈنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، تونۇيدىغانلار باردۇر... — دېدى ھېكىم كۈلۈپ.

— ئۇمۇ سىزدەك ھاراقكەشنىڭ بىرسى، ھاراقكەش ھاراقكەشنى تونۇسا تاڭ ئەمدى!

— ھاراقكەش دېگەن كۈندە قۇلاق مىدىرلىغۇچە ئىچىدۇ، مەن ئۈنداق ئىچمەيمەن.

— ھەي تاڭ، سىزمۇ كۈندە ئىچىدىغاندەك قىلىسىز.

— سىز ھاراق ئىچمەڭ دېسىڭىز ئەتىدىن باشلاپ ئىچمەيمەن.

— ئىچسىڭىز ماڭا ئىچىپ بېرىدىغاندەك گەپ قىلىسىزغۇ،

ئىچكىنىز بولسا ئىچىۋېرىك، ئەر خەق دېگەن ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىۋېرىدۇ، مەن ئۇ شۇۋىچىغىمۇ نەچچە دەپ گەپ يېگۈزەلمىگەن.

— ئېرىڭىزگە يامان ئۆچ بولۇپ كېتىپسىز ـ دە، ئۆيىدىكىلىرى نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ھەممىسى نانقىپى... باھارخان دەپ ئاڭلىغانمۇ ئى شياڭگاڭ بازىرىنىڭ ئالدىدىكى دوقمۇشتا ئۆيى بار...

— ھە بىلىمەن، ھازىر چېقىۋەتتىغۇ ئۇ يەرنى، سىز شۇ خوتۇننىڭ كېلىنىمىتىڭىز؟ ھېلىقى بىر ئوغلى بار، بەزىدە مۇشۇ يەرگىمۇ كىرىدۇ كۆزىنى قىستۇرۇپ... سىز شۇ ئاداشقا تەگكەنما؟

— بىلىدىكەنسىزغۇ ھەممىنى، ئادەمنى ئەخمەق قىلاي دەپسىز ـ دە!

— لېكىن مەن سىزنىڭ ئۇنىڭغا تەگكىنىڭىزنى نېمە بىلەي، ئادەم تاپالمىغاندەك ئەجەب شۇنىڭغا تېگىپتىكەنسىز، مەن سىزنى ھەرگىز شۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— تەلىيىمنىڭ كاجلىقىدىن بولمامدۇ، ئاپام زورلاپ تۇرۇۋالغان...

— ئۆيىنى سېتىپسىلەرغۇ؟ قولۇڭلارغا خېلى پۇل كىرگەندۇ؟ ئەرگە تېگىپ زىيان تارتماپسىزغۇ؟!

— ھەممىنى باھارخان سېتىپ يېدى...

— سىزگە ھېچنېمە تەگمىدىما؟

— ماڭا ئېرىم دېگەن شۇۋىچىنىڭ تايىقى تەگدى، بولدىمۇ ئەمدى، يەنە نېمىنى سورايسىز!؟ — دېدى سانىيە ھېكىمگە ئەلەم بىلەن قاراپ، — ھاراق ئىچىۋالسىڭىز تولا سۆزلەيدىكەنسىز...

— مۇشۇ ھاراق دېگەن گۇي ـ زە مېنى بەك سۆزلىتىدۇ، لېكىن سىز ھاراق ئىچسىڭىز گۇلدەك ئېچىلىپ كېتىدىكەنسىز، كۆڭلىدە ئىچىپ تۇرسىڭىز بولغىدەك.

— ماڭا تولا يالغان گەپ قىلماڭ، ئۆمرۈمدە ساختىلىق بىلەن خۇشۇم يوق.

— ئىشەنمىسىڭىز قول يۈيىدىغان يەرگە كىرىپ ئەينەككە قاراپ بېقىڭ، راستىنلا چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، ئەسلىدىمۇ چىرايلىقسىز، مېنىڭ دېگىنىم تېخىمۇ، تېخىمۇ چىرايلىق...

— چىرايلىق بولىمەن دەپ كۆندە ئىچىپ يۈرگىلى بولمايدۇ...

سورۇن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھېكىم تالادا ئېرىنى ساقلاپ تۇرغان گۈلگىنەنى چاقىرىپ:

— ئەر-خوتۇن ئىككىڭلار ئالدىدا مېڭىپ تۇرۇڭلار، مەن سانىيە بىلەن پاراڭلاشقاچ ئۆزۈم ئاپىرىپ قوياي، — دېدى.

— مەن ئۇنىڭ ئاپىسى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراڭ، — دېدى گۈلگىنە.

— سىز ھازىر ئۇنىڭ ئاپىسى بولۇپ قالدىڭىز.

— خېلى ئىشنى قىلسىڭىزمۇ مىت قىلمايدىغان نوچىتىڭىز، بۈگۈن نېمە بولدى؟

— تۇنجى قېتىم بولغاندىكىن بىر ياردەم قىلىڭا، ئېغىزىڭىزنىڭ يېلى...

— بۆلەك ئىش قىلمايدىغانسىز؟

— توۋا دەڭا، ئالدىمدا سىلەر تۇرساڭلار.

گۈلگىنە نېرىدا تۇرغان سانىيەگە بېرىپ دېدى. سانىيە ھېكىمگە لەپپىدە بىر قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ھېچنېمە بولمايدۇ ئاداش، كەينىمىزدىن ئىككىڭلار پاراڭلىشىپ ماڭسىلەر، مەن ئېرىم بىلەن سۆزلىشىپ ماڭسام ئىچىڭ پۇشۇپ كېتەر ھەقىچان، سەنمۇ بىرەر ئاخشام مانداق مېڭىپ باق، ھېكىم گەپ قىلىپ سېنى زېرىكتۈرمەيدۇ، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، ئاغزىدا دېگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ياۋاش بالا...

گۈلگىنەنىڭ ئېرى ئاغىنىلىرى بىلەن خوشلىشىپ چىقتى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۈلگىنەنى قولتۇقلاپ ئالدىدا مېڭىپ كەتتى. ھېكىم سانىيەنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئىتتىكرەك ماڭايلى، كېيىن قالساق سەت تۇرىدۇ، — دېدى سانىيە بارغانچە چىددىيلىشىپ، قىزىل ھاراقنىڭ كەيپى ئۇنىڭدىن كېتىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— ئۇلار مېڭىۋەرسۇن، ئۆيگە بالدۇرراق بېرىپ بىر-بىرىگە قېنىشىۋالسۇن.

— نېمە دەيدىغانسىز...

— شۇ ئەمەسمۇ، ئۇلار نېمىشقا ئالدىرايدۇ بىلەمسىز، ئۆي دېگەن ئەر-خوتۇننىڭ ھۇزۇرى، بىز ھازىر بارساق ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قالىمىز، ئەڭ ياخشىسى ئالدىرىماي مۇشۇ كوچىدا ئاي سەيلىسى قىلىلى.

— بىز نېمە دەپ كوچىدا بىللە ئايلىنىمىز، خەق كۆرۈپ قالسا...

— ئادەم يوق بىر يەرگە كېتىلى ئەمىسە.

— ياق، ئادەم يوق دېگەن يەردە جىن بار...

— ھازىر خەق نېمە ئىش قىلىدۇ؟ خەق بۇ كېچىدە ئۆيلىرىدە ھەر ئىشنى قىلىۋاتسا گەپ يوق، بىز بۇ يەردە ئايلانساق نېمە بوپتۇ؟

— خەق دېگەن ئەر-خوتۇن، بىز نېمىگە ھېساب؟

— بىز دېگەن مۇھەببەت، — دېدى ھېكىم ھىجىيىپ.

— ئۆتەپ بېرىڭە نېرى، ئەگەر نىيىتىڭىز باشقا بولسا مەن ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن.

— سىزدىمۇ ھېسسىيات دېگەن نەرسە باردۇ؟!

— بۇ گەپلىرىڭىزنى باشقا قىزلارغا دەپ بېرىڭ!

— ياق، سىزگىلا دەيمەن.

— ئۇنداق گەپلەر بىلەن خۇشۇم يوق!

— ئەرگە تېگىپ قېرىپ كەتكەندەك گەپ قىلىسىزغۇ،

ئەمەلىيەتتە سىز مەندىن چوڭ چىقمايسىز.
— لېكىن سىز تېخى توي قىلمىغان بالا ـ دە!
— توي قىلغان ئادەم شۇنداق چوڭ بولۇپ كېتەمدا؟! توي قىلمىساقمۇ خېلى ئىش كۆرگەن جۇمۇ بىز، كۆزى ئېچىلمىغان بالىمىكىن دەپ قالماڭ.
سانىيە ئۆزىنىڭ گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى سەزدى، بىراق بۇمۇ بولدى، ھېكىمنىڭ نىيىتى ئاشكارىلاندى.
— ئىش كۆرسىڭىز نېمە بوپتۇ؟!
— ھېچقانداق بولمايدۇ، ئۆزىڭىز بالا ـ بالا دەپ كەتتىڭىز، شۇڭا دەپ قويدۇم.
— سىلەر ئەر خەقلەر شۇ ئىش بىلەنلا نوچىما؟
— مېنى خاتا چۈشىنىۋاتامسىز نېمە؟ مېنىڭ بۈگۈن ئاخشام سىز بىلەن پاراڭلىشىشلا خىيالىم بار، باشقا مەقسىتىم يوق.
— كىم بىلىدۇ سىلەر ئەر خەقلەرنىڭ نىيىتىنى...
سانىيە ئويلايتتىكى، بۇنداق چاغدا يالغۇز ئىككى جىنس ئولتۇرسىدا نېمە ئىش بولماقچى؟ ھېكىمگە ئۆزىنى تۇتقۇزۇپلا قويسا سانىيە بۇرۇنقى سانىيە بولماي قېلىشى مۇمكىن. بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن ئۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش تەس، ئېھتىمال بۈگۈن... ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىش بولغاندەك، تېنى بىلەن تەڭ روھىمۇ ئازار يەيدۇ. سانىيە ئۆزىنىڭ تېنى بىلەن روھىنى ئايرىپ قارايدىغان ئاياللاردىن ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ قاملاشقان سىياقىنى ياخشى كۆرىدۇ، تەن تەقەززالىقىنى ئۆزىمۇ بېسىقتۇرالايدۇ، چىرايىم بولغاندىكىن سۈيىتىممۇ بولسۇن، قەدىر ـ قىممىتىممۇ بولسۇن دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ "سۈيىتىمنى ساقلاپ يۈرەي" دەپ نىيەت قىلىشى ئۇنىڭ ئېھتىياتىنى قوغدايدۇ.
— باشقا گېپىڭىز يوقما سىزنىڭ، ئابايا خېلى قىزىق گەپلەرنى قىلىپ ئادەمنى كۇلدۇرۇۋاتاتتىڭىز، — دېدى سانىيە ھېكىمنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ.

www.uyghurkitap.com

— كاللام جايىدا ئەمەس... — دېدى ھېكىم ۋە شاقىدە بۇرۇلۇپ سانىيەنىڭ ئارقىسىدىن قۇچاقلىۋالدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز، ساراڭمۇ نېمە سىز! قويۇۋېتىڭ!... — دېدى سانىيە ئۇنىڭ قولىنى ئاجرىتالماي تىركىشىپ. ياۋايىلىقى تۇتۇپ كەتكەن ھېكىم كۈچلۈك ھاياجاندىن ھاسىرايتتى، سانىيە ئىچىدە ئۇنى ئېشەك دەپ تىللىدى، بىراق ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. ھېكىم بەربىر ئادەم-دە، ئاۋۋال تونۇشتى، تانسا ئوينىدى، يېقىنلاشتى، پاراڭلاشتى، ئىشنىڭ باشلىنىشى يەنىلا "مەدەنىي" بولدى. ئۇنى قانداقمۇ يولدا كېتىۋاتقان بىر ئايالغا تويۇقسىز باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغان بىرسىگە ئوخشاتقىلى بولسۇن، ئۇنىڭ ھەرىكىتى تېز بولغان بىلەن شۇنچە سىلىق، نەپەسلىرى ئوتلۇق، گەپلىرى چىرايلىق ئىدى:

— سانىيە، جىم تۇرۇڭ... بىردەم ما گېپىمنى ئاڭلاڭ، بۈگۈن سىزنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سىزنى نېمىشقا بۇرۇنراق كۆرمىگەندىمەن؟! كوچىدا كۆرگەن بولسامۇ كەينىڭىزدىن پايلاپ، ئارقىڭىزغا كىرىۋېلىپ ئاخىر كەلتۈرۈۋالاتتىم. ئەرگە تەگمەي تۇرغان بولسىڭىز سىزنى ئۆزۈم ئالاتتىم. ھېلىمۇ كېچىكمەيمەن، ئېرىڭىزدىن ئاجرىشىپ كېتىڭ، شۇ ئاداشنىمۇ ئېرىم دەپ يۈرمەسىز، ئۇنىڭغا بەك زايە كېتىپسىز، قانداق تەڭشەلمىگەن جاھان بۇ، سىزدەك چىرايلىق قىزلار نېمىشقا بىزگە نېسىپ بولمايدۇ! ئەگەر ماڭا ئىشەنسىڭىز، بىز ئارىلىشىپ باقايلى، مۇشۇنداق مۇھەببەتلىشىپ يۈرەيلى، ئاندىن توي قىلايلى... ماقۇل دەۋېتىڭە، جېنىم دەپ كېتەي!

— قولىڭىزنى تارتىڭ، ھېلى بىكار سەتلىشىپ قالىمىز، مەست بولۇپ قاپسىز، مەستنىڭ گېپىگە كىم ئىشىنىدۇ، مېنى ئۇنداق ئەخمەق چاغلاپ قالماڭ...

— ماقۇل دەڭ، جېنىم دەپ كېتەي، ئالدىڭىزدا يۈكۈنۈپ ئوتتۇز تازىم قىلايمۇ-يا! مېنى ئۇنداق قىينىماڭ، ئۆزىڭىزنىمۇ

بۇنداق قىنــاپ يۈرمەڭ، ئۆلۈپ كېتىدىغــان جاھان بۇ... — ھېكىم قايناق ھەۋەستىن ياپراپ، ئېچىرقاپ كېتىۋاتاتتى.

— تازىم قىلىشقا قېنى گېپىڭىز راســت بولسا...ـــ دېدى سانىيە ئۇنىڭ قولىدىن ئاجرىماقچى بولۇپ.

ھېكىمگــە بۇ گەپ تازا خۇش ياقتى، ســانىيەدىن قولىنى ئاجراتمــاي تۇرۇپ قوپۇنتازدەك بىرلا پىرقــراپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتى-دە، پۇتىدىن قۇچاقلاپ يۈكۈنۈپ تۇرۇۋالدى، سانىيە قاتتىق ساراسىمىگە چۆمدى، ھېكىم داۋاملىق كۆڭلىنى چۈشەندۈردى:

— تازىم قىل دېســىڭىزمۇ قىلاي، ماقۇل دەڭ، سىز ماقۇل دېمىگىچە ئورنۇمدىن قوپمايمەن!

— چاقچاق دەپ قويدۇم، ســاراڭلىق قىلماي ئورنىڭىزدىن قوپۇڭ...

— ماقۇل دېمىسىڭىز قوپمايمەن!

— سانىيە جىددىيلىشىپ قېلىۋاتاتتى، ئۇ پەقەت ھېكىمنى مەستلىكىدە ئويۇن كۆرســتىۋاتىدۇ، نېمە قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ ئۇقمايدۇ دەپ ئويلايتتى.

— ساراڭلىق قىلماڭ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، پۇتۇمنى قويۇپ بېرىڭ! — دېدى ســانىيە ئەتراپىغا قاراپ، ھەممە ياق قاراڭغۇ ئىدى.

ھېكىمنىڭ قولى جىم تۇرمايتتى، سانىيە شۈركىنەتتى.

— سىز ماقۇل دېمىگىچە مۇشــۇنداق تۇرىمەن! — دېدى ھېكىم يۈزىنى سانىيەنىڭ يوتىسىغا يېقىپ.

— سىز ساراڭمۇ، ئوڭمۇ؟! ئىززىتىنى بىلمەيدىغان!... — دېدى سانىيە ھودۇقۇپ.

— مەن ساراڭ، مەن ئاشىق...

— ئەجەب نومۇسسىز بالىكەنسىز، تەلۋە، ساراڭ!

— سىزنى دەپ ساراڭ بولدۇم! — دېدى ھېكىم، بىر ياقتىن سانىيەنىڭ يوتىسىنى توختىماي ســىلايتتى. سانىيە ئەندىكىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تووۋلىدى:

— تارتىڭە قولىڭىزنى سەت قىلىق قىلماي...

ھېكىم ئۆزىنىڭ قىلىقىدىن تەمتىرىمەكتە يوق، ئەكسىچە چەكسىز خۇشال ئىدى. ئۇ سانىيەنىڭ زەردىسى يوق كەپ قىلىۋاتقىنىنى، بىرەر ھەرىكەت بىلەن كەسكىن قارشىلىق قىلمايۋاتقىنىنى سېزىپ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى-دە، قولىنى سانىيەنىڭ يوتىسىنىڭ ئىچ تەرىپىگە ئۇزاتتى. سانىيە قورقۇنچلۇق سېزىمنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ گاڭگىراپلا قالدى. بىر ياقتىن ھېسسىيات ئۇماشتەك قايناۋاتاتتى، بىر ياقتىن ھېكىم ئۇنىڭغا ئوت قالاۋاتاتتى. سانىيە بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي ھېكىمنى سىلكىپ تاشلىدى:

— قويۇڭە-قويۇڭە، سەتلەشمەي... ئاشنىڭىزنى شۇنداق قىلىڭە بېرىپ، ئاشنىڭىزغا ئوخشتىپ قالماڭ مېنى!

— مېنىڭ ئاشنام يوق... — دېدى ھېكىم ۋە لىككىدە تۇرۇپلا سانىيەنى مەھكەم قۇچاقلاپ يۈز-كۆزلىرىگە ئالا قويماي سۆيگىلى تۇردى، سانىيە ئۇنىڭ قاڭسىق ھىدىدىن سەسكىنىپ كەتتى، شۇ ھامان ئابدۇباقىنى ئەسلەپ قالدى. بۇرۇن ئابدۇباقى ئىچكەن ئاق ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىقى ئەمدى ھېكىمنىڭ ئېغىز-بۇرنىدىن چىقىۋاتقاندەك، ھەتتا ئابدۇباقى بىر چاغدا قەي قىلغاندا چىققان سېسىق پۇراقمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، ئىچى ئېلىشىپ كەتتى. "بۇنداق ھاراقكەش، غىلتاڭ نېمىلەر كوچىدىكى ئىتلارغا ھەمراھ بولۇپ تاڭ ئاتقۇزسا بولىدىكەن، تۇمشۇقىنى سوزۇپ كەلسە ئىتنىڭ تۇمشۇقىدەك يىرگىنچلىك بولۇپ كېتىدىكەن..." دەپ ئويلىدى. بېشىنى ئۇياق-بۇياققا ئېلىپ قېچىپ، ھېكىمنى ئىتتىرىپ، دېمى سىقىلىپ تىنالماي قالغان مومايدەك ھاسىراپ توختىماي سۆزلەيتتى:

— ۋاي-ۋاي، سەتلەشمەڭ، سەت پۇراپ كەتتىڭىز، تۇمشۇقىڭىزنى تارتىڭ، سەت... ھەي ئۇنداق قىلماڭ، بۇ يەرگە

سۆيمەك، قاملاشمىغان...

سانىيە شۇنداق ئويلايتتىكى، ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەت بىر بولسا ئىناقلىق، بەختىيارلىق ئىلكىدە داۋاملىشىدۇ، بىر بولسا ئۆچمەنلىك، زورلۇق بىلەن داۋاملىشىدۇ. ئەمما ھازىرقى ھەرىكەت ئۇنىڭغىمۇ، بۇنىڭغىمۇ ئوخشىمايۋاتاتتى. سۆيۈشۈشمۇ بۇنىداق بولمايتتى، سانىيە تېلېۋىزوردىن كۆپ قىسىملىق فىلىملەردىكى سۆيۈشۈشلەرنى تولا كۆرگەن، ھەۋەسلەنگەن، ھەسرەتلەنگەن، "بوپتىلا، سۆيۈشمىگەنگە نېمە بوپتۇ، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇكەن" دەپ ئويلاپ كەلگەنىدى. ئەمدى بۇنىڭغا پۇرسەت چىققاندا بىزار بولدى، سۆيۈش دېگەن مۇشۇنداق بولامدۇ؟ ئىت سۆگەك يالىغاندەك... بەدبۇي پۇراق... مەينەت شۆلگەي...

سانىيە ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ھېكىمنى ئىتتىرىۋەتتى، ھېكىمنىڭ ئىچى پۇشتى، ھالسىرىدى:

— جېنىمنى ئەجەب قىينىۋەتتىڭىز، قويۇڭە سىزنى، قىز بالىمۇ ئۇنچىلىك ناز قىلىپ كەتمەيدۇ!

— بىرىپ شۇنداق قىزدىن تېپىڭ ئەمىسە، گەپ قىلمىسا ھەددىڭىزدىن ئاشىدىكەنسىز... — دېدى سانىيە ئالدىغا قاراپ ئىتتىك مېڭىپ.

— ئالدىرىماي مېڭىڭ، ئالدىڭىزدا ئىت بار!— دېدى ھېكىم ئىلدام مېڭىپ، سانىيە ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ شۈركىنىپ كەتتى، ئۇ ئەمەلىيەتتە مەست ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مەستلىكىدىن كۆرە ساقلىقى سانىيەنى ئەنسىرەتتى.

— بولدى ئاۋارە بولماڭ، ئۆزۈم كېتەلەيمەن، — دېدى سانىيە سەل تىترەپ. ئابدۇباقىدىن تۇيۇقسىز تاياق يېگەندىن كېيىن ئۇ ئەر زاتىنىڭ ياۋاشلىقىغا ھەم ئىچىدە بىرەر يامان غەرىزىنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنمەس بولۇپ كەتكەنىدى.

— ئاپىرىپ قوياي، ئاپىرىپ قويغىلىمۇ ئادەم لازىم.

— ھېكىم يېقىنلاپ كېلىپ سانىيەنىڭ بىلىكىنى تۇتتى، سانىيە بىلىكىنى تولغاپ ئۇنىڭدىن قاچۇردى، ھېكىم ئۇنىڭ تولغان كۆكسىگە ياندىن نەزەر سالدى، نەپسى تاقىلدىدى.
— بىلىكىڭىز بىر تۇتامكەن، بويىڭىز مەندىن ئېگىز چىقامدۇ-نېمە، چىرايىڭىز ئاندىن چىرايلىق... — ھېكىم قولىنى سانىيەنىڭ كۆكسىگە ئۇزاتتى، سانىيە ئۇنىڭ قولىنى ئۇرۇپ چۈشۈرىۋەتتى.
— تۇتۇپ قويغانغا نېمە بولدۇ!؟ — دېدى ھېكىم خاپا بولغاندەك — ئەمچەكتىكى بالىڭىز يوقتۇ؟
— گەپ قىلمىسام تېخى مەندىن چوڭ تېگىسىزغۇ ئېلىپ قويغان خوتۇنىڭىزدەك!
— ئەگەر تەگسىڭىز ھازىرلا ئالىمەن.
— دۇكاندىكى مالمىكىن دەپ قالدىڭىزمۇ مېنى؟!
— پۇلغا ئالىدىغان ئىشقۇ شۇ! پۇلى يوق دەمسىز مېنى؟!
— پۇلىڭىز بولسا قانداق قىلاي، كوچىدىكى نېمىلەرگە ئوخشىتىپ قالدىڭىزمۇ مېنى!
— نېمانداق گەپ چۈشەنمەيسىز، مەن سىزنى خوتۇنلۇققا ئالاي دەۋاتىمەن...
— سىزگە ھازىرلا تېگىدىغان نېمىكەنمەن مەن؟ ئۇلاغ بازىرىغا بېرىپ مېدە ئېشەكتىن بىرنى ئېلىڭ !؟
ھاگدىن-زاڭ چىققاندەك دېيىلگەن بۇ گەپتىن ھېكىمنىڭ ھەۋىسى ئۇرغۇپ كەتتى.
— شۇ گەپ سىزنىڭ ئېغىزىڭىزدىن چىقتىما؟!
سانىيە ئويلىنىپ قالدى، ئاندىن كۈلۈپ سالدى. ھېكىم يەنە ئىسىلغاندا بايىقىدەك قارشىلىق كۆرسەتمىدى، بۇ ئىشقىۋازلىققا قانچە كىرىشكەنسېرى ئابدۇباقىدىن شۇنچە ئۆچ ئېلىۋاتقاندەك، پۇخادىن چىقىۋاتقاندەك بولدى. ئۇ كۆڭلىدە ھېكىمنى ئەخمەق قىلسام دەپ ئويلاۋاتاتتى، مۇشۇنداق بولغاندا ئۆزىنى ئەخمەق قىلىنىۋاتىمەن دەپ ئويلىمايتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا ھېكىم ئۇنى

ئەخمەق ئېتەلمىسە، سۆيتى بۇزۇلمىسا، بۇ ئىش ئەتە-ئۆگۈن خەقنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ قالمىسا، يېپىق قازان يېپىق پېتى قالسا بولاتتى. گۈلگىنەمۇ ئېرىنىڭ قوينىغا تىقىلدى، ئابدۇباقىمۇ بەلكىم مەست بولۇپ كوچىدا بىر يەردە يىقىلدى، سانىيە بەرىبىر قىز ئەمەس ئاپىسى ئەنسىرەيدىغان؛ يا ئەر دېگۈچىلىك ئېرى بار خوتۇن ئەمەس، ئېرىدىن ياكى قېينانىسىدىن قورقىدىغان. سانىيە شۇلارنى ئويلىغانچە ئۆزىنى قويۇۋەتتى. ھېكىم ھەددىدىن ئاشاي-ئاشاي دەۋاتاتتى. سانىيە پاسسىپلىقتىن زېرىكىپ ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتتى، ھېكىم تەمتىرەپ قالدى، بۇنى سانىيەنىڭ تولۇق ماقۇللۇقى دەپ ئويلاپ ئېغىز ئاچتى:

— خالىيراق بىر يەرگە كېتىلى...

— نېمىشقا؟

— بۇ يەر ئەپسىز، خەق كۆرۈپ قالىدۇ.

— نېمە ئىش قىلماقچىدىڭىز؟

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟

— ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپسىز.

— قىز بالىدەك نازلىنىپ كەتتىڭىزغۇ ئەمدى؟!

— ھە، مەن قىز بالا، گېپىڭىز بارمىدى؟

— راست قىزمۇ ياكى جۇۋانمۇ سىنايمىز...

— ۋۇي ما گەپنى، ئېلىپ قويغان خوتۇنىڭىزمىتىم مەن؟ خوتۇن ئېلىپ ئاندىن خوتۇنۇڭىزنى شۇنداق قىلىڭ!

— سىزنى بەرىبىر ئالىمەن.

— مېنى ئالغاننىڭ ئەتىسىگە ئاندىن گەپ قىلىڭ، بولامدۇ؟

— ئاۋۋال بىرەر قېتىم بىللە بولغانغا نېمە بولىدۇ، بىر يېرىڭىز ئۇپراپ كېتەمتى-يا!؟

— بېرىپ ئاچچىڭىزدىن سوراڭ، — دېدى سانىيە ۋە ھېكىمنى سىلكىپ تاشلاپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېكىم تومۇر تۇتىمەن دەپ ئويلىمىغان يەردىن دەككىسىنى يېدى، بىراق ئۇنىڭ سانىيەنى قويۇۋەتكۈسى يوق ئىدى.

— خاپا بولماڭ، ئالدىڭىزدا ناماقۇل بولاي. ئەمدى ئۇنداق گەپ قىلسام ئادەم بولماي كېتەي!

— نېرى تۇرۇڭ، يۈزىڭىز ئېشەك تېرىسىدىنمۇ قېلىنكەن!

— ئۇنداق قىلماڭ، ئەمدى ئۇ گەپنى ئىككىنچى دېمەيمەن!

— دېدى ھېكىم سانىيەنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ.

— دېمەيسىز- ھە، گېپىڭىز گەپ...

— دېمەيمەن — دېدى ھېكىم ئۇھ تارتىپ، — ئەجەب ساراڭ قىلدىڭىزغۇ مېنى، ئادەتتە خېلى ئادەملەرگە گەپ بەرمەيتتىم، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا گاچىلاشتىم، بىر كىم مېنى تېرىكتۈرسە شۇ ھامان دەككىسىنى بېرەتتىم، مانا ئالدىڭىزدا بىچارىمەن. سىزگە راستىنلا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى، مېنى مەست دەپ ئويلاپ قالماڭ، ئەتە ساق بولساممۇ مۇشۇ گەپنى دەيمەن، ئەگەر قوشۇلسىڭىز بىز مۇھەببەتلىشەيلى، ئاندىن توي قىلايلى...

— مەن تېخى ئېرىمدىن ئاجراشمىغان تۇرۇپ باشقا بىرى بىلەن يۈرەلمەيمەن!

— ئاڭغىچە ساقلايمەن.

ھېكىم سانىيەنى كەينىگە سېلىپ گۈلگىنەنىڭ ئۆيىگە قاراپ كەتتى.

## 6

چىمەنگۈل خانىم ئەرگە تەگكەندىن كېيىن مۇھەببەتنىڭ تېشىدا قېلىپ جىنسىيەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى... خانىم مۇڭداشقاق ئىدى، قىزلارنى ئۆيىگە چاقىرىپ شەخسىي پاراڭلىرىنى دەپ بېرەتتى.

— ئەلبۇمدىكى رەسىمىڭىزگە ھەر بىر قارىسام ئوقۇغۇچىلىق

ۋاقتىڭىزدا بەك خۇشالدەك، ھازىر سەل غەمكىندەك كۆرۈنىسىز...— دېدى گۈلەمبەر بىر كۈنى خانىمنىڭ ئۆيىدە ئەلبۇم كۆرۈپ ئولتۇرۇپ.

— ئۇ چاغدا كۆڭلىمىزدە ئارمان كۆپ بولغان بىلەن ئانچە غەم يوق ئىدى، شوخ ئىدۇق، ھەممە نەرسىگە قىزىقىش، ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايتتۇق. ھازىر ئوخشىمايدۇ، غەم تولا، بۇنداق تۇرمۇشتا نېمىگە قىزىقىپ نېمىدىن چوڭ ئۈمىد كۈتۈپ ياشاشنىمۇ بىلمەي قالىدىكەنمىز.

— خانىم سىز مۇھەببەتلىشىپ باققانمۇ؟ مۇھەببەتكە زادى قانداق قارايسىز؟ — دېدى شوخراق بىر قىز خىجىللىق ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ.

— قىزلار دېگەن مۇھەببەتنىڭ ئىچىدىلا ياشايدۇ، مەنمۇ شۇنداق ياشاپ باققان، توي قىلغاندىن كېيىن مۇھەببەتتىن ياتلىشىپ كەتتىم، باشقا بىر نەرسە ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللىدى...

— قانداق نەرسە؟ — گۈلەمبەر بۇنى سورىماي دېسىمۇ كۆڭلى ئۇنىمىدى.

— ھازىر دەپ بەرگىلى بولمايدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن بىلىسىز، — دېدى چىمەنگۈل خانىم كۈلۈپ قويۇپ، — ئىشقىلىپ ئۇ نەرسىنى مۇھەببەت دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ سىز تۇرمۇش قۇرغاندىلا پەيدا بولىدىغان، دەسلەپتە يېڭى، كېيىن كونا تۇيۇلىدىغان بىر خىل ھېسسىيات. شۇنىڭغا ئىشەنسىڭىز بولىدۇكى، قىزلار توي قىلغان كۈنى دەل ئۇلاردىكى مۇھەببەتنىڭ ماتەم مۇراسىمى كۈنى بولىدۇ، دېمەك سىز توي قىلسىڭىزلا قەلبىڭىزدىكى مۇھەببەت ھازا ئاچىدۇ...

— نېمىشقا ئۇنداق بولىدۇ؟ توي قىلغانلاردا مۇھەببەت بولمامدۇ؟— دېدى گۈلەمبەر ئەجەبلىنىپ.

— ئۇنى مۇھەببەت دېمەيمىز، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەيمىز، مۇھەببەت دېگەن تويدىن بۇرۇنقى گۈزەل ھېسسىيات.

— ئۇنداقتا سىزدە ھازىر مۇھەببەت دېگەن نەرسە قالمىدىمۇ؟

— قالمىدى دېسەممۇ بولماس، لېكىن تەمى ئۆزگىرىپ كەتتى، — دېدى خانىم شائىرانە مەغرۇرلۇق بىلەن، — مۇھەببەت دېگەنچۇ، ماھىيەتتە بىر ئويۇن، ۋاقىتلىق ئويۇن. قىزلار بۇ ئويۇندا ئاسان ئالدىنىپ قالىدۇ. قىزلار ئەگەر ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇھەببەت باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىسە ئالىي مەكتەپتە قاقۋاش ئوغۇللارنىڭ دامىغا ئاسانلا چۈشۈپ كېتىدۇ، بەزىلىرى ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىدۇ... ئوتتۇرا مەكتەپتە يا قىزلارغا مەخسۇس ئۆتىلىدىغان مۇھەببەت دەرسلىكى يوق، ئالىي مەكتەپتىمۇ بۇنداق دەرسلىك يوق. مېنىڭچە بولغاندا ياش-ئۆسمۈرلەرگە باشلانغۇچتىن باشلاپلا مۇھەببەت ۋە جىنسىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. كىچىك بالىلارغا ئۆتۈلىدىغان ئىدىيە-ئەخلاق دەرسلىكىدە ئەمەلىي، ئەسقاتىدىغان مەزمۇن يوق. كۆپ قىسىم بالىلار دەرسنى مەجبۇرىي ئۆگىنىدۇ، خىيالى ئاللىقاياقلاردا يۈرۈيدۇ، ئۇلار ھەقىقىي چۈشىنىشكە، ئىلھامغا ئېرىشەلمىگەچكە كۆڭلى سۇنۇق، زېھنى تۇتۇق. بولۇپمۇ سىلەرنىڭ يېشىڭلاردىكى قىز-ئوغۇللار ھېسسىيات جەھەتتىن دائىم قايمۇقۇپلا يۈرۈيدۇ، كۆڭلىدە قالايمىقان ھېسسىياتلا بار، مۇقىم نىشان يوق. مۇبادا ئۇلار ئالىي مەكتەپكە بېرىپ قالسىمۇ يەنە شۇنداق يۈرۈشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشىمۇ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرالمايدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تولىسى روھىي جەھەتتىن كېسەل، بۇنداق ئادەم ئالىي مەكتەپتە بەش-ئالتە يىل ئوقۇسىمۇ تۈتامىغا چىققۇدەك بىر نېمىنى ئۆگىنەلمەيدۇ، ئاقىۋەت جەمئىيەتتىكى چۈپرەندىلەرگە قېتىلىپ كېتىدۇ، مېنىڭ نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىم ئاشۇنداق بولۇپ كەتتى. مېنىڭ ھازىر ھەممىنى تاشلاپ چەت ئەلدە ئوقۇغۇم بار. لېكىن

ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق. بەزىدە تۇرۇپ "يەنە ئوقۇپ نېمە قىلىمەن، ماڭا ئاخىر تۇرمۇش لازىمغۇ" دەيمەن، بۇ تۇرمۇشتىنمۇ زېرىككەندە ئىچىم پۇشۇپ ئانچە-مۇنچە شېئىر يېزىپ قويىمەن، ئۇنىڭدىنمۇ زېرىكىمەن. راســتىنى دېسەم ســىلەرگە ئەدەبىيات دەرســى ئۆتكۈممۇ كەلمەيدۇ، كىتابتىن ئۆزۈڭلار ئوقۇۋالساڭلار بولىدىغان نېمىگە "مەزمۇنى مۇنداق، بەدىئىيلىكى ئۇنداق" دەپ كاپىلداپ سۆزلەيمەن، ئەمەلىيەتتە شۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە تېگىلغان قاتمال قاراشلار، شۇنداق سۆزلىمىسەم بولمايدۇ، تېزىس يازدۇرمىسام بولمايدۇ، ئىمتىھاندا شۇ بويىچە يادلاپ بەرمىسەڭلار بولمايدۇ، نەتىجەڭلار تۆۋەن چىقسا ماڭاشــىمدىن تۇتۇۋالىدۇ، ماڭاشىمنى ئۆيگە ئەكىرمىسەم يولدىشىمنىڭ قاپىقى ئېچىلمايدۇ، ئۆيدە ئۇششــاق گەپ تۈگىمەيدۇ، ئۇنداق كېتىۋەرســە تۇرمۇش بۇزۇلىدۇ... سىلەرمۇ كېيىنچە تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىپ قالىسىلەر، ئاچچىقىنىڭ ئىچىدىن ئازغىنە تاتلىقىنىمۇ سېزىپ قالىسىلەر. لېكىن ئۇ تولىمۇ ئاز، ئاز بولغاچقا ئەتىۋار، قارىغاندا بىز شــۇ تاتلىقنى قوغلىشىپلا لېۋىمىزنى يالاپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز...

قىزلار چىمەنگۈل خانىمنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىشتى.

— راست، بىز كېيىنچە نېمە بولۇپ كېتەرمىز؟ — دېدى بىر قىز غەمكىن ھالدا.

— ھېچنېمە بولمايسىلەر، ھېچنېمىدىن غەم قىلماڭلار، سىلەر ئالىي مەكتەپكە بارغاندا بەلكىم بىزدىن باشقىچە ياشاشقا مەجبۇر بولىسىلەر. ئەڭ ئاددىيسى، تونۇگۈنكى ئىش بۈگۈن قايتىلانمايدۇ، ھەر بىر كۈنــى يېڭىچە ئۆتكــۈزۈڭلار، ھازىرقى پەيتنى چىڭ تۇتۇڭلار. قورسىقىڭلار ئاچسا تاماققا ئالدىرىغاندەك، بىر نەرسىنى ئۆگىنىشــكە ئالدىراڭلار. بىلىم ئېلىشنى بېسىم قىلىۋالماي ئۇنى ناھايىتــى كۆڭۈللۈك بىر ئويۇن قاتارىــدا كۆرۈڭلار. مەن بۇرۇن دەرســلىك كىتابلاردىن بىرەر يېڭى نەرسىنى بىلىۋالسام، بىرەر ھېسابنى توغرا ئىشلەپ چىقىرالىسام ناھايىتى سۆيۈنۈپ كېتەتتىم،

www.uyghurkitap.com

نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئەمدى ئويلاپ باقسام، ئەسلىدە شۇ بىلىمنىڭ ئۆزى كۆڭۈللۈك نەرسىكەن. كىتاب ئوقۇش ئەسلىي ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش، مەن ھازىرمۇ ۋاقتىم چىقسىلا كىتاب ئوقۇيمەن. مەيلى ھېكايە كىتاب، مەيلى ئىلمىي كىتاب بولسۇن ھەممىسىدىن ھوزۇرلىنىمەن. ئادەمنىڭ بىلىمى ئاشسا روھىي بايلىقىمۇ ئاشىدۇ، روھىدا كېسەل بار ئادەممۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىگە داۋا تاپالايدۇ. سىلەر ھازىر ھەر جەھەتتىن ناھايىتى تەرەققىي قىلىۋاتقان باسقۇچتا تۇرۇۋاتىسىلەر، بۇ جەرياندا بىلىم بەك مۇھىم، بىلىمگە بېرىلىش تېخىمۇ مۇھىم. ئوقۇغۇچىلار ئەگەر ئادەتتىكى ئويۇنلىرى بىلەن بىلىم ئېلىش ئويۇنلىرىنى ياخشى بىرلەشتۈرەلەيدىغان بولسا ئۇنىڭ ئۈنۈمى بىز كاپىلداپ دەرس ئۆتكەندىنمۇ ياخشى بولىدۇ. شۇڭا باللارغا "ئۆگىنىڭلار، ئۆگىنىڭلار" دېگۈم كەلمەيدۇ؛ "بىرەر دەرسكە قىزىقىڭلار، بىرەر نەرسە ئۈستىدە ئىزدىنىڭلار، كاللا قاتۇرۇڭلار" دېگۈم كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە "ئۆگىنىش" دېگەن گەپتىنمۇ "ئىزدىنىش" دېگەن گەپ مۇھىم، چۈنكى ئىزدىنىشنىڭ ئىچىدە ئۆگىنىشمۇ بار. ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بويىچە بۇرۇنراق ئىزدەنسە كېيىن شۇ كەسىپتە چوقۇم كامالەتكە يېتەلەيدۇ، ھېچ بولمىسا شۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بولالايدۇ. مەسىلەن، مەن بۇرۇنلا ئەدەبىياتقا قىزىقاتتىم، لېكىن قىزىققانلا ھېساب ئەمەستە، مۇھىمى شۇ قىزىقىشنى ھەۋەس-ئىشتىياققا، ئاندىن ئەقىدە-ئىخلاسقا كۆتۈرۈش كېرەك. قىزىقىش، ھەۋەس دېگەننى بىر كىم زورلاپ تاڭالمايدۇ. ئۇنى ئۆزۈڭلار بايقايسىلەر، خاراكتېرىڭلارغا ماس كېلىدىغان ئىشنى تاللايسىلەر. مەسىلەن، گۈلەمبەرنى ئالايلۇق، گۈلەمبەر خىيالچان، ھېسسىياتچان ۋە بىر ئىشلارغا بەك سەزگۈر بولمىسا شائىرلىقى تۇرۇپلا پەيدا بولۇپ قالامدۇ؟ ئەمەلىيەتتىنمۇ قىزلارنىڭ تولىسى شائىر مىجەز كېلىدۇ، لېكىن ئۇنى ئىپادىلەشنى ئۇقمايدۇ ياكى خالىمايدۇ، شېئىرنىمۇ ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا ئىخلاسى

يوق، شېئىر يازالمىسمۇ شۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشنى بولسىمۇ بىلسە ئىدى، بىراق ئۇلارنى كىم زورلىيالايدۇ؟ شۇڭا دەيمەن، شائىرلىقنى يەنىلا بەك چوڭ بىلمىگەن ياخشى، شائىر بولىمەن دەپمۇ ئويلىمىغان ياخشى، شېئىرنى تەبئىيلا يېزىپ، خاتىرىدە ساقلاپ، ئالاھىدە شۇنداق بىر شېئىرىي كەيپىيات ھازىرلانغاندا دىلكەش دوستلارغا ئوقۇپ بەرگەن ياخشى، سىز يازغاننى بىر ئادەم كۆرسىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ھېساب، شۇنىڭ ئۆزى شېئىرنى ئاشكارا ئېلان قىلغان ياكى كىتاب قىلىپ نەشر قىلغانغا باراۋەر. بىر ئادەم بىر دۇنيا، سىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭىز مىڭىڭگە مۇتلەق ئوخشىمايدۇ، يازغانلىرىڭىزمۇ پەرقلىق بولۇپ چىقىدۇ، ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان ئادەممۇ ئۇنى ھەر خىل چۈشىنىدۇ، شېئىرىي كەيپىيات بىر ئادەمگە ئازلىق قىلسا قىلىدۇكى كۆپلۈك قىلمايدۇ؛ شېئىر يېزىش ياكى شېئىر ئوقۇشتىن كۆرە ھاياتنىڭ ئۆزىنى شائىرانە ھېسسىيات، شائىرانە جۇشقۇن كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈزۈش ھەممىدىن ئەۋزەل.

— ئۇنداقتا شېئىر يازماي شائىرلارچە ئۆتسىمۇ بولىدىكەن-دە! شائىرلارچە تۇرمۇش قانداق بولىدۇ؟— دېدى شوخراق قىز.

— رومانتىك بولىدۇ، — دېدى بىرسى.

— بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى خانىم سالماقلىق بىلەن، — مەن شائىرانە تۇرمۇشنى بىر خىل جۇشقۇن تۇرمۇش دەپ قارايمەن. جۇشقۇنلۇق ئىچىدە ئۈمىدۋارلىق، گۈزەللىك، رومانتىكلىق بولىدۇ. مەسىلەن، مەن سەھەر تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىمەن، ئۇپۇقتىن چىقىۋاتقان قۇياشقا قاراپ زوقلىنىمەن. شۇنداق بىر نەرسىدىن زوقلىنىۋاتقان چېغىمدا ئۇنىڭغا باشقا كۆڭۈلسىز خىياللارنى يۇتلاشتۇرمايمەن، بىر ئىشنى قىلىۋاتقان چاغدا شۇنىڭغىلا بېرىلىمەن، ئاللىقانداق يوقىلاڭ خىياللارنى قىلىپ ئۆزۈمنى ئۇپراتمايمەن. بۇ خۇددى شېئىر يېزىۋاتقان چېغىمدا شۇنىڭغىلا بېرىلىپ، باشقا كېرەكسىز

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ يېگانە تورى

نەرسىلەرنى خىيال قىلمىغىنىمغا ئوخشايدۇ. ھەر بىر كۈننى بىر يېڭى ھاياتلىق دەپ بىلىپ، ھەر بىر سائەتنى مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىمەن. گاھىدا سىلەرگە دەرس ئۆتسەم گاھىدا ئىشخانىدا ياكى ئۆيدە كىتاب كۆرىمەن، گاھىدا ئۇخلاپ شېرىن چۈشلەرنى كۆرىمەن، ئۇمۇ بىر ئاجايىپ كەچمىش، مەن شۇڭا تولا چۈش كۆرسەممۇ ھېرىپ كەتمەيمەن، چۈشۈمدە تېخى شېئىر يېزىپ كېتىمەن. بەزىدە ماڭا ئويغاق چېغىمدىكى ھەممە ھەرىكىتىم، قىلغان ئىشلىرىممۇ چۈشتەك تۇيۇلىدۇ، ھېلى قىلغان ئىشىم ھېلى يوق، ھازىر بولغان ئىش ھازىر يوق. بىر قارىسا جىق ئىشلارنى قىلىۋەتكەندەك، بىر قارىسا ھېچنېمە قىلمىغاندەك... ئۆمۈر چەكلىك تۇرسىمۇ خۇددى چەكسىز ياشايدىغاندەك بىخاراماق يۈرۈيمىز، قارىسا بۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، نۇرغۇن ئادەم قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقان... ھەر قېتىم ئەينەككە قارىسام گۆردە چىرىپ كېتىدىغان مۇشۇ كۆزۈمنىڭ ئىسكىلىتىنى كۆرگەندەك بولىمەن، ئادەتتە ھېچكىم بۇنداق ئويلاپ كېتەلمەيدۇ. ئاشۇنداق يوق، ئەمما پەيدا بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلالىغان ئادەمنىڭ ئۆزى شائىر، گەرچە شېئىر يازمىسىمۇ ئۇ شائىر، ھېچ بولمىسا شۇنداق چوڭقۇر تەپەككۇر قىلالىغانىنىڭ ھەممىسى شائىر، ئۆزىگە قىزىققان ۋە ئۆز قىممىتىنى ئىزدەپ تېپىشقا تىرىشقانىنىڭ ھەممىسى شائىر، ئىشقىلىپ ئاشۇنداق شائىرانە ياشاپ ئۆتكەن ئادەمنىڭ ھەممىسى كاتتا شائىر...

## 7

ھېلىماخۇن بىلەن قەمبەرنىڭ كۆڭۈللۈك مۇناسىۋىتى ئابدۇۋاقىنى بىئارام قىلاتتى. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە تالادىن دالان ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنىڭ ھوجرىسىغا قاراپ ماڭغان چېغىدا ناھايىتى

بەختلىك يېتىشقان ئۇ ئەر-خوتۇنغا قىزىل كۆزلۈك بىلەن قاراپ قوياتتى، ئىچى پۇشاتتى، تون تەك بولغىچە ئۇيقۇسى كەلمەيتتى، چالا-پۇچۇق ئۇخلاۋاتقان بولسا دالان ئۆيدىكى نازۇك تىۋىشلاردىن ئويغىنىپ كېتەتتى. بولۇپمۇ قەمبەر قاتتىق ھاياجانلانغان چېغىدا ئۆزىنى نورمال ئاياللاردەك تىزگىنلىيەلمەي بەزىدە بوش، بەزىدە قاتتىـــق ئىڭراپ ســـالاتتى، ھېلىماخۇن ئۇنى باشـــقۇرالمايتتى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا "نېرۋىسى ئاجىز" دەپ گەپ قىلالمايتتى.

بـــازار يېرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ھېلىماخۇننىڭ ئوقىتى تازا ئاقماي قالدى، يېڭـــى كۆچۈپ كەلگەن ئۆيدە ئۇنىڭ ھۈنەر قىلىشى ئەپسىز ئىدى، يول بويىغا چىقىپ ياماقچىلىق قىلىۋىدى، مەكتەپ بالىلىرىدىن باشقا ئادەم ئايىغىنى يامىتىپ باقمىدى، ئۇ بالىلارمۇ كۈندە كېلىۋەرمەيتتى. ئۇنىڭغا ئاياغ بۇيرۇتىدىغان بىرەر خېرىـــدار چىقمىدى، ئۆزى ئاياغ تىكىپ بازاردا ســـاتالمىدى. ئۇ باھارخان نېمە دېسە شۇنى قىلىپ، كۈندە قانچىلىك پۇل تاپسا شۇنىڭغا شۈكۈر قىلىپ يۈرەتتى.

سانىيە يامانلاپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇباقىنىڭ خورىكى ئۆسۈپ قالدى، ئاخشـــىمى بەزىدە ھاراق ئىچىپ كېلىپ، دالان ئۆيگە ئۇدۇللا كىرىپ، ســـۇپىغا ئايىغى بىلەنلا چىقىپ، قەمبەر يىغىپ قويغـــان يوتقانلارنى كۆرپە قىلىپ ھېچنېمىنى تۇيمىغان بولۇپ يېتىۋالاتتى. ھېلىماخۇن ئۇنى يۆلەشـــتۈرۈپ ھۇجرىسىغا ئېلىپ ماڭسا قېيىشىپ تۇرۇۋالاتتى، ھېلىماخۇننى تىللايتتى. بىر كۈنى ئەتىسى باھارخان ئۇنىڭغا:

ــ ئاخشام بەك ئوسال ئىش قىلدىڭ، ھاراق ئىچىپ كېلىپلا ھېلىماخۇننى ئۇنداق كەلسە-كەلمەس تىللىما، كۆڭلىگە كېلىدۇ، ــ دېدى.

ــ كارىم نېمە؟! ــ دېدى ئابدۇباقى، ــ نوچى بولسا ئۆز جېنىنى ئۆزى باقسۇن!

ــ نەگە بېرىـــپ جېنىنى باقىدۇ؟! ــ دېـــدى باھارخان

ئاچچىقلىنىپ، ــ ئاچاڭ شۇنداق ئەيىبلاپ تۇرسا، سىزدىن ئايرىلسا خارلىنىپ قالامدۇ؟

ــ ھېلىماخۇننى ھۈنەرۋەن دەپ كۆيئوغۇل قىلىۋالغاندىكىن، شۇ ھۈنىرى بىلەن قەمبەرنى باقسا بولىدۇ.

ــ قەمبەر كەتسە قارنىڭغا كىم ئاش ئېتىدۇ، خوتۇنۇڭ ئېتىپ بېرەمدۇ؟ مەن ئەمدى قېرىغاندىمۇ ساڭا ئىشلەپ يۈرەمدىمەن؟

ــ قەمبەر بولمىسا گۈلەمبەر بارغۇ، مەكتەپتىن بىكار بولغاندا تاماق ئەتسە بولىدۇ، تەس ئىش ئەمەس ئۇ...

ــ تاماق ئېتىش بىلەنلا ئۆينىڭ ئىشى تۈگەيدۇ دەمسىنا!؟ "بىر بىكار مىڭنى بىكار قىپتۇ" دەپ ئۆزۈڭ بىكار يۈرۈپ، ئۆيدە ئىش قىلىۋاتقان ئادەمنى قوغلاي دەمسىنا؟

ــ كىم بىكار يۈرۈيدىكەن!؟ ھوشۇر ھاكىم بىلەن ئۈلۈشكۈن كوچىدا كۆرۈشۈپ قالدىم، ماڭا ئاشلىق ئىدارىسىدىن ئىش تېپىپ قويۇپتۇ، "كېلەر ھەپتىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشسەڭ بولىدۇ، مەن ئۇلارغا دەپ قويدۇم" دەيدۇ.

ــ ھوشۇر ھاكىمغا مەن دەپ سۆيلەپ تۇرغاچقا شۇنداق دېگەندۇ، سورىدىڭمۇ، ئايلىقىڭنى قانچە بېرىدىكەن؟

ــ ئۇنى سورىماپتىمەن، لېكىن پۇلى ئاز بولسا ئىشلىمەيمەن.

ــ ئۇنداق دېمەي ئىشلەپ تۇرماamسەن! ئاران تاپقان خىزمەتنى يەنە يوق قىلاي دەمسەن؟ ئۇ ياقتىن ئىشلەپلا بۇ ياقتىن رەسمىيلىشىپ، يۇقىرى مائاش ئالىدىغان ئىش يوق، كېيىن ئاستا-ئاستا ھەل بولىدۇ.

ــ ۋاي تاڭەي، بەرگەن ئايلىقى ھاراققا يەتسە چوڭ گەپ...

ــ ئۇنداق ئىش يوق، پۇلنى ماڭا تاپشۇرىسەن، ھاراق ئىچىشىڭگە ئەمدى رۇخسەت يوق، مەست كەلسەڭ تالادا ياتىسەن!ــ دېدى باھارخان قەتئىي تۈستە.

ــ ئۇنداق دېسىڭىز ئىشلىمەيمەن، قاچانغىچە مەن ئۆزۈمگە ئىگە بولالمايمەن، مەنمۇ بىر ئەر كىشى...

ــ خوتۇن كىشىگە مۇشت سېلىپ تۇرۇپ، ئۆزۈڭنى يەنە ئەر كىشى دەمسەن تېخى؟!

ــ مۇشـــت بىلەن سالماي يۈزىگە تەپسەم بولامتى ئەمسە!؟

ــ دېدى ئابدۇباقى كۆرەڭلىك بىلەن، ــ بوش تۇرسام بوزەك قىلىدۇ، كېلىپ مېنى ئۇرىدۇ، ئۇ چاغدا سىزمۇ قاراپ تۇرىسىز...

ــ بەك يوغـــان ئىش قىلدىڭ، ئەمدى ئۇنـــى ياندۇرۇپ كېلەلىسەڭ سەن نوچى، بولمىسا قاپاق نوچى!

ــ ئەمــدى يېلىنىپ بارمايمەن، خېتىمنى ئالىمەن دېســە ئالسۇن!

ــ خوتۇنۇڭنى ئــوگلاپ خوتۇن قىلالمىدىڭ، ئەمدى نېمە قىلساڭ قىل، ئۆزۈڭ پۇل تېپىپ خوتۇن ئالارسەن.

بۇ گەپنى ئــاڭلاپ ئابدۇباقى ســانىيەنى ھەقىقىي خوتۇن قىلالمىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭۈلسىزلىككە پاتتى، كەلگۈسىدە قانداق بولۇشىنى ئۇقالماي تەشۋىش ئارىلاش خام خىيالغا چۆمدى.

ئابدۇباقى خوتۇنـــى يوق چاغدا خاتىرجــەم ئۇخلىيالىغان بىلەن، ھېلىماخـــۇن بىلەن قەمبەرنىڭ نازۇك تۆۋشــلىرىدىن ئۇيقۇســـى قاچىدىغان بولۇپ قالدى. گاھىدا شۇنچىلىك سەزگۈر بولۇپ كېتەتتىكى، قەمبەرنىڭ زۇۋانىنى ئاڭلاپ قالسا "جىم ياتسا بولمامدىغاندۇ؟ ما مەينەت، ھېلى بىكار زۇۋانىغا دەسســەيمەن" دەپ ۋارقىرىغىلى تاس قالاتتى.

بىر كۈنى ئۆيدە قەمبەردىن باشقا ھېچكىم قالمىغان پەيتتە ئابدۇباقى ئۇنىڭغا كايىپ:

ــ ســاڭا بىر گەپنـــى دەپ قوياي، ئوبدان ئــاڭلا، ئانام سېنى كېچىدە جىم ياتسۇن، ئۇيقۇمنى بۇزمىسۇن دەيدۇ، سېنىڭ دەستىڭدىن ھەممىمىزنىڭ ئۇيقۇسى ھارام بولدى! ما ئۆيىنىڭ تېمى بەك نېپىزكەن، ھەر قايسىڭنىڭ بۇرۇنقى ئۆيى ئەمەسكەن، دىققەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

قىل، ھەر قانچە بىر جاننى ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ زۇۋانىڭنى بېسىپ جىم يات، نېمە قىلىق دەيمەن يوغان بولغاندا... — دېدى.

— قەمبەر بىر دەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتتى، چىرايى شۇ ھامان ئۆڭدى، ئۇۋالىقا ئۇچرىغانلىقىدىن قاتتىق خاپا بولدى:

— ئانام كەسە... دەمەن، ھېلىم... كەسە دە... مەن. نىم... كىلدىم... ھە... دە... دە...

— سەن نېمىگە جان كىرىپتىمۇ نېمە! بولدى، بولدى، ھېچنېمە دېمىدىم ، ئىشىڭنى قىلىۋەر!

ئابدۇباقى ئىلگىرى تۇزۇك گەپ ئۇقتۇرالمايدىغان قەمبەرنىڭ گەپلىرىدىن ھەيران قالدى، كاللىسىغا شۇ ھامان شۇنداق بىر غەيرىي خىيال كەلدى: قەمبەرنىڭ زۇۋانىنى ھېلىماخۇن ئېچىپتۇ!

شۇ ئاخشىمى ئابدۇباقى قەمبەرنىڭ تىۋىشىنى يەنە ئاڭلاپ قالدى، قەمبەر ئۇنىڭ بىلەن قېيىشىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئىككىسىنىڭ قايسىدۇر بىرى ھەتتا ئوتتۇرىدىكى ئىسسىنىش تېمىنى بوش تېپىپ سالدى، ئابدۇباقىنىڭ يۈرىكىگە شۇ تامنىڭ بىر خىشى كېلىپ تەگكەندەك بولدى. سەل ئۆتۈپ قەمبەرنىڭ زۇۋانى پەسكويغا چۈشتى، ئارقىدىن ئۇلارنىڭ گەپلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. "مەتۇلار" ئۆزلىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ يان ئۆيدىكىلەرنى پەقەت ئويلىمايۋاتاتتى. باھارخان ئەزەلدىن ئۇلارنىڭ كېچىلىك تۇرمۇشىغا ئارىلاشمايتتى، شۇڭا ئابدۇباقىمۇ ئۇلارغا نەق مەيداندا ئارىلىشىۋېلىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى، ئوچۇق ئاڭلىيالماي ھەتتا قۇلىقىنى يېقىن تۇتۇپ ئاڭلىدى، گەپنى تولىراق ھېلىماخۇن قىلاتتى، ئۇ ئاساسەن كوندىلىك ياماقچىلىقى، تاپقان پۇلى ۋە پىلانى، يەنە بالا تېپىش چوڭ قىلىش ھەققىدە قەمبەرگە بىر نەرسىلەرنى دەيتتى، قارىغاندا ئۇنىڭ قەمبەردىن بىر ئوغۇل بالا تاپقۇسى بار ئىدى. قەمبەر ئارىلاپ-ئارىلاپ ئۆزىگە خاس

ئىملىق سۆز ۋە تولۇقسىز جۈملە بىلەن ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇپ، ئېرىنىڭ گېپىگە ماسلىشىۋاتاتتى. كېيىنكى بىر ئاخشىمى ئابدۇباقى قەمبەرنىڭ ناھايىتى قېلىن بىر گەپنى تولۇق دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قېتىپ قالدى. ھېلىماخۇنغا تەگكەندىن بېرى قەمبەرنىڭ ئەقلى، تىل ئىقتىدارى خېلى ئەسلىگە كېلىپ، زوۋانى ھەقىقەتەن ئېچىلىۋاتاتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئابدۇباقىلا ئەمەس، باھارخان بىلەن گۈلەمبەرمۇ ھېس قىلىۋاتاتتى. گۈلەمبەر ئۇنى باشقىچە ئويلايتتى، بىر قېتىم چىمەنگۈل خانىم "شېئىر ۋە نەسىردىكى 'ئاھ، پاھ، ۋاي...' دېگەن ئىملىق سۆزلەر ئادەمنىڭ ئېپتىدائىي تىلى، تىل ئەڭ بۇرۇن شۇ ئىملىق سۆزلەردىن كېلىپ چىققان" دېگەنىدى. گۈلەمبەر شۇنىڭغا قىياسەن، قەمبەرنىڭ تىلى ھاياجانلىق ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەيدىغان ئىملىق سۆزلەردىن مەلۇم مەنە-مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان مۇرەككەپ سۆز ۋە جۈملىلەرگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ دەپ پەرەز قىلاتتى.

قەمبەر ئانىسى باھارخان ۋە ئېرى ھېلىماخۇندىن باشقىلارنى ئۆيىدىكى ئادەتتىكى ئادەم قاتارىدىلا كۆرەتتى، ئۇلارغا پەقەت سىرتتىكى ناتونۇش ئادەملەردىن پەرقلىق مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنى باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىدۇ دېگەندىن كۆرە، باشقىلار ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلىدۇ دېگەن توغرا ئىدى. ئەمما ئەيىبناق ئادەمدىن قانداق ئاغرىنغىلى بولسۇن؟ گۈلەمبەر ئۇنىڭغا بەك ھېسداشلىق قىلاتتى، ئۇنىڭ ئەقلىدىكى كەمتۈكلۈكنىڭ ئۇنىڭ تىلىدىكى ئاجىزلىقنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەگىشىپ ئۆگىنىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. مۇھىمى، قەمبەر ھېلىماخۇن بىلەن ئۆمۈر بويى ئۆي تۇتۇپ، ئىناق ئۆتۈپ كەتسە بولاتتى. گۈلەمبەر ئانىسى باھارخاندىن قەمبەرنىڭ قورسىقىدا قالغاندەك ئالامەتلەر بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى قانداق بولۇپ كېتەر؟

ھېلىماخۇن ئايرىم دۇكىنىدىن، بازار يېرىدىن ۋە خېرىدارلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن بارغانچە ئەبگالىشىپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى، ھەر كۈنى ياماقچىلىق غالتىكىنىڭ يېنىدا تۈگىمەس غەم-قايغۇلارغا چۆكۈپ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى، غەم ياسقانچە چۈشكۈنلىشىپ، كېسەل كىشىدەك بىئارام بولۇپ كۈنىنى ئاران كەچ قىلاتتى، ئاخشىمى ئورۇنغا كىرگەندىلا روھلىنىپ قالاتتى، ئامراق خوتۇنىدىن خۇشاللىق تاپاتتى.

ئابدۇباقى بازارغا ماڭسا دائىم ھېلىم موزدۇز ياماقچىلىق قىلىدىغان يولدىن ئۆتەتتى ۋە ئۇنىڭ مەيۈس ئولتۇرغىنىنى كۆرەتتى. ئادەت يۈزىسىدىن مۇنداقلا كۆرۈشۈپ ئارتۇق گەپمۇ قىلماي ئۆتۈپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۇنى كۆرۈپلا جىلە بولۇپ قالدى:

— ئولتۇرۇپ كېتىپتىمىزغۇ ھېلىماخۇن، چىلىم چەككەن بەڭگىدەك سولۇشۇپ...

— ئادەم كەلمەي شۇ قاراپ تۇردۇم، — دېدى ھېلىماخۇن گەدىنىنى قاشلاپ.

— ئادەم كەلمەيدىغان يەردە ھاڭغىيىپ تۇرغىچە بازارغا كىرىپ ياماقچىلىق قىلساڭلا بولمامدۇ! كۆلىدىن چىققان ياماقچىلارمۇ يۈرۈيدىغۇ شۇ بازاردا، شۇ خەقچىلىك بولالمامسىلەر؟! ئۇلار خەي يامىسا سىلە ئاياغ تىكىپ ساتمامسىلەر؟

— ئادەمدىن باج ئالىدىكەن.

— باج ئالسا تاپقان نېمەڭلىكە قاراپ ئالىدۇ!

— ئۇنداق ئەمەسكەن، جىق ئېلىۋالىدىكەن.

— بازارغا كىرىش خۇشياقمايدۇ دەڭلا، تېقىمىڭلىدىكى كۆچ نەگە كەتتى؟! كۆچۈڭلىنى ئاخشىمى ئىشلىتىپ، كۈندۈزى سولاش ئولتۇرىدىغان گەپما مۇشۇنداق؟...

— بازارغۇ يىراق كەلمەيدۇ، بازار كۈنى كىرسەم بولامدىكىن، بىنەپتە كۈنى مەشەدە ئىش قىلاي.

— مۇشۇنداق يۈرسەڭلا كېيىنچە خوتۇنۇڭلىنى، بالاڭلىنى قانداق باقىسىلە؟! ھەر ئاخشىمى خوتۇنىنىڭ قوينىدا يېتىشنى

بىلگەن بىلەن ئۇنى بېقىشنى بىلمىسەڭلا بولمايدۇ. جانغا چۇشلۇق بىر ئىش قىلىڭلا ئەمدى، كەچكىچە بىزگە ئېغىرىڭلىنى سالماي...

— ھېلىمۇ شۇ... مەنمۇ شۇ... شۇنداق قىلاي دەپ...

— سىلە "ھېلىمۇ شۇ، مانا شۇ" دەپ ئولتۇرۇپ ئاخىر مۇشۇ كۈنگە قالغان. ئۇ گەپنى قويۇپ، مانى چوقۇم قىلىمەن دەپ بىر ئىش باشلاڭلا ئەمدى!

— مەنمۇ شۇ قىلاي دېگەن، ئۆتكەن بازاردا تۇزلۇك ئىش قىلالماي... جىق باج تۆلىدىم. باھارخان ئانامۇ "مەشەدە ئىش قىلىڭ، كۈندە بەش موچەن تاپسىڭىزمۇ مەيلى" دېگەن...

— ئانام دەۋىرىدۇ، بەش موچەنگە نېمە كېلىدۇ؟! تاپقىنىڭلا بەش موچەن، ئۆيدە يېيىشىڭلار پولو، لەغمەن. قەمبەر سىلىنى گۈش بىلەن ئوبدان بوداۋاتىدۇ. ھەددىڭلىدىن بەك ئېشىپ كەتمەڭلا، بۇ ئۆي سىلىنىڭ ئۆي ئەمەس، مەن شۇنچىلىك دەپ قوياي، ئۆزلۈڭلىنى بىلىۋېلىڭلا...

بۇ گەپلەرنى ھېلىماخۇن ھېجىيىپ تۇرۇپ ئاڭلىمىسا ئابدۇباقىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قوياتتى. ئابدۇباقى ئۇنىڭغا يەنە بىر مۇنچە تەنە-مالامەت قىلغاندىن كېيىن كوچىغا كەتتى. ھېلىماخۇن كېيىنكى كۈنلىرىدىكى تەسلىك ۋە كۆڭۈلسىزلىكنى ئويلاپ، بىر دەمدىلا كېسەل تەگكەن ئادەمدەك سارغىيىپ-تاتىرىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. باھارخان بولمىغان بولسا ئابدۇباقى بەلكىم ئۇنى بۇ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانمۇ بولاتتى. مۇبادا باھارخاننىڭ پۇلى تۈگىسە، "بالام، ئەمدى بىز سىلەرنى بېقىپ بولالمايمىز، ئۆز كۈنۈڭلىنى ئۆزۈڭلا ئېلىڭلا" دەپ قالسىچۇ؟ بۇ ئۆي باھارخاندىن كېيىن قالسىچۇ؟ بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاش قىيىن ئىدى.

ھېلىماخۇن پەقەت سۆيۈملۈك خوتۇنى قەمبەردىن ئايرىلمىسا، مەيلى قەيەردە بولسۇن ئۆزىنى خار قىلماي، كۈچىنى خار قىلىپلا ياشىسا شۇنىڭدىن رازى ئىدى.

147

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 8

ھوشـۇر ھاكىـم باھارخانغا بەرگـەن ۋەدىـسى بويىچە ئابدۇباقىنى ناھىيىلىك ئاشـلىق ئىدارىسـىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويـدى. باھارخان بۇنىڭدىن خۇش بولۇپ ئابدۇباقىنى ئىشـقا بېرىشـقا ئالدىراتتى. ئابدۇباقى ئىشقا چۈشكەن بىرىنچى كۈنىلا ئاشـلىق ئىدارىسـىدىكىلەر ئۇنى خالتىلىق ئۇنلارنى توشۇشـقا سالدى، ئەتىسى گۈرۈچ، ياغ توشىغىلى قويدى، ئۈچىنچى كۈنى ئىدارىگە كۆمۈر تەقسـىم بولغاندا ماشىنىدىن كۆمۈر چۈشۈرگىلى سـالدى، ئاندىن باشلىق ئۇنى ئۆيىگە كۆمۈر توشۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئاخىر چىدىمىدى، ئىش ئىجىرىكـەن دەپ باھارخانغا دادلاپ كەلدى. باھارخان "چىداپ ئىشـلەپ تۇرسـاڭ كېيىن رەسمىي ئىشچىلىققا ئالغاندا ئىشىڭ يەڭگىللەيدۇ" دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. ئۇ ئىشچى دېگەن چىرايلىق قالپاقنى كىيىۋالغان بىلەن ئۆزىنـى ئۇ يەردە مەدىكاردەك ھېس قىلاتتى. باشـلىق ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بىرەر ئامباردا رەسمىيلىشىپ قالغان قوڭالتاق ئىشچىلارمۇ ئۇنى ئىشقا بۇيرۇپ قوياتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قورسىقى كۆپۈپ، "بىردەم بىكار بولغىلى قويـۇڭلار ئادەمنى" دەپ تاماكا چېكىپ بىر دەم ھۇزۇرلىنىۋالاتتى، جاپادىكى بۇ ھۇزۇر ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ھۇزۇرىدىن شېرىن ئىدى. ئۇ بىر ئايدەك چىداپ ئىشلەپ ئۈچ يۈز كوي ئىش ھەققىنى مىڭ تەستە ئېلىۋېلىپلا ئۇ يەرگە ئىككىنچى دەسسىمەي قويدى. باھارخان ئۇنى تولا مەجبۇرلاپ يۈرۈپ ھاردى، ھوشۇر ھاكىمنىڭ ئۆيىگە سوۋغا ـ سالام بىلەن ھال ئېيتىپمۇ باردى ۋە ئابدۇباقىنى ئىشى يېنىكرەك بىرەر ئىدارىگە كىرگۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ھاكىم خاپا بولۇپ كەتتى:

— سىلىگە دېيسـەم، ئوغۇللىرى قارا ئىشچىلىقتىن باشقىغا يارىمايدۇ.

— قارا ئىش بولسىمۇ ئىشى يېنىكرەك يەرمۇ چىقىپ قالار،

ئۇنداق قىلماي بىر ياردەم قىلىپ قويسىلا شۇ بالامغا...

— بىر ئوبدان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسا تولۇق ئىشلىمىسە، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ داشۆ پۈتتۈرۈپ كېلىۋاتقان باللارنىمۇ بىر يەرگە تىقالمايۋاتساق ئۇنى نەگە ئاپىرىمىز؟ ئۇنىڭ يا تولۇقكىنە بىر ئوقۇش تارىخى بولمىسا، قولىدا ھېچقانداق دىپلومى بولمىسا...

— ئۇغۇ شۇ ئەمدى، ئۆزىمۇ سەل نانقېپى، بۇرۇن مەكتەپتە ياخشى ئوقۇمىغان. شۇنداقتىمۇ ئۆزلىرى بولغاندىكىن بىر...

— مەن قىلىدىغىنىمنى قىلىپ بولدۇم، ئىشلىمىسە ئۆزىگە ھېساب، ئۇنىڭغا ئەمدى مەن ئىگە ئەمەس!

— ئۆزلىرىنى ھېلىمۇ كۆپ ئاۋارە قىلدۇق، ئەمدى شۇ...

— ئوغۇللىرىنىڭ ئىشى ئەمدى تۈگىدى، ھېلىقى بىر قىزلىرى قالدىغۇ، ئىسمى نېمىتى؟

— گۈلەمبەر.

— ھە، شۇ قىز ئوتتۇرا مەكتەپنى قاچان پۈتتۈرسە ئۇنىمۇ بىر يەرگە ئاپىرىپ تىقارمىز، كېيىنچە كادىرلىق ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرۇپ يا باشقا بىر ئامال قىلىپ شتات ھەل قىلىپ بېرەرمىز.

— ئۇ قىزىم بۇ يىل مەكتەپ پۈتتۈرىدۇ، داشۆ ئىمتىھانىغا قاتنىشىمەن، داشۆدە ئوقۇيمەن دەپ يۈرۈيدۇ، — دېدى باھارخان خاتىرجەمسىزلىك بىلەن، — ئوقۇتماي دېسەم قىز بالا بولۇپ قالدى، كېيىن خارلىنىپ قالمىسۇن دەيمەن. لېكىن بىر مۇنچە پۇل خەجلەپ ئوقۇتىدىكەنمىز، تاپقان ـ تەرگىنىمىزنىڭ ھەممىسى شۇنىڭغا كېتىدىكەن، ئوقۇپ كەلسە خىزمەت يوق، يەنە بىزگە ئېشىپ قالىدىكەن، ئاندىن ھەر قايسىلىرىغا يالۋۇرىدىغان ئىش چىقىدىكەن.

— قىزلىرىنىڭ ئوقۇشى ھازىر قانداقراق؟

— ئوقۇشىغۇ ياخشى ئوخشايدۇ، ھازىر تېخىمۇ بەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىۋاتىدۇ، داشۆگە بارىمەنلا دەيدۇ. بۇرۇنغۇ بارالىسا تەلىيى دەيتتىم، ئەمدى بارالمىسكەن دەيدىغان بولۇپ قالدىم قارىسىلا... بۇرۇنغۇ ھۆكۈمەت ئوقۇتىدىكەنمىش، ھازىر ھەممە جاپا ئاتا-ئانىغىلا قاپتۇ ئەمەسمۇ! مەن بىر تۇل خوتۇن، بۇ قېرى جېنىمدا ئۇنى ئوقۇتۇپ بولالمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىز بالا دېگەن پۇلغا ئامراق، چوڭ شەھەردە ئويۇنغا بېرىلىپ كېتىپ، ئەۋەتكەن پۇل توشماي قالامدىكىن دەيمەن!

— ئەگەر قىزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئوقۇغۇسى بولسا ئوقۇسۇن، ئۇنچە جىق چىقىممۇ كەتمەيدۇ. بىز بەرگەن 40 مىڭ كويمۇ خېلى پۇل، شۇنىڭ بىر قىسمىنى قىزلىرىنىڭ ئوقۇشىغا ئىشلەتسىلە، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلسە خىزمەت دېگەن تەييار...

— ئەجەب گەپ قىلىدىكەنلا ھاكىم! — دېدى باھارخان تېرىكىپ، — 40 مىڭ كوي پۇل شۇ پېتى تۇرىۋېرەمدۇ؟! بۇرۇنقى تاپاۋىتىمىز تۈگىدى، ئۆيدىكى تەييارتاپلار تېپىپ بەرسە يېيىشنىلا بىلىدۇ، بىر قىزىم مېيىپ، ئېرىنىڭ ھۈنەر قىلىپ تاپقىنى ئۆزىگە يەتمەيدۇ، ئابدۇباقىنى ئوبدان ئىشلەمدىكىن دېسەم ئۇمۇ بىر تىرىكتاپ بولدى... شۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قاراشلىق!

— ئوغۇللىرىغا ئوبدان تەربىيە قىلسىلا، ئىشلىمىسە پۇل نەدىن كېلىدۇ؟ — دېدى ھاكىم خۇددى ئۆزى ھۆكۈمەتكە بەك ئىشلەپ كەتكەندەك، — ئۇ ئىشچىلىققىمۇ يارىمايۋاتسا ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان ئىشنى قانداق قىلالايدۇ؟ ئۇنىڭغا سەۋىيە كېرەك-تە!

— سەۋىيىسىگە قارىمىسا بولماسمۇ؟ ئىشى يەڭگىللەرنىڭ ھەممىسى سەۋىيىلىك بولۇپ كەتمەيدىغاندۇ؟ نى يوق قورساقلارمۇ بارغۇ بىكارغا مائاش ئېلىپ يەيدىغان، شۇلارنىڭ سەۋىيىسى قانچىلىككەن؟! — دېدى باھارخان تۇۋاللىقا ئۇچرىغان ئادەمدەك زارلاپ.

— سىلى بىر ساۋاتسىز خوتۇن، بۇنداق قالايمىقان گەپ

قىلمىسىلا! ــ دېدى ھاكىم كۆزىنى چەكچەيتىپ، ــ پوق قورساقلار خىزمەتنى قانداق ئىشلىيەلەيدۇ؟ خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلار، ئۇلارغا قارا-قويۇق تۆھمەت قىلمىسىلا! يېزىدىكى دادۇيجاڭلاردىن پوق قورساقلار بار دەپ شۇلاردىن بىرىنىمۇ قويماي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇتۇۋاتىمىز. سىلە ھېچنېمىنى بىلمىگەندىكىن ئارتۇق گەپ قىلمىسىلا، گەپ قىلسا تېخى چۈشەنمەيلا! ناھىيىمىزدە ھازىر ئىش كۆتۈپ تۇرغان داشۆسىڭ باللار ئىككى يۈزگە بېرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا دىپلومى، ئوقۇش تارىخى، دۆلەت بېكىتكەن شىتاتى بار، لېكىن كۆپ قىسمىنى شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرالماي يېزىغا ھەيدەۋاتىمىز. شۇلارمۇ قاقشىماي ئەشەدە ئۆز نېنىنى تېپىپ يەۋاتىدۇ. ئۇلارنى ئاتا-ئانىلىرى شۇنچە كۆپ پۇل تۆلەپ ئوقۇتقان، ئۇلار ھېچ يەردىن ئىش تاپالمىسا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ مەن تېخى بىر مۇنچە يول مېڭىپ ئوغۇللىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، نى سەۋىيىسى بار ئادەمگە بەرمىگەن خىزمەتنى ئوغۇللىرىغا بەردىم، بۇنىڭغا شۈكۈر قىلمىسا، قوڭنى قىسىپ تۈزۈك ئىشلىمىسە بېرىپ ئېشەك باقسۇن! پوق قورساق، قارا قورساق دېگەن گەپنى ئوغۇللىرىغا دەپ بەرسىلە!...

ھاكىمنىڭ ئەلپازى توساتتىن يامانلىشىپ كەتتى، باھارخان سوغۇق شامالدا قالغاندەك تىترىدى:

ــ مەن سىلىگە دېمىگەن ئۇ گەپنى...

ــ نېمە؟! تېخى ماڭا قارىتىپ دېمەكچىمىدىلە؟ ــ دېدى ھاكىم ئاچچىق كۈلۈپ، ــ قورسىقى يوغان بولسىلا پوق قورساق دەپ ئويلامىلا؟! راست، قورسىقى يوغانلار چوڭ يەپ-چوڭ ئىچىدۇ، خەق ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. لېكىن بىلىم-سەۋىيە دېگەن قورساقتا ئەمەس، كاللىدا بولىدۇ-ماۋۇ كاللىدا! كاللا بولمىسا كىم ھاكىم بولۇپ جاھان سورىيالايدىكەن؟

ــ ئۇ گەپنى سىلىگە دېمىگەندىكىن تېرىكمىسىلە ھاكىم،

— دېدى باھارخان خۇددى ئېرىدىن دەشنام يەپ ئۆنىڭغا تەن بەرمىگەن خوتۇندەك، — خوتۇن كىشى قېرىغاندا بەزىدە گەپ قىلىۋېتىپ ئېزىپ قالىدىكەن...

— ماڭا قارىسىلا باھارخان، بىز يات ئادەملەر ئەمەس، سىلىنى بۇرۇندىن تونۇغاچقا ئۆزۈمگە يېقىن كۆرىمەن. سىلى ئۇقمايلا، ئۆيلىرىنىڭ ئىشىدا مەن ھۆكۈمەتتىكىلەر بىلەن جىق تالاشتىم، ئۇلارغا قويسا سىلىگە تۈزۈك بىر نېمە بەرمەيلا ئۆينى ئېلىۋالىدىغاندەك، مەن ئارىغا چۈشۈپ جىق خىزمەت ئىشلىدىم. ھەر نېمە بولسا بازار باھاسى بويىچە ئۆينى ھېسابلاپ قوللىرىغا نەق پۇل بەردۇق. يەنە تېخى باللىرىنىڭ خىزمەت ئىشىغىمۇ، تام ئورنى ئېلىش ئىشىغىمۇ كېپىل بولدۇق، بۇ ئەسلىي بىزنىڭ پىلانىمىزدا يوق، بۇنى ئۆزۈم شەخسەن قىلىۋاتىمەن. ئىلاجى بار سىلىنى رازى قىلىشقا تىرىشىۋاتىمەن. لېكىن سىلە ...

— ھېلىمۇ شۇ شۈكرى قىلىپ كەلدۇق ھاكىم، سىلىگە مىڭ رەھمەت، لېكىن ئۇلار ئابدۇباقىنى مەدىكاردەك ئىشلىتىدىكەن ئەمەسمۇ، بىر كۈنى كېلىپ بېلىم ئاغرىپ كەتتى دەپ ياتتى. ئۇ بۇ ئۆمرىگە كېلىپ ئۇنچە جاپا تارتىپ باقمىغان بالا ئىدى، ھېلىمۇ چىداپ بىر ئاي ئىشلىدى...

— يەنە شۇنى دەيدىكەنلا باھارخان، ئوغۇللىرى بىر-ئىككى يىل چېنىقمىسا ئۇنى قانداق رەسمىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ؟ ھازىر نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش بار؟ تەييار خىزمەتتىن قېچىپ ماڭاشنى تېپىپ يېيەلمىسە مەن قانداق قىلاي! سىلە ئوغۇللىرىغا چاپان ياپماي بېرىپ ئۇنىڭغا ئوبدان تەربىيە ئىشلىسىلە!

باھارخان ھاكىمنىڭ قاتتىق تەلەپپۇزىدىن ئەندىكىپ قالدىيۇ، ئىچ-ئىچىدىن ئۇنىڭغا يەنە قاتتىق نارازىلىق پەيدا بولدى. مۇشۇ تەڭقىسلىققا سالغۇچىنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت ئەمەسمۇ، مۇشۇ ھاكىم ئەمەسمۇ! ئۆيىنى تارتىۋالمىغان بولسا باللىرىنىڭ ئىشىدىن بۇنچە قايغۇرۇپ نېمە قىلاتتى؟ ئەمدى بولغۇلۇق بولدى،

ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ بولغىلى بولامدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى مۇشۇ ھاكىمغا يېلىنغىنى يېلىنغان، شۇنداق قىلماي ئامال يوق...

— دېگەنلىرىمۇ توغرا — دېدى باھارخان ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — مەن ئۇنى زادى ئادەم قىلمىسام بولمىدى. ئەمدى شۇنىڭ تام ئورنى ھەل بولغان بولسا...

— ئۇنىمۇ ۋاقتى كەلگەندە ھەل قىلىمىز، — دېدى ھاكىم تاماكا تۇتاشتۇرۇپ.

— ئۇنىڭ جېدىلىغۇ تۈگىگەن بولسۇن، ئەمدى شۇ قىزىمنىڭ ئىشنى قانداق قىلارمىز؟

— ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار، — دېدى ھاكىم ئىشەنچ بىلەن، — ئاۋۋال تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ قولىغا بىر دىپلوم ئالسۇن...

— داشۆدە ئوقۇيمەن دەپ تۇرۇۋالسا...

— قىنى ئىمتىھان بېرىپ باقامدۇ، ئۆتەلىسە ئوقۇيدۇ داشۆ دېگەننى، ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتمەك تەس...

باھارخان ھاكىمنىڭ چىرايىغا قاراپ خېلى خاتىرجەم بولدى، ئەمما ھاكىمنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ ماڭغاندا كۆڭلى يەنە ئوسال بولدى. ئابدۇباقىنىڭ لاكاتلىقى، گۈلەمبەرنىڭ ئوقۇش جېدىلى، سانىيەنىڭ يامانلاپ كېتىپ كەلمەسلىكى، قەمبەرنىڭ يوغىناۋاتقان قورسىقى، ھېلىماخۇننىڭ ئەبگالىقى، زېمىن ساتقان 40 مىڭ كوي پۇلنىڭ ئازلاۋاتقانلىقى، تېخىچە بىر تىرىكچىلىك تاپاۋىتى ھەم تۇرمۇش كاپالىتىنىڭ يوقلۇقى... باھارخاننى بىئارام قىلاتتى. يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدۇ. باھارخان قېرىدى، ئەگەر تۇيۇقسىز بىر كېسەل چاپلاشسا شۇ پۇلغا داۋالانماي قانداق قىلىدۇ؟ باللىرى قانداق قىلىدۇ؟ گۈلەمبەر ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ قالسىچۇ؟ ئۇنى ئوقۇتماي قۇتۇلالامدۇ؟ ئابدۇباقى ھاراقنى تېخى تاشلىمىدى، سانىيخان ئالتە ئاي خوتۇن بولۇپلا يامانلاپ يوقالدى. ھاكىم

www.uyghurkitap.com

ئابدۇباقىغا تېخى تام ئۇرنى كۆرستىپ بەرمىدى، تېيىپ بەرگەن خىزمەت كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. ھاكىم ۋەدىسىدە تۇرارمۇ ياكى كۆنلەرنىڭ بىرىدە ھوقۇقىدىن قالسا "ئەمدى ئامالىم يوق" دەپ قاراپ ئولتۇرارمۇ؟ شۇنداق قىلىپ بۇ تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ ھەققىنى ئاشۇ تويماسلار يەپ بولارمۇ؟... باھارخان ئېغىر قەدەم بېسىپ ئۆيىگە كەلدى.

باھارخان ئۆيىگە كېلىپ ئابدۇباقىغا تازا بىر سۆزلەپ ئىچىنى بوشىتىۋالماقچى بولىۋىدى، ئۇ يوق، قەمبەر تاماق ئېتىۋاتاتتى، ھېلىم موزدۇز ھويلىدا بىر يىرتىق كەشىنى ياماپ ئولتۇراتتى. گۈلەمبەر مەكتىپىدىن تېخى كەلمىگەنىدى. بۇ ئۆي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بېقىنىدىلا بولغاچقا گۈلەمبەرگە قولايلىق ئىدى، ئۇ تاكى قورسىقى ئېچىپ بولالماي قالغىچە ھەر كۈنى مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆستەڭ بويىدا ۋە مەكتەپ ئورمانلىقىدا ئۆگىنىش قىلاتتى. گۈلەمبەر بۇ كەچتىمۇ خېلى كېيىن كەلدى ۋە ئۆزىگە ئېلىپ قويۇلغان سۇيۇقئاشنى ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا باھارخان ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى ۋە ئۆزىنى باسالماي سۆزلەپ كەتتى:

— قورسىقىڭ شۇنچە ئېچىپ كەتكۈچە نەدە يۈردۈڭ؟ قارنىڭنى تويغۇزۇپ، ئاندىن دەرسىڭنى ئۆگەنسەڭ بولمامدۇ؟!

ئاشتىن بىر قوشۇق ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ بولغان گۈلەمبەرنىڭ گېلى غىققىدە بولۇپ قالدى، ئانىسىنىڭ يوچۇن ئەلپازى ئۇنى ھەيران قالدۇرۇۋاتاتتى.

— ئۆگىنىش قىلدىم شۇ، بىر يەرگە ئوينىغىلى بارمىدىم،

— دېدى ئۇ ئانىسىغا تىك قادىلىپ.

— ئۆيگە بالدۇرراق كېلىپ ئاچاڭغا ياردەملەشسەڭ بولمامدۇ؟! تەييارغا ئەجەب ئامراق-ھە سەن، ما قورسىقىڭغا سەل ئىشلەپراق ئۆگەنسەڭ بولمامدۇ؟ كىتابتىن ھېچنېمە چىقمايدۇ ساڭا!

— نېمە بولدى سىزگە، ئاچامغا بىر ئىش بولمىغاندۇ؟

— ھېچنېمە بولمىدى، ئاچاڭغا بىر ئىش بولىدىغان بولسا

كۆرىدىغان كۈنۈڭ بار! بىچارە كۈندە تاماق قىلىدۇ، بىرەر قېتىممۇ ياردەملىشەي دېمەيسەن. ئۆگىنىمەن-ئۆگىنىمەنلا دەيسەن، كىتاب ئوقۇۋېرىپ ساراڭ بولۇپ قالما-يەنە، ئوقۇپ ئەرشىئالاغا چىقىپ كەتمەيسەن، يەنە مۇشۇ ئۆي ساڭا ئەسقاتىدۇ...

— ۋاي ئانامـــەي، هە ماقۇل، ياردەملىشـــەي! ئۆيدە مەنلا تىرىكتاپ بولۇپ قالغان ئوخشـــايمەن، ياخشى ئوقۇپ، داشۆگە بېرىپ كېلىپ كادىر بولسام هەر قايسىڭلارغىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟

— داشۆدە ئوقۇشنىڭ گېپىنى قىلما، مۇشۇ مەكتەپتىن بىر دىپلوم ئالساڭلا بولىدۇ، هوشۇر هاكىم خىزمەت تېپىپ بېرىدىغان بولدى. بالدۇرراق كادىر بولۇپ جانغا ئەسقاتقىنە-سەن!

— نېمـــە بولدى ئەمدى، ۋاقىت ئـــاز قالغاندا گېپىڭىزدىن يېنىۋالامسىز؟! — دېدى گۈلەمبەر قولىدىكى قاچىنى قويۇپ، — سىز مېنى داشۆدە ئوقۇتۇپ چوڭ كادىر قىلىمەن دېگەنتىڭىزغۇ؟! خەقلەر بالىلىرىنى داشۆگە ماڭغۇزالماي يۈرسە سىز مېنى ئوقۇماڭ دەيسىزغۇ!؟

— ئەمـــدى ئوقۇمايمۇ كادىر بولىدىغان بولدۇڭ، بالدۇرراق نان تېپىپ يېسەڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۆينى هۆكۈمەت ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئەسلى-ۋەسلىمىزدىن ئايرىلدۇق. داشۆگە بارساڭ سېنى قايسى پۇلغا ئوقۇتىمەن؟! كىم بىزگە پۇل تېپىپ بېرىدۇ؟

— سىزدە پۇل يوقما؟ بىز شۇنچە كەمبەغەللىشىپ كەتتۇقما؟ ئۆي ساتقان...

— هـــە، مەندە هۆكۈمەت بەرگەن تۆگىمـــەس ئالتۇن بار! — دېـــدى باهارخان زەردە بىلەن، — ئابدۇباقى دېگەن توخۇ پوقىمۇ شۇنداق دەپ يۈرۈپ تەييار خىزمەتنى ئىشلىمىسۇن، سەنمۇ شۇنداق دەپ هەممىنى بۇزۇپ-چاچ، پۇل تۈگىسە هەممىڭ مېنى كوچىغا ئېلىپ چىقىپ سېتىشامتىڭ!؟

گۈلەمبەر بۇ گەپتىن ئۈجۈقۈپ كەتتى، ئوقۇش ئارزۇسى بىر دەمدە كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتكەندەك بولۇپ، ئىچى ئېچىشـــتى،

كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. باھارخان بۇنى كۆرۈپ ئۆزىنى سەل بېسىۋالدى:

— مەن بۇ ئاجىز جېنىمدا سېنى ئوقۇتىمەن دەپ نەدە يۈرۈيمەن؟ ئۆيدە ماڭا قاراپ تۇرغان يەنە ئۈچ-تۆت جان بار، قەمبەر تۇغىمەن دەيدۇ. پۇل مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بىر يىلغا قالماي تۈگەيدۇ، يېتىپ يېگەنگە تاغمۇ توشمايدۇ. بىزگە يەنە تۇرمۇش لازىم ئەمەسمۇ؟! ئۇ چاغدا ھەر قايسىڭ يەنە ماڭا قاراپ تۇرىسەن، مەن ئاندىن ئەيىبناق ئاچاڭنى يېتىلەپ كوچىدا تىلەمچىلىك قىلسام بولىدۇ. سېنى داشۆدە ئوقۇتقۇم يوق ئەمەس، بۇرۇن مېنىڭمۇ شۇنداق ئارزۇيۇم بار ئىدى. بۇرۇن پالانى خەقنىڭ بالىسى داشۆگە ئۆتۈپتۇ دېسە شۇ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭمۇ يۈزى يورۇق بولىدىغان، قەيەردە سورۇن بولسا شۇلارنىڭ گېپى بولىدىغان؛ ئۇ چاغلاردا ياخشى ئىكەندۇق، ئوقۇشقا كەتكەن بالىلارنىڭ چىقىملىرىمۇ كۆپ ئەمەسكەندۇق، ھۆكۈمەت ئۆزى ئىگە بولۇپ ئوقۇتىدىكەنتۇق، ياخشى خىزمەت بېرىدىكەنتۇق. ھازىر جاھان تارلىشىپ كەتتى، داشۆگە بارغان بىلەنمۇ بارلىق چىقىملىرىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان گەپكەن، ئۈنىڭ ئۈستىگە داشۆ پۈتتۈرۈپ كەلسە ئالدىراپ خىزمەت يوق. ھوشۇر ھاكىمنىڭ دېيىشىچە مۇشۇ ناھىيىدە 200 دىن كۆپ داشۆسىڭ بالىغا تېخى خىزمەت يوقمىش، ھەممىسىنى يېزىغا ھەيدەيمىش. ھازىرقى خەقلەر بىكار قاقشىمايدۇ، بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ نان تېپىپ يېگۈزەلمىگىنىگە قاقشايدۇ. شۇڭا خەقلەر ”بالىلىرىمىزنى بىر مۇنچە پۇل تۆلەپ ئوقۇتقىچە شۇ پۇل بىلەن ئۇلارنى بالدۇرراق ئوقەتكە سېلىپ قويساق ياخشىكەن“ دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇلارغىمۇ ئامال يوق. تۇرمۇش غېمى ھەممىدىن يامان، سەنمۇ قورساق تويغاندا ئاندىن كىتابىڭنى ئوقۇيالايسەن، قايسى ئىش مۇھىم بولسا ئاۋۋال شۇنى قىلىش كېرەك. بىز ئۈچۈن ھازىر جان بېقىش مۇھىم، يېتىپ يەۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ، مىدىرلاش كېرەك. چۈمۈلىمۇ ئۆز

156

جېنىدا ئۇۋۇسىغا ئۇزۇق توشۇيدۇ، بىز تېخىچە قىلغىلى ئىش يوق بىكار ياتىمىز. ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، مەن بارغانچە قېرىپ كېتىۋاتىمەن، ســالامەتلىكىمۇ ياخشى ئەمەس، پوككىدە ئېغىر كېســەل بولۇپ يېتىپ قالسام نەچچە مىڭ كويلۇق داۋالانمىغىچە ســاقىيىپ چىققىلى بولمايدۇ، پۇل تۆگىگەنــدە ئاندىن ئۆلمەي ئامــال يوق. ئاكاڭ دېگەن لاكات ماڭا بەك جاپا ســېلىپ كېتىپ باردۇ. ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ئاللىقاچان ئىشــنىڭ يولىنى تېپىپ، ســەن ئەمەس مەن بولۇپ يۈرۈيدۇ. ئۇ لالما تېخىچە بىر ئىشنىڭ بېشــىنى تۇتۇپ بولالمىدى، بېشــى يوق چىۋىنىدەك پالاقشىپ، يەيدىغان-ئىچىدىغــان يەرنى پۈراپ يۈرۈيدۇ. شــۇ ئاغىنىلىرى ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالمىسۇن دەپ پۇل بېرىپ يامان ئۆگىتىپ قويغان يېرىم بار. "بىرەر ھۈنەر ئۆگەن يا ئوقەت قىل، مەندىن كېيىن قالساڭ قەلەندەرنىڭ كۈنىگە قالىسەن" دېسەم ئاڭلىمىدى. مۇشۇنداق يۈرۈپ باقسۇن قېنى، مەندىن كېيىن قالغاندا كۆرىدۇ قالغىنىنى...

ــ شۇڭا دەيمەن ئانا، مېنى كەلگۈسىدە خارلىنىپ قالمىسۇن دېسىڭىز داشۆدە ئوقۇتۇڭ، ھاكىمنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭ، خىزمەت بەردۇق دەپ ئاشۇنداق قۇلدەك ئىشــلىتىدۇ، بەرگەن مائاشىمۇ تايىنلىق، ئۇنىڭدىن كۆرە خەققە مەدىكارچىلىق قىلسا ياخشىراق. ئەگەر ماڭا ئاشــۇنداق قارا خىزمەت بېرىدىغان بولســا خەقنىڭ ئۆيىدە بالا باققۇچى بولســام بولىمەنكــى، ھۆكۈمەتكە ياللىنىپ ئىشلىمەيمەن، داشۆدە ئوقۇپ خىزمەتكە چىقىشقا تىرىشىمەن...

باھارخان بۇ گەپلەرنىڭمۇ خېلى ۋەزنى بارلىقىنى بايقىدى، ئەمما ئوقۇش پۇلىنى ئويلىسىلا بېشىغا غەم چۈشەتتى.

ــ داشۆدە ئوقۇشقۇ ئوبدان ئىش، لېكىن شۇ پۇلنىڭ ئىشى چاتاق تۇرىدۇ. سەن بىرلا بالام بولساڭمىغۇ ماقۇل دەيتتىم. لېكىن ماڭا قاراشلىق بالايى ئەزىملەرنىڭ ھەممىسى شۇ پۇلغا تەلمۈرۈپ تۇرۇشسا كېيىنلىكنى ئويلىماي بولامدۇ؟!

— مېنى ئوقۇتسىڭىز ئوقۇش پۇلىدىن بۆلەك جىق پۇل كەتمەيتتى، پۇلنى تېجەپ خەجلەيتتىم. ئوقۇشنىڭ سىرتىدا ئۆزۈم پۇل تاپىدىغان ئىشنى قىلاتتىم.

— نېمە ئىش قىلسەن؟ ـ دېدى باھارخان ئەنسىزلىك بىلەن.

— چوڭ شەھەردە بىز قىلغۇدەك ئىشمۇ چىقىپ قالار.

— نېمە ئىش چىقىدۇ ساڭا؟ ئەجەب بىر گەپ قىلىسىنا!

— رېستورانلاردا كۆتكۈچىلىك قىلارمەن، يا بولمىسا بىر نەرسە يېزىپ، كىتاب تەرجىمە قىلىپ قەلەم ھەققى ئالارمەن. نېمە ئىش قىلىدۇ دېگەنتىڭىز مېنى؟!

— ھېلىقىنىداق قىزلارنى دوراپ قالارسەنمىكەن دەپ ئەنسىرەيمەن، پۇل دېگەن بەك يامان نەرسە.

— مېنىڭدىن شۇنداق قىزلارنىڭ بىرەر يۇقۇندىسىنىمۇ تاپالمايسىز.

— ۋاي بالامەي، چېقىشىپ دەپ قويدۇم، سەن ھەممە نېمىگە قىزىقىپ باقىسەن ئەمەسمۇ، ئۆزۈڭ مەيلىخۇشراق، چوڭ شەھەرنىڭ يامان تەسىرى يۇقۇپ قالامدىكىن دەيمەن...

— ماڭا چوڭ شەھەرنىڭ ياخشى تەسىرى يۇقسا يۇقىدۇكى، يامان تەسىرى يۇقمايدۇ. داشۆدىمۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئۇنچىۋالا مەيلىگە قويۇۋەتمەيدۇ. خۇدايىم ساقلايدۇ، سىزمۇ ماڭا شۇنداق دۇئا قىلىپ تۇرسىڭىزلا ماڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ.

— خۇدايىم ساقلا سېنى...

— ئوقۇشۇمغا سوغۇق سۇ سەپمەڭ ئانا، سىزدىن رازى بولۇپ قالاي، مېنى كېيىن خەق ئالدىدا خارلىنىپ قالمىسۇن دېسىڭىز چوقۇم ئوقۇتۇڭ، مەن ئوقۇپ چوڭراق كادىر بولۇپ سىزگە ئەسقاتقۇدەك بولاي...

— كېيىنچە جېنىڭنى باقالىساڭ چوڭ ئىش، ھازىرچە دەرسىڭنى ئوقۇپ تۇر، كېيىن بىر گەپ بولار.



www.uyghurkitap.com

باھارخاندا پەقەتلا پۇل بولمىغىنىدا ئىدى، گۈلەمبەر ئوقۇيمەن دەپ ئۈنچىلىك يالۋۇرۇپ كەتمەيتتى. ئابدۇباقىدىن ئۆتۈپ ئەمدى گۈلەمبەرمۇ شۇ پۇلغا كۆز تىكىپ، يەيدىغان بىر نەرسىنى كۆرۈپ ئانىسىغا غەلۋە قىلغان كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى، بانكىدىكى ئامانەت ئازلاپ كېتىۋاتقانچە باھارخان بۇرۇنقى بىكارلىق كىرىملىرىنى ئويلاپ، قورۇ-جايىنى ئەرزانلا بېرىۋەتكىنىگە قورسىقى يەنە كۆپىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆي پۇل چۈشۈپ تۇرىدىغان تىللا دەرىخى ئىدى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ باھارخانىنىڭ دۈمبىسى ئاپتاپتا قالدى. ئۇ شۇ قورۇ-جايىنى تولا سېغىناتتى، بازارغا بارغاچ پات-پات بېرىپ قوياتتى، چېقىپ تۈزلىنىپ كەتكەن ۋە چۆرىسىگە توسما تام قوپۇرۇلغان ئۇ تەۋەررۈك زېمىن-جايىنى ھەر بىر كۆرگىنىدە بۇرۇنقى ئاۋات دۇكانلار كۆزىگە كۆرۈنۈپ كېتەتتى. "بىكارلىق نان، سامسا، كىيىم-كېچەك، قەنت-گېزەك... ھەي، ئەجەب ئەرزان كەتتى، ئەجەب ئەرزان كەتتى، ھۆكۈمەت قاراپ تۇرۇپ ھەققىمىزنى يەپ كەتتى!..." دەپ ئويلايتتى. ئۇ بارا-بارا ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇششاق-چۈشەك كېسەللەر چاپلىشىشقا باشلىدى، دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈندى، داۋالاندى، بىر مۇنچە پۇل كەتتى. پۇل كەتكەنچە ئۇنىڭ ئەنسىز خىياللىرى يەنە پەيدا بولاتتى: تۇرمۇش، بالا-چاقا... بۇنىڭ ھەممىسىگە پۇل-پۇل! مەن ئۆلسەم قانداق قىلار بۇ ئىنجىمارۇقلار!...

"بۇمۇ ئۆتۈپ كېتەر، بىر كۈنى نامازدىن كېيىنلا ئۆلۈپ كېتەرمەن بەلكىم..." باھارخان بەش ۋاق نامىزىدىن باشقا بەزىدە نەپلە نامازمۇ ئوقۇيدىغان، جايىنامىزىدىن چۈشمەي تەسۋى سېيرىپ، ئۇزۇندىن-ئۇزۇن دۇئا قىلىدىغان بولۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 9

بايلىقتىن تىقىلىپ، راھەتتىن تويتەك چىڭقىلىپ كەتكەن ۋە دائىم شۇنداق تۇرىدىغان ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى ھەمىشە ئەركىنلىك مەيدانىدا يۇمۇلىنىۋەرمەيدۇ. نەپسانىيەتتىن باشلانغان قانائەتسىزلىك يولى پۈتلىكاشاڭلارغا تولغان بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۆلۈم مەنزىلىگە يېتىپ بولغىچە ئادەم نەچچە مۇدۇرۇپ، يىقىلىپ قوپىدۇ، تېزى يارىلىنىدۇ، قاپىقى يېرىلىدۇ. ھاياتلىق پەقەت ھۇزۇرلىنىش ئەمەس. "ھۇزۇر" دېگەن سۆز "ھازىر" دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكى. ئۇ شۇنداق تەبئىي، يېقىملىق سۆزكى، دىلىمىزنى ۋەسۋەسىگە سالىدۇ. ئادەمنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭ نەپسى تەلەپ قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ھازىر بولۇشى ھۇزۇرلىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ھۇزۇرلىنىش پەقەت ھازىرنىڭ ئىچىدە — دەل شۇ بىۋاستە سىزىمنىڭ ئىچىدىلا مەۋجۇت. شۇڭا "ھازىر" بىلەن ئۇنىڭ كۆپلۈكى بولغان "ھۇزۇر" ئوتتۇرىسىدا شۇنداق مۇقەررەر بىر پىسخىك ۋە پەلسەپىۋى باغلىنىش باركى، شۇ ئىككى سۆزدىنلا ئاجايىپ بىر تەپەككۇر مۇناسىۋىتى بايقىلىپ تۇرىدۇ. شۇغىنىسى "ھازىر" بىلەن "ھۇزۇر"نىڭ رېئاللىقتا مۇقەررەر باغلىنىشى ھەمىشە مەۋجۇت بولۇۋەرمەيدۇ؛ يەنى ھازىرنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقان ئادەمنىڭ ھەممىسى ھەمىشە ھۇزۇرلىنىۋەرمەيدۇ، "ھازىر" ۋاقىتقا مەنسۇپ، "ھۇزۇر" تۇيغۇغا مەنسۇپ. بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى ھۇزۇر پەقەت تۇيغۇدىكى شېرىن قانائەتتىنلا ئىبارەت. "ھازىر" بولسا بىۋاستە سىزىم(شېرىن تۇيغۇ بولۇشى ناتايىن) ئارقىلىق ھېس قىلىنىدىغان، كىشىگە سىرلىق تۇيۇلىدىغان ئاشۇ ۋاقىت دېگەن بىر ئۇقۇمغا تەۋە قىلىپ قويۇلغان بىر ھاياتىي جەرياندىن ئىبارەت. ئەر-ئاياللىنىڭ جىنسىي ھۇزۇرلىنىشى تەگمۇ تەك يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە ۋاقىت گويا شۇ پەيتتە توختاپ قالغاندەك بولىدۇ، "ھازىر" مەۋجۇت بولمايدۇ ياكى خۇددى ئەبەدىيلىككە

سوزۇلغان بولىدۇ. ماھىيەتتە ۋاقىت مەۋجۇت، بىراق ئۇنىڭ ئىنسان تۇيغۇسىدىكى ھالىتى ئاجايىپ بولىدۇ. خۇشال ئۆتكەن ۋاقىت تېز ئۆتكەندەك، زېرىكىشلىك، ئازابلىق ئۆتكەن ۋاقىت ناھايىتى ئاستا تۇيۇلىدۇ. ۋاقىت تۇيغۇدىكى مەسىلە بولغاچقا كاللىدىن ئاسان ساقىت بولىدۇ. ئۆلۈمنىڭ يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنىۋاتقان قىزىل چىرىغى ئۆمۈر يولىنى يورۇتۇپ، ۋاقىتتىن بېشارەت بېرىپ تۇرمىغىنىدا، قېرىلىق ۋە ئۆلۈم مەۋجۇت بولمىغىنىدا ۋاقىت دېگەن نەرسە ئادەمنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھۇزۇرلىنىۋېلىش ئارقىلىق، يەنى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان شېرىن تۇيغۇ ئارقىلىق ۋاقىتنى چەكسىز ئۇزارتىۋېتىش ياكى ئاساسەن يوق قىلىۋېتىش مۇمكىنمۇ؟ ھۇزۇرلىنىشنى قوغلىشىۋېرىش ھازىرنىڭ ئەھمىيىتىمۇ؟ "ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھۇزۇرلان!" دېگەن چاقىرىقنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ھەر قانداق سىياسىي شوئاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ، ئۇنىڭ جەلپكارلىقى ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ناھايىتى تەسلىكىدە. ھازىرلا ھۇزۇرلىنىمەن دېگەن ئادەم شارائىت ۋە پەيتكە قارىمايلا بېرىپ لەززەتلىك تاماق يېيەلەمدۇ؟ جۈپتى بىلەن يېقىنچىلىق قىلالامدۇ؟ ياكى كۆڭلى خالىغان باشقا ئاللىقانداق لەززەتلىك ئىشلارنىڭ پەيزىنى سۈرەلەمدۇ؟ "ھازىر"نىڭ ھۇزۇرى مەيلى شارائىت ياكى ۋاقىت جەھەتتىن بولسۇن قاتمۇ قات چەكلىمىلىككە ئىگە. "ھازىر"دىكى ھەددى-ھېسابسىز بىۋاسىتە سېزىم ئۇچۇرلىرى "ھۇزۇر" تۇيغۇلىرىغا ئىنتايىن تەستە ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا ھۇزۇرلىنىش كىشىگە ئىنتايىن قىممەتلىك تۇيۇلىدۇ. ھۇزۇرلىنىشقا ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن "ھازىر"لىقلارنى قىلماي بولمايدۇ. ھەر قانداق ھۇزۇرغا يېتىش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ھازىرلىق كېرەك، ئۇنىڭغا بەدەل تۆلىمەي بولمايدۇ.

ئابدۇباقى ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتۇرغان بىر سورۇندا "ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھۇزۇرلىنىش" ھەققىدە مۇنداق بىر ئەپسانە

www.uyghurkitap.com

گەپنى ئاڭلىغانىدى: بىر يېزىنىڭ ئورمانچىلىق پونكىتىدا ئىشلەيدىغان بىر ئادەم بولۇپ، ئۆيى ئىدارىسىنىڭ ئىچىدىلا ئىكەن. ئۇنىڭ غەلىتە بىر ئادىتى بولۇپ، ئىشخانىدا ئىشلەۋېتىپ خوتۇنىنى سېغىنىپ كەتسە، قىلىۋاتقان ئىشنى تاشلاپ قويۇپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىدىكەن-دە، بىر دەمدىن كېيىن قايتىپ چىقىپ خىزمىتىنى قىلىۋېرىدىكەن. خوتۇنى ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن بىزار بولۇپ ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ باشقا بىر خوتۇن ئېلىپ ياشاپ بېقىپتۇ، لېكىن قاملىشالماي ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ؛ يەنە نەچچە خوتۇن ئېلىپ بېقىپتۇ، ئەمما ھېچقايسىسى ئۇنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقماپتۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇرۇنقى خوتۇنىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇ شۇ ئىشتا ئۆزىنى تۇتالمىغان بىلەن باشقا ئىشتا ئېپى بار ئىكەن، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، مائاش ۋە مۇكاپاتىنى ساق ئالىدىكەن. كۆچەت تىكىپ، كۆچەت سېتىپ ئۇنى پۇل قىلالايدىكەن. خوتۇنى يارىشىۋېلىشقا قوشۇلۇپتۇ يۇ ئۇنىڭغا ھېلىقىدەك قىلىق قىلماسلىق ھەققىدە شەرت قويۇپتۇ، ئۇ ماقۇل دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەنە يارىشىۋاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ كونا خۇمارى تۇتۇپ، ئىشنى تاشلاپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ، خوتۇنى بىرىنچى قېتىم بوپتۇ دەپتۇ ۋە ”ئەمدى ئۇنداق قىلماڭلا، بۇ دېگەن ئۆي، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى-سائىتى بولىدۇ، ئىش ۋاقتىدا نەپسىڭلىنى يىغىپ تۇرساڭلا، كەچتە مەن يەنە يېنىڭلىدا بار ئەمەسمۇ؟...“ دەپ بىر مۇنچە سۆزلەپتۇ. ئۇ ئېغىزىدا ”ھە“ دەپ قويۇپ، ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە شاپاشلاپ كەپتۇ، خوتۇنىغا جىق يالۋۇرۇپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ بۇ ئادىتىگە ئۆچ بولۇپ كەتسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆچەت سېتىپ پۇل تاپقانچە باشقا خوتۇنلارغا بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئانچە قارشىلىق قىلمايدىغان بوپتۇ، بىراق ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىپتۇ ھەم ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئۆيىگە كېلىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. بىراق ئۇ بۇنىڭغا كۆنمەپتۇ، خوتۇنى يەنە ئاجرىشىپ كېتىمەن دەپ

162

تۇرۇۋاپتۇ. ئۇ جىق يالۋۇرۇپتۇ، خوتۇننىغا ئالتۇن ئۈزۈك ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى تۇتۇپ قاپتۇ. بىر قېتىم ئۇ سايىغا چىقىپ، ئىھاتە ئورمانغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ياغاچ كەسكەنلەرنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش جەريانىدا ئۆكتەملەرنىڭ تايىقىغا ئۇچراپتۇ، بىرسى ئۇنىڭ يامان يېرىگە بەك تېپىۋېتىپتۇ، ئۇ بۇ زەربىدىن ئۇجۇقۇپ، ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك دەھشەتكە چۈشۈپتۇ. دېگەندەك، شۇ تېپىكتىن كېيىن ئۇنىڭ ھېسسىياتى بىر ھەپتىگىچە قوزغالماپتۇ، خوتۇنى بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ ئۇنى-بۇنى دېگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇ پېشكەللىكنىڭ ھەممىسىنى شۇ ئۆكتەملەردىن كۆرۈپ سوتقا ئەرز سۇنۇپتۇ. سوتتىكىلەر ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىدە قاتتىق تاياقنىڭ ئىزى يوقلۇقىغا، بىرەر چىشىنىڭمۇ تۆكۈلمىگەنلىكىگە، زەخملەنگەن يېرىنى دوختۇرخانىدا تەكشۈرتۈپ كەلمىگەنلىكىگە قاراپ، دوختۇر ئىسپاتى بولمىسا بۇ دەۋادا ئۇتۇپ چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ بۇ داۋادا ئۇتۇش ئۈچۈن نېمىلا بولمىسۇن ئۆزىنى بىر تەكشۈرتۈپ بېقىش، ئەزايىدىن كېسەل چىقىپ قالسا ئىسپات يازغۇزۇش ۋە بىر ئامال قىلىپ داۋالىتىش قارارىغا كېلىپ، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا بېرىپتۇ. بىر دوختۇر ئۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ زەخملەنگەن يېرىنى تاپالماي، ”تاناسىل ئەزا دېگەن بۇلۇتتەك يۇمشاق تۇرسا بىر تېپىك بىلەنلا ناكا بولامدۇ، سىز ئۆزىڭىزنى قورقۇتۇپ يۇرمەي بېرىپ پاقلان گۆشى يەپ، كەپتەر شورپىسى ئىچىپ بېرىڭ، ئۇ ئىشنى تولا ئويلىماي بىغەم يۈرۈڭ، خوتۇنىغا ئۆزىڭىزنى بەك ئۇرۇپ كەتمەڭ“ دەپ ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئۆيىگە يېنىپ كېلىپ ئەتىسىدىن باشلاپ كۈندە كوچىغا چىقىپ قوي گۆشى، باچكا يەپ، شورپا ئىچىپ يۈرۈپتۇ، قارىسا يەنە ھېچ ئۈنۈمى بولمىغان، شۇنىڭ بىلەن بازار كۈنى سەكسەن خالتا ئاچىدىغان تېۋىپلارغا كۆرۈنۈپ يەرلىك دورىلار بىلەن داۋالىنىپ كۆرۈپتۇ. شۇلارنىڭ گېپى بىلەن ھەتتا بۇغا گۆشىنىمۇ يەپتۇ، شورپىسىنى ئىچىپتۇ، لېكىن ھېچقانداق پايدا قىلماپتۇ. ۋاقىت

ئۆتكەنچە خوتۇنى "بىر بولسا ئادەمنى ئارامدا قويمىغان، بىر بولسا ئۆلۈكتەك ياتقان" دەپ ئۇنى گەپتە چىقىۋالدىغان بوپتۇ. ئۇ ئايالىغا نەچچە قېتىم يېقىنلىشىپ بېقىپتۇ، لېكىن ئىشنى يەنىلا ئەپلەشتۈرەلمەپتۇ. ئۇ ئاخىرى بولغان ئىشلارنى خوتۇنىغا دەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇرۇمچىگە بېرىپ داۋالىنىپ باقاي دەپتۇ، ئۇرۇمچىگىمۇ بېرىپتۇ. دوختۇرغا كۆرۈنسە ئۇلار "بۇنداق كېسەل هازىر كۆپىيىپ كەتتى، روهىي جەهەتتىن داۋالىمىسا باشقا داۋاسى يوق، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، شۇنداقتىمۇ بۇ دورىنى يەپ بېقىڭ" دەپ بىر قىسمەت دورىنى بېرىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ ئۇ دورىلارنى ئىشلىتىپ بېقىپتىكەن ئازراق ئۈنۈمى بوپتۇ، لېكىن بىر قېتىملىق جىنسىي ھەۋەسنى قوزغاش ئۈچۈن پالانى پۇللۇق دورا ئىچمىسە، دورىسى تۈگىسە يەنە ئۇرۇمچىگە بارمىسا بولمايدىكەن. ئۇ بۇنىڭغا چىدىماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ دورىغا ئۆگىنىپ قالغانچە ئۇنىڭ ئەرەنلىكى تېخىمۇ ئاجىزلاپ، خۇددى خىمىيىۋى ئوغۇت بەرسە ئۆسىدىغان، ئەمما قۇۋۋىتى يوق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى كۈتىۋېرىپ چىدىيالماپتۇ-دە، ئاجرىشىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئۇ "يەنە بىر مەزگىل قاراپ باقايلى" دەپتۇ-يۇ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماي، ئاجرىشىشقا قوشۇلۇپتۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن هاراقنى تولا ئىچىدىغان، تاماكىنى تولا چېكىدىغان، خىزمەتكە پەقەت بېرىلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەمما ئۇ بۇرۇنقىدىن بەك تولا سۆزلەيدىغان، سورۇنلاردا گەپنى قولدىن بەرمەيدىغان، چاقچاقتا هەر كىمنى كەلتۈرۈۋېتىدىغان ئۇستا هەزىلكەش بولۇپ كېتىپتۇ...

ئابدۇباقى شۇنى ئاڭقىرالمايدۇكى، ئۇ ئادەمنىڭ قۇتراپ تۇرىدىغان ئىلگىرىكى هەۋەسلىرى، هازىرنىڭ ئۆزىدە هۇزۇرلىنىش ئىستەكلىرى ۋە هەر ئىشنى چاقچاق قىلىۋېتىش روهى ئاشۇ جان يېرى تۈگەشكەندىن كېيىن باشقا ئىقتىدارىغا يۆتكەلگەن. نەپسانىيەتچى ئادەم ئۈچۈن هۇزۇرلىنىشنىڭ ئاخىرقى چېكى ئۆلۈم بولسىمۇ لېكىن

ئادەم ئۆز ھاياتىدا قاتتىق بىر پىشكەللىككە يولۇقسا ھەم گويا ئۇ ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىق تۇيۇلسا ھازىر ۋە ھۇزۇر دېگەنلەر ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندەك بولىدۇ. ئاشۇ ئادەمنىڭ ئەيىبناق ئازابى گاھىدا ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىق تۇيۇلۇشى تۇرغان گەپ، شۇنچە مەخپىي تۇتۇپ، ئاۋايلاپ، ئۇلۇغلاپ كەلگەن ئەزايىنىڭ تۇيۇقسىز بىر تېپىك بىلەنلا پالەچلىنىپ قېلىشى ھەم ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ھۇزۇر-لەززەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بەلكىم ئۇنى ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلگەندەك دەھشەتلىك تۇيغۇغا چۆمدۇرگەندۇ...

ئابدۇباقى ئۆز ھالىغا ھەر قانچە كۆڭۈل بۆلسىمۇ، سىرلىق جىنسىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا تۇزۇك بىر نېمىنى ئاڭقىرالماي كەلدى. ئۇ شۇ ئىشنى كۆپ ئويلىغانچە تەبىئىي ئىقتىدارى ۋە ئىنتىلىشلىرى تەبىئىي جارى بولۇشتىن قالدى، سۇنئىيلىك ئەسقاتمىدى، نېرۋىسى تولا جىددىيلىشىۋېرىپ ئاخىر زەئىپلىشىپ كەتتى، ئەمەلىيەت ھەمىشە ئۇنىڭ خىيالدىكىدەك بولماي ئۇنى تولا ئوسال قىلدى، خوتۇنى قىز پېتى يامانلاپ كەتتى. ئادەتتە ئۇ ئىشنى ئانچە خىيال قىلمايدىغان، پەقەت شۇ پەيت كەلگەندىلا ئاندىن ئۇ ئىشنى ياۋايىلارچە جۆندەيدىغانلارنىڭ ئىقتىدارى ساقلىنىپ قالسا كېرەك. مەسىلەن، ھېلىماخۇن موزدۇز ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكىنى يوقاتمىغان بولۇپ، خوتۇنى قەمبەرنى بۇرۇنقىدىن بەك ياشارتىۋەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ كىچىك تىللىرىنى چىقىرىپ خېلى سۆزلەيدىغان قىلىپ قويدى، قەمبەرنىڭ يەنە تېخى يېقىندا ھامىلدارلىقى مەلۇم بولۇپ، قورسىقى يوغىناشقا باشلىدى.

ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھۇزۇرلىنىش ئىستىكى ئابدۇباقىنى ھەر ۋاقىت مەستخۇش، مەيلىخۇش قىلاتتى. ئۇ قورساق تويغۇزۇش، ھاراق ئىچىش، ئۇخلاش دېگەندەك ئادەتتىكى ھۇزۇرلىنىشلارنى شۇ ھۇزۇردىن قۇرۇق قالغانغا قەدەر ئۇنچىۋالا بەك ئويلاپ كەتمەيتتى، ھالبۇكى، جىنسىي ھۇزۇرغا يەتمەككە پۈتلىكاشاڭ جىق بولغاچقا ئۇ شۇنى بەك ئويلايتتى، مۇبادا بۇ ئىش تاماق

www.uyghurkitap.com

يېگەننىڭ ئورنىدىكى ئىش بولغان بولسا قانچە ياخشى بولاتتى، بەلكىم بەزىلەر بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولدى، ئابدۇباقى كەرچە كۆزى كۆرمىسىمۇ شۇنداقلار بار دەپ ئويلايتتى، ئىچى دەرد ـ ئەلەم ۋە ھەسەتكە توشۇپ كېتەتتى.

ئۇ سانىيە يامانلاپ كېتىپلا ئەركىنلىككە چىققاندەك بولدى، ئۇخلاپ قوپقاندا ئەركەكلىكى ئويغىنىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ”پالتىنى تاپقاندا كۆتەك يوق“ دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى، شۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھۇزۇرلىنالماسلىق ئۇنىڭغا قوشلاپ ئەلەم بولاتتى.

ئابدۇباقى ھەر كۈنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ھۇزۇرلىنىش كويىدىلا يۈرەتتى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ يەنە قاۋاقخانىدا ئىچىۋېلىپ، قايتاشىدا ئاغىنىسى بىلەن سۆرىشىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇلار كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن ـ كەچكەنگە قاراپ، تىلىنى چاينىشىپ تۇراتتى، بۇ يەردە ئۆزىنى خۇددى مۇشۇ كوچىنى سورايدىغان ئاكاك قارىغايلاردەك ھېس قىلىشاتتى. بىر چاغدا ئاغىنىسى ”ماڭە، سېنى ئوينايدىغان يەرگە ئاپىراي“ دەپ سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. ئابدۇباقى قىزىقچىلىقتا ئەگەشكەن بىلەن بارغانچە توڭغاندەك بولۇپ، ئاللىقانداق بىر ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى، يۈرەكلىرى ھېلىتىن ۋەسۋەسە، ئەندىشە ئىلكىدە دۈپۈلدەيتتى. ئىلگىرى ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدىغان ھېلىقى تاماكىچى چوكان تەقۋالىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۇنداق ناشايان ئىش قىلمىغانىدى، پۇلى يوق قىلالمىغانىدى، ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قىلالمىغانىدى، يېنىدا تەييار ياتقان خوتۇنىدىن مۇرادىنى تېخىمۇ ھاسىل قىلالمىغانىدى. خەقلەر مەخپىي تۇتۇپ يۈرۈيدىغان ئۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقەتەن شۇنچە سىرلىق، سېھىرلىك، غەلىتە ئىكەنلىكىدىن، ئۆزىنىڭ ئاجىز ھالىدىن ھەيران ئىدى، ئىچى پۇشاتتى، ھەسرەتلىنەتتى، تۆگىشىپتىمەن دەپ ئويلايتتى، ھېچ ئىشقا قولى بارمايتتى، بىرەر تىرىكچىلىك

پىلانىنى ئورۇنلاش ئاسمانغا چىقىشتەك تەس بىلىنەتتى، ھاراق ئىچىپ ئىچ پۇشۇقىدىن قۇتۇلاتتى، ئەمما كەيپىلىكتە ھاياجانغا تولغان كاللىسىدا مەنىسىزلىك، قۇرۇق خىيال ۋە شەھۋانىي خىيال يەنە ئالۋاستىدەك پەيدا بولاتتى، ئۇنداق ھۇزۇر ئىستىكى "مېنى ھازىر قاندۇر" دەپ تۇرسىمۇ لېكىن ئۇنىڭغا ئىمكان يوق ئىدى، ئۇ دائىم قۇرۇق ئارزۇلا بولۇپ قالاتتى.

ــ ئالدىمىزدا بىر ساتىراشخانا بار، ئىككى سەتەڭ شۇ يەردە بىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ...

ــ سەن تاپمىغان ئەمدى شۇ نېمىلەر قالدىما؟ شۇلارنىڭمۇ تەمىنى تېتىپ باققانما؟ ــ دېدى ئابدۇباقى ئەجەبلىنىپ.

ــ تېتىپ باقمىساقمۇ قاراپلا بىلىمىز-دە! بۇرۇن سەن خوتۇن خەق ساتىراشلىق قىلغاننى كۆرگەنمىدىڭ؟ ھازىر ئاجايىپ قىزىق دەيمەن بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى!

ــ نېمە قىزىق بولىدۇ، تەتەيخانىلارنىڭ دۇكىنى جىققۇ؟!

ــ مەن ئۆزىمىزنىڭ قىزلىرىنى دەۋاتىمەن كالۋا، سەن تېخى كۆرمەپسەن-دە! مۇشۇ يېقىندا ئاچتى...

ــ پۇراپ، ماراپ دېگەندەك تاپىسەن-دە سەن، قېنى باشلاپ بارە، ئۇنىمۇ كۆرەيلى!

ئابدۇباقىنىڭ ئاغىنىسى بىر دۇكاننىڭ ئالدىدىن سوغۇق ساپ سۇدىن بىرنى ئېلىپ يېرىمىنى ئۆزى ئىچىپ، يېرىمىنى ئابدۇباقىغا بەردى-دە، ئاغزىنى ئېرتىۋېتىپ يەنە گەپ باشلىدى:

ــ ھازىر ساتىراشخانىلار پەيزى بولۇپ كەتتى، ئىچىدە كۆزنى ئالىچەكمەن قىلىدىغان خېنىملار ساڭا تەييار تۇرىدۇ. كەينىگە ئېگىلىدىغان يۇمشاق ئورۇندۇقلىرى بار، كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئولتۇرىسەن، ئۇلار بېشىڭنى ئۇۋۇلاپ، مۈرىلىرىڭنى تۇتۇپ قويىدۇ، خۇش يېقىپ ئولتۇرۇپ كېتىسەن. دۇكاندا ئادەم ئاز چاغدا تېخى بىر يەرلىرىنى دوقاڭغا تەگكۈزۈپ قويىدۇ. گەدەن پاتاڭلىرىڭ توك تەپكەندەك جىغىلداپ كېتىدۇ گۇي...

— سەن دېگەن قىزلارمۇ شۇنداق قىلامدا؟

— هازىرچە ئۇقمايمەن، ئىچكىرىكى ئۆيدە نېمە ئىش قىلىدۇ، كىم بىلىدۇ، ئېپى كەلسە جۆندەيمىز...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئابدۇباقىنىڭ ئىچى قىزىپ كەتتى. ئۇلار ساتىراشخانىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشى بىلەن تەڭ بەدبۇي تەر، ئەتىر ۋە سوپۇن پۇراقلىرى كەلدى. كونا بىر سافادا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقان ئىككى قىز ئۇلارنى كۆرۈپ تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بىرسى سورىدى:

— چاچ ياستامسىلەر؟

— ياق، ساقال ئالدۇرىمىز، — دېدى ئابدۇباقىنىڭ ئاغىنىسى.

— بىز ئادەتتە ئەر كىشىنىڭ ساقىلىنى ئالمايتتۇق.

— ئەر كىشىنىڭ ساقىلىنى ئەر كىشى ئالامدۇ!

بۇ قىزلارنىڭ كۆزلىرى يامان ئىدى، تۇرقىدىن ئۇلارنىڭ تۇزلۇكى، شوخلۇقى چىقىپ تۇراتتى، ئابدۇباقى ئۇلاردىن مۇراد - مەقسەت هاسىل قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى هېس قىلدى. گەرچە بۇ قىزلار هېلىقىدەك قىزلار بولۇپ، بىرەرسىنى ئابدۇباقى ئوگچە ئىگىلىگەن تەقدىردىمۇ ئۇ هەرگىز... ئابدۇباقى تىترەپ كەتتى.

— ئەمىسە سىلەر نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ — دېدى ئابدۇباقىنىڭ ئاغىنىسى هىجىيىپ، — بەك پەيزى هۈنەر قىلىدۇ دەپ ئاڭلاپ كەلدۇق، قولۇڭلار گۈل قىزلار سىلەر... ئۇنداق قىلماي ئېلىپ قويۇڭلار.

— بوپتۇ ئەمىسە، ياخشى ئاللىمساق رەنجىمەسسىلەر...

قىزلار ئۇ ئىككىيلەننى ئورۇندۇققا ياتقۇزۇپ ئۇستىگە ئاق لاتىنى يېپىپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى، ئېڭەكلىرىنى سىلاپ تۈكلىرىنى يۇمشاتقاندىن كېيىن، مازغاپ سۈردى. ئابدۇباقى شۇنچىلىك راھەتلەندىكى، شېرىن چۈش كۆرۈپ مۈگدەپ قالغىلى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تاس قالدى.

ئۇلار پۇلنى تۆلەپ ساتىراشخانىدىن قايتىپ چىقىشتى.

— كېلىپ تۇرۇڭلار- دېدى قىزلار تەڭلا.

— ئىشىڭىز ئوچۇق بولسىلا، — دېدى ئابدۇباقىنىڭ ئاغىنىسى كۆزىنى قىسىپ.

— بولمايدىغان ئىشنى قىلمايلى دېسەم ئۇنىمايسەن، ئالمايدىغان ساقالنى ئالدۇردۇم، — دېدى ئابدۇباقى ئېڭىكىنى سىلاپ، — شۇنچىكى غىداپ قويغىنىغا بەش كوي ئالدى مانا!

— كۆتۈك ئېچىشىپ كەتكەن بولسا لازا قوي، بەش كويۇڭغا يېتىپ بەرسە بولامتى ئەمىسە! ھېلىمۇ مەينەت ساقاللىرىڭنى ئېلىپ قويدى، ئېڭىكىڭنى سىلاپ قويدى، قارىسام ھوزۇرلىنىپ يېتىپ كېتىپسەنغۇ يوتاڭنى سىلاپ. بەك ئويىنغۇڭ كەلگەن بولسا رەسمىي ئوينايدىغان يەرگە باشلاپ بارىمەن، قانداق، چىدامسەن؟!

— چىدىمايدىغان نېمكەن ئۇ؟! — دېدى ئابدۇباقى ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا چوك سۆزلەپ.

— راست چىدايسەن-ھە، ھېلى كۆرىمىزغۇ...

— ماراقچىلىق قىلاي دېمىسەن! — دېدى ئابدۇباقى چۆچۈپ.

— ئىشلەك ئەپلەشمىسە مېنى چاقىر، مېنىڭدەك ئاغىنەڭنى بۇ دۇنيادىن تاپالمايسەن...

ئابدۇباقى پو ئاتقىنىغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى، ئاغىنىسى ئۇنى ئائىلىلىكلەر قورۇسى زىچ جايلاشقان كوچىغا باشلاپ كېلىپ، بىر ئىشىكنى چەكتى.

— كىمۇ؟! — دېدى بىر ئايال ھويلىسىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ.

— ئىسمىنى سورىماي ئىشىكىڭىزنى ئېچىڭ! — دېدى ئابدۇباقىنىڭ ئاغىنىسى.

ئايال گەپ قىلماي كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئابدۇباقى ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى www.uyghurkitap.com

ياش ـ قېرىلىقىنى ئانچە پەرق ئېتەلمىدى.

ــ ماڭا قاراڭە، مېنى تونۇمىدىڭىزما؟

ــ تونۇدۇم، بۇ كىمۇ؟

ــ هە، بۇ مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم، خوتۇنى يامانلاپ كەتكىلى نەچچە هەپتە بوپتىكەن، سىز بىلەن تونۇشۇپ قالسۇن دېدىم، چىقىشىپ قالساڭلار ئەجەب ئەمەس!

ــ قاراپ باقارمىز، ــ دېدى چوكان ئابدۇباقىنى سارامىسىمىگە سېلىپ، ــ سىلەر ئەر خەقلەر بىر كۈن خوتۇنسىز قالساڭلا ئۆلۈپ بېرىسىلەر جۇمۇ...

ــ شۇنى دەڭا، خوتۇن بولمىسا ياشيالمايمىز...

ئابدۇباقى بۇ ئاغىنىسى بىلەن ئۇ چوكاننىڭ ئوتقا ئوخشاش يېنىپ هېلىلا تۇتىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، لېكىن بۇ هالى بىلەن ئۇ ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى، راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا تۈگىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يۈرەكلىرى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى: نوچىلىقى مازاققا قالسا ئۇنىڭ تۈگەشكىنى شۇ، بۇنداق مازلاشقاندىن كېتىپلا مازلاشقان ياخشى، ئاغىنىسى نېمە دېسە مەيلى، بۇ يەردىن كېتىش كېرەك... ئۇ بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە تاقەت قىلالمىدى، يۈزى بارا ـ بارا جىددىيلىكتىن قىزىرىپ، مەڭزى لېپىلدىغىلى تۇردى، ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپلا كەتتى.

ــ ئا.. ئاداش، مەن كېتىمەن! ــ دېدى ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ تىترەپ تۇرۇپ، ــ تاپقان نېمەڭ مۇشۇمۇ؟ نېمىشقا خۇدايىمدىن قورقمايسەن؟! بۇ ئىشنى خەق كۆرمىگەن بىلەن خۇدايىم كۆردۇ. سەن خۇدايىمدىن قورقمىغان بىلەن مەن قورقىمەن، خوتۇن كىشى دېگەن شەيتان، مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەيمەن! هاراق ئىچىپ زىنا قىلمايمەن! سەن دوزاختىن قورقمىغان بىلەن مەن قورقىمەن، مەن دېگەن موللا ئادەمنىڭ بالىسى! مەن مەستلىكتە بۇ يەرگە كېلىپ قاپتىمەن،

هازىر ئوگشـالدىم، باياتىنقىسىنىڭ ھەممىسى چاقچاق، ئەسلى كەلمەيتتىم، سـەن گۈينـىـڭ كەينىگە كىرىـپ ئېزىپتىمەن... بولدى، ئۆزۈڭلا ئوينا، مېنىڭ خەقتىن ئاشقاننى ئوينىغۇم يوق، مەن بۇنداق خوتۇنغا ھۆ...

ئۇ چاقمـاق تېزلىكىدە بىـر مۇنچە گەپلەرنـى دەۋەتتى؛ ئاغىنىسـى بىلەن ئۇ چوكان بەزى گەپلەرنى ئۇقتى، بەزىسىنى ئۇقالمىدى، چىرايى ھازىرلا تۆكۈلۈپ چۈشـىدىغاندەك لىپىلداپ تۇرغان ئابدۇباقىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئابدۇباقى ئاغىنىسىگە بىردىنلا تووۋلاپ:

— ھەي گۈي سېنىڭمۇ چىرايلىق خوتۇن-بالاڭ بار، قېرى ئاناڭ بار، شۇنى ئويلا! — دېدى-دە، دەرھال بۇرۇلۇپ بىرسى تالاغا قوغلىغاندەكلا ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

## 10

گۈلەمبەر سىنىپىدىكى ئوغۇللارنىڭ قىلىقلىرىغا قىزىقاتتى، ھەممىسىگە ئەمەس، پەقەت بىرسىگە باشقىچە دىققەت قىلاتتى. تەنتەربىيە دەرسـىدە مۇئەللىم بىر پۇتبولنى تاشـلاپ بەرسـە ئوغۇللار بىردەم تالاش-تارتىش قىلىپ قالايمىقان تېپىپ ئويناپ ۋارقىرىشـىپ پۇتۇن مەيداننى بېشـىغا كىيىشەتتى. ئاندىن بىر نەچچىسى ئۇنىڭدىن زېرىكسە "ئېشـەك" ئويۇنىنى باشلايتتى. بىرسى ۋارتارنىڭ بىر توۋرۇكىنى تۇتاتتى، ئىككى-ئۈچى ئۇنىڭ كەينىگە ئېسلىپ ئېشـەكتەك تۇرۇشاتتى. بۇلاردىن سانى كۆپ نەچچىسى بىر-بىرلەپ ئارتىلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مىنىشەتتى، قانچە كۆپ مىنسە، ئۈستى-ئۈسـتىگە مىنگىشەلىسە، تۇرالىسىلا بولاتتى، ئەگەر تۇرالماي سـېيرىلىپ چۈشـۈپ كەتسـە ياكى ئاستىدا ئېشـەك بولۇپ تۇرغان بىرسـى ئېغىرلىققا چىدىيالماي قولىنى ئاجرىتىۋەتسـە ئۇتتۇرۇۋەتكەن بولاتتى، جازاسىغا يەنە

ئېشـــەكچىلەپ تۇراتتى. گۈلەمبەر ھەممە ئوغۇللارنىڭ دېگۈدەك بۇ ئويۇنغا بىرەر قېتىمدىن بولســـىمۇ قېتىلغانلىقىنى كۆرگەن، پەقـــەت بىر يالقۇنلا ئۇنداق يەرگـــە ئەزەلدىن يېقىن بارمايتتى. ئۇ توختىمـــاي پۇتبول ئويناپتتى، توپ گويا ئۇنىڭ بېشـــىدىن تارتىپ پۇتىغىچە ئاجرىمايدىغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ مەكتەپ پۇتبول كوماندىســـىنىڭ ئەزاســـى بولۇپ، بىر قېتىم مەكتەپ مەيدانىدا مەكتەپتىكـــى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار بىلـــەن جەمئىيەتتىكى پۇتبول ھەۋەسكارلىرى پۇل تىكىشىپ مۇسابىقىلەشكەندە ئۇ ئۆزى يالغـــۇز ئىككى توپنى چىرايلىق كىرگۈزۈپ مەكتەپتە بىر دەمدىلا داڭ چىقىرىپ كەتكەندى. شۇنىڭدىن كېيىن گۈلەمبەر پۇتبولغا، بولۇپمۇ يالقۇنغا قىزىقىپ قالدى. ئۇ دەرسنى ئانچە ئۆگەنگەندەك قىلمايتتى، ئادەتتىكـــى ئۆگىنىش ۋاقىتلىرىدا ســـىنىپتا ئۇزۇن ئولتۇرمايتتى، ھېچكىم بىلەنمۇ ئېچىلىپ پاراڭلاشمايتتى. قىزلارغا ئەســـلا كۈلۈپ قارىمايتتى، يا بىر ئېغىز ئارتۇق گەپ قىلمايتتى. گۈلەمبەر ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىمۇ پۇتبولغا ئوخشاش يۇملاق، ئاق-قارا، ئالابالداق، مۇرەككەپ چۈشىنىكســـىز دەپ ئويلايتتى، شۇنداق ئويلىغانچە شائىرلىق ھېســـلىرى تۇتۇپ كېتەتتى-دە، ئۇنى چۈشىنىپ بېقىشـــقا، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ بېقىشقا شۇنچە قىزىقىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى تەنتەربىيە دەرســـىدە باشقا ئوغۇللار بىر دەم توپ ئويناپ بېقىپ يەنە "ئېشەك ئويۇنى"غا كىرىشىپ كەتتى. گۈلەمبەر قىـــزلار بىلـــەن ئويناۋاتقان ۋالىبولنى تاشـــلاپ قويۇپ يالقۇننى كۆزىتىپ تۇردى. ئۇ يەنە مەيداندا ماھارەت كۆرســـىتىۋاتتى. بىر نەچچە ئوغۇل ئۇنىڭغا ئوينىشـــىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلار قىزلارنىڭ يېنىغىراق كېلىشتى. بىرســـى ۋارتاردا تۇردى، قالغانلىرى توپ تېپىپ ئۇنىڭغا كىرگۈزگىلى تـــۇردى. ئۇ ۋارتارغا توپ تەپكەندە ھېچقايسىسى تۇتالمايتتى، ئۇ ۋارتاردا تۇرغاندا ھېچقايسىسى توپ ســـولىيالمايتتى. بىرســـىنىڭ توپى مايماق كېتىپ قىزلار تۇرغان

يەرگە قېچىپ كەتكەنىدى، گۈلەمبەر قوغلاپ بېرىپ ئۇ توپنى تۇتۇۋالدى ۋە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆزى توپ سولىماقچى بولۇپ ۋارتارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ۋارتاردا تۇرغان يالقۇن دەسلەپتە گۈلەمبەرگە ھەيرانلىقتا قارىدى-يۇ، ئىتتىك ئۆزىنى ئوڭشاپ تەييارلىقتا تۇردى. گۈلەمبەر سەل جىددىيلەشتى، چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ ئۈچ قەدەم يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ توپنى شۇنداق تەپتىكى، توپ ۋارتارنىڭ بۇلۇڭىغىلا كىرىپ كەتتى. يالقۇن توپنى تۇتۇشقا ئامالسىز قالدى ۋە گۈلەمبەرگە ئەجەبلىنىپ قارىدى، ئاندىن كۈلۈمسىرىدى، ئاپئاق چىشلىرى غىل-پال كۆرۈنۈپ قالدى. گۈلەمبەرگە شۇ دەقىقىدىكى مەنزىرە ئاجايىپ تەسىر قالدۇردىكى، كېيىنكى كۈنلەردە شۇنى ئەسلەپ «كۈلۈمسىرەش» ناملىق بىر شېئىر يازدى. گۈلەمبەر شۇ مىنۇتلاردا دەسلەپكى ئارمانىغا يېتىۋالغاندەك، پۇخادىن بىر چىقىۋالغاندەك بولۇپ، پۇتبولغا ئامراق بولۇپ كەتتى. پۇتبول ئاجايىپ نەرسە ئىدى، بىر قارىسا ئادەم ھاياتىغا ئوخشاپمۇ قالاتتى. كىمكى ئۆز ھاياتىنى توپ تەپكەندەك جايىدا باشقۇرۇپ مۇراد-مەقسەت تەرەپكە تەپسە كۆزلىگەن يېرىگە يېتەلەيدۇ ئەمەسمۇ! گۈلەمبەر شۇ توپنى بىر تەپكەندىن كېيىن ئىككىنچى تەپمىدى، مەغلۇپ بولۇشتىن قورقتى ھەم بىرىنچى قېتىمقىسىنىڭ گۈزەللىكىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى.
گۈلەمبەر پەقەت بىر قېتىملىق مۇكەممەللىككە يېتىۋالسىلا، گەرچە ئۇ ناھايىتى قىسقا ياكى ئاز بولسىمۇ شۇنى قەدىرلەشتە چىڭ تۇراتتى. ھېچ بولمىسا شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن كۈندىلىك خاتىرە يازاتتى، ھېس-تۇيغۇلىرىنى پەقەت باسالماي قالغاندا شېئىر يازاتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللاردا بېسىلىشقا باشلىدى. شېئىرى چىقسا چىمەنگۈل خانىم گېزىت-ژۇرنالنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. ئوغۇللار تولىراق ئۇنى "شائىرە"، "ئامانىساخان" دېگەندەك ناملار بىلەن چاقىرىپ خىجىل قىلاتتى. گۈلەمبەر كېيىن كۈلۈپلا قويىدىغان بولدى. ئوغۇللاردىن بىر

www.uyghurkitap.com

نەچچىسى ئۇنىڭغا مۇھەببەت شېئىرلىرىنى كۆرسەتتى، خۇددى شېئىرنى مازاق قىلغاندەك يېزىلغان بۇ شېئىرلارنى گۈلەمبەر چاقچاق تەرىقىسىدە كۈلۈپلا ئۆتكۈزۈۋەتتى، بىراق ھېسسىياتنى مەسخىرە قىلىشقا بولمايتتى، گۈلەمبەر ئۇلارغا ھېسسىياتنى قانداق ئىپادىلەش كېرەكلىكى ھەققىدە مىسال كەلتۈرۈپ: "مەن ئېگىز ئوغۇللارغا پاكار كۆرۈنىمەن، پاكىنەكلەرگە ئېگىز، قول يەتمەيدىغاندەك كۆرۈنىمەن. ماڭا ھەۋەس قىلىدىغانلارغا چىرايلىق كۆرۈنىمەن، ھەسەتخورلارغا ئالۋاستىدەك كۆرۈنىمەن. ئەگەر مەن بىلەن بويى تەڭ بىر ئوغۇل بىلەن ماڭسام مەن ئېگىز كۆرۈنىمەن. سىلەر بىر نەرسىنى ئۆز ئارا ئوخشىتىپ يازىۋەرمەي ئەسلىي تۇيغۇڭلار قانداق بولسا شۇنداق يېزىڭلار، شېئىر دېگەن يالغانچىلىقنى، غىلجىڭلىقنى كۆتەرمەيدۇ" دەپ نەزەرىيە سۆزلەپ ئۇلارنى قايىل قىلىۋېتەتتى. بۇنداق گەپ بىردەمدىلا بالىلارنىڭ دىققەت مەركىزىگە ۋە قىزىقىش نۇقتىسىغا ئايلىناتتى.

چىمەنگۈل خانىم ئۇنى ئۆيگە دائىم چاقىراتتى. بىر جۈمە كۈنى كەچتە ئۇ يەنە گۈلەمبەرنى ئۇنىڭ بىر شېئىرى ئىلان قىلىنغانلىق شەرىپى بىلەن ئۆيگە تاماققا چاقىردى. تاماقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ سۆھبىتى يەنە شېئىر ئۈستىدە باشلاندى.

— بارغانچە پىشىپ يېتىلىۋاتىسىز، — دېدى چىمەنگۈل خانىم يېقىملىق كۈلۈپ، — مەن خېلى بۇرۇنلا تالانتىڭىزنى بايقىغانىدىم، خاتا چىقمىدى...

— ھەممىسى سىزنىڭ ياردىمىڭىزدىن بولدى خانىم...

— ياق گۈلەمبەر، تالانت دېگەننى مۇئەللىم ئۆگەتمەيدۇ، مۇئەللىم شۇنى بايقىيالىسا چوڭ گەپ. بۇنىڭدىن كېيىن ئىجادىيەتنى تاشلىۋەتمەڭ، ئۇنى ئۆمۈرلۈك مۇھەببىتىڭىزگە ئايلاندۇرۇڭ!

— دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن خانىم، ماڭا ئىلھام بەرمىگەن بولسىڭىز، ئۆزۈم يازغان نەرسىدىن گۇمانلىنىپ ئۆزۈمگە ئىشەنمەي

يۈرگەن بولاتتىم.

— ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، سىز مەندىن ئېشىپ چۈشىسىز، سىز پەقەت ئۆزىڭىزگىلا ۋەكىللىك قىلالايسىز.

مەندە بۇرۇنقىدەك قىزغىن ھېسسىيات قالمىدى. يولدىشىم ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ، كەچكىچە ئۆزىنىڭ ئىشىنىلا قىلىدۇ، ئالدىراپلا يۈرۈيدۇ، نېمىگە ئالدىرىغىنىنى يا ئۇققىلى بولمايدۇ. ئاگلىسام ئىلمىي مۇدىر بولۇشتىن تامايى بارمىش. ئۇنىڭ كاللىسى ماتېماتىكىغا ئىشلىگەن بىلەن ئادەتتە ئىشلىمەيدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتىن قانداق سۆيۈنۈشنى بىلمەيدۇ. ئاشۇ قوتۇر مەنسەپ ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالدى. شۇنى دەپ تاماقنى ياخشى يېيەلمەيدۇ، ئازادە ئۇخلىيالمايدۇ. ئاسمانغا قاراپ بۇگۈن ھاۋا ئوچۇقكەن، بىر يەرگە چىقىپ كىرىلى دەپ ھەرگىز ئويلىمايدۇ، مەكتەپ قورۇسىدا يېشىل دەرەخ، گۈل-گىياھلار يەلپۈنۈپ تۇرسا يولدا كېتىۋېتىپ شۇنىڭدىن زوقلىنىشنىمۇ بىلمەيدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ كۆزىگە پۇلدىن باشقا ھەممە نېمە رەڭسىز كۆرۈنەمدىكىن دەيمەن. ئىت-ئېشەكنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە كۇلرەڭ كۆرۈنىمىش. مەن بەزىدە ئۇنى شۇنىڭغا ئوخشىتىمەن. قەلبىدە گۈزەللىك يوق ئادەم پۇچەك بولىدىكەن، جەمئىيەت ھاۋاسى ئۇنى ھەر قاياقلارغا ئۇچۇرتىدىكەن. يولدىشىمدەك كالۋا مەخلۇقلار كوچىدا سامانىدەك يۈرۈشىدۇ، پۇل-مەنسەپ شاملى ئۇلارنى سورۇۋاتىدۇ، بۇ شامال ئەمەلىيەتتە تەقدىر شاملى، ئۇنىڭ ھاياتى ئەمدى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى دېگەن گەپ... يولدىشىمغا مەن "كۇلرەڭ ئادەم" دەپ تەخەللۇس قويۇپ قويدۇم، ئۇ ئەمدى كۇلدەك توزۇپ تۈگەيدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ توزۇپ تۈگىسە مەيلى، مەن توزىمايمەن. مەن تېخى گۈل، ئۇن پورىكىمنىڭ تېخى بىرسىمۇ ئېچىلمىدى. ئەمدى تېخى ئىسسىق-سوغۇقلارنى، تۇرمۇشنىڭ ئوڭ-تەتۈر شامالىرىنى كۆرۈۋاتىمەن. قۇياش تۇنۇگۈنكىدىنمۇ يېڭى، ئاي تۇنۇگۈنكىدىنمۇ گۈزەل...

گۈلەمبەرنىڭ كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق. كۈلكە چاقنىدى. چىمەنگۈل خانىم سۈس كۈلۈپ قويۇپ يەنە ھەسرەتلىك ھالەتتە قايتتى:

— مەن غەلىتە ئىشلارنى قىلدىم، غەلىتە شېئىرلارنى يازدىم، غەلىتە ئەرنى تاللىدىم، خاتا تاللاپتىمەن، لېكىن پۇشايمىنىم يوق. ئەر دېگەن شۇنچىلىك نەرسىكەن، مېنىڭ قەلبىمدە ھازىر چۈشىنىپ بولالمايدىغان بىر يىرگىنىش تۇيغۇسى بار. شۇنداق بىر شېئىرمۇ يازدىم، كۆرۈپ بېقىڭ، لېكىن بۇنى ئېلان قىلغىلى بولمايدۇ. ھەقىقىي شېئىرلارنىڭ تولىسىنى بىزنىڭ ژۇرناللىرىمىزدا ئېلان قىلغىلى بولمايدۇ. سىز ئەۋەتكەن ئۈچ پارچە شېئىرىڭىزنىمۇ ئاران نورماللاراق بىرسىنى چىقىرىپتۇ. لېكىن ئۇنى ئويلىماڭ، ئېلان قىلىش ئەمەلىيەتتە چوڭ بىر ئىش ئەمەس، خەقلەرمۇ شېئىر دېگەننى ئانچە ئوقۇپ كەتمەيدۇ. ئەرلەرگە ھاراق، خوتۇن بولسا، ئاياللارغا كىيىم، پەرداز ئەينىكى، ئۇپا ـ ئەڭلىك، رېستۇران ئولتۇرۇشلىرىلا بولسا بولدى. شېئىر دېگەننى ئوقۇپ نېمە قىلىدۇ دېيىشىدۇ، قەلب دېگەننى چۈشەنمەيدۇ، ئۆزىنىڭ قەلبىنى ئەسلا چۈشەنمەيدۇ. ئىشنى روھىي جەھەتتىن ئويلايدىغان بىرەر ھەقىقىي ئادەمنى كۆرگىلى بولمايدۇ. كىشىنى ھاياجانغا سالغۇدەك ئىشلارمۇ يوق. ھەممىسىنىڭ روھى پۇچەك، توختىماي يەپ ـ ئىچىش، پارا بېرىش، قىز قوشلاش، بۇزۇلغان ناخشىلارنى توۋلاش... جەمئىيەت ھازىر سارالڭ خوتۇننىڭ چاچلىرىدەك چۇۋۇلۇپ كەتتىكى، چاچ ھەققىدە بىر شېئىر يازدىم، بۇنىمۇ كۆرۈپ بېقىڭ. بۇرۇنقى زەيپانە شائىرلار ئاياللارنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى كۆپتۈرۈپ ماختاشقان، ئۇ دەۋر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى، لېكىن بىر قىسىم سۇيۇق شائىرلار تا ھازىرغىچە شۇنداق لاۋزا، ساختا مىسرالىرىنى ئېلان قىلدۇرۇپ يۈرۈيدۇ. ئىشلەتكەن ئوخشىتىشلىرىدا قىلچە يېڭىلىق يوق.

چىمەنگۈل خانىم گۈلەمبەرگە ئۆزىنىڭ يېڭى يازغان شېئىرلىرىنى كۆرسەتتى، بۇ شېئىرلارنىڭ مىسرالىرى بەكمۇ

176

قوپال، يالىڭاچ ئىدى، خانىم ئۆزىنىڭ كىچىدىكى ئەسەبىي خىياللىرىنى ئەينەن يازغانىدى، ئېرىگە بولغان نەپرىتىنى قىلچە يوشۇرمىغانىدى.

— ھەقىقىي شېئىرلار ئېلان قىلغىلى بولمايدىغان، پەقەت خاتىرىدىلا ساقلىنىدىغان شېئىرلاردۇر، — دېدى چىمەنگۈل خانىم گۈلەمبەرنىڭ ئەجەبلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، — بۇلارنى ئىچ پۇشۇغۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن يېزىپ قويىمەن، خاتىرەمگە كۆچۈرۈپ قويىمەن. قېرىغاندا ئېلىپ ئوقۇسام، مۇشۇ ياشلىقىمدىكى ھېس-تۇيغۇلىرىم ئەينەن ئېسىمگە كەلسە جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ پەيزى ئىش بولامدۇ! ئەسلىمە ئىچىدە گۈزەل ھەسرەتلەر بولىدۇ. مانا بۇ ھاياتىمىزنىڭ يالدامىسى. «ئۆلۈك قىز» ناملىق بىر داستان يازماقچى بولۇۋاتىمەن، ھەممىسى ئىچكى ھېسسىيات، روھىمدىكى زىددىيەتنىڭ ئۆزىنى ۋەقەلىك قىلدىم. ئۇنى يېزىشتا قىزلار ھەققىدە ئويلىنىشىم سەۋەبچى بولدى، قىزلار مۇھەببەت ئۈچۈن يارالغان. لېكىن ھازىر بۇنداق قارايدىغان ساددا قىزلار يوق. رېئاللىق رەھىمسىز. شەھەردىكى قىزلار كىچىكىدىنلا ئېگىز بىنا، ئىس-تۈتەك، شاۋقۇن-سۈرەن ئىچىدە ياشايدۇ، ياشايدىغان يېرى تار، مۇھىتى بۇلغانغان، شۇڭا قەلبىمۇ ساپ، گۈزەل ئەمەس. مۇھەببەتكە بەك ئىنتىلمەيدۇ، ئىشنى ئەمەلىي ئويلايدۇ، كۆپ نەرسىنى چۈشىنىپ كەتكەن. ئۇلار مۇھەببەتنى بىر-بىرىنى ئالدايدىغان ئويۇن دەپ قارايدۇ، ئوغۇللارغا ئالدىراپ ئىشەنمەيدۇ. ئوغۇللارمۇ بۇ قىزلارنى زاكىسىدىن قېرىپ قالغان دەپ ئويلايدۇ، ھەۋەسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا مۇھەببەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ يالغۇز كىشىلىك نامايىش قىلىدۇ. قىزلار ئالدىنىدىغانلىقىنى، بىكار ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇسىمۇ قېنى قاراپ باقمامدىمەن دەپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىدۇ. ئۇلار مەلۇم بىر جايدا جەم بولۇپ مۇھەببەت بايرىقىنى تەك كۆتۈرۈپ بىر مەزگىل ئۇيەر-بۇيەردە بىللە پائالىيەت قىلىدۇ. تىكلەپ

قويۇلغان بايراق ئاخىر ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، ئامايىشنىڭ ئەسلىي مەقستى ئىشقا ئاشقاندىن كېيىنلا بايراقنىڭ لازىمى قالمايدۇ؛ ئۇنى قىزلار كۆتۈرەي دېسىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ لاتىسى يىرتىلغان، دەستى سۇنغان؛ دەستىنى چىڭ باغلىغان بىلەنمۇ ئۇ جايىدا تۇرمايدۇ، لاتىسى بۇرۇنقىدەك لەپىلدىمەيدۇ، چۈنكى ھېسسىيات شامالىرىنىڭ بۇرۇنقىدەك كۈچى قالمىغان...

ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئەنە شۇنداق بىر دەملىك نەرسە. جەمئىيەتنى چۈشىنىشتە 10 نەچچە ياشتىكى شەھەر قىزلىرى 20 ياشلىق يېزا قىزلىرىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. يېزا قىزلىرىنىڭ قەلبى گەرچە ساپ، دىلى ھەقىقىي ئىشق-مۇھەببەتكە مايىل بولسىمۇ لېكىن ئۇ بىچارىلەر ئەركىن ئەمەس. ئەرگە تەگكەن كۈنىدىن باشلاپلا ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئېرىگە باغلىنىدۇ، ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىسە بالىسىغا ئەمەك بولىدۇ، ئارزۇ- ئارمانلىرىنى بالىسىدىن تاپماقچى بولىدۇ، ئاشۇنداق بىر ئۆمۈر جاپا چېكىدۇ، ئارزۇسىغا يېتەلمىسىمۇ ئۆتكەن كۈنلىرىگە بەك ئېچىنىپ كەتمەيدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن ساددا، كىچىككىنە كۆڭۈل خۇشلۇقىمۇ ئۇلارغا ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يەتكەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ، بۇنداق بەختنى شەھەرلىكلەر ھېس قىلالمايدۇ ھەم مەڭگۈ چۈشىنەلمەيدۇ.

بۇ داستاندا قىزلار ئايالنىڭ ماھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئاياللار ھەر قاچان دەردمەن كېلىدۇ، ئۆزىنى بەختلىك دېگەن ئايالنىڭ كۆلكىسى ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ. ئاياللارنىڭ يېشى ھەر بىر تۆكۈلگەندە يۈرىكى مۇزلايدۇ، ئۆزىنى ئازابلىغان ھەر قانداق نېمىنى بوش قويماسلىق ئىرادىسى كۈچىيىدۇ. ئايال خەق ئەگەر يامانلىقتا ئۇچىغا چىققىدىغان بولسا ھەر قانداق ئەر ئۇنىڭ ئالدىدا يېپ ئېشەلمەيدۇ. ئايال خەق ئەسكىلىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ، ئايال خەق سارالڭ بولسا ھېچكىم ئۇنى باشقۇرالمايدۇ، پەقەت ئۆلۈملا ئۇنى خاتىرجەم قىلىدۇ. شۇڭا ئاياللارغا ئەخلاق ۋە مۇلايىملىق تەربىيىسى كىچىكىدىن باشلاپ



www.uyghurkitap.com

سىڭدۈرۈلىدۇ. ھەر قانداق دىن ۋە ئەخلاقتا ئاياللارغا قارىتا ئاشۇنداق ۋەز-نەسىھەت ئەزەلدىن كۆپ بولغان. بىزگە ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ يېتىپ كەلگىنىمۇ شۇ...

— خانىم، سىز راستىنلا ھەقىقىي شائىر ھەم ناتىق-دە! — دېدى گۈلەمبەر تەسىرلىنىپ، — مەنمۇ سىزدەك گەپ قىلىشنى ئۆگەنسەم بولاتتى...

— بەكلا ماختىۋەتتىڭىز! — دېدى چىمەنگۈل خانىم كۈلۈپ — شائىرلىق پەقەت قەلەم بىلەنلا بولمايدۇ، ناتىقلىق سەنئىتىمۇ مۇھىم. شېئىرنى كىتابتىن كۆرگەن بىلەن ئۇنى رادىئودا ئاڭلىغاننىڭ پەرقى زور، شېئىرغا ئەگەر ئاۋاز، ھېسسىيات سىڭدۈرۈلىدىغان بولسا كىشىگە تېخىمۇ تەسىر قىلىدۇ. شائىرلىق تالانتى ئادەمنىڭ كىچىكىدىنلا مەلۇم بولىدۇ، ئۇ ناھايىتى جىمغۇر بولىدۇ ياكى سۆزلەيدىغان بولىدۇ، مەيلى قانداق بولسۇن تىلغا باي، تىلغا سەزگۈر كېلىدۇ. ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىنى كۆڭلىدە يادلاپ ماڭىدۇ. باشقىلارنىڭ سۆزى ھەم ئېسىدە ئاسان قالىدۇ. چوڭ بولغانچە تولا ئىشلار، تولا سۆزلەر ئۇنىڭ نازۇك قەلبىگە پاتمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا-ئاستا شېئىر بولۇپ ئاشكارىلىنىشقا باشلايدۇ. سۆزلىسە شائىرانە سۆزلەيدۇ، يازسا ئىلھامغا باي شېئىرلارنى يازىدۇ. سىز بايقىدىڭىزمىكىن، ئادەتتە سىزنىڭ سۆزلەش ئۇسلۇبىڭىز باشقىلارغا قارىغاندا بىر ئاز ئەدەبىي، تاللانغان سۆزلەرنى ئىشلىتىسىز، باشقىلار ئۆزى ئادەتلىنىپ كەتكەن قوپال سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ. شائىر سۆيەت ئادەملەرنىڭ گەپلىرى ئادەتتىكى ئادەملەرگە سۇنئىي تۇيۇلغاندەك قىلغان بىلەن لېكىن دەل جايىغا تېگىدۇ، ئىشلەتكەن پاساھەتلىك سۆزلەر، ئوخشىتىشلار خەققە ئاجايىپ تەسىر قىلىدۇ، ئۇلار بىلىپ-بىلمەي شۇ گەپلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتىگە گۈزەللىك ئاز-تولا سىڭىپ بارىدۇ. شۇڭا جەمئىيەتتە شائىرلارنىڭ، بولۇپمۇ شېئىر يازمايدىغان شائىرلارنىڭ گۈزەللىكنى كەڭ تارقىتىش رولى ئاجايىپ

زور. مەن شۇنداق قارايمەن، ئەدەبىيات كىتابتىلا بولمايدۇ، ئۇ ئەسلىي تۇرمۇشتا. شېئىر-داستان يېزىپ قويۇپلا يۈرگەن ئادەم شائىر ئەمەس، بەلكى كىشىلىك ھاياتىنى شېئىردەك گۈزەل ئۆتكۈزىدىغانلارنىڭ ھەممىسى شائىر، ئەتراپىدىكىلەرگە گۈزەل، يېقىملىق تۇيغۇ بەخش ئېتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى شائىر...

## 11

ئابدۇباقى سانىيەگە ئۇنى كوچىدا بىر يەردە ئۇچرىتىپ قالسىلا ئۇرىۋېتىدىغاندەك ئۆچ بولۇپ كەتتى. بۇ خەقلەر نېمىدېگەن يامان-ھە! خوتۇنىنىڭ ئىشلىرى بىر دەمدىلا قۇلىقىغا يەتتى. ھېلىقى چوكاننىڭ يېنىدا قالغان ئاغىنىسى ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇباقىنى بىر سورۇندىن تېپىۋېلىپ ماز چاقچاقلارغا كۆمۈۋەتتى. چۆپقەتچىلەر ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن ئۇچىيى ئۈزۈلگىدەك كۈلۈشتى. ئۇنى ھەقىقىي ئوسال قىلغىنى ئاغىنىلىرى ئەمەس، بەلكى خوتۇنى. خوتۇنى ئۆزىنى سېسىتىپ يۈرمىگەن بولسا ھاراقكەشلەر نەدىن گەپ تاپاتتى؟ ئابدۇباقى سورۇنلاردا ئولتۇرالماي قالدى، كاللىسىغا خوتۇنى بىلەن ھېكىمنىڭ ئىشلىرى كىرىۋالدى، ئەگەر ئۇ ھايۋانلار راستىلا شۇنداق قىلغان بولسا خوتۇنىنىڭ قىز چىققانلىقىمۇ ئاشكارا بولۇپ، ئابدۇباقى تېخىمۇ دەھشەتلىك مازاققا قالامدۇ؟ ئۇنداق گەپ بۇنداق كىچىك يەردە ئاغىزلا تاراپ بولمامدۇ؟!

ئابدۇباقى گۇمانخور، قورقۇنچاق بولۇپ كەتتى، ئىچىپ باقتى، چېكىپ باقتى، كۆڭلى ھېچ ئارام تاپمىدى، كېچىسى ئۆمۈچۈك تورىغا ئىلىنىپ قالغان چىۋىندەك تىپىرلايتتى، مېڭىسى قوچۇلاتتى، خىيالىدا سانىيە ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك كۈلەتتى: مېنىڭ قىزلىقىم ھېكىمگە ئاشكارا بولسا سەن نومۇستىن ئۆلىسەن!

ئابدۇباقى ئانىسىغىمۇ دېمەستىن قىيناشنىڭ ئۆيىگە باردى

ۋە ناھايىتى سوغۇق كۈتىۋېلىندى.
ــ بۇ كەچتە كەپ قاپسىزغۇ؟ ــ دېدى قېينانىسى ئۇنىڭ ئالدىغا قاتتىق نان بىلەن چاي قويۇپ.
ــ سانىيە بىلەن كۆرۈشــەي دېگەن... سانىيە بىر يەرگە كەتكەنما؟
ــ كوچىغا چىقىپ كەتكەن، ھېلى كېلىدۇ.
ــ سانىيەمۇ دېگەندۇ، مەن ئۇساللىق قىلدىم، ئالدىلىرىدا ناماقۇل...
ــ باھارخان تېچلىقتۇ؟
ــ ھە، تېچلىق.
ــ ئۆزى نېمىشقا كەلمىدى؟!
ــ بىر ئاز مىجەزى يوق، يېتىپ قالدى.
ــ ھازىر تېخى سالامەت دېدىڭىزغۇ؟!
ــ ھە، ئانچە ئېغىر ئەمەس، بىر ئاز بېشى ئاغرىپ قالدى.
ــ خوتــۇن لازىم بولغان ئــادەم بۇرۇنراق يول ماڭســاق بولمامدۇ؟!
ــ ئانام ئۆزۈم بارىمەن دەپ...
ــ ئانىڭىز نەدە كېلىدۇ! تۆت تۈمەننى بېسىپ ياتقاندۇ؟!
ــ ئارىلىقتــا مەن ئىشــلەپ پۇل تاپاي دېدىم. ئاشــلىق ئىدارىسىدە ئىشلىسەم گۇيلار رەسمىي ئەمەس دەپ قولۇمغا تولۇق پۇل بەرمىدى...
ــ ھاراققا خەجلەپ تۈگەتتىم دەڭا؟!
ئابدۇباقى غىــڭ قىلالمــاي، چايمۇ ئىچمەي پۇشــۇلداپ ئولتۇردى، ئاڭغىچە ئىشكتىن سانىيە كۆكتات كۆتۈرۈپ كىردى. ئابدۇباقى ئۇنى كۆرۈپ تىترەپ كەتتى.
ــ نېمىشقا كەلدىڭ ھەي ماز، قايسى يۈزۈڭ بىلەن كەلدىڭ بۇ ئۆيگە!
ــ ســەينى قويۇپ گەپ قىل! ــ دېدى ئانىســى ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولىدىكى كۆكتاتنى ئېلىپ.

— مەن سىلىگە ناماقۇل... بولغىلى كەلگەن... — دېدى ئابدۇباقى ئۆزىنى تەستە بېسىپ.

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كوچىدا پوق تېرىپ، سۈيدۈك پۇراپ يۈردۈڭ، ئاشۇنداق يۈرىۋەر، سەندەك نېمىنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، خېتىمنى بەر!

ئابدۇباقى سانىيەگە ھەيران بولۇپ قارىدى، ئاچىرىششىش دېگەن گەپتىن يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى، ئەمما ئارقىدىنلا قارنى ئېچىشىپ، ئىچ ـ باغرى تولغىنىپ كەتتى.

— ئۇنىڭ خېتىنى بېرىڭ، — دېدى قىينانىسى قاپىقىنى تۈرۈپ، — باھارخان كەلسىمۇ مەن شۇنداق دەيمەن. ئۆي تۇتالمىغاندىكىن ئاجرىشىدىغان گەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تارتىشىدىغان بالاڭلارمۇ يوق. ئۆزۈڭلارنى بۇنداق قىيناپ يۈرگەنىنىڭ پايدىسى يوق...

ئابدۇباقىنىڭ ئەمدى گەپ قىلغۇدەك جۈرئىتى قالمىدى. يەنە بىر نېمە دەي دېسە ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ئاغزى تېخىمۇ ئېچىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئەڭ ياخشىسى ۋاقىتىدا كېتىۋېلىش قارارىغا كەلدى، لېكىن بىرەر گەپ قىلىۋالماي مۇشۇنداقلا كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى، ئۇ بىر نەرسە دېيىشى كېرەك، نېمە دېسە مەيلى، ئۇ بايا يولدا كەلگەچ سانىيەگە دەيدىغان گەپلەرنى كۆڭلىدە خېلى ئويلاپ قويغان، يارىشىۋېلىش ھەققىدە قىلىدىغان ياغلىما گەپلىرىنىمۇ، ئەگەر ئۇنىماي ھەددىدىن ئاشىدىغان بولسا: "ھۇ رەسۋا، سەن مېنى بىلمەيدۇ دېمە..." دەپ يۈزىگە سالىدىغان سەت گەپلىرىنىمۇ ئىچىدە نەچچە قېتىم تەكرارلاپ بولغانىدى. ئاپىسى ئۇنىڭ ئىشلىرىنى بىلمەمدىغاندۇ؟! نېمىلا بولسۇن، بۇ رەسۋاچىلىقنى دەپ، قورساق كۆپۈكىنى بوشىتىۋېلىش كېرەك...

ئابدۇباقى قەتئىي ئىرادىگە كەلدى:

— سەن... سەن ھېكىم دېگەن سوگوزىچى گۆي بىلەن

يۇرۇپسەنغۇ؟ ئۆزۈڭنىمۇ سېستتىپ... مېنىمۇ سېستتىپ... سەندەك نېمىنىڭمۇ ماڭا كېرىكى يوق!

تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك تۇيۇلغان بۇ گەپتىن سانىيە ئېسنى يىغىپ بولغىچە ئانىسى قوپتى:

— ھالىڭغا بېقىپ گەپ قىلە ھەي يۇندىپۇرۇش تاز، نېمەڭنى سېستتىپتۇ؟! سەن قەدرىنى بىلمىگەن خوتۇننى خەقلەر گۈل قىلىپ چېكىسگە قىسىدۇ! سەندەك نېمىلەرگە قىز بەرگەنگە مىڭ پۇشايمان! ئالدىمىزغا ئەمدى ئىككىنچى كېلىشمە...

— مەن خەق بىلەن يۇرسەم ئېچىڭدىن قان كەتتىمۇ؟! مەندەك خوتۇنۇڭغا ئىگە بولالمىساڭ ئاشۇنداق ئىگىسى چىقىدۇ، چىدىيالمىغان بولساڭ تۆت كوچىغا چىقىپ يېتىۋال، ۋۇي چىدىماس مازا!... — سانىيە بىر چالۋاقىغىلى تۇرىۋىدى، ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا داۋاملىق بولۇشتى. ئابدۇباقى ئۇ گەپلەرگە پايلىماي بىردەم قېينانىسىغا، بىر دەم سانىيەگە قاراپ قايسىسىغا تىل تەگكۈزۈشنى ئۇقالماي ئاغزىنى مىتىلدىتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلار كونا خاماننى سورۇپ، بىر-بىرىگە گەپ بەرمەي ئابدۇباقىنى ۋە باھارخاننى تىللاپ ھاقارەتلەشكە باشلىدى. ئابدۇباقىنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، ھېچقانداق گەپ قۇلىقىغا كىرمىدى. سەل ئۆتۈپ ئاندىن قورقۇنچلۇق بىر چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولدى-دە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە ۋارقىرىدى:

— بىرىڭ گەپ قىلە ھۇ قانجۇقلار، ئاناڭنى ھېلى!...

— نېمە دەيسەن شوۋىچى!— سانىيە ئېتىلىپ كېلىپلا ئۇنىڭ يۈزىگە شاپىلاقتىن بىرنى سالدى، ئانىسىمۇ چاققان كېلىپ ئۇنىڭ كاللىسىغا نوقۇشلىدى.

— كېلىشە قانجۇقلار، كېلىشە... — ئابدۇباقىنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى، ئۇ ئانا-بالا ئىككىسىگە مۇشتىنى چۆرۈپ بىر دەم ھەيۋە قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ چىققاچ ئاغزىنى قويىۋەتتى، بىر ئاڭلاشقا ئۇ قوشاق توقۇۋاتقاندەك

قىلاتتى:

— ھۇ شوۋىچى قىرى جادى، سىغىپ ئۈچ جالاپ قىزىڭنى،
ھۇ جالاپ خوتۇنىنىڭ قىزى، قانجۇق ئاپاڭ خەققە سولاپ بېرىپتۇ
سېنى...

خوتۇنىدىن تەگكەن بىر شاپىلاق ئۇنىڭ ئېچىگە ئۆتۈپ كەتتى، ئۆيگە قايتىپ كەلگىچە ئۇڭ-سولىنى بىلمەي مەست ئادەمدەك مېڭىپ، ئەلەم بىلەن شۇنى ئويلاپ كەلدى: ئۇ پاسكىنا مۇشۇنداقلا قۇتۇلىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن، ئاجرىشىشقا ئۇنىمىسام ئالدىمغا چوقۇم يالۋۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇ راستىنلا شۇ ئېپلاسلىقنى قىلغانمىدۇ، مەندىن نېمىشقا ئاسانلا يۈز ئۆرۈپ كېتىدۇ؟...

ئۇ ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ تاماكا چېكىپ يەنە خىيال سۈرۈپ ياتتى. بىر ئازدىن كېيىن ھويلىدا باھارخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ بىردەم بولسىمۇ ئۆزىدىكى قورقۇنچلۇق يالغۇزلۇقتىن ۋە بۇرۇقتۇرمىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تالاغا چىقىپ ئانىسىغا دەرد تۆكتى.

— ئۇ يەرگە نېمىشقا ئۆزۈڭ بارىسەن؟! — دېدى باھارخان ئاچچىقلىنىپ — قېينانىسى يالماۋۇز، خوتۇنى ئالۋاستى دېگەن شۇ-دە! ئىككىسى بىر بولۇپ سېنى تازا تويغۇزۇپتۇ-دە! ئۆزۈڭنى چاغلاپ بارساڭ بولمامدۇ؟! ماڭا نېمىشقا دېمەيسەن؟ مانا خوپ بولدىمۇ ئەمدى؟! قاچانمۇ بىر ئادەم بولارسەن سەن؟!...

— ئەسلىدە ئۇ شوۋىچىغا ياخشى گەپ قىلاي دەپ بارغان، ئاڭلىسام يامان ئويناپ كېتىپتۇ. ئاپىسى دېگەن سولامچى ئەسلىي ئۇقىدىكەن، مەن تېخى ئۇنى ئۇقمامدىكىن دەپ گەپ قىلسام قىزىغا يان بېسىپ مېنى تىللاۋاتىدۇ، ئاندىن تېخى سىزنىمۇ تىللاۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ تىللىدىم...

— مېنى نېمە دەپ تىللىدى؟

— زېدى پەس قەلەندەر دەيدۇ...

— مۇشۇنداق تېگى پەس، يۈزسىز خوتۇننى قۇدام دەپ يۈرگەن مەنمۇ سارالڭ، قىزىنىڭ نامى سېسىپ بولغاندا ئەمدى ئۇنىڭ نېمە كېرىكى! كىمگە بەرسە بەرسۇن، سەنمۇ نېمىشقا بارىسەن دەيمەن ئۇ يەرگە!

— مەن ئەسلىي بارمايتتىم، ئاشۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غەزىپىم ئۆرلەپ ئۇ پاسكىنىنى بىر ئەدەپلەپ قوياي دەپ بارغان...

— ئوبدان ئەدەپلەپسەن ئەنە، ئەدىۋىڭنى يەپ كەپسەن!

— ئۇ پاسكىنىنى مەنمۇ بوش قويمايمەن، ئۇ ئاجرىشىمەن دېسىلا ئاجرىشىدىغان ئىش يوق، ئالدىمىزغا يالۋۇرۇپ كېلىدۇ تېخى!

— ئاجرىشىدىغان ئىش بولسا ئۇلار تويلۇقنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇشى كېرەك، بۇنىڭغا سوتمۇ ئادىل. لېكىن بىز ئۇ قەلەندەرلەر بىلەن تەڭ بولمايمىز، ئۇ نەرسىلەرنىمۇ باش-كۆزىمىزنىڭ سادىغىسى قىلىپ بېرىۋېتەرمىز...

ئىككى كۈن ئۆتۈپ سانىيە ئاش ۋاقتى بىلەن باھارخاننىڭ ئۆيىگە ئالدىراش كەلدى، ھېچكىمگە گەپ قىلمايلا ھوجرىسىغا كىرىپ بىر نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرغىلى تۇردى. گۈلەمبەردىن باشقا ھەممىسى ھويلىدا تاماق يەۋاتاتتى. بىر كەمدە سانىيەنىڭ ئابدۇباقىنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ماڭ كىرىپ باق، — دېدى باھارخان.

— بۇ مەينەت بىلەن يەنە ئۇرۇشۇپ قالارمەنمىكىن دەيمەن، سىز كىرىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟

— ئۇنداق نومۇسسىزنىڭ يۈزىگە قارىغۇممۇ يوق، گەپ قىلغۇممۇ يوق، ماڭ كىرىپ ئۆزۈڭ بىر نېمە دە، ئەر كىشى بولغاندىكىن!

— ھەممە نېمىسىنى ئەكەتسە مەيلىما؟!

— ۋاي مەيلى، ئۇنىڭ بىر تال بىر نېمىسىمۇ قالمىسۇن بۇ ئۆيدە، نەس باسىدۇ ئادەمنى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابدۇباقى ھۇجرىسىغا كىردى، سانىيە ھەممە نەرسىنى دۆۋىلەپ قويغانىدى.

— ما نەرسىلىرىمنى تالادىكى ھارۋىغا ئەچىقىپ بېسىشىپ بەر!

ئابدۇباقى بىر دەم خوتۇنىغا، بىردەم شۇنچە جىق نەرسىلەرگە ئاچچىق ئەلەم بىلەن قارىدى.

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ ئا ئادەم ساقلاپ قالدۇ، چاققانراق بول!

— ئادەم چاقىرىپ ئۆزۈڭ ئەچىقىپ كەت، مەن سېنىڭ مالىيىڭ ئەمەس! — دېدى ئابدۇباقى غەزەپتىن تىترەپ.

— ئۆتەپ بارە ماڭ، ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان ماز!...

سانىيە غوتۇلدىغىنىچە تالاغا مېڭىشىغا ئابدۇباقى ئۇنىڭ ساغرىسىغا قاتتىق بىرنى تەپتى.

— نېمە تېپىسەن ھەي چېدىماس لاتا! — سانىيە كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئابدۇباقىغا ئېسىلدى. ئۇرۇش-جېدەل باشلاندى، ئاڭغىچە باھارخان كىردى.

— بىر نېمىلىرنى ئېلىپ ماڭغىلى قويساڭ بولمامدۇ بۇنىڭ! نېمە قىلسەن ئېسىلىپ، ۋۇي ئىززىتىنى بىلمەيدىغان ساراڭ!

— ئادەمنى مالىيدەك ئىشقا بۇيرۇۋاتسا بۇ مەينەت!

— كىم مەينەتكەن ھېچقىز، ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلە!

ھېلى بىكا ما زۇۋانىڭغا! — ئابدۇباقى ئېتىلىپ بېرىپ سانىيەگە مۇشت ئاتتى، سانىيە بېشىنى ئەپقاچقانىدى، مۇشت سانىيەنىڭ چېچىنى سىياپ ئۆتۈپ كەتتى. باھارخان تۇۋلىدى:

— خوتۇن كىشىگە مۇشت ئاتما ھەي بەغەرەز، ئۆتە بۇياققا!

— مەن بۇ سولامچىنىڭ قىزىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋېتىمەن! — ئابدۇباقى خوتۇنىغا يەنە ئېسىلدى، سانىيەمۇ پۇت-قوللىرىنى

ئىشقا سېلىپ ئۇنى يېقىن كەلتۈرمىدى، ئۇ خۇددى ئەر كىشىدەك ھەرىكەت قىلاتتى.

— سىزمۇ ئۆتكەنكى بۇ ياققا ئەر كىشى بىلەن تەڭ بولماي!

— دېدى باھارخان ۋارقىراپ، — بىر نېمىلىرىڭىزنى ئەكەتمەي ئۇرۇشقىلى كەلگەنمۇ بۇ يەرگە!

— كىم ئۇرۇشمەن دەپتۇ!

— ماڭە سەن، بۇ يەردە تۇرما، — دېدى باھارخان ئوغلىغا، — ئالدىغان نېمىسىنى ئېلىپ كەتسۇن، تارغاق - سۆزگۈچلىرىدىن تارتىپ ھېچنېمىسى قالمىسۇن!

— دېمىسلىمۇ ئەكېتىمەن!

— ئاڭلىسام خېلى ئىشلارنى قىپسىز، سىزنى كېلىن دەپ يۈرۈشمۇ ماڭا ئەمدى نومۇس!

— نېمە ئىش قىپتىمەن مەن؟! قىز بالا دېگەن نوچى ئاشۇنداق! — دېدى سانىيە قولىنى بېلىگە تىرەپ، — ئوغۇللىرى كارغا كەلمىگەندىكىن باشقا ئەرنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدىغان گەپ...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابدۇباقى قوقاسقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى، ئانىسىنىڭ چىرايىغا قارىدى، باھارخان يەنە بۇرۇنقىدەك قاپىقىنى تۈرۈپ تۇراتتى، شۇ ئاچچىقىدا سانىيەنىڭ نېمىلەرنى دەپ كاپشىغىنىنى ئاڭقىرالمىغاندەك تۇراتتى، سانىيەنىڭ ھاقارەتلىك گېپىنى ھەرگىز راست دەپ ئويلىمايتتى، ئۆزىنى قىز دېگىنىگىمۇ ئىشەنمەيتتى. ئابدۇباقى بۇنىڭدىن سەل خاتىرجەم بولدى، ئەمما يۈرىكى يەنىلا جايىغا چۈشمىدى. ئانىسى "بۇ قانداق گەپ، خوتۇنۇڭنىڭ دېگىنى راستمۇ؟" دەپ قالسا، پۇت - قولىدا جان قالمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ، ئەنسىز ھالدا ئۆيدىن قېچىپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

سانىيە ھارۋىكەش بىلەن بىللە ھەممە نېمىسىنى ھارۋىغا توشۇپ، مېڭىش ئالدىدا ئابدۇباقىغا "ئەتە سوتقا بېرىپ

www.uyghurkitap.com

ئاجرىشــمىز" دېــدى، ئابدۇباقى جىددىيلىشــىپ قالدى. ئۇ
ھۇجرىسىغا كىرىپ قورۇقدىلىپ قالغان ئۆيگە قاراپ ئىچى پۇشۇپ
دەرھال چىقىپ كەتتى. كوچىغا چىقىپ مەقسەتسىــز ئايلاندى،
بىرەر ئاغىنىســمۇ ئۇچرىمىدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ
ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى، دەرۋازا
تۈۋىدە خاپا چىراي ئەر-ئاياللاردىن بىر نەچچىســى چۈشــتىن
كېيىنلىك خىزمەت ۋاقتىنى ســاقلاپ تۇرۇشاتتى؛ بىرى ئۇ ياققا،
بىرى بــۇ ياققا قارايتتى. ھېچقايسىســى بىر-بىرى بىلەن گەپ
قىلىشمايتتى، بۇلارنى كۆرۈپ ئابدۇباقى خاتىرجەم بولۇپ قالدى.
بۇ كوچىدا ھېچكىم يالغۇز ئەمــەس، ئادەملەر ئۇچراپ تۇرىدۇ،
قىلىدىغان ئىش چىقىپ تۇرىدۇ. قىلىدىغان ئىش بولمىسا خىيال
ســۈرىدۇ. ئۇ كېتىپ بېرىپ شۇنداق ئويلايتتى: "ھەي بۇ رەسۋا
قىزلىقنى ھېكىمگە بېرىۋېتىدىغان بولدى، قىز چىققاننىڭ ئەتىسى
نېمە سەتچىلىك بولار؟! ئۇ راستىنلا قىز بولغىيمىدى ياكى توي
قىلماســتىنلا قىزلىقى بۇزۇلغان بولســا، مېنى بىلىپ قالمىسۇن
دەپ قورقۇپ ئۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپ، مەن بىلەن تىركىشىپ،
قېرىشىپ يۈرگەن بولغىيمىتى؟! چوقۇم شۇنداق، ئۇ ياشقا كىرگەن
نېمىنىــڭ قىزلىقى بىر نېمە بولــۇپ بۇزۇلىدۇ. ھازىر يېڭى توي
قىلغان قايسى بىرسىگە ئىشىنىپ بولغىلى بولىدۇ؟! ئۇ قىز چىقماي
قالسا ئانام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۇنى بوش قويمايدىغانلىقىنى،
چۈنكــى ئۇنىڭغا نۇرغۇن تويلۇق ئالغانلىقىمىزنى بىلىدۇ! لېكىن
ئۇ پاسكىنا نېمىشــقا توي قىلمىغان بىرسىگە تېگىشكە ئالدىراپ
كېتىدۇ؟! ئۇ گۇيمۇ نېمىشقا بىر ئەردىن چىققان مەينەتنى ئالىمەن
دەپ تۇرۇۋالىدۇ؟! بۇ ھايۋانلار ئاشۇ ئىشنى قىلغاندىكىن ئاندىن
توي قىلىش نىيىتىگە كەلگەن گەپ. بىر بولسا ئۇلار بۇنى مەخپىي
تۇتۇشــتى، بىر بولسا بۇ گەپ كېيىن ئاشــكارا بولىدۇ، بەلكىم
ھازىردىن باشلاپ ئاشكارا بولۇشقا باشلىغاندۇ، ئۇ مەينەت ئۆزىنى
سېپســتىقلى ئاران تۇرىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن ئەتە ئاجرىششتىن

ئاۋۋال بۇنى ئۇقۇپ بېقىش كېرەك...".

ئەتىسى ئابدۇباقى توي گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. سانىيە ئۇنىڭدىن بۇرۇن كېلىپ بولغانىدى، قاپاقلىرىدىن مۇز ياغاتتى.

— نېمانداق بۇرۇن كەلمەيسەن؟

— قاچان كەلسەم كارىڭ نېمە!

— خەق چۈشلۈك قىلىدۇ، شۇنىمۇ بىلمەمسەن!

— چۈشتىن كېيىن يەنە ئىشلەيدۇ.

— شۇڭغىچە ساقلامدىمەن سەن نېمىنىڭ قېشىدا؟

— ساقلىمىساڭ كەت، قانداق نېمە ماۋۇ...

— قانداق نېمىكەن؟! سەندەك مازغا تېتىيدىغان نېمە ئاشۇنداق!

— ھېلى بىكا زۇۋانىڭغا! — ئابدۇباقىنىڭ كۆزىدىن غەزەپ چاچراپ چىقتى، — ھېلى ما كوچىدا رەسۋا قىلىۋېتىمەن سېنى!

سانىيە بېرىپلا ئابدۇباقىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى:

— كىمنى رەسۋا قىلىسەن، كىمنى!...

ئابدۇباقى ئۇ ياق-بۇياققا قاراپ قاتتىق جىددىيلىشىپ، قورقۇپ تىنتىرەپ كەتتى:

— ياقامنى قويۇۋەت رەسۋا، ما كوچىدا سەتلەشمە...

سانىيە ئۇنىڭ ياقىسىغا تېخىمۇ چىڭ ئېسىلدى، ئابدۇباقى كوچىدا خوتۇنىدىن تاياق يەپ ئۇسال بولماسلىق ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە تىركىشىپ سانىيەنىڭ قولىنى ئاجراتتى-دە، ئۇنىڭ گېلىنى سىقىۋالدى. خوتۇنى بىرنى قويسا ئىككىنى قويدى، بىرنى تەپسە ئۈچنى تەپتى، بۇ ھالدا ئۇ خوتۇنىنىڭ قىزلىقىنى ئالالمىغانلىق دەردىنى مۇشتۇمزورلۇق بىلەن ئالماقچى بولغاندەك، ئەركەكلىكىنى جان-جەھلى بىلەن قوغداۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ پەيتتە ئۇ خېلى كۈچلىنىپ قالغانلىقىنى، بىر يېرى كارغا كەلمىسە بىر يېرىنىڭ ئىشلەپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى؛ شۇنىڭغا باقماي ئۆزىنى

قالتىس چاغلاپ: ”خوتۇن خەق ھەر قانچە قىلسىمۇ ئاجىز، مۇبادا ئايرىم بىر ئۆيدە مۇشۇنداق ئۇرۇشۇپ قالغان بولسام چوقۇم مەقسىتىمگە يېتىدىكەنمەن...“ دەپ ئويلاپ ئىچى قىزىپ كەتتى.. سانىيە ئابدۇباقىنىڭ بۇ ئەسنادىكى ياۋايى، قارام نىيەتلىرىدىن بىخەۋەر ئىدى، ئۇنى ئۇرۇۋالسام دەيتتى، ئۇرالمايتتى، يا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا تەن بەرمەيتتى، ئابدۇباقى بىلەن كۈچ ئېلىشالماي ئۇنى تازدىن مازغىچە تىللاپ غوتۇلداۋاتقاندا سوتنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە ئەر-ئاياللار يىغىلدى.

ئابدۇباقى خوتۇنىغا بوش كەلمىگەنلىكىدىن پەخىرلەندى، سانىيە ئۇنىڭغا تېخىمۇ نەپرەتلىنىپ كەتتى. ئابدۇباقىنى غالىبلىق تۇيغۇسى چىرمىۋالغان بىلەن كۆڭلى يەنىلا پاراكەندە ئىدى، ئۇ ئۆزىنى دائىم بىئارام قىلىدىغان ئاشۇ گۇمانىغا ئېنىق جاۋاب تاپمايلا خوتۇنىنى قويۇۋېتىشنى خالىمايتتى.

— ساڭا دەيدىغان گەپ بار، — دېدى ئۇ سانىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئۆتكەندە پاراڭلىشىلى دەپ بارسام مېنى ئىتتەك تالاپ قوغلىۋېتىشتىڭ، بۈگۈن دەۋالمىسام بولمايدۇ.

— سەن مازدىن ياخشى گەپ چىقامدۇ؟!

— ھەي، ئاغزىڭنى بۇزما، خەق قاراپ تۇرىدۇ، نومۇس قىل...

— ئەجەب نومۇسچان بولۇپ كېتىپسىنا سەن قىلىن ئېشەك؟!

— ھەي، زۇۋانىڭنى يىغ، ماڭە نېراق بېرىپ پاراڭلىشىلى.

— گېپىڭ بولسا مەشەدە دە، قۇلىقىم ئاڭلايدۇ.

— مەيەگىراق كەل ئەمىسە، بۇ دېگەن مەخپىي گەپ! — ئابدۇباقى ئۇن نەچچە قەدەم نېرىراق باردى، سانىيە ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قاراپ يېقىن كەلدى.

— سەن ھېكىم دېگەن گۇي بىلەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟!

سانىيە ئابدۇباقىغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى، ئابدۇباقى

ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ تۇراتتى.
— بۇنى مەندىن سورايمەن دېمەي بېرىپ ئۇمىچىڭنى ئىچ!
— جاۋاب بەرمىسەڭ خېتىڭنى بەرمەيمەن.
— بەرمىسەڭ كۆتۈڭگە تىقىۋال!
— ئاغزىڭنى بۇزماي دېگىنە، ئىككىڭ نېمە ئىش قىلدىڭ؟!
— كارىڭ نېمە؟!
ئابدۇباقىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى، يېنىدا خەق بولمىغان بولسا بىر نېمە قىلىۋەتكۈدەك ئەلپازدا نىيىتىنى بۇزدى.
— سەن يا راستىڭنى دەيسەن، يا ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ ماڭا بىر ئاخشام خوتۇن بولىسەن! بولمىسا مەندىن ئاجرىشىمەن دەپ خام خىيال قىلما!
— مادارىڭ بولسا ئاندىن ماڭا گەپ قىل، بولمىسا خېتىمنى بېرىپ يولۇڭغا ماڭ!
— بىر بولسا سەن قىز ئەمەس، قىز چىقماي قېلىشىڭنى بىلگەچكە مۇشۇ چاغقىچە مەن بىلەن قېرىشتىڭ. بىر بولسا باشقا ئەرگە قىز پېتى تېگىمەن، تېخىمۇ كۆپ تويلۇق ئالىمەن دەپ مېنى ئالدىدىڭ، نەچچە ۋاقىتتىن چىداپ كەلدىم، بۈگۈن ھەممىنى ئېنىق دەيسەن، بولمىسا مەندىن بوش قۇتۇلالمايسەن! — دېدى ئابدۇباقى ئەتراپىغا قارىغاچ، كۆز قارىچۇقلىرى جىددىيلىكتە نەچچە پىرقىراپ ئايلاندى. سانىيە ئاڭلىمىغان گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئابدۇباقىغا غەيرى بىر مەخلۇققا قارىغاندەك قاراپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن مەسخىرىلىك كۈلۈپ:
— خوپ بولدى، نەچچە ئاي خوتۇن بولدۇم، مادارىڭ يەتمىدى، ئەمدى مېنىڭ قىزلىقىم بىلەن نېمە كارىڭ؟! مەن بىر قېتىم ئەرگە تەگدىم، بولدى ئەمدى، خېتىمنى بەرسەڭلا بولدى، مەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقەڭ يوق، — دېدى.
— خىيالىڭنى خام چاغلىما، سەن تېخى مېنىڭ خوتۇنۇم،

مەن زادى ئۇنى بىلمەي تۇرۇپ سېنى قويۇۋەتمەيمەن!

— جاھاندا ئىككى مازىنىڭ بىرى بولسا بىرى چوقۇم سەن، — دېدى سانىيە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — مېنى تولا ئەخمەق قىلىمەن دېمە، ئەگەر مۇشۇنداق دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولساڭ ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلىمەن.

— ئەمىسە ئەرز قىل، مەن كەتتىم، — ئابدۇباقى كەينىگە بۇرۇلۇپلا ماڭغىلى تەمشەلدى .

— خېتىمنى بېرىپ كەت، — دېدى سانىيە ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ.

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، — دېدى ئابدۇباقى ئۇنى سىلكىپ، — ئەينى ۋاقىتتا مەن سېنى ئالىمەن دەپ بىر مۇنچە پۇل خەجلىگەن، مىڭ تەستە توي خېتى ئالغان. پايەن دېگەن بىر دەمدىلا تالاق قىلىپ ئاجراشتۇرىۋېتىدىغان موللا مەزىناخۇنۇم ئەمەس، ئۇنىڭ نەچچە پۇتمىقى بار، سەن بۇ يەردە ۋالاقلىغان بىلەن شۇنچىلىك ئىشىنىمۇ بىلمەيسەن!... — ئابدۇباقى سۆزلىگەنچە كۆرەڭلەپ كەتتى. ئاجرىشىمەن دەپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن كەلگەن سانىيە ئابدۇباقىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ جىله بولدى:

— ھەي توخى پوقى مەرەز! خوتۇن كىشىدەك بۇنداق چىدىماسلىق قىلغۇچە كوچىغا ياغلىق چىگىپ چىقساڭلا بولمامدۇ تايىنلىق...

— نېمە دېسەڭ دە، كوچىدا قانجۇقتەك قاۋىساڭمۇ مەن دېگىنىمنى قىلىمەن!

— سەن مازغۇ زادى گېپىڭدە تۇرمايسەن. ئاجرىشىمەن دەپ مەشەگە كېلىپمۇ مازلىشىسەن، چىدىماسلىق قىلىسەن، نەچچە ۋاقىتتىن يېنىڭدا ياتقاندا نېمە ئىش قىلغانتىڭ؟!

— ھەي بوش سۆزلە، بولمىسا خەق سېنى ساراڭكەن دەيدۇ. سەن تېخى مېنىڭ خوتۇنۇم، سېنىڭ قىز ياكى ئەمەسلىكىڭنى

بىلمەي تۇرۇپ قويۇۋەتمەيمەن...

سانىيە ئابدۇباقىنىڭ تەلەتىدىكى ئەسەبىيلىكنى كۆرۈپ، ئۆلەر چېغىدا چاقاي دەۋاتقان يىلاننى كۆرگەندەك شۈركىنىپ كەتتى، مۇشۇ گېپى ئۈچۈن ئۇنى تېخىمۇ تويغۇزۇپ، مازلاشتۇرۇپ، ئوسال قىلغۇسى كەلدى:

— سەن زادى مېنىڭ ھېكىم بىلەن نېمە ئىش قىلغانلىقىمنى، قىز ياكى جۇۋانلىقىمنى بىلمەكچىمۇ، ھازىر دەپ بەرسەملا بولىدىغۇ؟! ھازىرلا دەپ بەرسەم خېتىمنى بېرىسەن جۇمۇ!

— ھە دېگىنە، راستىڭنى دەيسەن!

— مەن قىز ئەمەس، ئەمدى بولدىمۇ؟!

سانىيە ئابدۇباقىنىڭ كۆزىگە مەغرۇرلۇق ۋە مەنستىمەسلىك بىلەن تىكىلدى، ئابدۇباقى سارغىيىپ كەتتى.

ياق، مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن! — دېدى ئۇ بوغۇلۇپ سۆزلەپ، — مەن ئۆزۈم... ئۆزۈم سىنايمەن.

— ھالىڭغا بېقىپ گەپ قىل!

— ئەگەر قىز چىققان بولساڭ بۇ چاغقا ھېكىم دېگەن گۇي مەستلىكىدە خەققە دەپ بولاتتى، سەن مېنى تولا ئەخمەق قىلمەن دېمە!؟

سانىيە گاڭگىراپ قالدى، ئابدۇباقىنىڭ بۇ مەسىلىدە ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۇنى قاتتىق جىلە قىلدى:

— جاھاندا سەندەكمۇ ئەر كىشى بولامدۇ ھەي، نومۇس قىلساڭچۇ، نومۇس!

— سەن نومۇس قىل، ئېرى تۇرۇپ ئاشنا ئوينىغان نومۇسسىز! — دېدى ئابدۇباقى زەردە بولۇپ ، — خېتىڭنى بېرىمەن، گېپىم گەپ، لېكىن شۇنى سىناپ باققاندىن كېيىن بېرىمەن...

سانىيە ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالايدى:

— سەن ماز تولا نوچىلىق قىلما، ئاجرىشالمامدىكىن دېمە،

قاراپ تۇرۇپ ئۇچىگەدىن قان كەتكۈزمىسەم ئىلاھىم...

سانىيە ئابدۇباقىنى مىڭنى تىللاپ كەينىگە قايتىپ، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ئاغىنىلىرى بىلەن بىليارت ئويناپ تۇرغان ھېكىم بىلەن ئۇچراشتى. ھېكىم سانىيەنى بىر ئاشخانىغا باشلاپ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ئۇنى ناھىيىلىك خەلق باغچىسىغا ئاپاردى. سانىيە بۇ خىلۋەت، گۈزەل يەردە ئىختىيارسىز ھاياجانلىنىپ ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھەممە دەردىنى ھېكىمغا تۆكۈۋەتتى. ھېكىم ھەيران قالدى، ئارقىدىن ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈشكە باشلىدى. سانىيە ئابدۇباقى بىلەن بىللە ئۆزىنىمۇ مەسخىرە قىلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، بۇ گەپنى دەپ تاشلىغىنىدىن پۇشايمان قىلدى، ھېكىمدىن بۇ مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى تەلەپ قىلدى، ھېكىم كۈلكىسىنى بېسىپ، ئۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي، تويدىن ئاۋۋال سىناپ بېقىشنى كۆڭلۈك نىيەت قىلدى. سانىيە ئۇنىڭ كۆزىدىكى كۈچلۈك ئېچىرقاشلاردىن ئاللىقانداق ئەنسىز خىياللارنى قىلىپ، ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىگە بۆلەكچە سەزگۈر بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا ياتلىق بولمىغىچە سانىيەنىڭ كۆڭلى ئارام تاپمايتتى. سانىيە ئۇنىڭغا ئۇ گەپنى دەپ يامان يەردىن مەدەت بېرىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ، توي قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئۆزىنى ھەرگىز تۇتقۇزماسلىقنى نىيەت قىلدى. كۈن ئولتۇرۇپ، باغچىدا ئادەم شالاڭلاشقا باشلىدى. ھېكىم مەقسىتىگە يېتىشكە خېلى كۈچەپ باقتى، سانىيە يول قويمىغانچە جىلە بولۇپ ئۇنى سىلكىۋەتتى:

— ئەجەب توپاقتەك كۈچۈك بار نېمىكەنسىنا؟! مەن سېنى ئالىمەن دېگەندىكىن نىمانداق ئىشەنمەيسەن ئادەمنىڭ گېپىگە؟! مەندىنمۇ ئايامسەن ئۇ نېمەڭنى؟! ئۆزۈڭنى قىز دەيسەن، كىم ئىشىنىدۇ ئۇ گېپىڭگە؟!

— ئىشەنمىسەڭ ئىشەنمە، مەن سېنى ئىشەن دېمەيمەن. نوچى بولساڭ گېپىڭدە تۇرۇپ مېنى ئال، ئاندىن ئالدىڭدا مەن

تەييارا!...

ئىككىسى ھېلىقى ئاخشىمى تونۇشۇپ يۈرۈپ قالغاندىن كېيىن ئۆز ئارا سەنلەيدىغان قوشماقلارغا ئايلىنىپ، چوڭ ئىشتىن بۆلەك ھەممىنى قىلىپ كېلىۋاتاتتى، ئەمما ھېكىم سانىيەنى دائىم شۇ ئىشقىلا قىستاپ تۇرۇۋالاتتى، سانىيە ئۇ ئىشنى توي بىلەن باغلاپ ئۇنىمايتتى، پاتراق توي قىلايلى دەيتتى. ھېكىم "توي دېگەننى قىلىمەن دەپلا قىلغىلى بولمايدۇ" دەپ بىر مۇنچە دەردىنى تۆكەتتى. شۇنىڭ بىلەن سانىيە لاسسىدە بولۇپ "كېيىنكىدە تۇرساڭ مانا مەن، بولمىسا باشقا ئەرگە تېگىمەن" دەپ ئوچۇق دەۋرەتتى. ھېكىم "مەن سېنى بۇ يۇرتتىن ئەپقېچىپ بولسىمۇ ئالىمەن" دەپ ۋەدە بېرەتتى. ھېكىم سانىيەنىڭ "توي قىلغاندىن كېيىن..." دەپ تۇرۇۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى بۈگۈن بىلىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىنتىلىپ كەتتى، سانىيە ئەكسىچە قوغدىنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

— بۇنداق يۈرۈۋېرىشتىن ئىچىم پۇشۇپ كەتتى، — دېدى ھېكىم تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، — بۇ كىچىك يەردە يا ئەركىن يۈرگىلى بولمىغان، كەينىمىزدىن خەق گەپ تېپىپلا تۇرغان! بۈگۈن نەق گەپنى دېيىشەيلى، مەن سەن بىلەن بۇ يەردە توي قىلالمايمەن. ئۆزۈڭ بىلىسەن، خەق مېنى قىز ئالماي جۇۋان ئاپتۇ دەپ مازاق قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدىكىلەرمۇ قارشى...

— ئەمىسە باشقا بىرەر قىز بىلەن توي قىل، قىزلار دېگەن ساماندەك!... — دېدى سانىيە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— توي قىلىمەن دېسەم ئەتىلا قىلىۋېتىمەن، لېكىن سەن نېمىگە كۆيۈپ قاپتىمەن، ياماغا قىز ئىكەنلىكىڭنى كۆرسەتمەيسەن، باشقىلارغا يا مەن قىز ئالدىم دەپ دېگىلى بولمىغان، خەق بەرىبىر ئىشەنمەيدۇ...

— خەق بىلەن نېمە چاتىقىڭ!؟ سېنىڭ مەقسىتىڭ توي قىلىش ئەمەس، پەقەت شۇ نەپسىڭنى قاندۇرۇشلا ئوخشايدۇ.

— سەن خوتۇن خەقنىڭمۇ نەپسى بوش ئەمەس، مېنى ئال دەپ بىكار ئالدىرىمىغانسەن سەنمۇ؟!

— سەن بۇنىڭغا ئالدىرىساڭ، مەن تويغا ئالدىرايمەن-دە! خەق ئۇنى دەيدۇ، بۇنى دەيدۇ، ئاپام-دادام ئۇنىمايدۇ دەپ يۈرۈۋەرسەڭ ماڭىمۇ نېمە ئامال؟! ئۇنداق ئادەم باشتا نېمىشقا مەيدەڭگە ئۇرۇپ يالغان گەپ قىلىسەن؟ مەقسىتىڭ شۇ نەپسىڭنى قاندۇرىۋېلىپلا مېنى تاشلىۋېتىشقۇ؟!

— ھەي سەن نېمانداق دۆت، خوتۇن خەق دېگەننىڭمۇ سېقىنى كۆرمىگەن مەن، كىم سېنى تاشلىۋېتىمەن دەپتۇ، ساڭا دېگەنغۇ مەن، بۇ يەردە توي قىلالمىساق باشقا يەردە قىلارمىز. قايسى كۈنى بېيجىڭدىكى ئۇسمىنكامدىن يەنە تېلېفون كەلدى، كېلەمسەن دەيدۇ، ئويلىنىپ باقاي دېدىم. "كەلسەڭ ئايلىقىڭنى ئۈچ مىڭدىن بېرىمەن" دېدى، ھازىر ئۇ رېستوراننىڭ سودىسى بۇرۇنقىدىن ياخشىكەن، مەن بۇرۇن ئۇ يەردە ئايلىقىمغا ئىككى مىڭ كويدىن ئىشلەيتتىم، دادام يېنىپ كەل دەپ شۇڭا يېنىپ كەلگەن، بولمىسا نېمە قىلىمەن بۇ دوپپامدەك يەردە! چوڭ شەھەر دېگەن پەيزى دېگىنە، سەندەك قىزلار بارسا ئېچىلىپ يايراپ كېتىدۇ، كۈتكۈچى بولۇپ ئىشلىسەڭمۇ ئايلىقىڭغا مىڭ كويدىن ئىشلەيسەن. ئەگەر ماڭا ئىشەنسەڭ سېنى شۇ شەھەرگە ئاپىرىپ كېلەي، جاھان دېگەن قانداقكەن، كۆرۈپ باققىن. ئىككىمىز ئۈچ ئاي ئىشلىسەكلا توي قىلغۇدەك پۇل تاپالايمىز...

— تاڭەي، ساڭا ئىشەنگىلى بولامدۇ... — دېدى سانىيە ئويلىنىپ. ئۇ ھېكىم بىلەن تونۇشقاندىن بېرى بېيجىڭنىڭ گېپىنى تولا ئاڭلاۋېرىپ شۇ يەرگە بېرىشقا قىزىقىپمۇ قالغانىدى، بۇ قېتىم ئاڭلاپ يەنە قىزىپ قالدى، ئەمما تەۋەككۇل قىلالمايۋاتاتتى.

— نېمىشقا ماڭا ئىشەنمەيسەن؟! — دېدى ھېكىم سانىيەنىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قاراپ، — مەن سېنى دېمىسەم ئاللىبۇرۇن تويۇمنى قىلىپ بولاتتىم، سېنى دېمىسەم ئۇسمىنكام تېلېفون بەرگەن



www.uyghurkitap.com

كۆڭلىنىڭ ئەتىسلا ھېچنېمىگە قارىماي ماڭاتتىم، ساڭا تارتىشىپ تۇرۇپ قالدىم، بىللە بېرىپ ئىشلەيلى، ياتاق-تامىقىڭ بىكارلىق. يەنە كېلىپ يېنىڭدا مەن بار، نېمىدىن قورقىسەن؟! بىز ئۇ يەردە پۇل تاپىمىز، توي قىلىمىز، بالىمىز بولىدۇ، كېيىن ئېپى كېلىپ قالسا ئايرىم ئوقەتمۇ قىلىمىز، ئۇ يەردە كاۋاپچىلىق بەك ئاقىدۇ. پۇل تېپىپ يۇرتقا كېلىپ چوڭ توي ئۆتكۈزىمىز، قانداق دېدىم؟ ماڭا قاراپ گەپ قىلە، ماڭا ئىشەنمەمسەن؟!...

— ئىشــىنىمەن، لېكىن مــەن ئويلىنىپ باقــاي، ئاپامغا مەسلىھەت سېلىپ باقاي... — دېدى سانىيە بىر ئاز جانلىنىپ.

— ئاپاڭغا دېســەڭ تولا ئەنسىرەپ ئىشنى بۇزۇپ قويىدۇ، ئۇلارغا دېمىگەن تۈزۈك، مەنمۇ دېمەيمەن...

— ئاپامغۇ ئۇنداق يىغلاڭغۇ خوتۇنلاردىن ئەمەس، قېنى بىر دەپ باقاي، ئاندىن بىر گەپ بولار...

— چوقۇم ئۇناتقىن، ئاندىن ئىككىمىز بۇ يەردىن ئايرىلىپ ئازادە ياشايمىز... خەقنىڭ گېپىدىنمۇ قۇتۇلىمىز، ئۆيدىكىلەرمۇ قاقشاپ بېقىپ قالىدۇ... قاراپ تۇر، توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن نوچى بولۇپ كەلسەك، ۋاي بالىلىرىم دەپ يىغلاپ كۈتۈۋالىدۇ...

سانىيە ھېكىمنىڭ پوچىلىقىنىمۇ، شۇنىڭغا يارىشا ئاز-تولا نوچىلىقىنىمۇ بىلگەچكە ئۇنىڭ گەپلىرىگە بىر ئىشــىنىپ، بىر ئىشــەنمەي، ئاخىرى ئۆزىگە ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق چىقىش يولى يوقلۇقىنى ئويلاپ، نېمىلا بولسا بولسۇن ھېكىم بىلەن شۇ يەرگە بېرىپ ياشاپ باققۇسى كەلدى. ھېكىم سانىيەگە ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە بىر قارارغا كېلىپ بولۇشنى ئېيتتى. ئىككىيلەن ئۈچىنچى كۈنى مۇشۇ باغچىدا كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشتى.

ســانىيە ئاپىسىغا مەســلىھەت سالدى، ئاپىســى قاپىقىنى تۈرۈپ:

— ساڭا مەشەدىن بىر ئەر چىقماسمۇ؟! ئاتام كۆرمىگەن-ئانام كۆرمىگەن بىر يەرگە كەتسەڭ مەن قانداق خاتىرجەم بولالايمەن؟

— دېدى.

— ھېكىم بۇرۇن ئۇ يەرگە بىر بېرىپتىكەن، مەشىدىمۇ ئۇ ئايدا مىڭ كويغا ئىشلەيدۇ، ئۇ يەرگە بارسا ئۈچ مىڭ كوي ئالىدىكەن، ئۇنداق چوڭ شەھەردە پۇل تاپماق بۇ يەردىكىدىن ئاسان دەيدۇ. ھېكىم بىلەن يۇرۇۋاتقىنىمنى بۇ يەردىكى خەقلەرنىڭ ھەممىسى ئۇقۇپ بولدى، ئەمدى ھېكىمدىن باشقا ھېچكىم بىلەن توي قىلالمايمەن. شۇڭا ماقۇل دەڭ، بىر يىلدىن كېيىن يېنىپ كېلىمىز، خاتىرجەم بولۇڭ.

— قانداقراق بالا ئۇ ھېكىم دېگەن، ئەتە ئۆيگە كەلسۇن ئۆزى بىلەن كۆرۈشەي!

ئەتىسى سانىيە ھېكىمنى رېستوراندىن چاقىرىپ كېلىپ ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۈردى، ھېكىم بولغۇسى قېينانىسىنىڭ خۇددى قىزىدەكلا ئۇستىخانلىق، مىجەزىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، سانىيەنىڭ قىزلىقىغا نېمىشقا چېقىلالماي كەلگەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا ئالدىراپ چاقچاق قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. سانىيەنىڭ ئانىسى ھېكىمنى كۆرۈپلا ئۇنى كۆزىگە سىغدۇرالماي، ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىنىمۇ ئاڭلىماي، "قىزىمنى مەشەدە مۇقىم ئىش ئورنى بار ئادەمگە بېرىمەن" دەپ ئۇنى ئۆيىدىن قوغلىغاندەكلا ئۇزاتتى. ھېكىم ئۆزى بىلەن بىللە تالاغا چىققان سانىيەگە: "دېگەن گېپىمىز گەپ بولسۇن" دەپ جاراڭلىق سۆزلەپ، قىيالماسلىق ئىچىدە خوشلاشتى. بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ كەتكەن سانىيە ئاپىسىغا ئىختىيارسىز ئۆچ بولۇپ، ھېكىمغا كۆڭۈل رىشتىسى تېخىمۇ باغلىنىپ كەتتى.

سانىيە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئاپىسى ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ بىر مۇنچە سۆزلىدى، سانىيە بىر ئېغىزمۇ ئۈندىمىدى، ھېكىمنى ئويلىدى، تەۋەككۇل قىلىشنىڭ پايدىسىغا قىزىقتى. ئاپىسى بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئايال ئىدى، قىزىنىڭ بەختىگە بىر قېتىم ئولتۇرۇپ بولغانىدى، ئەمدى يەنە قىزىنى

ئۆزىنىڭ دېگىنىگە كۆندۈرمەن دەۋاتاتتى، سانىيە ھېكىمدىن باشقا ئەرگە كۆڭۈل بېرەلەمدۇ؟ خەقنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ بولغان سانىيە ھېكىمدىن باشقا ئەرنىڭ قولىدا بەختلىك بولالامدۇ؟ سانىيە بىر كېچە ـ كۈندۈز ئويلاندى ۋە ئاخىر ھېكىم بىلەن بىللە كېتىش قارارىغا كەلدى.

ئۇلار ۋەدىلەشكەن يېرىدە كۆرۈشۈپ، بىر ـ بىرىگە دەرد تۆكۈشۈپ، پات ئارىدا ماڭىدىغانغا مەسلىھەتلەشتى. ھېكىم بېيجىڭغا تېلېفون بېرىۋەتتى، ئوسمان ئاكىسى ئۆزىنىڭ ناھىيىلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپىدا ئىشلەيدىغان ئىنىسى ئارقىلىق ھېكىمغا سەپەرگە يېتەرلىك پۇل جايلاپ بەردى. سانىيە بارلىق ئۈمىدىنى ھېكىمگە باغلاپ، ماڭىدىغانغا دېيىشكەن كۈنى ئاپىسىغا: "بۈگۈن ئابدۇباقى بىلەن سوتقا بېرىپ ئاجرىشىدىغان كۈن، ئۆتكەندە نۆۋەت تەگمىگەن" دەپ يالغاننى توقۇپ، ئۆيىدىن جىق نەرسە ئالمايلا چىقىپ ھېكىم بىلەن تېپىشىپ، سەپەرگە ئاتلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئۈچىنچى باب

## 1

قەمبەر بىر ئوغۇل تۇغۇپ، باھارخاننىڭ ئائىلىسىدە يەنە بىر جان كۆپەيدى. ھېلىماخۇن ھەجىيىپ يۈرگەن بىلەن كۆڭلىدە بىر نەرسىلەردىن ئەندىشە قىلاتتى، ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ بەك جاپاكەش بولۇپ كەتتى، باھارخاننىڭ تەلپى بىلەن ئۆيىمۇ ئۆي يۈرۈپ ياماقچىلىق قىلىشقا چۈشتى، خەق باشتا ئۇنى قەلەندەردەك كۆرۈپ، قورسىقىغا تاماق بېرىپلا ئايغىنى يامىتىپ پۇل بەرمىدى، لېكىن ئۇنىڭ ھۈنىرىنىڭ قەدرىنى قىلغانلارمۇ چىقتى، بازارغا ئاپىرىپ يامىتىشقا چولىسى تەگمىگەن ئاياغلىرىنى ئۇنىڭغا يامىتىپ مۇۋاپىق ھەق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇرۇنقىدىن كۆپرەك پۇل تېپىشقا باشلىدى. قەمبەرگە قارايدىغان، تاماق ئېتىدىغان ئىشلار باھارخانغىلا قالدى. گۈلەمبەر ئىمتىھانغا بىر ئاي قالدى دەپ ئەتىگەن بىر چىقىپ كەتسە قورسىقى ئاچقاندىلا كېلەتتى. باھارخان ئابدۇباقىنى قايتا ئۆيلەپ، ئۆيىنىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلۇشقا ئالدىرىمىدى، خوتۇن دېگەننى بىر دەمدىلا ئېلىپ بەرگىلى بولمايتتى، كۆڭۈلدىكىدەك خوتۇن تاپماق ئالدىن تەس ئىدى.

قەمبەرنىڭ بالىسىنىڭ يىغا-زارىسى، ھېلىماخۇننىڭ شۇ جېنىدا بالىسىنى دەپ قېلىنلىق قىلىپ ئۆيىمۇ ئۆي ياماقچىلىق قىلىشى، ئانىسىنىڭ جاپادا قېلىشى ئابدۇباقىغا تەسىر قىلدى. بۇ سەھرا ئەمەس، ناھىيە بازىرى، كۈندە پۇل كېتەتتى، تۇرمۇش بېسىمى ھېچ كىمنى بىكار تۇرغۇزمايتتى، تاپقىنىنى يېتىپ يەيدىغان ھېچ ئىنسان تېپىلمايتتى، پۇل تاپقانلارنىڭ يەنە تاپقۇسى كېلەتتى، ئۆزىدىن بەك ئېشىنىپ نوچىلىق قىلغۇسى كەلگەندە ئالدىن ئىسراپخورلۇق قىلىشاتتى. ئابدۇباقى ئاشلىق

ئىدارىسىگە باردى، ئىدارىنىڭ ئادەتتىكى بىر كاتىپىشى: "سەن خىزمەتتىن ئۆزلىكىڭدىن چېكىنگەن، خالىغاندا كېتىپ خالىغاندا كېلىدىغان ئىش يوق، بۇ ئىدارىگە مەدىكار ئالمايمىز" دەپ قوپال تەگدى. باھارخان ھوشۇر ھاكىمدىن قايتا بىر پارچە خەت ئېلىپ كەلدى، ئابدۇباقى يەنە بارغاندا ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلىندى ۋە ئامبارچىلىققا تەيىنلەندى، خىزمەت كىيىمى كىيدى، مائاشى 400 كويغا توختىتىلدى. ئۇ بىر ھەپتىگىچە بۇ ئامەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ خۇشال ئىشلىدى، ئىدارىنىڭ تەلىپى بويىچە خىزمەتكە مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىتىمۇ قالايمىقان يەرگە بارمىدى، ھاراقمۇ ئىچمىدى. ئىككىنچى ھەپتىنىڭ دۈشەنبە كۈنىسى ئۇ ئىدارىدە بولۇۋاتقان كۇس-كۇس پاراڭلاردىن ناھايىتى مۇھىم بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىچى دەھشەت قىزىپ، باش-كۆزى غوڭۇلداپ كەتتى. خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندىمەن دەپ بىراۋلاردىن قايتا تىڭ-تىڭلىدى، بۇ ئىدارىگە باشقا يەردىن يۆتكىلىپ كەلگەن باشقارما دەرىجىلىك بىر ئۇيغۇر باشلىق بىلەن كۆرۈشۈپ چىققان بولۇپ ئۇنىڭدىنمۇ سوراپ باقتى، ئاڭلىغانلىرى دەرۋەقە راست ئىكەن. ئۇ ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇدۇل ئۆيگە بېرىپ بۇ خەۋەرنى ئانىسىغا يەتكۈزدى:

— ئانا، بۇ گۇيلار بىزنى بوزەك قىپتۇ! مائارىپ ئىدارىسى ئۆيىمىزنى ئاشلىق ئىدارىسىگە 175 مىڭ كويغا سېتىپتۇ!

قەمبەرنىڭ بېشىدا قاراپ ئولتۇرغان باھارخان سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— نېمە؟! قانچە پۇلغا؟! 175 مىڭ كويغا؟! خاتا ئاڭلىمىغانسەن ھەي ھاڭۋاقتى، راست گەپ قىل!

— باشلىقنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم، ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ! مېنىمۇ تېخى بەزىلىرى ئۆيۈڭنى سېتىپ بۇ يەردىن ئىش تاپتىڭ دەپ سۆزلەپ يۈرۈيدۇ...

باھارخاننىڭ كۆزى پارقىراپ، چىرايى سارغىيىپ كەتتى،

بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا ئون نەچچە ياش قېرىپ ئۆپكىسى تېشىلىپ كەتكەن مومايدەك ھاسىراپ تىنالماي قالدى، بېشىنى تۇتۇپ بىر دەم ئولتۇرۇپ كەتتى-دە، بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ۋاي شورى قۇرۇغۇر شوۋچىلار، ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان توڭگۇزلار، ئۆيىمىزنى سېتىپ يېيىشتىڭمۇ ئاخىر، ئىست، ئالتۇندەك زېمىن-جايىم، كۆزۈڭ ئوچۇق كېتىپتۇ ئەمەسمۇ! ۋاي قەدىناس مۇرەببىم، سىلە ماڭا دېگەن ۋەسىيەتلىرى قېنى! سىلە بىز ياشىغان جەننەتتەك ئۆيىمىز، باغۋارانلىرىمىز قېنى! سىلە تۇگەپ كەتكەندە ماڭا ئوچ مو زېمىن، چوڭ-كىچىك بولۇپ 25 ئېغىزلىق ئۆي مىراس قالغان، سىلە تۇگەپ كەتكەندىن كېيىنكى بىر يىلدا شەھەر پىلانلايمىز دەپ بەش پۇڭ يېرىمىزنى، سەككىز ئېغىزلىق ئۆيىمىزنى، 40 تۈپ مېۋىلىك دەرىخىمىزنى ۋەيران قىلىپ يولغا چىقىرىۋەتتى، "يول ئالسا خەق ماڭىدىكەن دەپ بوپتۇ" دېدىم. كوپراتسىيەدىن كېيىن ئېتتىپاق يولنى كېڭەيتىمىز دەپ يەنە يېرىم مو يېرىمىز، توققۇز ئېغىزلىق دۇكىنىمىزنى يوق قىلدى، ئۇنىمۇ بوپتۇ دېدىم. قالغان ئىككى مو يېرىمىز، سەككىز ئېغىزلىق ئۆيىمىز مۇشۇ كەمگىچە بىزنى گۆلدەك بېقىپ كەلگەندى، كۆڭلىمىز توق ئىدى، ئارتۇق غېمىمىز يوق ئىدى، بۇ كوچىلارنىڭ مەركىزىدە بىزدەك كەڭ ئۆيى بارلار قالمىغانىدى، بۇ شوۋچىلار چىدىمىدى، ئۆزىمىز دۇكان سالىلى دېسەك ئۇنىمىدى، خەققە ساتىلى دېسەكمۇ قويمىدى. خەقمۇ بىلىدىكەن، ئۆيىمىزنى ئەسلىي شۇ ئوغرىلار پايلاپ يۈرۈپتىكەن. ئۆيىنى سات دېدى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى دەپ پېشانەمگە تاڭدى، بۇ ئەسلىدە ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى ئەمەس، ئوغرى-قاراقچىلارنىڭ ھىيلە-مىكرى ئىكەن ئەمەسمۇ!؟ بۇ ئوغرىلارغا ئالدىنىپ كېتىپتۇق، ئىست!!! يا شۇ زېمىن-جايىمدا بۇرۇنراق ئۆلمەپتىمەن، جان دېگەن تاتلىقكەن، جاننى خۇدا ئالمىسا بەندىگە ئامال يوقكەن.

بۇ تويماسلار باج-سېلىق دەپ خەقنى قاقشىتىپ ئالغان پۇلنىڭ بەرىكىتى بولمىدى، مانا بىر يىل بولا-بولمايلا 10 مىڭ كويدەك پۇلـــى تۈگىدى، مانا ئەمدى ئۇ ئوغرى جايىمىزنى ئۆز ھېســابىدا ئاشلىق ئىدارىسىگە ساتقان گەپ، مەن ئۇنى تېخى خېلى تۈزۈك ئادەممىكىن دېسەم يەپ تويمايدىغان ھانجۇغى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئوغرىلار مەندەك ئىگە-چاقىسىز تۇل خوتۇننىڭ قاچىسىدىكى ئاشنى تارتىۋېلىشتىن نومۇس قىلسا بولمامدۇ؟! مەن ئۇ ئالدامچى ئوغرى بىلەن ئۇبدان ھېسابلىشىمەن...

— ئانا، بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى بارسىڭىزمۇ بىكار...

— ئادەمنى مۇشـــۇنداقمۇ بوزەك قىلغـــان بارمۇ-ھە....— باھارخاننىڭ كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياشـــلار تۆكۈلدى، ئابدۇباقى ئانىسىنىڭ بۇنداق ئېچىنىپ يىغلىغىنىنى پەقەت كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئۇچى سىرىلىپ كەتتى.

— ھۆكۈمەت بىلەن ئېتىشىپ پايدا ئالغىلى بولمايدۇ-ئانا، ســـىزنى ئۇ ھىيلىگەر ئوغرى تىللاپ چىقىرىۋېتىشتىن يانمايدۇ، مەنمۇ خىزمەتتىن قۇرۇق قالىمەن...

— قـــوي، بۇنـــداق خىزمىتىڭنـــى، ئايرىپ چېكىســـىگە تېڭىۋالســـۇن! ئەســـلىدە ئـــۇ ئوغرىلارنـــىڭ نىيىتـــى بىر، بۇ ئالدامچىلىقنى بۇرۇنلا ئويلىغـــان! مەن بېرىپ بۇنى ئۇ تويماس ئوغرىنىڭ يۈزىگە ســـالىمەن، بۇ ئوغرىلار مىراس جايىمىزنى بىر دەمدىلا ئۆزىنىڭ قىلىـــپ، خالىغانچە ســـاتامدىكەن؟! بۇنداق ھارام ســـودىنى بىزمۇ قىلالايتتۇق، ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى سېتىپ بىـــزدەك تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇلنى مۇشـــۇنداق بوزەك قىلىپ جايىمىزنى قورقۇتۇپ ئېلىۋېلىپ ســـېتىپ يېســـە بولامدىكەن؟! ھۆكۈمەت، ھۆكۈمـــەت دەپ ئالدىنىپ بوزەك بولۇپ كەلدۇق، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەس، ئاشۇ تويماس ئوغرىنىڭ ئىشى! كوپراتسىيە ۋاقتىدا داداڭ ناھەق قارىلىنىپ تۈرمىدە ياتقاندىمۇ شۇ ھۆكۈمەت ئۆيىمىزنـــى تارتىۋالمىغان. مۆلۈكنى شەخســـىينىڭ قىلىمىز دەپ

www.uyghurkitap.com

سىياسەت چىققىلى 20 يىل بولدى، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ھېچ قانـــداق ھاكىم بۇ جايىمىزغا كۆزىنى قىزارتىپ باقمىغان، دىنىي زات ئائىلىسى دەپ تېخى ئېتىبار قىلاتتى. ئەمدى كېلىپ بۇ ئوغرى ئۆزى ھۆكۈمەت، ئۆزى خان بولۇپ جايىمىزنى ئېلىۋېلىپ خەققە سېتىپتۇ، ساتقاندىمۇ نەچچە ھەسسە پايدىسىغا سېتىپتۇ! كۆرۈڭ ما ئالدامچىلىقنى! ھۇ ئىمانسىز شوۋچىلار! ئىنساپسىز ئوغرىلار! تۇل خوتۇن، يېتىم بالىنىڭ ھەققىنى يېگەن گۇناھىغا قارنىغا زەھەر تولۇپ، دوزاختا كۆيەر ئىلاھىم!... — باھارخان ئولتۇرۇۋېلىپ توختىماي مىشىلداپ يىغلايتتى، نەچچە ۋاقىتتىن يىغلىپ قالغان ياشلىرى ئۈزۈلمەي تۆكۈلەتتى. قەمبەرمۇ باھارخاننىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ خىرتىلداپ يىغلىغىلى تۇردى، بىر دەمدىن كېيىن بالىسى يىغـــلاپ كەتتى، ئۆي ئىچى يىغا-زارىغا تولـــدى. ئابدۇباقى بۇ ئىشنىڭ ئانىسىغا بۇنداق دەھشـــەتلىك تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئەيىبكاردەك بوينىنى ئېگىپ ســـۈكۈتتە تۇرغاندا باھارخان توۋلاپ كەتتى:

— ئى بالىنى بىردەم تالاغا ئەچىقىپ كىرسەڭ بولمامدۇ؟!

ئابدۇباقى يىغلاۋاتقان بالىنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقتى، بوۋاق كۆزىنى يۇمىۋېلىپ قىرقىراپ يىغلاۋېرىپ ئۇنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يەپ كەتتى. ئۇ بالىنى يولغا ئەچىقىپ، ئېگىز-پەس ســـىلكىپ "يىغلىما گۈي، ھېلى بىكار ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن" دەپ سۆزلەپ قوياتتى، بوۋاق خۇددى ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقۇپ قالغاندەك ئۇنىڭ قولىدا تېپىچەكلەپ چىڭقىلىپ يىغلايتتى. شـــۇ ئەسنادا بېشىغا يېڭى رومىلىنى ئارتقان باھارخان ھويلىدىن چىقىپ كەلدى:

— بالىنى بوشراق تۇت، ماڭە ئۆيگە كىرىپ ياتقۇزۇپ قوي!

— نەگە بارىسىز؟ ئۇ ئوغرىنىڭ ئۆيىگە بارماڭ، بارسىڭىزمۇ پايدىسى يوق!

— مەن كەلگۈچە قەمبەرگە قاراپ تۇر!

— ھازىر بارسىڭىزمۇ تاپالمايسىز...

— ماڭ بېرىپ مەن بۇيرۇغان ئىشنى قىل!

باھارخان ھەسرەت بىلەن يىغلاپ كەتتى، روملىنىڭ ئۇچىدا پات-پات يېشىنى سۈرتەتتى، بىر دەمدىلا بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كىچىكلەپ، مۈكچىيىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئابدۇباقى بالىنى ئۆيگە ئەكىرىپ قەمبەرنىڭ قېشىغا ياتقۇزىۋىدى، بالا يىغىدىن شۇ ھامان پەسلىدى. قەمبەر ئابدۇباقىغا يات ئادەمدەك بىر نەزەردە قاراپ قويۇپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئابدۇباقى بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كەتمىدى، ئۇنىڭ خىيالى ئانىسىدا قالغانىدى.

باھارخان ھوشۇر ھاكىمنىڭ ئۆيگە بارغاندا ئۇ تېخى ئۆيگە كەلمىگەنىدى، باھارخان خاپا چىراي پېتى ساقلاپ ئولتۇردى. شام ئۆتۈپ كەتتى، باھارخان نامازنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى، خۇپتەن ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى. ھاكىمنىڭ ئۆيىدىكىلەر باھارخاننىڭ ئەرز ئېيتقىلى كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بالا ئەۋەتىپ ھاكىمنى زىياپەتتە ئولتۇرغان يېرىدىن تېپىپ كەلدى. ھوشۇر ھاكىم ناھايىتى سالماق ھەم خۇشال كۆرۈنەتتى. باھارخان كۆڭلىدە ”مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن' دېگەن شۇ-دە!“ دەپ ئويلاپ تېخىمۇ غەزەپلەندى.

— يۇرسىلە، مېھمانخانىغا كىرىپ پاراڭلىشايلى، — دېدى ھاكىم خۇش كەيپ ھالدا، باھارخان ئۇنىڭ بىر يەردىن كەيپ-ساپا قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچىدە مىڭ لەنەت ئوقىدى، كۆزىگە ياش ئېلىپ ئۇنىڭغا نەپرەتلىك ئالايدى، ھاكىم بىپەرۋا ئىدى. باھارخان مېھمانخانىغا كىرىپ كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى، ئۆي ئىچى ئاجايىپ ياسىداق، كۆركەم ئىدى، باھارخاننىڭ ئىچى تېخىمۇ ئېچىشىپ كەتتى: ھەممىسى شۇ ھارام پۇلنىڭ كۈچى، بولمىسا ئۆزلۈگىنىڭ ماتاشى بىلەن بۇنداق قىلىپ بولالمايسەن، بىر كۈنلەردە مۇشۇ خانا-ماناڭغا ئوت كېتەر ئىلاھىم!

— قېنى چاي ئىچكەچ، ھە ما نەرسىلەردىن ئېلىپ... گەپ بولسا ئوچۇق دەۋەرسىلە!

— مەن ھەممىنى ئۇقتۇم، بىز يىغلاپ يۈرسەك سىلە ئويناپ يۈرۈپلا ھاكىم، دەپ باقسىلا بۇ زادى نېمە قىلغانلىرى؟

— نېمىنى دەيلا، مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم، ئۆپكىلىرىنى بېسىپراق سۆزلىسىلە ـ ھە، زادى نېمە گەپ؟

— ئۆيىمىزنى بىزدىن 40 مىڭ كويغا ئېلىپ ئاشلىق ئىدارىسىگە 175 مىڭ كويغا سېتىپتىلىغۇ؟ دەپ باقسىلا بۇ زادى قانداق ئىش؟

— بۇ شۇنداق ئىش، بۇنىڭغا نېمە ھەيران قالىلا ئەمدى!

— ئادەمنى قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق بوزەك قىلسىلا بولامدۇ؟!

— ھاي ـ ھاي، باھارخان، گەپنى ئويلاپراق قىلسىلا، بۇ يەردە سىلىنى بوزەك قىلغان ئىش يوق. ھەممىسى قانۇن يولى بىلەن ئۆز جايىدا مېڭىۋاتقان ئىشلار بۇ! سىلىدىن بىز ئۆيىنى بىكارغا تارتىۋالمىدۇق، رازىلىشىپ ئالدۇق. مائارىپ ئىدارىسى سالىلى دېسەك، بازارلىق ھۆكۈمەت ئۇنى مۇۋاپىق كۆرمىدى، چۈنكى بۇ بىر بازار يېرى ئىكەن.

— بۇنى بۇرۇنمۇ ئوبدان بىلەتتىلىغۇ سىلە؟! — دېدى باھارخان ئاچچىق بىلەن، — مېنى ھەر قايسىلىرى مائارىپ ئىدارىسى سالىمىز دەپ ئالدىغان گەپ، تۆل خوتۇن، يېتىم ئوغۇلنىڭ ھەققىنى يېگەن گەپ!

— توختىسىلا ما گەپنى بۆلمەي، بۇ سىلىنىڭ ئىختىيارىلىرىدىكى ئىش ئەمەس، پىلان دېگەن ئۆزگىرىدۇ، ئەسلىدە شۇنداق ئويلىغان، ئەمما يۇقىرىدىن تەكشۈرۈپ كېلىپ بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. بۇ يەرنى پۇلغا ئېلىپ ئاق تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن خېرىدار چاقىردۇق، ئاشلىق ئىدارىسى بۇ يەرگە ئۈچ قەۋەتلىك بىر سودا سارىيى سالماقچىكەن، يۇقىرى باھا قويغاچقا ئاخىر ئۆتتۈنۈپ بەردۇق. بولغان ئىش مۇشۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق قانۇنسىز يېرى يوق، ھۆكۈمەت ئەزەلدىن قانۇنسىز

206

ئىش قىلمايدۇ.

ــ ھۆكۈمــەت قانۇنلــۇق ئىــش قىلســا بىزمۇ شــۇنداق قىلالايتتۇق، بىزمۇ شۇ پۇلغا ساتالايتتۇق! ئاشلىق ئىدارىسى ئۈچ قەۋەتلىك بىنا سالســا بىزمۇ ھېچ بولمىغاندا شــۇ يەرگە ئىككى قەۋەتلىك بىنا سالالايتتۇق. يا ئۇنىڭغا ئۇنىمىدىڭلا، قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈڭلا يەۋالدىڭلا، ئاجىزلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشتىن نومۇسمۇ قىلىشمىدىڭلا!... ــ باھارخان يىغلاپ كەتتى.

ــ ئــا... ھاي، نېمانداق گەپ چۈشــەنمەيدىغان خوتۇن سىلە، ئەينى ۋاقىتتا ئۆيلىرىنى ئالغان ۋاقىتتا سىلىگە بىز "بۇ ئۆينى ھۆكۈمەت ئالىدۇ، شەخســي ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ" دەپ ئۇقتــۇق دېگەن. چۈنكى ئۇ چاغدا بۇ ئۆي ئاللىبۇرۇن بازار قۇرۇلۇشــى دائىرىســگە كىرىپ بولغان، ئۇنداق بولغاندىكىن نامدا ئۇ سىلىنىڭ بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتنىڭ! يەر دۆلەتنىڭ، ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى، شەخســىينىڭ ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغــان ھوقۇقى يوق. ئۆزلىرىمۇ بىلىلا، مۇشۇ بازاردىكى قۇرۇلۇشنىڭ ئورنىدا ئەسلىدە خەقلەرنىــڭ ئۆيلىرى بار ئىدى، ئۆلكــە ئازاد بولغاندىن كېيىن شەھەر- بازار قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش ئىشلىرى باشلاندى، نۇرغۇن ئۆيلەر چېقىلدى، ئاھالىلەر باشــقا يەرگە كۆچۈرۈلدى، خەق شۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەتتىن بىر پۇڭمۇ ئالالمايتتى، ھازىر ياخشــى، پۇل بېرىمىز، ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىمىز. ئويلاپ باقسىلا، ئەگەر ھەممە خەق كۆچكىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالسا بۇ شەھەر- بازار دېگەننى قانداق قۇرۇپ، قانداق كېڭەيتكىلى بولىدۇ؟! ھەممە ئادەم ئۆزى بىلگەنچە ھەر دوقمۇشتا چازا قۇرۇپ ئۆي سېلىۋالسا، كۆچ دېسە ئۇنىمىســا، ھەممە يەر قەشــقەرنىڭ خالتا كوچىلىرىغا ئوخشاپ قالامدۇ؟! شــەھەر- بازار دېگەننى خەق كۆرىدۇ دەپ ئىســىل پىلانلايمىز، يولنى كەڭ ئالىمىز، بىنا دېگەننى چىرايلىق سالىمىز، بۇنىڭغا شۇ جايدىكى ئادەم ئاكتىپ ماسلىشىشى كېرەك. سىرتتىن

بىر باشلىق كېلىپ تەكشۈرۈپ قالسا ئۇنىڭغا ھەر قايسىلىرى جاۋاب قىلالمايلا، سوئال-سوراققا بىز قالىمىز. سىلىنىڭ ئۆيگە چىق پىكىر چۈشكەن، بىز سىلىگە ئېتىبار قىلىپ ئۆيلىرىگە تەگمىگەن. ئەمما ئۇ ئۆي ئاسارە-ئەتىقە ئورنى بولمىغاندىكىن، چېقىش كېرەك. بىز ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايمىز، ناھىيە بازىرىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلايمىز، كوچىلىرىمىز چىرايلىق بولسا ھەممىمىزگە ياخشى ئەمەسمۇ، ئويلاپ باقسىلا، بىر چىۋىن بىر قاچا ئاشنى بۇلغايدۇ، بىر كونا ئۆيمۇ كوچىنىڭ ئېسكەتىنى بۇزىدۇ...

— توغرا دەيلا، ھەر قايسىلىرىنىڭ ئالدىدا بىز خۇددى چىۋىن، پالاق بىلەن نەگە قوغلىسىلا شۇ يەرگە كېتىدىغان چىۋىن، تاينىلىق ئۇرۇپلا يوق قىلمىدىلا بىزنى!...

— مەن باشقا نەرسىنى مىسال قىلىپ دەۋاتسام سىلە نېمىنى دەپ يۈرۈيلا باھارخان؟! — دېدى ھاكىم تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئۇ شۇ قەدەر بىخارامان ئىدىكى، ھېچ ئاچچىقلىنىدىغاندەك قىلمايتتى، — مەن سىلىگە چىرايلىق چۈشەندۈرۈپ گەپ قىلىۋاتسام گەپنى ئۇنداق تەتۈر چۈشەنسىلە قانداق بولىدۇ؟! سىلە ئۇ ئۆيلىرىدە ياشاپ بىلىنمىگەن بىلەن سىرتتىن قارىغان ئادەم ئۇ ئۆيلىرىنىڭ بەك سەتلىكىنى بۇرۇنلا بىلەتتى، بىز كۆچۈرمىگەن بولساق يەنە نەچچە يىل ياشايتتىلىكىن؟ تاملىرى خەتەرلىك بولۇپ قاپتىكەن، قارىسام بىر غوجا تام قىلىپ يۆلەپ قويۇپلا، يولدىن ئۆتكۈزلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇستىگە ئارتىپ قويغان كىيىم-كېچەكلىرى... بولدىلا، مەن گەپ قىلماي، قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلسىلە. سىلى ئۇنچە قارا قورساق، جاھىل خوتۇن ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ مۇنچىلىك ئىشلىرىنى قوللاپ بەرمىسىلە بولمايدۇ. مەنمۇ نەچچە قەۋەت بىنا سالالايتتىم دەيلا، ئۇنداق بىنا دېگەننى سالىمەن دەپلا سالالمايلا، ئۇنىڭغا نەچچە مىليون پۇل كېرەك، بانكا سىلىگە ئىشىنىپ قەرز بېرىپ تۇرمايدۇ. كۆمۈپ قويغان ئالتۇن-يامبۇلىرى بارمۇ-يا؟! پۇللىرى بولغان تەقدىردىمۇ بىنا

سىلىش ھەققىدە بازارلىق ھۆكۈمەتتىن خەت ئالىلا، ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە بىنا سالمىسىلا بولمايدۇ، بازارنىڭ مەركىزىگە ئادەتتە ئۈچ قەۋەتتىن كەم بىنا سېلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى يەر قىس، ھەر بىر پۇڭ يەرمۇ ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئالتۇندىن قىممەتلىك...

— ۋاي توختىسىلا ھاكىم، بۇ يېرىمىز ھۆكۈمەتكە ئالتۇندەك قىممەتلىككەنۇ، بىزگە قىممەتلىك ئەمەسمىكەن؟ ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئاتا مىراس يېرىگە ئىگە بولۇشى كېرەكقۇ، ھۆكۈمەت نېمىشقا ئۇنى تارتىۋالىدىكەن؟! ھۆكۈمەت پۇقرانى يۆلەيدۇ دەيدىغان سىياسەتلەر بارغۇ؟! — دېدى باھارخان لىق ياش تولغان كۆزىدىن غەزەپ نۇرىنى چاقنىتىپ.

— ھۆكۈمەتمۇ يۆلەيدىغان يېرىدە يۆلەيدۇ...

— بۇگەپلىرىنى قويسىلا، سىلىنىڭمۇشۇ سودىدا ئوتتۇرىدىن قانچىلىك پايدا ئالغانلىقلىرىنى مەن بىلمەي قالامدىم؟

— سىلى كىمگە گەپ قىلىۋاتىلا؟ — دېدى ھاكىم بىردىنلا تېرىكىپ، — مەن نېمە پايدا ئاپتىمەن؟! نېمانداق قارىسىغا گەپ قىلىلا؟! ئۆينى ھۆكۈمەت ئالدى، ھۆكۈمەت ساتتى، مەن ئۇستىدە تۇرۇپ بەردىم شۇ، 40 مىڭ كوينى مەن چىقارمىدىم، ساتقان پۇلدىنمۇ مەن بىر سىنت يانچۇقۇمغا سالمىدىم، پارىخور دەيدىغان پاكىتلىرى بولسا ئەتىلا ھۆكۈمەتكە بېرىپ مېنى چاقسىلا! قانداق دېگەن گەپ بۇ!

— ئەمىسە ئۇ پۇلنى كىم ئالدۇ؟!

— ھەممىگە بازارلىق ھۆكۈمەت مەسئۇل، شۇلارنىڭ مالىيىسىدىن پۇل چىقاردى، ساتقاندىمۇ شۇلار سېتىپ مالىيىسىگە كىرىم قىلدى. ئىشەنمىسىلە ئەتە بېرىپ ئۆزلىرى سورىسىلا، ئۆيگە كېلىپ مېنى ئاۋارە قىلمىسىلا! ئەگەر ماڭا يەنە تۆھمەت قىلىدىغان بولسىلا، ئەمدى يۈز-خاتىرە قىلمايمەن!

— سوراپ قويسام نېمە بوپتۇ! — دېدى باھارخان ئەلەمنى ئىچىگە يۇتالماي، — سىلىنىڭ راست شۇنداق قىلغان-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قىلمىغانلىقلىرىنى بىز بىلمىگەن بىلەن خۇدايىم كۆرۈپ تۇرىدۇ، مەيلى كىم بولسۇن ئىنساپ بىلەن ئىش قىلىشى كېرەك!

— باھارخان، سىلىگە يەنە دەپ قوياي، گەپنى چاغلاپ قىلسىلا! مېنىڭ سىلىنى قايىل قىلىش مەجبۇرىيىتىم يوق، لېكىن مەن يەنىلا سىلىنى ئۆز كۆرۈپ دەۋاتىمەن. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشلاردا بىر يۈرۈش سىياسەتلىرى بار. ھۆكۈمەت ئەلۋەتتە پايدىغا ماڭىدۇ، ئەمما ئۇنى يەنە سىلىدەك پۇقرالارغا پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ. ئىش دېگەننى ھۆكۈمەت ئويلاپ قىلىدۇ. خەتەرلىك ئۆيلەرنى چاقىمىز، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ قولىغا پۇل بېرىمىز، بۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپكە پايدا بار، ئۆيى چېقىلغان ئادەم باشقا يەردىن ئوبدان ئۆيگە ئېرىشىدۇ، ھۆكۈمەتمۇ شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارالايدۇ. بۇنى ھازىر ھەممە ئادەم ئاڭلىق چۈشىنىدۇ-يۇ سىلە نېمىشقا چۈشەنمەيلا؟!

— ھۆكۈمەت-ھۆكۈمەت دەيلا، ھۆكۈمەت دېگەن سىلە بولماي كىم؟ ھۆكۈمەت ئۆزى شۇنچە باي تۇرۇپ بىزدەك باشپاناھسىز تۇل خوتۇننىڭ ھەققىنى يەۋالامدا؟ بۇنداق سىياسەت نەدە بار؟ سىلە كۆكسەنداك ئەزاسى ئەمەسما؟ سىلىنىڭ بىز نامرات كەمبەغەللەرنى يۆلەيدىغان مەجبۇرىيىتىڭلار يوقما؟!... — باھارخان سۆزلىگەنچە ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى باسالماي قالدى، كۆزىدىن ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى. ھوشۇر ھاكىمنىڭ ھاراقتىن خۇمارلاشقان كۆزلىرى چەكچەيدى، يەل بېرىلگەن توپتەك چىڭقىلىپ، ئورنىدىن قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى:

— بولدى، بولدى! بىر كوتۇلدىسىلا يۇندا قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك توختىمايدىغان خوتۇنكەنلا! شۇنچە دېسەم يەنە نېمىنى چۈشەنمەيلا؟! سىلىدەك خوتۇنلارغا بۇ ياخشى سىياسەت ياراشمايدىغان چېغى، ھۆكۈمەت بەرگەنگە شۈكۈر قىلماي يەنە نېمە غەلۋە؟! پۇقرا دېگەنگىمۇ زادى ياخشىلىق ياراشمايدۇ، قورسىقىنى توق، كىيىمىنى پۈتۈن قىلىپ قويسا يەنە تېخى

گۈگسەنداگنى تىللايدۇ. ھەر قايسىڭغا زادى قاتتىق قول دىكتاتۇرا بولمىسا بىكار! دېموكراتىيىنى بەك بېرىۋەتسە، ۋاي سىلە ـ ئۆزلىرى دەپ قويسا گەدىنىمىزگە مۈشۈنداق مىنىشسەن ئەمەسمۇ؟! ھۆكۈمىتىمىز ھازىر شۇنداق ياخشى، يۇقرانىڭ مەنپەئەتىنى دەپ پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، مەنمۇ پارىخورلۇققا ئىنتايىن ئۆچ بىر ئادەم، هارامدىن قورقىمەن. ئىشەنمىسىلە ناھىيىدىكى باشقا ئادەمدىن سوراپ باقسىلا، ئۆيلىرىنى دېيىشكىلى بارغاندا مەن بىر ئادەم بارمىغاندىمەن!؟ مەن بىر ئۆزۈم سىلە بىلەن شەخسىي سودىلاشمىغاندىمەن؟! قاراپ تۇرۇپ مېنى ئۆينى ئۆزى ساتتى دەيلىيا، شۇ مەيداندا بىر مۇنچە ئادەم شاھىت بولغان يەردە مەن خالىغانچە ئىش قىلالامدىم؟ سىلە تولا ماڭا قارا چاپلىماي سىڭگەن نانلىرىنى يەپ يۈرسىلە، بولامدا!؟

— مەن تۆھمەت قىلمىدىم، ئۆيىمىزدىن نەچچە قاتلاپ پايدا ئالغانلىقىڭلار راستقۇ؟! ئۇنى سىلە قىلسىلىمۇ، باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ قىلسىلىمۇ ئىشقىلىپ جىق پايدا ئاپسىلەر، بۇ هارام سودا بولماي نېمە؟! — باھارخان ھاكىمنىڭ يۇمشاق سافاسىدا يىڭنە ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ، ھاكىمغا نەشتەردەك قادىلىپ خۇددى سوتچىدەك سۆزلەشكە باشلىدى.

— بۇ دېگەن قانۇنلۇق سودا، سىلىگە بۇنى مىڭ دېسىمۇ چۈشەنمەيلا، يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ، ھۆكۈمەت ھەرگىز زىيىنىغا ماگمايدۇ!

— ھۆكۈمەت زىيىنىغا ماڭمىسا، بىزمۇ زىيانغا چىدىمايمىز، زىياننى ھۆكۈمەت تۆلەپ بېرىشى كېرەك...

— نېمە دەيدۇ ما خوتۇن، هوي ماڭا قارىسىلا، كىمگە گەپ قىلىۋاتىلا سىلە؟ ھېساب ـ كىتاب تۈگىگىلى نەۋاق؟! تېخى سىلىگە جىق ياخشىلىق قىلدۇق، ئەگەر مۇشۇنداق تۇزكورلۇق قىلىدىغان بولسىلا ھېلى ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق بولۇپ ئولتۇرىلا، مەن سىلىگە شۇنچىلىك دەپ قوياي...

كىتاب تورى پىكتى ئۇيغۇركىتاپ www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى

باھارخان ئورنىدىن قوپۇپ سىرتقا ماڭغاچ غەزەپ ۋە قايغۇلۇق يىغا ئارىلاش شۇنداق دېدى:

— ھە بەك ياخشىلىق قىلىپ كەتتىلا، ئالەمچە ياخشىلىق قىلىپ كەتتىلا! ھەممىسى شۇ مەنپەئەتنىڭ ئىشى، بولمىسا بىردەك موللا بوزەكلەرگە قاراپمۇ قويماستىلا؟! بەك بولسا ئابدۇباقىنى ئىشتىن ھەيدىۋېتەلا، تام ئورنىنىمۇ بەرمەسلا، ئەمەلىيەتتە بەرمەيدىغانلىقىڭ قارىنىنى ئېسىپ بولغان سىلە، بولسا ھەممىنى تارتىۋېلىپ بىزنى تالاغا قوغلاپ چىقىرىۋېتەلا، مەن قورقمايمەن، بېرىپ شۇ جايىمدا تۇرىمەن، ئۇ يەردە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق، مەن شۇ يەرگە قېرى جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، ئۆلسەممۇ شۇ يەردە ئۆلىمەن!...

— توختىسىلا، بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ...— ھاكىمنىڭ ئايالى ئىشىك تۈۋىگىلا كېلىپ قالغانىدى، باھارخان ئۇنىڭ يېنىدىن ياندايلا ئۆتۈپ كەتتى.

— قويۇڭلا، كەتسە كەتسۇن! خېلى بىر گەپ ئاڭلايدىغان خوتۇن دېسەم، ئۆتۈپ كەتكەن ئۇششۇق خوتۇن ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ!

باھارخان ھاكىمنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ توسما تام قوپۇرۇپ قويۇلغان زېمىن جايىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلانىدى، ئارقا تەرەپتە ئادەم كىرگۈدەك بىر يوچۇق ئېچىپ قويۇلغانىدى. باھارخان ئۇ يەردىن كىرىپ ھەيران قالدى. تۈزلىۋېتىلگەندىن كېيىن بۇ بىر پارچە ئاق يەر تېخىمۇ چوڭ كۆرۈنەتتى، نەچچە قەۋەت بىنا، دۇكان، ئاشخانا، مېھمانخانا، مۇنچا سالسىمۇ كەڭرى يېتەتتى. باھارخاننىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. بۇ يەرگە كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرى چۈشۈپ بەئەينى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇراتتى. شۇڭا بۇ ئالتۇندەك قىممەتلىك يەرگە ئۇ ئوغرىلارنىڭ كۆزى چۈشكەن گەپ! باھارخان پۇشايماندىن، غەزەپتىن ھەم ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى، 40 مىڭ كوي دېگەن

نېمە ئۈ؟ ئالە سېپــــق پۇلۇڭنى دەپ بۇ گۈيلارنىڭ كاللىســـغا ئاتىدىغان ۋاق كەلدى... نېمىشـــقا ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى توكتوك پۇلى ئۇنىڭغا شۇنچە جىق كۆرۈنۈپ كەتكەن بولغىيتى؟! "خوتۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىســقا" دېگەن گەپ ھەقىقەتەن راستكەن، باھارخان بۇنىڭغا رەسمىي ئىشىنىپ قالدى. بۇ يەرنىڭ ئالداپ ســېتىلغان ئىشى چىقمىغان بولسا ئۇ يەنە غەپلەتتە موللا بوزەك بولۇپ يۈرۈۋېرەتتىكەن. مەرھۇم يولدىشىنىڭ روھى ئۇنى يۆلەۋاتامدىكىن، بولمىسا بۇمەزلۇم بۇنچىلىك ئويغىنىپ، ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دېيەلمەس، ھەتتا ئۇنى چۆچىتەلمەس ئىدى، زادى بىر كۈچ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىۋاتاتتى. باھارخان روھلىنىپ شــۇ يەرگىلا چاپىنىنى ســېلىپ ھاكىمنىڭ ئۆيىدە قازا بولۇپ كەتكەن نامرىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

## 2



باھارخـــان ھېلىماخۇنغـــا خوتۇنىنـــى باققىلـــى قويۇپ، ئابدۇباقىنىمۇ ئىشتىن بوشىتىۋېلىپ، بىر ماشىنا تاۋۇز ئەكەلدۈرۈپ توسما تامنىڭ يېنىدا تەنزە قۇرۇپ تاۋۇز سېتىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ بىلەنلا قالماي بىر كېچىسى توسما تامنىڭ ئىچىگە بىر كەپە قۇرۇپ ئاخشـــاملىرى شۇ يەردە يالغۇز تۈنەشكە باشلىدى. تاۋۇز ساتقان بىرىنچى كۈنىلا سودىســـى ناھايىتى ياخشـــى بولدى. باھارخان تۈنىگەن بىرىنچى ئاخشىمىمۇ دەســـلەپتە ئۇيقىسى كەلمىگەن، كېيىن چۈش كۆرۈپ ئۇخلاپ كەتتى، چۈشىدە مەرھۇم قەدىناسىنى كۆردى، بوۋاينىڭ چېھرى غەمكىن، ساقاللىرى كۈمۈشتەك ئاق ھەم پارقىراق ئىدى... ئۇ قولىدىكى ھاسىسىنى تۈزلىنىپ كەتكەن مۇشۇ زېمىن-جايىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىگـــە چوقۇپ ئۆلچەپ يۈرەتتى، توختاپ بىر نەرســـلەرنى دەيتتـــى. باھارخان بامدات ۋاقتىدىن بۇرۇنـــلا ئويغىنىپ كەتتـــى. بامدات نامىزىدىن كېيىن تەســـۋى

سىرىپ ئۆلتۈرۈپ مەرھۇمنىڭ نىمە دېگەنلىكىنى ئەسلەپ باقتى، ئېنىق يادىغا ئالالمىــدى، ئەمما مەرھۇمنىڭ چىراي ۋە ھەرىكەت ئىپادىلىرىدىن بۇ زېمىن-جاينى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇيلاپ يەتتى، بۇ چۈش ئۇنىڭغا بېشارەتتەك تۇيۇلۇپ، بۇ ئۆينى قوغداش يولىدا ھېچنېمىدىن يانماسلىق ئىرادىسىگە كەلدى.

بىر ئاخشــىمى قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. باھارخاننىڭ كەپىسى قاتتىق يامغۇرغا پايلىماي قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چىداپ ياتتى، ئەتىسى كەپىسىنىڭ ئۈستىنى يېڭىلاپ ياپتى. ئابدۇباقى كۆندۈزى دەككە-دۈككىدە تاۋۇز ســېتىپ ئولتۇراتتى، شۇنىڭغا يارىشــا سودا كۆندە دېگۈدەك ياخشى، بەزىدە ھەتتا باس-باس ئىدى، ئەكەلگەن تاۋۇز تۈگەي دەپ قالدى. بۇنىڭدىن باھارخان شۇنچىلىك سۆيۈنۈپ كەتتىكى، نەچچە ۋاقتتىن كاتەكتەك ئۆيىدىن چىقماي، تەييارنى يەپ ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىگە ئېچىندى.

— قارا مانا، ئۈچ كۈن ئىشلىسەڭ بىر ئايلىق ماناشىڭدەك پۇل چىقتى، بۇ جــاي زادى بەرىكەت ياغىدىغان جاي، ئۇ ئوغرىلارغا ئەسلىي بوش كەلمەيدىغان ئىش ئىكەن... — دەپ ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى باھارخان.

— ئالدىــراپ خۇش بولماڭ، بىزنــى بەرىبىر ھەيدەيدۇ، ئەتىلا ئادەم كېلىپ كەشمىزنى توغرىلايدۇ، — دېدى ئابدۇباقى روھسىز ھالدا.

— قويە ســەندەك لامزەللىنى، ســېنىمۇ ئوغــۇل بالا دەپ تۇغۇپتىمەن، ئەر كىشــى تۇرۇپ ھېلىتىن ئىشتان بېغىڭ بوشاپ كېتىۋاتىدا؟ سانىيخان شــۇڭا بىكار يامانلىماپتىكەن-دە! مۇشۇ ھالىڭغا سەن قاچان ئادەم بولارسەن؟! بۇ دېگەن سېنىڭ جايىڭ، سېنىڭ كىرىلىپ ياشايدىغان ماكانىڭ، مۇشۇ ماكانىمىزنى قولدىن بەرمەيدىغان بولســاق بىز بېيىپ كەڭتاشا ياشيالايمىز، مەرھۇم داداڭنىڭ روھى قورۇلمايدۇ، مەنمۇ ھەر قايسىڭلاردىن خاتىرجەم بولــۇپ ھەرمىگە بارالايمــەن. ھازىر دېگەن پۇللا بولســا يول

تېپىلىدۇ، ۋاقتى كەلسۇنا، بەش-ئونىمىڭ كويىنىڭ ئىشى، بېرىپ گېلىغا ئۇرىمىز، يېگەن ئېغىز ئۇيۇلىدۇ، ھاكىم دېگەن ئوغرىمۇ غىڭ قىلالمايدۇ. ئۆينى ئەگەر تارتقۇزۇپ قويساڭ كېيىن خارلىققا قالىسەن، ئىتنىڭ كۆننى كۆرىسەن، ھازىر جاپا تارتساقمۇ مەيلى، مۇشۇ جاينى زادى قولدىن بەرمەيمىز. ئۇ ئوغرىلار قاچان كەلسە كەلسۇن، 40 مىڭ كوينى تەييارلاپ قويدۇم، ئالدىغا ئېتىپ بېرىمەن، ئاۋۇ ئۆينىمۇ قايتۇرۇپ بېرىمەن. ئۇنىماي زورلۇق ئىشلىتىدىغانغا ھەددى يوق، ھازىر دېگەن پۇقرانى بوزەك ئېتىپ ئۇرۇپ دۇمبالايدىغان پومېشچىكنىڭ دەۋرى ئەمەس، تۇرمىگە سولايدىغان ئىنقىلاب دەۋرى ئەمەس. كوپراتسىيەدە پومېشچىكنىڭ بالىسى دەپ داداڭنىڭ تارتمىغان كۈنلىرى قالمىغان، شۇنداقتىمۇ داداڭ بۇ ئۆينى تارتقۇزۇپ قويمىغان. ھازىر ۋەزىيەت ياخشى، ئەگەر بۇ ئوغرىلار بىزنى شۇلۇپ يەيمەن دېسە قاراپ تۇرۇپ بېرىدىغان باھارخان يوق، مەن ئۇ ئوغرىلارغا قېرى جېنىمنى تىكىپ قويدۇم!...



ئابدۇباقى تىترەپ كەتتى، ئانىسىنىڭ بۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئەنسىز خىياللارغا چۆكتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى بۇ يەردە تاۋۇز سېتىشقا بولمايدۇ، - دەپ كەلدى.

— بۇ جاي مېنىڭ، تاۋۇز سېتىپ پايدا تاپسام، باج تۆلىسەم بولىدىغۇ؟— دېدى باھارخان.

ئۇلار باشلىقىنى چاقىرىپ كېلىشتى.

— بۇ يەر ھازىر ناھىيىگە تەۋە، سىلىنىڭ ھەققىلىرى تۈگىگەن! — دېدى ھېلىقى ۋاقىتتا ھوشۇر ھاكىمغا ئەگىشىپ كەلگەن باشلىق.

— بۇ جايدىن مېنىڭ ھەققىم تۈگىمەيدۇ! — دېدى باھارخان چىڭقىلىپ سۆزلەپ، — ھوشۇر ھاكىمغا بېرىپ دېسىلە، مەن ئۆينى قايتۇرۇۋالىمەن، ئىشەنمىسىلە، مانا 40 مىڭ كوي پۇل، بىر

تېيىنمۇ كەم ئەمەس!...

باھارخاننىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ ئۇ ئۇدۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە باردى. ھوشۇر ھاكىم بۇ ئىشنى ئاڭلاپ بولغاندى، بىراق يىغىن كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنى ھەل قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى. ئۇ باشقا ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ بازار باشقۇرۇش كادىرلىرىنى باشلاپ "نەق مەيدان"غا كەلدى. تاۋۇز سېتىۋاتقان ئابدۇباقى ھاكىم باشلىق بىر مۇنچە ئادەملەرنى كۆرۈپ يا ھەجىيىشىنى يا قاپاق تۈرۈشىنى بىلمەي يەرگە ئېگىشىپ تاۋۇزلىرىنى قايتا تىزغىلى تۇردى. بازار باشقۇرۇش كادىرلىرى تۇشمۇ تۇشتىن سۆزلەپ كەتتى:

— بۇ يەردە ھېچكىمنى بىر نىمە ساتقۇزمىغانىدۇق، ئىككى-ئۈچ كۈن بولدى، مۇشۇلار كېلىۋالدى، ئۆزىنى بىلەر دېسەك يا بىلمىدى...

— قاراڭلار، توسما تامدىن ئىشىك ئېچىپ تاغاردىن پەردە توسۇۋاپتۇ...

— ھۆكۈمەتنىڭ تېمىنى توسۇپ ئۆي قىلىۋالغان گەپ!

— مەن ئا كۈنى سورىغان، نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىۋالدىڭلار دېسەم، بۇ ئۆي دېگەن بىزنىڭ، ھۆكۈمەتتىن ياندۇرۇۋالدۇق دەيدۇ تېخى، يامان خوتۇنكەن. ما ئاداشقا قارىساق ئانىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ- ھا-ھا-ھا...

بىر دەمنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە كۈلۈشمەك بولۇپ كەتتى، ھوشۇر ھاكىم كۈلمىدى، ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ توسما تامغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ ئاندىن ئابدۇباقىغا تىغدەك قادالدى:

— خىزمەت بەرسە ئىشلىمەي باققاللىق قىلىپ يۈرۈپسىنا؟! ئاناڭ قېنى؟!

ئابدۇباقى تاتىرىپ، توسما تامنىڭ ئىچىنى كۆرسىتىپ قويدى.

— ئاناڭنى چاقىرە مەيەگە! — دەپ ۋاقىرىدى ھوشۇر

هاكىم، — قانداق كىرىمىز بۇ ئىشكىگە دىن؟

قالغانــلار پاراقــلاپ كۈلۈشــۈپ كەتتى، مازاقــلاش يەنە باشلاندى.

— كۆتىنى تاۋۇزغا چاپلاپ قويغانمۇ نېمە بۇنىڭ، قوپايمۇ دېمەيدا!

— پايدا بار يەردىن ھېچكىمنىڭ قوپقۇسى كەلمەيدۇ!

— بۇ ئىشلىسە ئاپىسى ئۆيىدە تاۋۇز يەپ ئولتۇرىدۇ دەگلا!

— ئۆيگــە كىرىگلامۇ دېمەي قولىنى چىنەپ قويىدىكەن بۇ تېخى!

ئابدۇباقى چىديالماي قوپۇپ كەتتى:

— قانجۇقتەك قاۋاشــماي بىرىڭ گەپ قىلىشەۋا ئاناگنىڭ ھەققى بولمىغاندىكىن مەندە؟

ســەپرا بىرســى ئابدۇباقىغا ئېتىلاي دېگۈچە ھاكىم توسۇپ قويــدى. ئابدۇباقى غەزەپ ھەم قورقۇنچتىن تىترەپ، ھاكىمدىن باشقا ھەممىسىگە بىر ئالىيىپ قويۇپ، تاغاردىن قىلىنغان مىلەگزىنى قايرىپــلا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كەينىدىن يەنە پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، بۇ مەسخىرىلەر ئابدۇباقىنىڭ جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ھوشۇر ھاكىم بولمىغان بولسا ئۇلار بىلەن قان بولۇشۇپ كېتەتتىمىكىن. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغىمۇ خېلى جان كىرىپ قالدى، ھەممە نېمىگە پايلىسىمۇ تەنە-مەسخىرىگە قىلچە پايلىمايدىغان ھەم ئۇنىڭغا بۆلەكچە ســەزگۈر بولۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. مانا شۇ تاپتا ئۇ ئاجايىپ غەلىتە، كۈلكىلىك تۇس ئالغان قارانچۇق كەپىدە ئانىســىنىڭ بىر تال تاۋۇزنى كاسا قىلىپ نان بىلەن يەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، مەسخىرىۋازلارنىڭ گېپىنىڭ دەرھاللا راست چىققانلىقىنى ئويلاپ سەپرايى ئۆرلەپ پەس ئاۋازادا كۈچەپ سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاي ئانا، تاۋۇزىڭىزنى قويىڭە! ئادەمگە ئىش تېرىپ... ھەممىســى بىزدىن ھېســاب ئالغىلى كەپتۇ، ســىزنى تۇرمىگە

سولايدىغان چىغى بۇ توگگۇزلار...

باھارخان بۇ گەپلەرنى پىسەنتىگە ئالمىغاندەك ئاڭلىدى، تاۋۇزنى قىرىپ ئاخىرقى سۈيىنى ئىچىۋەتتى-دە، كەيپسىدىن چىقتى:

— قېنى شۇ ھاكىم، مەن بىر كۆرەي، نومۇسسىزلارنىڭ يۈزى ئېشەك تېرىسىدىنمۇ قېلىنكەن، ئوبدان كەپتۇ، پۇلنى بېرىپ يولغا سالاي...

— باھارخان توسما تامدىن تەمكىن قىياپەتتە چىقىپلا ھوشۇر ھاكىمنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئۆيۈمنى تۈزلەپ بىر ئوبدان توسما تاپ قوپۇرۇپ قويۇپلا ھاكىم، سىلىگە مىڭ رەھمەت. سىلىگە تېخى بۇ ئۆينى چۇۋۇغاندىكى ياغاچ-تاشلارنىڭ گېپىنى قىلمىدۇق. ئۇنىڭدىن ئالمىغان-بەرمىگەن بولىلى. ما پۇلنى تۇتسىلا. مەن بۇنچە جىق پۇلنى خەجلەپ بولالمايدىكەنمەن، قېرىغاندا ماڭا مۇشۇ ئۆيۈم لازىمكەن، بىر مۇنچە باللىرىم باركەن، يېقىندا يەنە بىر نەۋرەم تۇغۇلدى... شۇ ۋاقىتتا كالتە پەملىك قىلىپ سىلىگە بۇ ئۆينى ئالدىراپ بېرىۋېتىپ قاپتىكەنمەن، ئويلاپ باقسام بۇ ئۆينى ساتسام بولمايدىكەن، مەرھۇمنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدىكەن، مەن ئۆلسەممۇ گۆرۈمدە خاتىرجەم ياتالمايدىكەنمەن..

— سىلە رەسمىي سارائ بوپلا باھارخان! — دېدى ھوشۇر ھاكىم قاتتىق ئېچىنغاندەك سۆزلەپ، — سىلىگە شۇنچە ياخشىلىقنى قىلساق بىلمىدىلە، ھۆكۈمەت ساراڭ ئەمەس سىلىدەك بىر خوتۇنغا بوزەك بولىدىغان. بىز بۇ ئۆيلىرىنى قانۇنلىشىپ ئالغان، چىدىماسلىق قىلسىلا بىز سىلىنى خوتۇن كىشىكەن شۇڭا چىدىماسلىق قىلدى دېمەيمىز، ئاۋۋال بەرگەن رازىلىقلىرى، قويغان ئىمزالىرى قانۇن ئالدىدا كۈچكە ئىگە.

— سىلەر مېنى باشتا يالغان گېپىڭلارغا ئىشەندۈرۈپ ئىمزا قويدۇرۇۋالدىڭلار، ھازىر ئىناۋەتسىز قىلىۋەتسەممۇ بولىۋېرىدۇ...

— سىلىگە كىم بەرگەن ئۇنداق ھوقۇقنى؟! — دېدى ھاكىم گۈرەن تومۇرلىرى كۆپكىدەك كاكىراپ، — سىلە خالىغاندا سېتىپ خالىغاندا ياندۇرۇۋالىدىغان بۇ ئۇششاق باللىنىڭ سودىسىمۇ؟! بۇ سىلە بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، ھۆكۈمەتنى ئەخمەق قىلىمەن دېمەي ئاستا سىڭگەن نانلىرنى يېسىلە! بۇ ئۆينى ھۆكۈمەت سىلىدىن مەجبۇرلاپ ئالسىمۇ ئالىدۇ، پۇل بېرىپ ئالسىمۇ ئالىدۇ، ئۇنىڭغا بىر نېمە دەيدىغان سىلىنىڭ ھوقۇقلىرى يوق. يەر-زېمىن ھۆكۈمەتنىڭ دەپ نەچچە قېتىم دەپ بولدۇم، يەنە قانداق چۈشەنمەيدىغان بەغەرەز خوتۇن سىلە!؟

— يەر ھۆكۈمەتنىڭ بولسا بىز كىمنىڭ؟ ھۆكۈمەت، ھۆكۈمەت دەيسىلەر، ھۆكۈمەتمۇ سىلىدەك ھاكىملار بىلەن ھۆكۈمەت بولار!؟ ئەمدى سىلى كېلىپ ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى سېتىپ، بىزدەك تۇل خوتۇن، يېتىم-يېسىرلارنى بوزەك قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟ بىزگە ھۆكۈمەت مۇشۇنداق ئىگە بولامدا؟ بىزنىڭ مۇشۇ يەرچىلىك ئېتىبارىمىز يوقما؟! قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق بەرىكىتى يوق قاسماق پۇللىرى، قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق ئالدامچىلىق! راست دەيلا، مەن شۇنداق بەغەرەز، بەغەرەزلىكىمدىن ئالدانىمىم، بەغەرەز بولمىغان بولسام بۇ ئۆينى قاراپ تۇرۇپ سىلەرگە تارتقۇزۇپ قويمايتتىم!...

باھارخان جاڭىلداپ بىر سۆزلەپ كېتىۋېدى ئەتراپقا ئادەملەر ئولىشىپ كەتتى. ھاكىمنىڭ يانتاياقلىرى خەقلەرنى نېرى ھەيدەپ تۇراتتى.

— يەنە دېسە يەنە چۈشەنمەيدۇ ما تەتۈر خوتۇن، — دېدى ھوشۇر ھاكىم جىلە بولۇپ، — ھوي سىلە بۇ ئۆينى قانداقىسىگە تارتقۇزۇپ قويىلا، سىلە بۇ ئۆينى ھۆكۈمەتكە سېتىپ بەردىلا، بىز قانۇنلۇق تۆلەم بىلەن سىلىگە چىقىمنى تۆلەپ بەردۇق شۇ. يەنە نېمىنى چۈشەنمەيلا دەيمەن؟!

— بىز چۈشەنمەيمىز، بىز بەك دۆت، ھەر قايسىڭلار بەك ئەقىللىق بولغاچقا بىزنى بۇ ياقتىن 40 مىڭ كويغا گوللاپ قويۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ ياقتىن نەچچە ھەسسە ھايىنغا سېتىپسىلەرغۇ ئەنە!؟ كۆرۈڭلار! كۆرۈڭگە تېخى ئۇستاتلىقنى، ئۇنچىلىك قاملاشقان سودا دېگەننى بىزمۇ قىلالايتتۇق..

— يەنە تەتۈرگە تولغىنىلى تۇردى ما خوتۇن! — دېدى ھوشۇر ھاكىم سەپرا بولۇپ ئالدى-كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئاندىن باھارخانغا قولىنى شىلتىپ تۈۋلاپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ھوي بۇ ئەسلىدە سىلىگە تەۋە ئۆي ئەمەس باھارخان، بۇ مۇشۇ بازارلىق ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئۆيلەر، بىز بۇ ئۆيلىرىنى ئالامدۇق-ساتامدۇق، ئۆز ئىختىيارىمىز. سىلىنىڭ ئۇنداق-مۇنداق دەيدىغان ھەققىلىرى يوق!

— نېمىشقا ھەققىم يوقكەن؟! بۇ بىزگە ئاتا مىراس ئۆي، بىزگە گومىنداڭ ۋاقتىدىنمۇ بۇرۇن قاپتىكەن. گومىنداڭمۇ مۇشۇ كەمگىچە ئېلىۋالمىغان، ئەمدى ئالىمىز دېسە ئۇنىمايمىز.

— گومىنداڭ پۇقرالارغا كەڭچىلىك قىلغاچقا مۇشۇ كەمگىچە ساقلاپ تۇرغان گەپ، كەڭچىلىكنىڭمۇ چېكى بولىدۇ!

— ھازىر ۋەزىيەت ياخشى، جاھان كەڭچىلىك دېيىشىدۇ، قېنى ئۇ كەڭچىلىك؟! كوپىراتسىيىدە قورساق تويمىغان بىلەن ئۆي كەڭرى ئىدى. ئەمدى جاھان كەڭچىلىك دەپ قويۇپ بىزنى قىستاپ كاتەكتەك ئۆيگە تىقىپ قويساڭلار، بىزنىڭ جېنىمىز توخۇنىڭ جېنىمۇ؟!

ھوشۇر ھاكىم نېمە دېيىشىنى ئۇقالماي ئاچچىقىدا بىر دەم شۈك تۇرۇپ قالدى، ھاكىم جىمىپ قېلىۋىدى، يانتاياقلىرى جىددىيلىشىپ قالدى، ھاكىمغا بولۇشۇپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى، لېكىن باھارخان ھەممىسىگە تېخىمۇ يامان گەپ بىلەن رەددىيە بېرىپ تويغۇزۇپ قويدى، ھەيدىۋەتسىمۇ كېلىۋېلىپ گەپ تىڭشاۋاتقانلار: ”ياپىرىم، ما خوتۇننىڭ يامانلىقىنى!“ دەپ ياقىسىنى تۇتۇشۇپ قالدى. ھوشۇر ھاكىم باھارخاننىڭ قولىدىكى پۇلغا قاراپ جەھلى قېتىپ قاتتىق بىر گەپ قىلىۋەتمەكچى بولدى،

ئەمما جىق ئادەم ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى:

— ما پۇللىرىنى تەگلەپ تۇرۇۋالمىسىلا، مەن سىلىگە چىرايلىق دەۋاتىمەن، ما پۇللىرىنى كۆزۈمگە تىقمىسىلا، پۇللىرى ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان بولسا بىر كىمگە سەدىقە قىلىۋەتسىلە. ھۆكۈمەت بىلەن تولا ئېتىشمىسىلا، ھۆكۈمەت دېگىنىنى قىلىدۇ، سىلىنىڭ مۇشۇ قىلمىشلىرىغا جازا كۆرۈپ، پۇللىرىنى مۇسادىرە قىلىۋەتسەكمۇ قىلىۋېرىمىز، لېكىن ئۇنداق قىلمايمىز، نېمىشقا؟ ھازىرقى ھۆكۈمەت قانۇنغا ھۆرمەت قىلىدۇ، پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ...

— قېنى نېمىسىنى قوغدىدى ھاكىم، نېمىسىنى؟! خەقنى شۇلۇپ يەپ تۇرۇپ يەنە نېمە چوڭ سۆزلەيلا؟

— ئا... ئۆتۈپ كەتكەن ئالىجوقى خوتۇنكەن بۇ، جۇرۇڭلا!

— دېدى ھوشۇر ھاكىم چىچاڭلاپ، — بۇ ساراڭ خوتۇنغا ياخشى گەپ ئۆتمىگۈدەك، قېرىغاندا ئالجىپتۇ!...

— ئالجىپ قالغان ئۆزلىرى! پايدىنى كۆزلەپ ھۆكۈمەتنى ئالدايدىغان سىلىدەك ئادەمنى ئىگەكىم...

— يەنە نېمە دەيلا، گەپ قىلمىسا ئەجەب ھەددىلىرىدىن ئېشىپ كەتتىلىيا سىلە! — ھاكىم كەينىگە يېنىپ باھارخاننىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى، باھارخان مىت قىلىپ قويمىدى، ئەمما ئابدۇباقى قورقۇپ تۇگۇلۇپ كەتتى.

— مەن سىلىدىن قورقمايمەن ھوشۇراخۇن، ھاكىم بولۇۋېلىپ تۇل خوتۇننى بوزەك قىلمىسىلا، مەن سىلىنىڭ تېگى-تەكتىلىرىنى ئوبدان بىلىمەن!...

ھوشۇر ھاكىم ئىنجىقلاپ قالدى، بۇ خوتۇن بىلەن گەپ تالاشسا بىر مۇنچە خەقلەرنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— مەن مەشەدە دەپ قوياي، ئەمدى مەندىن يامانلىمىسىلا، مەن دېگىنىمنى قىلىدىغان ئادەم! — ھوشۇر ھاكىمنىڭ كۆزلىرى

www.uyghurkitap.com

ئېتىلىپ كېتىدىغانـــدەك چەكچەيدى، زۇۋانى تېخىمۇ چوگىيىپ ھەتتا بوغۇلۇپ قالدى، بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ھاكىمغا تەسەللىي ئېيتتى، ھەممىسى قوپۇپ باھارخاننى ساراڭ بوپتۇ دېيىشىپ، غۇدۇرلاپ تىللىشىپ كەتتى.

— ھەر قايسىڭنىڭ دەستىدىن ساراڭ بولدۇق! ساراڭ بىلەن تەڭ بولۇشما! — دېدى باھارخان جاگىلداپ سۆزلەپ.

— بۇ يەردىـــن بىر ھەپتە ئىچىـــدە يوقۇلۇش! — دېدى ھوشۇر ھاكىم قولىنى جۇنۇپ، — بولمىسا مەجبۇرىي كۆچۈرىمىز! كوچىدىكى ئەخلەتنى سۈپۈرگەندەك سۈپۈرۈپ تاشلايمىز!

— قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا! — دېدى باھارخان غۇژژىدە كەلگەن ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي كۆكرەك كېرىپ ۋارقىراپ، — بىر نېمەڭنى ئەكىلىپ باستۇرۇۋەتسەڭمۇ كۆچمەيمەن، بۇ مېنىڭ جايىم، ئۆلسەممۇ مەشەدە ئۆلىمەن!

بـــۇ گەپنى ئـــاڭلاپ ئابدۇباقى چۆچۈپ كەتتـــى، كۆڭلىدە ئانام ئۆلارنى قورقۇتۇپ دەۋاتىدۇ دەپ ئويلىســـىمۇ، لېكىن ھازىر ئاقىۋەتنى مۆلچەرلەش قىيىن ئىدى.

— قېنى كۆرەرمىز! — ھوشـــۇر ھاكىـــم زەھەرخەندىلىك بىلەن يەرگە تۈكۈرۈپ قويۇپ يولىغا ماڭدى، بازار باشـــلىقى ۋە باشـــقا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى، بۇ ھالدا ئۇلار بىر پەيي ئەســـكەرگە ئوخشايتتى. باھارخان گويا بىر توپ دۈشمەننى چېكىندۈرگەندەك تۈيغۇغا چۆمۈپ ئىچ-ئىچىدىن خۇرسەن بولدى، لېكىن ئابدۇباقى قاتتىق ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەنـــدىـــن كېيىن نەدىندۇر بىر توپا قېزىش ماشىنىسى توســـما تامنى ئۆرۈپلا باھارخاننىڭ كەپىسىگە يېقىنـــلاپ كەلـــدى. باھارخـــان كەپىنىڭ يېنىدا شـــام نامىزى ئوقۇۋاتاتتـــى، قاتتىـــق ئاۋازدىن دىققىتـــى چېچىلىپ كەتتى. ئەنزىسىنى يىغىشـــتۇرۇۋاتقان ئابدۇباقى تامنىڭ ئىچىگە كىرىپ

ئانىسىنى چاقىردى. باھارخان قىسقىغىنە دۇئا قىلىپ ئورنىدىن قوپۇپلا يەردىن بىر تال خىش ئېلىپ ماشىنىنىڭ ئەينىكىگە قارىتىپ ئاتتى. شوپۇر ئۇتنى ئۆچۈرۈپ سىرتقا ماڭدى. بىر دەمدىن كېيىن ساقچىلار پەيدا بولۇپ باھارخاننى تۇتتى، باھارخاننىڭ نالە-پەريادىغا چىدىمىغان ئابدۇباقى ساقچىلارنى تىللاپ، ئۇلاردىن توك كالتەك يەپ جىمىپ قالدى. ساقچىلار باھارخاننىمۇ توك كالتەك بىلەن ئۇردىمۇ يا نېمە قىلدى، ئۇنىمۇ ئاخىر جىمىقتۇردى. توپا قېزىش ماشىنىسى دەرھال ئوت ئېلىپ كەينى بىر قامالالاپلا ئاپىرىپ بىر بۇلۇڭغا تاشلىۋەتتى.

ئانا-بالا ئىككىسى بىر ئاخشام ساقچىخانىدا تۇنەپ ئەتىسى ساقچى ماشىنىسى بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇلدى. باھارخاننىڭ ھالى ئىنتايىن خاراب ئىدى، بىر ئاخشامنىڭ ئىچىدىلا ئوتتۇز ياش قېرىپ، قاقشال سۆگەتتەك قۇرۇپ قالغانىدى، كۆزىدىن تىنىمسىز ياش قۇيۇلاتتى، ھە دېگەندىلا كىچىك بالىدەك ئۇمچىيىپ: "ئاھ خۇدايىم، بىزنى نېمىشقا ئاجىز يارىتىپ قويغانسەن، نېمە قىلغان گۇناھىمىزغا بىزنى بۇ كۈنگە قويىدىغانسەن" دەپ نالە قىلىپ يىغلايتتى، بۇ يىغا-زارىغا ھېچكىمنىڭ تەسەللىيسى كار قىلمىدى. قەمبەر ئىنجىقلاپ، گاھىدا ئانىسىغا ئەگىشىپ يىغلاپ ياتاتتى. ھېلىماخۇن بالىسىنى تۇتۇپ تامغا يۆلىنىپ گەپ قىلماي ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ قېتىپ قالغان چىرايىدىن ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى، قۇچىقىدىكى بالا ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز مۆلدۈرلەپ، قولىنى شۈمۈپ ياتاتتى. تاماق قىلىش ۋەزىپىسى گۈلەمبەرگە قالدى، ئۇ تاماقنى مىڭ تەستە ئوخشىتىپ قىلسىمۇ باھارخان بىر-ئىككى قوشۇق يەپلا كۆرپىسىگە يانپاشلاپ كۆزىنى ئازابتا يۇمۇپ، ئېغىر تىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ھالى كۈنسېرى يامانلاشتى، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇيالمايدىغان، ئوقۇسىمۇ دىققىتىنى يىغالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەتىدىن كەچكىچە كۆرپىدىن چۈشمەي دەرد-ئەلەمدىن تولغىنىپ، ئىچى زەرداپ بولۇپ ئاغرىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يېتىپ قالدى.

ئابدۇباقى هوشۇر هاكىمغا چىش-تىرنىقىچە ئۆچ بولۇپ كەتسىمۇ بەربىر ئۆزىنىڭ بىچارىلىكىنى تەن ئېلىپ: "بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە كېلىدۇ، ئويناشىماڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالۇر هەر باب بىلەن..." دەپ ئويلاپ، ئانىسى بىلەن تۈرمىگە ئۇزاق سولاپ قويۇلمىغىنىغا، هۆكۈمەت بەرگەن ئۆيلىرىنىڭ تارتىۋېلىنمىغىنىغا شۈكۈر قىلىپ ئولتۇردى؛ ئەمما بىر ئوبدان خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئىچى پۇشۇپ، ئانىسىغا نارازى بولۇپ، ئۇنىڭ كېسىلىگە ئانچە ئىچى ئاغرىمايدىغان، پۈلى تۈرۈپ داۋالانمىغاندىكىن ئۆزىگە دەپ قىيدايدىغان، ھەتتا هوشۇر هاكىمنىڭ گېپىنى ئېسىگە ئېلىپ "ئانام قېرىغاندا راست ئالجىپ قالغانمىدۇ" دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى.

كونا جايىنىڭ تارتىۋېلىنىشى بىلەن باھارخاننىڭ تەنزىسىمۇ بىكار قىلىندى، هازىر ئۇ يەردە بىنا سېلىش ئالىقاچان باشلىنىپ، يەرنىڭ تېگى ئويۇلۇۋاتاتتى. ئابدۇباقى بېرىپ كۆردى، توپا قېزىش ماشىنىلىرى كېچە-كۈندۈز گۈركىرەپ توپا قازاتتى، بېشىغا سېرىق قالپاق كىيىۋالغان ئىشلەمچىلەر چۈمۈلىدەك تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. ئۇزۇن-ئۇزۇن پولات چىۋىقلار بىر يانغا دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. ئابدۇباقى بوش ۋاقىت تاپسىلا ئىش مەيدانىغا كېلىپ، شۇ يەردىن گويا ئالتۇن چىقىپ قالىدىغاندەك قاراپ كېتەتتى، ئىچىنىڭ بىر يېرىدە قۇرتلار ماڭغاندەك بىئارام بولاتتى: "ئالتۇن چىقسىمۇ باشتا بۇلار ئېلىۋالىدۇ، بىز ئەمدى بۇ جايىمىزنىڭ هېچنېمىسىگە ئىگە ئەمەس! ئون كۈندىن بېرى تاۋۇز سېتىپ چىۋىن قورۇپ يۈرگەندىن مۇشۇ يەرنى كولاپ باققان بولساق بەلكىم بىزگە بىر ئامەت چىقىپ قالاتتى... بۇغۇ بىر خىيال، لېكىن ئالالايدىغان نەپىنىمۇ ئالالماي خەققە تارتقۇزۇپ قويدۇق. ئانام زادى باشتا خاتا قىلدى، ئۆيلىرىمىزنى چاقماستىلا دۇكانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى شۇ دۇكاندارلارغا سېتىۋەتكەن بولساق ئۇلار ئۆپچۆرىمىزدە بىزنى

قوغدايتتى! هۆكۈمەت ساتقۇزمىدى دېگەن گەپكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ھۇشۇر ھاكىم ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى سېتىپ بىزنى قورقۇتقان گەپ، ساتمىسام ئۆزۈمنىڭ ئۆيى، نېمە قىلالايتتىڭ دېسە، دۇكاندارلارمۇ بۇ دېگەن بازار، بۇنى بىز مانچە پۇلغا سېتىۋالغان دەپ تەڭ قارشى تۇرغان بولسا بۇ كەمگە بۇنچە بوزەك بولمايتتۇق، ھېچ بولمىسا ھۆكۈمەتكە يالغۇز كەلمەيتتۇق، ھوشۇر ھاكىممۇ بۇ يەرگە ئالدىراپ چىشىنى پاتقۇزالمايتتى. پۇرسەتنى، ئامەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئەمدى ھۆكۈمەتكە ئۇششۇقلۇق قىلغان بىلەن ئاقامدۇ؟ ھوشۇر ھاكىم دېگەن قىلنى قىرىققا يارىدىغان بىر ئوغرىكەن ئەمەسمۇ؟ شۇنداق ھىيلىگەر بولمىسا ھوقۇق تۇتۇپ تۇرالمايدۇ-دە! بەرگەن خىزمىتى خېلى ئوبدان خىزمەت ئىدى، ھەممە گۇناھنى ئانىسىغا ئارتىپ ئانىسىنى تىللاپ بەرسە ھاكىم ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ كەڭچىلىك قىلىپ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەرمۇ؟... "ئابدۇباقى ھەر كۈنى مۇشۇنداق خىيالغا پېتىپ، ھوشۇر ھاكىمنى ئىزدەپ بارايمۇ دەپ تۇرۇپلا جۈرئەتكە كەلسە، يەنە تۇرۇپ قۇرۇق بارسام ھەيدىۋېتەرمۇ دەپ پۇلى يوقلۇقىنى ئويلاپ، ئانىسىدىن پۇل سورىيالماي ئىككى-ئۈچ ھەپتىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۆيدە ئىغىر كەيپىيات تۇغدۇرۇپ ئۆز ئورنىدا ئىنجىقلاپ ياتقان باھارخان ھېچكىمگە تۇزۇك گەپ قىلمايتتى. ھېچكىم ئۇنى كېسەل دەپ يوقلاپ كەلمەيتتى. باھارخان ئەسلى قەشقەرلىك بولۇپ، مەرھۇم ئېرى ياش چېغىدا قەشقەردىكى بىر مەدرىستە ئوقۇپ يۇرگەندە نىكاھلاپ ئېلىپ كەلگەنىدى، شۇڭا بۇ يۇرتتا ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يوق ئىدى، ھايات چېغىدىمۇ بۇ يۇرتنىڭ ئاياللىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ھالى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتتى، بىر قانچە قېتىم قان تۈكۈردى، ئابدۇباقى ئاخىر ئۇنى دوختۇرخانىغا بېرىشقا كۆندۇردى.

باھارخانغا ئىغىر دەرىجىدە ئۆپكە ياللۇغى ۋە يۈرەك ئاجىز دەپ دىئاگنوز قويۇلدى، دوختۇرخانىغا ئالدىنئالا بەش مىڭ يۈەن

تاپشۇرۇش كېرەك بولدى، باھارخان "نېمانچە جىق ئالدىكەن" دەپ ئاچچىق خىيال بىلەن يەنە ئىچىنى ئۆرتىدى: "پۇلىمىز جىق بولغان بولسىمۇ ئىگەكىم، خەپ، ھارام يەيدىغان ئوغرىلار! جايىمىزنى قان يىغلىتىپ ئېلىشتىڭ، بەرگەن ھارام پۇلىلىرىڭ ئاپەت بولدى، ماڭا بۇ ھارام سىڭمىدى، كېسەل بولدۇم... بۇ پۇل بىلەن ساقىيىپ كەتسەمغۇ مەيلى، ئەمما بۇ ھارامدىن نەسلىڭ يۇقىدۇ، ساقىيىشىمدىن چوڭ ئۈمىد يوق، ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتسەم قولۇم قىيامەتتە سەن ئوغرىلارنىڭ ياقىسىدا!!...".

ئابدۇباقى ئانىسىدىن بەش مىڭ كوينى ئېلىپ، بەش يۈز كوينى قايرىۋېلىپ قالغىنىنى دوختۇرخانىغا ئۆتكۈزدى، كېمىنى دوختۇرخانىدىن چىققاندا چوقۇم تاپشۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. ئۇ ئانىسىنى گۈلەمبەرگە قارىغىلى قويۇپ، ئۆزى بازارغا چىقىپ بىر رېستۇرانغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتۇپ، يالغۇز بىر-ئىككى رومكا قېقىۋالغاندىن كېيىن سودا سارىيىغا كىرىپ داڭلىق تاماكىدىن ئىككى بولاق، ئالىي ھاراقتىن ئۈچ بوتۇلكا ئېلىپ، ئۇبدان ئوراپ-قاچىلىتىپ ھوشۇر ھاكىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ھاكىملارنىڭ ئادەتتە ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىتا ئۆيىگە كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا كەچ كىرىشىنى كۈتۈپ شۇ ئەتراپتا بىر يەرنى تېپىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇردى، بىرەر تونۇشىنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئالاڭ-بۇلۇڭ قاراپ، گەپنى قانداق دېيىشىنى، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن يەنە تازا چىلاشقىچە ئىچىشنى ئويلاپ، ھاكىمنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى، شۇنداق كۈتۈۋېرىپ كەيپكە چالا چىلانغان بېشى چىڭقىلىپ كەتتى، ئاندىن تۇرۇپلا ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇ باستى، ئۇخلىماسلىق ئۈچۈن تاماكىسىنى ئۇلاپ-ئۇلاپ چېكىۋەردى. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن سانتانانىڭ گۇركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ماشىنىنىڭ چىرىغى ھاكىمنىڭ چىرايلىق دەرۋازىسىنى يورۇتىۋەتتى. ئابدۇباقى نىجاتلىق نۇرىنى كۆرگەندەك روھلىنىپ، ئورنىدىن قوپتى.

ماشىنا كېتىشى، ھاكىم دەرۋازىنى يېپىشى بىلەن تەڭلا دەرۋازىنى چەكتى، ھاكىم ئىشكنى ئېچىپ ئۇنى كۆردى:

— ھە نېمە گەپ؟!

— ھاكىم، مەن ئۆزلىرىدىن ئەپۇ سوراي دەپ...

— قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟!

— لايىقلىرىدا بولمىسمۇ ئازراق كۆڭلۈم...

— ئەكە، ماڭا بەر، گېپىڭ بولسا ھازىر دە!

— ماڭا شۇ خىزمەتنى...

— ئاناڭ كېلىپ ئەپۇ سورىسۇن!

— ئانــام ھازىر ئېغىر يېتىپ قالدى ھاكىم، دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ، ئــۆزى كېلەلمەي مېنى بۇيرۇغان، مەن كەلدىم، ئۇنداق قىلماي ئانامنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىلە، ئۆزىمۇ ھازىر مىڭ پۇشمان، قىلغان ياخشىلىقلىرىنى بىلمەپتۇق، ئەمدى بولسىمۇ...

— بوپتۇ، ئاناڭغا دە، ئوبدان داۋالانسۇن. سەنمۇ ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشكىن، مەن دەپ قوياي، — ھاكىم دەرۋازىنى تاقاپ كىرىپ كەتتى.

— رەھمەت ھاكىم، سىلىگە مىڭ رەھمەت! ياخشىلىقلىرىنى مەن ھەرگىز ئۇنتۇمايمــەن! — ئابدۇباقى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتـــى، ئۇ خىزمەتكە قايتا ئېرىشـــكەنلىكىدىنلا ئەمەس، ئۆزى مۇستەقىل ھالدا بۇ ئىشـــنى قىلالىغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. ئۇ شـــۇ خۇشـــاللىقىدا بېرىپ بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ يالغۇز ئېچىپ چـــالا كەيپىنى تولۇقلىـــدى. ئۆيىگە كەلگۈچە ئەمدى ئانىســـىغا نېمە دېيىش ھەققىدە باش قاتۇردى، ئەمما شاش كۆڭلى ھامان شۇنداق دەيتتى: ئاناڭنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن قالمىدى، ئۇنىڭ دەۋرى تۈگىدى، مۇســـتەقىللىقنى قولۇڭغا ئالىدىغـــان ۋاقتىڭ كەلدى، ســـەن بىر ئەر، سەنمۇ ئىشنى قاملاشتۇرالايدىغان بىر ئەر، سەن نەچچـــە ۋاقىتتىن ئاناڭنىـــڭ ئاغزىغا قاراپ ياشـــاپ كەلدىڭ، قىلالايدىغان ئىشـــلىرىڭنىمۇ قىلالماي كەلدىڭ، ئەمدى سىنىڭمۇ

گەپ قىلىدىغان، بىر ئىش قىلىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، قاچانغىچە ئانام دەپ تىترەپ يۈرۈيسەن، مەردانە ياشىمامسەن، ئاناڭدىن قورقمىساڭلا ھەر قانداق خوتۇن خەقتىن قورقمايسەن، ئەركەك تۇكۇڭنى كۆرستىپ قويالايسەن، سەنمۇ ئەمدى مەيدەڭنى كېرىپ ياشاپ باق!

## 3

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئازلا كۈنلەر قالغانىدى. گۈلەمبەر ئۆيدە قەمبەرگە، دوختۇرخانىدا ئانىسىغا قاراپ، سەللا بىكار بولسا كىتابقا قاراپ، ۋاقتىنى سائەت ھېسابلاپ ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. باھارخان ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىمۇ كىتاب كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ بىر نەچچە قېتىم نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى، ئەمما گۈلەمبەر بۇنىڭلىق بىلەن بوشىشىپ قالمىدى. ئۇ ئابدۇباقىغا كۈندۈزى ئانىسىغا قارىشىپ بېرىشىنى، مەكتەپتە ئىمتىھان ئالدىدىكى ئىشلارنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، ئابدۇباقى قاپىقىنى تۈرۈپ قاتتىق تەگدى:

— ساڭا ئانام مۇھىممۇ، ئىمتىھانىڭ مۇھىممۇ؟! ھازىر دېگەن قانداق چاغ!

— كۈندە قاراۋاتىمەنغۇ، چۈشتىن بۇرۇن مۇئەللىملەر ئۆگىنىدىغان مۇھىم يەرلەرنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، ئىمتىھان ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىدۇ، بېرىپ قاتناشمىسام بولمايدۇ، چۈشتىن كېيىن كېلىپ ئانامغا قارىسام بولىدىغۇ؟!

— ياق، پۈتۈن كۈن قارايسەن، مېنىڭ ئىشىم بار!

— سېنىڭ نېمە ئىشىڭ بار ئاكا، مېنىمۇ ئويلاپ قويساڭ بولمامدۇ؟ مەن مۇشۇ ئىمتىھاننى بېرىۋالساملا ئاندىن مېنى نېمە ئىشقا بۇيرۇساڭ مەيلى!

گۈلەمبەرنىڭ يىغلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازىغا قاراپ ئابدۇباقى

ئاشلىق ئىدارىسىدە ئىشــقا چۈشكەنلىكىنى ئېيتماي تۇرالمىدى، ئانامغا دېمە دېدى، بىراق كۆڭلىدە مۇشۇنداق بولىۋەرسە گۆلەمبەر ئىمتىھاندىن كــەم نومۇر ئالىدىغانــدەك تىت-تىت بولۇپ، ئۇ گەپنى ئاخىر ئانىسىغا دەپ تاشلىدى. باھارخان تاتىرىپ كەتتى، ئابدۇباقــى كەچقۇرۇن يوقــلاپ كىرگەندە ئۇنىڭ ھالى ســەل يامانلىشىپ قالغانىدى. ئابدۇباقى كېلىپ:

— قانداقراق تۇرىسىز دەپ سوراپ بولغىچە باھارخان قاتتىق يۆتىلىپ ھەم ھاسىراپ تۇرۇپ:

— گۆرگــە كېتىۋاتىمەن...ھەي ھارامتامــاق... — دەپ تىللاپ كەتتى.

ئابدۇباقى شــۇ ھامان چۈشىنىپ بولدى، بەرىبىر دەيدىغان گېپىمنــى دەيمەن دەپ ئويلىدى، ئەمما ئانىســىنىڭ بوشــاپ كېتىۋاتقان ھالىغا قاراپ دەيدىغــان گېپىنى تاپالمىدى، لېكىن ھېچ بولمىسا ئانىسىغا تەسەللىي ئېيتىپ بولسىمۇ ئۇنى خاتىرجەم قىلىشى كېرەك ئىدى.

— ھوشــۇر ھاكىمنى ئىزدەپ بېرىپ خىزمىتىمنى بېرىشنى تەلەپ قىلدىــم، بولماپتىما؟ — دېدى ئۇ سىلىق-ســىپايىلىق بىلەن.

— شۇ ئوغرىغا يېلىنىپ باردىڭما... ساڭا يۇندا تەگىنىسنى بەرگەندۇ تايىنلىق، قەلەندەر بوپ كەتسەڭمۇ يۈزۈڭنى چۈشۈرمەي ياشىساڭ بولمامدۇ؟! مەن ئۆلسەم شۇ ئوغرىلارنىڭ ھارام پۇلىدىن ســاڭمۇ قالىدۇ، مەن گۆرۈمگە ئەكەتمەيمەن!... — باھارخان يەنە يۆتىلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

ئۇ ھارام پۇل بولغاندىكىن ماڭا ســىڭمەيدۇ ئانا، مەن ئۆزۈم ئىشلەپ تاپاي، — دېدى ئابدۇباقى ئۇستاتلىق قىلىپ.

ئوغرىــلار ئۆزى يەپ ئاشــقىنىنى بىزگە بــەردى — ھۆ... ئۆھۆ... — باھارخان مەيدىســىنى تۇتۇپ ھاســراپ تولغىنىپ كەتتى، ئابدۇباقى ئۇنى ئاستا يۆلىدى، باھارخان كۆزىنى ئاچماي

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياتاتتى، ياشلىرى ياغاق يۈزىدىكى قورۇقلىرىنى بويلاپ توختىماي سىرغىپ چۈشەتتى.

— مەن ئىشلىمىسەم بۇ جېنىمنى قانداق باقىمەن ئانا، سىزمۇ مېنى شۇنداق بول دېگەنغۇ؟ 40 مىڭ كويدىن مانا بەش مىڭ كوي بىر دەمدىلا تۈگىدى، سىز ساقايسىڭىزغۇ قانچە پۇل كەتسە مەيلى، ئەمما ساقايماي قالسىڭىز تۆلىگەن پۇللىرىمىز بىكارغا كېتىدۇ. ھازىر بۇ گۇيلارغىمۇ پۇللا بولسا بولدى، ئادەمنىڭ ئۆلۈپ-تىرىلىشى بىلەن كارى يوق، مەنپەئەت قىلمايدىغان ئوكۇللىرىنى ساڭگىلىتىپ ئېسىپ قويغان، ئەگەر سىز ساقايماي قالسىڭىز بۇ گۇيلار بىلەن ئوبدان ھېسابلىشىمەن، ھېچ بولمىسا ئازراق پۇل تۇتۇپ قالىمەن. گۈلەمبەرخان ئوقۇۋشقا ئۆتۈپ قالسا ئۇنىڭغىمۇ پۇل كېرەك، ئۇنى ئوقۇتمايلىمىكىن دەيمەن، قىز بالا ئوقۇپ نەگە باربدۇ، ئۇنىڭغا ئوبدانراق گەپ قىلىپ قويايلى، ئۇنىڭغا سىز گەپ قىلمىسىڭىز بىكار...

باھارخان جىمجىت ياتاتتى، يۈزى بايىقىدىنمۇ تاتىرىپ سۇزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، نەپەسلىرى بوغۇلۇپ ئېغىر خارقىرايتتى، ئابدۇباقى چۆچۈپ سېستىرانى چاقىردى. سېستىرا كىرىپ كۆرۈپ دەرھال بۆلۈم باشلىقىمىكىن بىرەيلەننى چاقىرىپ كىردى. دوختۇر باھارخاننى تەكشۈرۈپ جىددىيلىشىپ كەتتى:

— تېزدىن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەڭلار، مەن ئىسپات يېزىپ بېرەي!

— نېمە، سىلەر داۋالىيالمامسىلەر؟ تۆلىگەن پۇل قېنى؟! — دېدى ئابدۇباقى ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ.

— ھەي ساڭا ما ئاناڭ مۇھىممۇ، پۇل مۇھىممۇ؟ پۇلۇڭدىن خاتىرجەم بول، ئەتىگىچە ھېساباتىڭنى قولۇڭغا بېرىمىز. ھازىر دەرھال ماشىنا تېپىپ ئاناڭنى يۆتكە!

— نەدىن ماشىنا تاپىمەن؟! سىلەرنىڭ ماشىناڭلار يوقما؟!

— ماشىنا بولغان بىلەن بۇزۇق، شوپۇر يوق. كوچىغا

چىقساڭلا ماشىنا دېگەن تولىغۇ؟!

جىددىيلىكتە ئابدۇباقىنىڭ كاللىسى ئايلىنىپ كەتتى، يېنىدا بارى يۈز نەچچە كوي پۇل، تاكسىغا ئاران چىققىنىغان تەقدىردىمۇ دوختۇرخانىغـــا يەنە پۇل تۆلەش كېـــرەك، پۇلنىڭ نەدىلىكىنى باھارخانلا بىلىدۇ.

ــ بىزدە ھازىر پۇل يوق! ــ دېدى ئابدۇباقى ھوشـــىدىن كەتكەندەك ياتقان ئانىسىغا بىر قاراپ قويۇپ، ــ ئاشقان پۇلنى قايتۇرساڭلار ئاندىن ئانامنى يۆتكىيەلەيمەن.

دوختۇر سېستىراغا دەرھال بۇيرۇق قىلدى:

ــ سىز بىللە بېرىپ بۇنىڭ ھېساباتىنى قىلىۋەتسىڭىز!

ــ كاســـىر ھازىر ئىشـــتىن چۈشـــۈپ كەتتى، ــ دېدى سېستىرا.

ــ ســـەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىر ئامالىنى قىلىپ تۇرســـاڭ بولمامدۇ؟ ــ دېدى دوختۇر جىلە بولۇپ، ــ ساڭا پۇل بېرىپ تۇرالمايمىز، بۇ دېگەن تۈزۈم...

ــ ســـىلەر پـــۇل ئېلىشـــنىلا بىلىســـىلەر! ــ دېـــدى ئابدۇباقى غۇدۇراپ،ــ كىشـــىگە ياخشىلىق قىلىش دېگەننى بىلمەيسىلەر...

ــ ئاداش، ســـۆزلىگىنىڭ بىلەن بىزگە نېمە ئامال، خەق بۇنداق چاغدا قەرز ئېلىپ بولسىمۇ كېسەلنى داۋالىتىدۇ!

ئابدۇباقى ئامالسىز قالدى:

ــ بۈگۈنچە ئەكىتىپ تۇراي، ئاشقان پۇلنى ئەتە تەييارلاپ تۇرۇڭلار، جىق ئېلىۋالماڭلار، ئىنساپ قىلىڭلار، بىزدە ھازىر جان ئاران قالدى!

ــ ئاشـــتىمۇ يـــا گەدىنىڭلارغـــا ئارتىلدىمـــۇ تېخى ئەتە ئېنىقلىنىدۇ.

ــ ھەر قانچە بولسىمۇ ئىنساپ قىلىڭلار، خەقتە پۇل زاۋۇتى يوق!ــ دېدى ئابدۇباقى خۇددى بارلىق كېسەللەرگە ۋاكالىتەن

سۆزلەۋاتقاندەك.

— ئىنساپ قىلماي پۇلۇڭنى بىكىرىغا ئېلىۋالغىنىمىز يوق، مانا ئىسپات، بىرىپ ۋىلايەتلىك 1 ـ دوختۇرخانىنى ئاپساڭلار بولىدۇ.

دوختۇر چىقىپ كەتتى. ئابدۇباقى ئالدىراشلىقتا نېمە قىلارىنى بىلمەي كەتتى، سېستىرانىڭ گېپى بويىچە ئاۋۋال كىچىك ماشىنىدىن بىرنى تېپىپ دوختۇرخانىنىڭ ئىچىگە ئەكىردى، ئاندىن ئانىسىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىغا سالدى. شوپۇر ماشىنىسىنى قوزغاتماي تۇرۇپ قىممەت باھا قويۇۋالغانىدى، ئابدۇباقى چىدىمىدى:

— ئاداش سەنمۇ بىر مۇسۇلمان بولغاندىكىن، ئازراق ياردەم قىلساڭ بولمامدۇ؟!

— مەنمۇ ئاز دېدىمغۇ، ماي پۇلىنىمۇ بەرمىسەڭلا ئەمدى... يېنىپ كەلگۈچە ئادەم چىقمىسا زىيان بولىدۇ ماڭا!

— ھە ماڭە بولدى، بارغاندا بىر گەپ بولار.

— ھازىر دېيىشمىسەك بولمايدۇ.

— ھەي سەندە ئادىمگەرچىلىك دېگەن نەرسە يوقما؟! مۇشۇنداق چاغدا باھانى ئۆرلىتىۋالامسەن؟ قۇشقاچنى قار ياغقاندا تۇتىدىغان نوچىكەنسەن ـ دە!

— مەن ئۆز باھاسىنى دېدىم، سىلە قارىغاندا بۇنداق ماشىنىغا چىقىپ باقمىغان ئوخشايسىلە...

— بۇنداق بىر نېمەڭگە ئادەم مۇشۇنداق زۆرۈر بولۇپ قالغاندا چىقمىسا ھېچكىم چىقمايدۇ!

— ئاپتوبۇسدا ميڭىڭلا ئەمىسە، مەن بىكەتكىچە ئاپىرىپ قوياي.

— ما كېسەلنى دەپ قالدىم، بولمىسا بىكەتنى بىزمۇ ئوبدان بىلىمىز.

شۇ ئەسنادا باھارخان ئۆپكىسى تىتىلىپ كەتكۈدەك قاتتىق

يۆتىلىپ تىنالماي قالدى، سەل پەسكويغا چۈشكەندە كەينى-كەينىدىن ئاجىز ئۈھ تارتىپ ئىڭرىدى:

— ۋاي... مەن بولالمىدىم... بۇ يەردىن چىقىۋالاي... بالام مەن تىنالمىدىم... مېنى ئۆيگە ئەكەت... مېنى دوختۇرخانىغا ئاپارغۇچى بولما... مەن ئۆيگە كېتەي...

— ماشىناڭنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىۋەتكىنە ئاداش ئادەمنى تىنغىلى قويۇپ!

— ئى بىر نېمىسىنى چۆرىسەڭلا بولىدۇ، قارىغاندا ماشىنىغا چىقىپ باقماپسىلە، مەن بىلەن باھا تالىشمەن دەپ يۈرمەڭلا، ئۆيۈڭلىگىلا ئاپىرىپ قوياي، بەش كوي بېرىڭلا...

ئابدۇباقى باياتىن بولۇنغان ھەممە گەپلەرنى ئانىسى ئاڭلاپ تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدى، يانچۇقتا تۈزۈك پۇلى يوق تۇرۇپ تاكسىغا بۇنداق خەجلىگىلى تۇرسا ئۇ شەھەرگە بارغاندا قانداق قىلىدۇ؟ ئانىسىنى دوختۇرخانىغا ئالدۇرالمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئۇنى شۇ يەردە سۆرەشتۈرۈپ تېخىمۇ قىيناپ يۈرمىدۇ؟

— ئۇ يەردىمۇ پۇل تۆلىمىگىچە ياتاققا ئالدۇرغىلى بولمامدۇ؟— دېدى ئابدۇباقى شوپۇرغا.

— شۇنىمۇ ئۇقمامسىلەر، سىلە ئەڭ ياخشىسى ئەخمەق بولماي مۇشۇ يەردىكى مىللىي تېۋىپقا ئاپىرىڭلار، چىقىمدار بولمايمىز دېگەن سىلىدەك ئادەمگە شۇ بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردىكى دوختۇرخانا داۋالىيالمىغان كېسەلنى تېۋىپلارنىڭ داۋالىيالىشىمۇ تەس جۇمۇ، ئىشقىلىپ ئۆزۈڭلا بىر قارارغا كېلىڭلا...

— تېۋىپنىڭ پاخال دورىلىرىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ! — دېدى ئابدۇباقى ئۆزىنىڭ ئەرلىك قۇۋۋىتىنى كۈچلەندۈرەلمىگەن تېۋىپنى يادىغا ئېلىپ، — بولدى ئۆيگىلا كېتەيلى، ئانامنىڭ ھالى بوشاپ كېتىۋاتىدۇ...

شوپۇر ئۇلارنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بەش كوينى ئېلىپ كەتتى. باھارخان يەنە ئەسلىدىكى ئورۇنىغا ياتقۇزۇلدى. ئابدۇباقى

ئانىسىنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ جىددىي خىيالغا چۆكتى.

— ئانام قانداقراق، بىر نەرسە يەمدۇ؟ — دېدى گۈلەمبەر.

— ئانا بىر نەرسە يەمسىز يا ئۇسسۇلۇق ئىچەمسىز؟ — دېدى ئابدۇباقى.

باھارخان بېشىنى چايقىدى، قانداق بولۇپ يىغلىدى، كۆزىدىن يەنە ياش دومىلاپ چۈشتى. بۇنى كۆرۈپ گۈلەمبەرنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى، ئانام ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟... بىر دەھشەتلىك خىيال ۋۇجۇدىنى مۇزلىتىپ ئۆتتى. تۇغۇتتىن خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان قەمبەرنىڭ يۈرىكىمۇ شۇنى تۇيغاندەك بولۇپ، ئېغىر سوكۇنات ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئانىسىغا قاراپ مۆلۈلدەپ ياش تۆكۈۋاتاتتى، بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇخلىتىپ قويغان ھېلىماخۇن تامغا يۆلىنىپ قېتىپ قالغان ھەيكەلدەك ئولتۇراتتى.

— ئانا، ئۇنداق قىلماي سىزنى داۋالىتىلى، پۇل كەتسە كېتەر، مەنمۇ ئىشلەۋاتىمەن، باللىنى بېقىپ كېتەلەيمەن...

— دېدى ئابدۇباقى يالۋۇرغاندەك سۆزلەپ، — ئاشۇ پۇلنىڭ نەدىلىكىنى دەپ بەرسىڭىز ئۇنىڭدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ ھازىرلا ماڭايلى، دوختۇر بىكار دېمەيدۇ، كېسىلىڭىز ھازىر خەتەرلىك ئىكەن، بۇ گۈيلارمۇ ئۆزىگە ئىش تېپىۋالمىساق دەيدۇ، ساقايسا ئۆزلىرىگە ھېساب، ساقايمىسا خەققە... سىزدىن ئەنسىرەپ قالدۇق، ئۇنداق قىلماڭ، پۇل دېگەن تېپىلىدۇ، سىز دېگەن بۇ جاھاندا تېپىلمايسىز... — ئابدۇباقىنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، كۆزىگە ياش كەلدى. بۇنى كۆرۈپ گۈلەمبەرنىڭ كۆڭلىگە بىر مۇسىبەت كۆلەڭگىسى چۈشۈپ، كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى، "ئەمدى ئالىي مەكتەپتىمۇ ئوقۇپ بوپتىمەن" دەپ ئويلاپ، تەقدىرىگە ئېچىنىپ تېخىمۇ يىغلىغۇسى كەلدى، ئەمما ئانىسى تېخى ھايات تۇرۇپ ھېلىتىن بۇنداق بولۇپ كېتىشنى خالىمىدى. قەمبەر ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاشقا چۈشتى، ھېلىماخۇنمۇ ياش يۇقى



www.uyghurkitap.com

كۆزىدە بالىسىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

باھارخان يەنە قاتتىق يۆتىلىشكە باشلىدى، ئۆپكىسى گويا قاقشىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك پارتىلايتتــى، غاژ-غۇژ ئاۋازلار، ئىغىر-ئىغىر ھاسىراشلار ئۇنىڭ كېســەلدىن ئۇپراپ ئاز قالغان جېنىنى ئاستا-ئاستا ســۇغۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئابدۇباقىغا ئۆزىنــى يۆلەشــنى بۇيرۇدى. يۆتىلى ســەل توختــاپ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن كۆزىنى تەسلىكتە ئېچىپ ھەممەيلەنگە بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن يەنــە ئۇمچىيىپ يىغلاپ كەتتى، ئەمما يۆتىلى ئۇنــى يەنە "ئۇرۇش مەيدانى"غا ئەكەتتى، ئەشــەددىي پارتىلاشلار ھېچ بېسىقاي دېمەيتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ دەممۇ دەم ئىرقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ۋاي ئىســت... ۋاي جېنىم... ئەجەب قاقشاپ كەتتى بۇ جان... ۋاي شوۋىچىلار... ئەجەب يەۋالدىڭ ئۆيىمىزنى، ئەجەب يەۋالدىڭ... قىيامەتتە ســورىغى بولار بۇنىــڭ... مەن ئەمدى ســاقىيالمايمەن... بالىلىرىم، ماڭا بۇ كېسەل چاپلاشتى، ئەمدى ساقىيالمايمەن... دوختۇر دېگەنمۇ ئالداپ يەيدىغان شوۋىچىلار... نەگە بارسام ئوخشاش... — باھارخان يەنە يىغلاپ، ئارقىدىن يۆتىلىپ قان تۈكۈردى، ھالسىز چىرايىدىن ئاخىرقى پەيتلەردە گەپ قىلىۋېلىشقا ئالدىراۋاتقاندەك بىر خىل جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى، ھەممەيلەن ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. باھارخان مىڭ تەسلىكتە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مېنىڭ ســىلەرگە قالدۇرىدىغان تــۇزۇك نېمەم يوق... بالام... ئاۋۇ كارىۋاتنىڭ تېگىدىكى ساندۇقنى ئاچقىنا... ئاچقۇچ ئاۋۇ كىيىم ئاسقۇدىكى چاپىنىمنىڭ ئىچ يانچۇقىدا...

ئابدۇباقى چەبدەســلىك بىلەن ئاچقۇچنــى تېپىپ، ئۆزى بۇرۇنــدىن كۆز تىكىــپ كەلگەن "ســىرلىق خەزىنە" — تۆش نەقىشلىك كىچىك ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ئانىسىنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ ئاچتى؛ لاتا-پىتىلەر ئارىســىدىن ئۈچ بۆلەككــە بۆلۈپ ئايرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويۇلغان پۇلنى كۆرۈپ ئانىسىغا قارىدى، باھارخان پۇلنى ئال دەپ ئىشارەت قىلدى. ئابدۇباقى پۇلنى ئاۋايلاپ ئالدى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.

— مەندىن كېيىن قالساڭلار... بۇنى تالىشىپ ئۇرۇشماڭلار... شۇڭا بۇنى بۆلۈپ بېرەي... بولمىسا... گۆرۈمدە...خاتىرجەم ياتالمايمەن... ئاللاھ تائالا ئالدىدا ئىنساپلىق بولۇڭلار... باللىرىم... پۇلغا ئاچكۆز بولماڭلار، مەن ئۆلۈپ كەتكۈچە... ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدە سىلەرگە دۇئا قىلىپ قويىمەن... مەندىن كېيىن بىر-بىرىڭلارغا ياردەم قىلىڭلار... ئەگەر كىم مەن بۆلۈپ بەرگەنگە رازى بولمىسا... مىراس تالىشىپ ئۇرۇشسا مەن ئۇنىڭدىن... ئۇ دۇنيا... بۇ دۇنيا رازى ئەمەس... ئەگەر كىم مېنىڭ ۋەسىيىتىمگە ئەمەل قىلمىسا... مېنىڭ دۇئايىم قارغىشقا ئۆزگىرىپ... ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ...

— سىز تېخى ياشايسىز ئانا، بىزگە ۋەسىيەت قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمىدىڭىز، بىزگە بۇ مىراسلىرىڭىزنىڭ كېرىكى يوق، سىز بىزگە كېرەك ئانا، سىزنى مۇشۇ پۇللارغا داۋالىتىلى... سىز كەتسىڭىز بىز قانداق قىلىمىز؟! — دېدى ئابدۇباقى ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك.

— ئاشۇنداق قىلايلى ئانا، ئاۋۋال سىزنى داۋالاپ ساقايتىلى! — دېدى گۈلەمبەر.

ھېلىماخۇن بىلەن قەمبەرمۇ ئۇنى قوللايدىغان كۆچلۈك ئىپادە بىلدۈردى.

— جاننى ئالسا خۇدا ئالىدۇ باللىرىم... كېسىلىم پىشىپ قالدى... ئاچچىق دەستىدىن ئۆپكەمنىڭ ساق يېرى قالمىدى... ئۇھ... قېرىغاندا بۇ جەۋر-زۇلۇمنى ئەجەب سالدىڭ خۇدا... ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلغىنىمنى بىلمىدىم... رەھمەتلىككە بەرگەن ئەقىدەمنى ساقلاپ، باللىرىمنى بېقىپ كەلدىم... رەھمەتلىك بولغان بولسىمۇ بۇ ھالغا قالماستۇق... شۇ تەۋەررۈك جايىمىزنى

قولدىن بېرىپ قويغاندىن بېرى يۈرىكىم زىدە... مەزلۇم خەق ئاجىز بولىدىكەن... بالىلىرىمنى ئاخىر تالادا قويىدىغان بولدۇم... شەپقەتلىك ئاللا... بۇلارنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن... سەن ئىرادە قىلغان تەقدىرگە تەن بەرمەي ئامالىم يوق... ئۇلۇغ خۇدا... مەندىن قالسا بالىلىرىمنى خارلىقتا قويمىغايسەن... — باھارخان يىغلاپ دۇئا قىلىپ بالىلىرىنى يىغلىتىۋەتتى.

— ئانا... سىز ئەگەر بىزنى داغدا قويۇپ كېتىدىغان بولسىڭىز مەن ھوشۇر ھاكىم دېگەن ئوغرى بىلەن ئۆلگىچە ھېسابلىشىمەن، نېمە قىلىۋەتسە مەيلى، سىزنىڭ ئەنتىڭىزنى ئالماي قويمايمەن!

— ياق... بالام... ئۇ ئالدامچى... ئوغرىلار بىلەن قىيامەتتە ھېسابلىشىمىز... ھازىر ئويلىسام... ئۆزۈمدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن يېرى بار... ئۇچ يىلنىڭ... ئالدىدا دۇكانچىلار سېتىپ بېرىڭ دېسە... كېيىن ئۆي-زېمىن ئۆسىدۇ دەپ... پايدىنى كۆزلەپ ئۇنىماپتىكەنمەن... بىزگە تېخى ئۆي سېلىپ بەرمەكچى بولغانىدى... شۇلارغا ساتقان بولسامۇ ... بۇنداق بولماستى... ئاخىر زىيان تارتتىم... ئۆزۈم ئۇقمەن، بۇ ... ئىچىمگە ئۆتۈپ كەتتى... ئويلىماي دەپ باقسامۇ... سىلەرنى ئويلاپ... بىچارە بالىلىرىم... ئىچىم ئاچچىقتا... تولۇپ كەتتى... ئۇھ ... ماڭا بىر پىيالە سۇ بېرىڭلار...

گۈلەمبەر سۇ ئەكەلدى، باھارخان سۇنى ئۆزىنىڭ بېشىغا قويۇپ ئايەتلەرنى ئوقۇپ دېمىدە قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئاز-ئازدىن ئىچىپ تۈگەتتى-دە: "گۇناھىمدىن ئۆتكەيسەن خۇدايىم، بالىلىرىمنىڭ گۇناھىدىنمۇ ئۆتكەيسەن، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئىنساپ بەرگەيسەن..." دەپ بالىلىرىغا ئاڭلىنار-ئاڭلانماس دۇئالارنى قىلدى.

باھارخان دوختۇرخانىدا ياتقان چېغىدىلا ئۆي جايىنى دەپ تارتقان ئېغىر دەرد-ئەلەملىرى، تۈگىمەس ھەسرەتلىرىنىڭ بۇ قېرى جېنىنى قىيناپ، ئاخىر ئۆلۈمگە قىستاپ بارغىنىنى كۆڭلىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر دائىم سېزىپ تۇراتتى ۋە باللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ مىراس بۆلۈپ بېرىشنى ئويلاپ قويغانىدى، ئۇ دۇئادىن كېيىن ئابدۇباقىغا ۋەسىيەت قىلىشقا باشلىدى:

— سەن... مېنىڭ بىر تاللا ئوغۇل بالام... مەن سەندىن رازى بالام... سېنى بېقىپ چوڭ قىلىپ مۇشۇنچىلىك ئادەم قىلىپ قويدۇم... مەندىن كېيىن سەن ... مۇشۇ ئۆينى ئوبدان تۇت... سانىيخاندىن ساڭا ياخشىلىق كەلمىدى... سېنىڭ كۆڭلۈڭنى دەپ ئېلىپ بېرىپ... يامان قىپتىكەنمەن. پۇلغا تەگكەن بولدى... كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئۆيلەپ قويالمىدىم بالام... ئوبدان خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ بېرەرمەن دېگۈچە... بۇ ۋەيرانچىلىققا... ئۇچراپ ... مانا ئەمدى... ھەممىسى يوق بولدى... ئاتاڭلارنىڭ روھىنى قورۇندۇرماي... دېسەم... خەپ ئىگەكىم... بۇ ئاچچىق مېنى كېسەل قىلىپ... ئەجەلگە تاقاپ قويدى... — باھارخان قاتتىق-قاتتىق يۆتىلىپ، ئېغىر-ئېغىر ھاسىراپ كەتتى، ھەر يۆتەلگەندە چىرايى ئازابتىن قورۇلۇپ كېتەتتىكى، بۇنى كۆرۈپ باللىرىنىڭ يۈرەكلىرى پۇلاڭلاپ، ئانىسى بىلەن تەڭلا ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئېلىپ، ئۇنىڭ ۋەسىيەت قىلىۋاتقىنىغا بىر ئىشىنىپ-ئىشەنمەي، تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ مۇسىبەت تەشۋىشىدىن تېگىرقاپ، ئانىسىغا ئېگىشىپ قاراپ قېتىپ قېلىشتى، ھەممىسىنىڭ بوغۇزىغا يىغا كەپلىشىپ گەپ قىلغۇدەكمۇ جۇرئىتى قالمىدى، يىغلامسىراپ تۇرغان گۈلەمبەر نەچچە قېتىم گەپ قىلاي دەپ تەمشىلىپ، ئابدۇباقىنىڭ تەخىر قىل دېگەن كۆز ئىشارىسى بىلەن توختاپ قالدى، دەرھال ئېسىنى يىغىپ ئانىسىنىڭ ئاران تەستە قىلىۋاتقان سۆزىنى بۆلۈۋەتمەسلىككە تىرىشتى. باھارخان يۆتىلىپ، قىينىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى تەسلىكتە داۋام قىلدى:

— ... ئاللاھ ئامانىتىنى ئالغىچە دەيدىغىنىمنى دەۋالاي... ئابدۇباقى... بالام... مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىمەن دېمە... ۋاي مېنى داۋالىتىپ ساقايتىمەن دېمە... جېنىم بالام... بۇ

دوختۇر دېگەن پۇل... پۇل دەپلا تۇردۇ... جاننى ئالسا خۇدا ئالدۇ... شۇ دوختۇرغا بېرىمەن دېگەن پۇلنى سىلەرگە بېرىپ كەتسەملا... خاتىرجەم كېتىمەن... جېنىم باللىرىم... ھاكىمنىڭ ھارام پۇلى بولسىمۇ... لېكىن ئۆي ساتقان پۇل... مۇشۇ پۇلنى سىلەرگە قالدۇراي... پۇل دېگەن شۇنداق... شەيتاندەك لەنتى... يامان نەرسىكەن... مۇشۇ نەرسىنى خۇدايىم نېمە دەپ ياراتتى... ئۇقمىدىم... ئىپتىمال بىزدەك بەندىسىنى سىناشقا ياراتتى... ھەققىمىزنى يەۋالغان بۇلاڭچىلار بىلەن... قىيامەتتە ھېسابلىشارمىز... ھەممىنى بىلگۈچى خۇدا... مەندىن ئۆتكەن گۇناھ بولسا... تۆۋە قىلدىم خۇدا... باللىرىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! باللىرىم... مۇشۇ پۇلنى ئۆزۈم ئويلاپ سىلەرگە ئايرىم بۆلۈپ بېرىشنى... نىيەت قىلدىم...ھەممىڭلارنىڭ ھەققى بار... ئۆزۈم بېرىپ كەتمىسەم... سىلەرنىڭ ھەققىڭلارنى... ئادىل ئايرىپ بەرمىگەن بولىمەن... بۇنى خۇدايىم مېنىڭ دىلىمغا سالدى... ھېچقايسىڭلار مەندىن رەنجىمەڭلار... جېنىم باللىرىم... مەندىن رازى بولۇپ قېلىڭلار... — باھارخان يىغلاپ كەتتى.

ئابدۇباقى بىلەن گۈلەمبەر بىر ئېغىزدىن تەڭلا: ”بىز رازى ئانا... بىز رازى... نېمە دېسىڭىز شۇ...“ دەپ يىغلىشىپ ۋەدە بىلدۈرۈشتى، بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىۋالغان ھېلىماخۇن بىلەن قەمبەر بىر چەتتە خىرتىلداپ يىغلايتتى. باھارخان بارلىق ماغدۇرىنى يىغىپ، ئاخىرقى نەپىسى قالغۇچە ۋەسىيەت قىلىۋېلىشقا ئالدىرىدى:

— ئابدۇباقى... بالام... سەن پۇل خەجلەشكە ئامراق... سېنى يامان ئۆگىتىپ قويغان يېرىم بار... شۇڭا سەن... مەن بۆلگەن مىراسقا... رازى بول... ساڭا دەي... ساڭا مەندىن قالدىغان مىراس مۇھىممۇ... يا... دۇئايىم مۇھىممۇ؟

ئابدۇباقى يىغلامسىراپ شۇنداق دېدى:

www.uyghurkitap.com

— سىزنىڭ دۇئايىڭىز مۇھىم ئانا، ماڭا ھېچ نېمە قالمىسىمۇ مەيلى، بىر ياخشى دۇئا قىلىپ قويسىڭىزلا بولدى... مەن ھېلىمۇ سىزنىڭ جىق پۇلىڭىزنى خەجلەپ بولدۇم... ھەممىنى دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ...گۇناھىمدىن قورقىمەن...سىزمېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتۈپ ماڭا بىر ياخشى دۇئا قىلىپ قويسىڭىزلا بولدى... سىزدىن مەن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى... — بۇ گەپلەرنى ئۇ ئۆزى چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ دەۋاتقاندەك ھېس قىلدى، لېكىن ئانام ماڭا زادى قانچىلىك پۇلنى ئايرىپ بېرەر دەپ كۆڭلىدە شىددەت بىلەن چوت سوقتى.

— بالا دېگەن... دۇئا بىلەن كۆكلەيدۇ... شۇنى ئېسىڭدە تۇت... ساڭا مەندىن قالغان نەرسە ئەسقاتمايدۇ... سېنىڭ ھەققىڭدە...ئاللاھ تائالاغا قىلغان دۇئايىم ئەسقاتىدۇ... ساڭا مۇشۇ ئۆي... مىراس قالدى، يەنە ماۋۇ 10 مىڭ كوينى ئال... مەندىن كېيىن بىرەر ئىش-ئوقەت قىلارسەن... يەنە بىر ئىش... بۇرۇن مۇشۇ شىياڭگاڭ مەھەللىسىدە... نۇسرەتخان دەپ بىر باي خوتۇن بولىدىغان... ئۆيىنىڭ يېرىمىنى بازارلىق ھۆكۈمەت يول كېڭەيتىمىز دەپ چېقىۋەتكەندە يۇقىرىغا ئەرز قىلىپ ... بېيجىڭغىچە بېرىپ ئەرزىنى ئاقتۇرۇپ كەپتىكەن... مەن ئەمدى باراي دېسەم كېسەل چاپلىشىپ ياتتىم... ئاللانىڭ ئىرادىسى شۇ بولسا بۇنىڭغا مەن رازى... ئەمما ئاللا تائالامۇ سەۋەب قىلىشنى چەكلىمەيدۇ، ئۆمرۈڭ بولسا سەن بولساڭمۇ سوتقا بېرىپ باقارسەن... پۇل تېپىپ قالغۇدەك، يۈرىكىڭ توختىغۇدەك بولۇپ قالسا... بېيجىڭغىچە بېرىپ باقارسەن... ساڭا قىلىدىغان ۋەسىيىتىم شۇ... مۇشۇ ئۆيىنى بولسىمۇ مەھكەم ساقلا... ئاۋۇ بۇلاڭچىلار... بېرىمىز دېگەن تام ئورنىنى... چوقۇم ئال... ئېلىپ سېتىۋەتسەڭمۇ پۇل... پۇلنى تېجەپ ئىشلەت... خىزمىتىڭ ئەسقاتمىسا... مۇشۇ پۇل... ئوقەت ئەسقاتىدۇ... ھاراق ئىچمە... ھاراقكەشلەر بىلەن ئارىلاشما... خۇدايىم كۆڭلۈڭگە ئىنساپ بەرسۇن... ئەتىگەندە بىرەر ۋاخ

بولسىمۇ ناماز ئوقۇ… مەسچىتكە چىق، جامائەت بىلەن ئارىلاش…
يۈز-ئابرۇيىمىزنى تۆكمەي ياشا… ئاچا-سىڭىللىرىڭنى ئاسرا…
ــ باھارخان خىرقىراپ گەپ قىلىپ كېلىۋېتىپ يەنە تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى، ئۇ يۆتەلدىن ئۈزۈلۈپ ئۈزۈن گەپ قىلىسمۇ بالىلىرىغا بۇ گەپلەر ناھايىتى قىسقا، شىددەتلىك، تەسىرلىك ئاڭلىناتتى، ئابدۇباقى تىترەپ تۇرۇپ:
ــ دېگەنلىرىڭىزنى چوقۇم قىلىمەن ئانا، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ! مەن سىز دېگەندەك ئادەم بولمىسام ئۇ دۇنيا-بۇدۇنيا يۈزۈم قارا بولۇپ كەتسۇن… ــ دەپ قەسەم ئىچتى، ئەمما ئۆزىگە تەقسىم بولغان پۇلنىڭ ئازلىقىدىن نارازى بولدى، "قالغانلارغا قانچىلىك مىراس قالار، قالغان پۇلنى ئانام قانداق قىلار" دېگەن سوئاللار كاللىسىنى قوچىۋەتتى. باھارخان بىر ئاز تىنچلىنىۋالغاندىن كېيىن گۈلەمبەرگە ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى، گۈلەمبەر ئانىسىنىڭ ئۆزىگە بۇ ئاخىرقى قېتىم قارىشى ئىكەنلىكىگە بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى، بۇ راست ۋىدالىشىش ئالدىدىكى ھالەتمىدۇ؟ باھاردەك ئىللىق ئانىسى بالىلىرىدىن، ئۆيىدىن، ھەممە نەرسىدىن، قىسقىسى بۇ دۇنيادىن مۇشۇنداق تېزلا خوشلىشامدىغاندۇ؟
ــ قىزىم… مۇشۇ كەمگىچە مەن سېنى ئۆز قىزىم دەپ كەلدىم… سەنمۇ ماڭا ئىچىكىپ كەتتىڭ… ھېسابتا مەن سېنىڭ ئاناڭ، لېكىن… سېنى تۇغقان ئاناڭ ئەمەس… بۇنى مۇشۇ كەمگىچە… سەندىن يوشۇرۇپ كەلدىم… يوشۇرغان بىلەنمۇ… سەن ئۇنى ئۇقتۇڭ… ئۇقساڭمۇ مېنى يەنە ئانا دەپ كەلدىڭ… مەن ئۆلۈپ كېتىمەن… ئۆز ئاغزىم بىلەن شۇنى دەپ قوياي… قەمبەر سېنى تۇغقان ئاناڭ… نېمىلا قىلسا ئۇ سېنىڭ ئاناڭ… داداڭنىڭ كىملىكىنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز… قەمبەردىن سورىساڭ… دەپ بېرەلمەيدۇ… بۇ… بۇرۇن گەپ قىلالمايتتى، ھازىر خېلى تىلى چىقىپ قالدى… سەن ئۇنى ئاچام دەپ

www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىپ قالدىڭ، مەندىن كېيىــن قالغاندىمۇ... ئۇنى ئۇنداق دەپ يۈرمە... ئۇنى ئۆز ئاناڭ كۆرۈپ ئاسرىغىن قىزىم... سەن... شۇنداق تۇغۇلۇپ قالغان... بولســاڭمۇ... لېكىن ئۇبدان چوڭ بولدۇڭ... ئوقۇشقا بېرىشــنى بەك ئارزۇ قىلىسەن... ئوقۇشقا ئۆتۈپ قالســاڭ ئىشلىتەرسەن دەپ ســاڭا ئاز بولسىمۇ 15 مىڭ كوينى ئاتاپ قويدۇم... مە ئاله... ئۆز قولۇڭغا ئال...

بۇنى كــۆرۈپ ئابدۇباقىنىڭ كۆزىگــە قىزىللىق تىقىلدى، گۈلەمبەرنىڭ ۋۇجۇدى ئوت ئالدى، باغلاقلىق پۇلنى ئېلىپ خۇددى ئانىســنىڭ چوغدەك يۈرىكىنى تۇتقاندەك تىترەپ، ئەندىكىپ تۇرۇپ ئالدى، شۇ دەقىقدە كۆزلىرىدىن ئاققان خۇشاللىق ياشلىرى باياتىن ئاققان قايغۇ ياشــلىرى بىلەن ئىختىيارســىز ئالمىشىپ كەتتى، ئۇ ئىلگىرى كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ھەم روھىي دۇنياغا تەڭ قىلمايدىغان ماددىي دۇنيا بىر دەمدىلا ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ روھىنى بويسۇندۇرۇپ قويدى.

باھارخان دەممۇ دەم خىرقىراپ ئاخىرقى مىراسىنى بۆلدى:

ــ ھېلىماخۇن، مەيەرگە كەل بالام... ئاله ماۋۇ 10 مىڭنى... قەمبەر بىلەن تەڭ خەجلەپ نەۋرەمنى بېقىڭلار... ســەن بىزگە جىق ئىشلىدىڭ... بۇ مىراستا ھەققىڭ بار...

ھېلىماخۇن قورۇنۇپقىنە كېلىپ پۇلنى ئېلىپ مەيدىســىگە باستى ـ دە، ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى. ئابدۇباقى يۈرىكىگە پىچاق سانچىلغاندەك تولغىنىپ ئولتۇرالماي قالدى. باھارخان بىر پەس دېمىنى ئېلىۋېلىپ ئاخىرقى ۋەسىيىتىنى داۋام قىلدى:

ــ پۇلنى... چىڭ ساقلاڭلار... بانكىغا ئاپىرىپ قويالىساڭلار بانكىدا قويۇڭلار... ئۆزۈم ئاپىرىپ قويۇپ قولۇڭلارغا چەك بېرەي دېســەم... شــۇ ئوغرىلارغا ياندۇرالمىغان بۇ سېسىق پۇلنى... يەنە ھۆكۈمەتنىڭ بانكىســىغا... ئاپارغۇم كەلمىدى... قارىساملا ئىچىم ئېلىشــىدۇ... چۆرۈۋەتكىلى تېخى بولمىغان... مۇشۇنى دەپ خەق جېنىنى ســېپ بېرىۋاتقان... ئېلىــڭلار بالىلىرىم...

لازىملىق يەرگە ئىشلىتىڭلار... ئۇن مىڭ كوي دېگەنمۇ چوڭ نېمە ئەمەسكەن... ناھايىتى كەلسە بىر باغلام... ئەمما پۇلنىڭ خارلىقى بەك يامان باللىرىم... پۇلـــۇم جىق دەپ بۇزۇپ- چاچماڭلار... گۈلەمبەر قىزىم... سىز ئوقۇشقا ئۆتەلىسىڭىز... بۇنى شۇنىڭغىلا ئىشلىتىڭ... ئۆتەلمىسىڭىز... تۇرمۇشىڭىزغا ئىشلىتىڭ... سىزمۇ چوڭ بولىســـز... ئەرگە تېگىســـز... بالىلىق بولىسىز... پۇل كېرەك... ھەممىگە مۇشـــۇ پاســـكىنىخان بولمىسا بولمايدۇ... بىز دېھقان خەق ئەمەس... ئېتىزدىـــن تېرىۋالىدىغان... پۇلغا ئاش ئېلىپ يەيمىز... پۇلنى ھەر ۋاقىت ئاياپ ئىشـــلىتىڭلار... ئابدۇباقى... بالام... ســـەنمۇ مەندىـــن رازى بولغىن... پۇلنى ئاز بەردى دەپ ئويلاپ قالمىغىن... ســـاڭا ئەزەلدىن پۇل بېرىپ كېلىۋاتىمەن... مۇشـــۇ ئۆي ســـاڭا قالدى... ســـەن دېگەن ئەر كىشى... پۇل تاپالايسەن... بۇ ئانا- بالا ئىككىسى ئايال خەق... ئاجىز... پـــۇل تاپالمايدۇ... ھېلىماخۇنىنىڭمـــۇ بۈگۈن تاپقىنى ئەتىسىگە يوق...

— مەن رازى ئانا، سىز ھېلىمۇ مېنى جىق يۆلىدىڭىز، تويۇمنى قىلدىڭىز، پۇل دېسەم پۇل بەردىڭىز... سىزدىن مەن جىق رازى...

— دېدى ئابدۇباقى گېلـــى بوغۇلۇپ، ئۇ دوختۇرخانىدا قالغان پۇلنى ئويلىدى، ئۆزىدىن باشقىلارغا قالغان پۇلغا قارنى ئاغرىپ، بىر تۇرۇپ ئۇنىمۇ ھامان ئۆزىنىڭكىدەك ھېس قىلىپ، ئۇنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ خىلمۇ خىل چارىلىرىنى ئويلىغىلى تۇردى. گۈلەمبەر بىلەن ھېلىماخۇنىنىڭ قولىدا مەھكەم سىقىلىپ تۇرغان باغلاقلىق پۇللار ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجـــۇپ ھېچ قويۇپ بېرەي دېمەيتتى، ئاشۇ پۇللار ئۆزىنىڭ نەچچە يىللىق مائاشى ئەمەسمۇ؟ ئاشۇ پۇللار توپ- توپ ھاراق- تاماكا، خوتۇن... موتســـكلىت... ئىشقىلىپ بارچە نوچىلىقنىڭ، راھەتنىڭ مەنبەسى ئەمەسمۇ؟!

بۇ ئاخشـــىمى ھەممەيلەن باھارخان ياتقـــان ئۆيدە ياتتى. ئابدۇباقىنىڭ ئىچى قىزىزىپ كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ تولغىنىپ

www.uyghurkitap.com

ياتالمىدى، پۇلنى ئۇلاردىن قانداق ئېلىۋېلىش ھەققىدە تولا خىيال سۈرۈپ ساراڭ بولۇپ كەتتى. بىر تۇرۇپ ئۇلارغا ئۆچى ئاغرىيتتى، بىر تۇرۇپ "ئۇلار ئۇنچىلىق جىق پۇل تۇتۇشقا لايىق ئەمەس، ئۇلار ئادەتتە قولىغا بىر يۈز كوينىمۇ ئېلىپ تۇتۇپ ساناپ باقمىغان تۇرسا، نېمە ئىش قىلالايتتى؟ ئانامۇ ساراڭ، ماڭا نېمىشقا ئىشەنمەيدۇ، ئۆينىڭ چوڭى مەن تۇرۇپ نېمىشقا گۈلەمبەر دېگەن ھاراملىققا مەندىن جىق بېرىدۇ؟ نېمىشقا مېنى ھېلىماخۇن دېگەن چۈپرەندە بىلەن تەڭ كۆرىدۇ؟ بىر تال ئوغۇل دەپ ئۆيىنى بەرگەندىكىن پۇلنىڭ ھەممىنىمۇ ماڭا قالدۇرغان بولسا مەن ئۇلارنىڭ ئېسىۋىسىنى تارتىۋېلىپ ئۆيدىن قوغلىۋېتەتتىممۇ؟ ئانام ماڭا زادى نېمىشقا ئىشەنمەيدۇ؟! ئانام زادى ئەزەلدىن ماڭا ئىشەنمەيتتى!..." دەپ ئويلايتتى، مۇشۇنداق ئويلىغانچە ئۇ ئانىسىغا تۇرۇپلا ئۆچ بولۇپ كەتتى، ئانىسى بۆلگەن مىراس ئۇنىڭ روھىنى كەسكىن ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ تاشلىدى. مىراستىن ئىلگىرى ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يىغلىغان بولسا، مىراستىن كېيىن بۇ ھېسسىياتى قالمىدى.

باھارخان كېچىچە يۆتىلىپ ئۇخلىيالمىدى، ئۇ گويا شۇ دەمدە جان بېرىدىغاندەك دەممۇ دەم خارقىرايتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ خۇداغا نالە قىلىپ بوغۇلۇپ يىغلايتتى، ئاۋازى غىڭشىغاندەك چىقاتتى. بۇنى ئاڭلىغاندا ئابدۇباقى ئانىسى خۇددى ئۆزىگە ئۆزى قىلغاندەك، ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىشى كېرەكتەك ھېسسىياتتا بولۇپ، باشتىكى كۆيۈمچانلىقى، رەھىمدىللىكىنىڭ ئورنىنى قاباھەتلىك بىئاراملىق ۋە سوغۇق بىر تاش يۈرەكلىك ئىگىلەپ ماڭدى، باھارخان يۆتىلىپ تۇرغاچقا بۇنداق چاغدا ھېچقايسىسىنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بارمايتتى، تاڭ سۈزۈلەرگە يېقىن گۈلەمبەر بىلەن ھېلىماخۇننىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قالدى، قەمبەر تۇيۇقسىز ئويغىنىپ غىڭشىپ يىغلاۋاتقان بالىسىنى پەپىلەپ ھەم ئانىسىغا قاراپ ئۇخلىماي ئولتۇردى.

ئەتىسى ئابدۇباقى كۆزى قىزىرىپ قوپتى، قاق سەھەردىلا ھېلىماخۇن بىلەن گۈلەمبەرنى ئويغىتىپ تالاغا چاقىرىپ چىقىپ:

— ئانام بولالماي قېلىۋاتىدۇ، بۇنداق كېتىۋەرسە ئانامدىن ئايرىلىپ قالىمىز. مېنىڭچە پۇل كەتسىمۇ ئۇنى داۋالىتىلى، ئانام بەرگەن پۇلغا داۋالىتايلى، ئانىمىز مۇھىممۇ يا پۇل مۇھىممۇ؟ ئانام داۋالانسىلا ساقىيىپ كېتەتتى، ئۆزى ئۇنىماي مۇشۇنداق قىينىلىپ يېتىۋەرسە، بىز مىراس ئالغانغا خۇش بولۇپ يۈرۈۋەرسەك قانداق چىدايمىز... — دېدى، قاتتىق قايغۇرۇپ جىددىيلىشىپ كەتكىنىنى ئىپادىلەپ كۆزىدىن بىر-ئىككى تامچە ياشمۇ چىقىرىۋەتتى.

— ئەمىسە قانداق قىلىسىمىز ئاكا، ئانامنى داۋالىتامدۇق!؟

— دېدى گۈلەمبەر، ھېلىماخۇنمۇ قېينانىسىنى داۋالىتىشقا ئاۋاز قوشتى.

— داۋالاتماي قانداق قىلىمىز، قولىمىزدىكى پۇلغا خۇش بولۇپ يۈرىمىزما؟ خەقمۇ ئۆزىنى باققان ئاتا-ئانىسىنى قەرزگە بوغۇلۇپ كەتسىمۇ داۋالىتىدۇ، بىز مۇشۇنداق قاراپ تۇرامدۇق؟! ئاپىرىپ داۋالاتمىساق، ئانامنى قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بولىمىز!

گۈلەمبەر ئانىسىنىڭ كېچىچە يۆتىلىپ قىينىلىپ چىققانلىقىنى ئويلاپ:

— داۋالاتساق چوڭراق يەرگە ئاپىرىپ داۋالىتىلى، پۇل كەتسە مەيلى، بىز بېرىمىز! — دېدى.

— ئۈرۈمچىگە ئاپارسام گەپ يوق ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى ئابدۇباقى ئۆزىنى ئىشەنچلىك كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، — مەن 10 مىڭنى چىقىرىمەن، سەن 10 مىڭنى چىقارغىن ئۇكام، ھېلىماخۇن 10 مىڭنى چىقارسۇن، ئانامنى مەن بۈگۈنلا ئۈرۈمچىگە يۆتكەي، چوڭ شەھەردە پۇل بەك كېتىدۇ، قاتناش دەيسەن، دوختۇر پۇلى دەيسەن، ئانام بىر ئاي ياتمىغۇچە ساقىيالمايدۇ، دوختۇر شۇنداق دېگەن...

— ئانام ساقايسىلا مەيلى... ئۇ بەرىبىر ئانامنىڭ پۇلى، — دېدى گۈلەمبەر خۇددى ھېلىماخۇننىڭ پۇل بەرمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك. ھېلىماخۇن بوغۇق ئاۋازدا:

— شۇ... ئۇ دېگەن ئانامنىڭ پۇلى... داۋالىتىلى — دېدى.

بۇ ئىككىسى ھەقىقەتەن ئۈيقۇسىدىن تېخى تولۇق ئويغىنىپ بولالمىغاندەك قىلاتتى، كۆڭلىدە پەقەت ئاخشام كېچىچە يۆتىلىپ جېنى قاقشاپ كەتكەن ھەم بالىلىرىنى قورقۇتۇپ ئەنسىرىتىپ، ئۇيقۇسىز قويغان ئانىسىنى ئويلايتتى. ئۇلار ئۆيگە پۇلنى ئالغىلى ماڭغاندا ئابدۇباقى پەس ئاۋازدا:

— بۇ ئىشنى ئانام ئۇقۇپ قالمىسۇن، بولمىسا ئۇنىماي تۇرۇۋالىدۇ، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى. ئابدۇباقى گۈلەمبەرنىڭ سەزگۈرلۈكىدىن دەماللىققا قېچىش ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بەش مىڭ كوينى دېمىدى.

گۈلەمبەر بىلەن ھېلىماخۇن 20 مىڭ كوينى ئابدۇباقىغا ساق تۇتقۇزدى، ئابدۇباقى خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالدىيۇ چاندۇرماي:

— ئەسلى مۇشۇنداق قىلساق بولاتتى... لېكىن ھەممىڭلار بىلىسىلەر ئانام پۇلغا يامان چىڭ... پۇل تۇرۇپ داۋالانمايمەن دەپ يېتىۋالسا بىز قانداق چىدايمىز... مېنىڭ ماشىنام بار... ھەر قايسىڭلارنى باقالايمەن... ئانامنى ساقايتىپ كەلسەم... 30 مىڭ كوي دېگەن نېمە ئۇ! — دەپ سۆزلەپ كەتتى، گۈلەمبەر بىلەن ھېلىماخۇنمۇ ئارتۇقچە گۇمانلىنىپ ئولتۇرماي، ئابدۇباقىغا مەدەت بەردى.

ئابدۇباقى شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ كاسىر بىلەن بىر مۇنچە جېدەللىشىپ، قولىغا ئاشقان 100 كوينى ئېلىپ، بىر كىچىك ماشىنىنى كىرالاپ، ھالى بوشاپ كەتكەن ئانىسىنى ماشىنىغا سېلىپ ۋىلايەت مەركىزىگە

ئەكەتتى. يول ئۈستىدە باھارخان ئىنجىقلاپ، يۆتىلىپ، قان تۈكۈرۈپ خېلىلا قىينالدى، ئابدۇباقى ئانىسىغا ئۆزىنىڭ بۇ ھالغا چىدىيالماي قالغانلىقىنى، ئاخىر ئۆزى پۇل چىقىرىپ داۋالىتىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. باھارخان ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى، ئىپادە بىلدۈرگىدەكمۇ ھالى يوق ئىدى.

ئابدۇباقى ئانىسىنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئەمەس، ئادەتتىكى بىر شەخسىي شىپاخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتتى، بۇ يەردە ئون كۈن ياتقانغىمۇ مىڭ كويدىن جىق پۇل كەتتى، بۇ يەرگە ئەكەلگەندىن باشلاپ باھارخان گەپتىن قېلىپ، نەپەس ئېلىشى كۈندىن-كۈنگە قىيىنلىشىپ كەتتى. دوختۇرلار بۇ كېسەلنى بۇ يەردە داۋالاپ ساقايتىشقا ھەقىقەتەن ئامالسىز ئىكەنلىكىنى، چوڭراق دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەكلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ ئابدۇباقى پۇل يوق دەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، ئانىسىنى ئاخىر شۇ شىپاخانىدا قىيناپ ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىپ قويدى.



## 4

ئابدۇباقىنىڭ كۆزلىرى قورقۇنچتىن پىلدىرلايتتى، ئانىسىنىڭ مېيىتىنى ئۆيىگە ئاپارغاندا ئېغىزى گەپكە كەلمەيتتى. ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىنى قوبۇل قىلالمىغان قەمبەر، گۈلەمبەر، ھېلىماخۇن مېيىتنى قۇچاقلاپ يىغلايتتى، ئابدۇباقى بۇلارغا قاراپ قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلسىمۇ، ئەمما پۇللىرىنى ئويلاپ ئۆزىگە ئىلھام بېرىپ، گۈلەمبەر بىلەن ھېلىماخۇننىڭ يىغلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ پۇلنى ئېسىدىن چىقارغىنىدىن سۆيۈنۈپ، ئەگەر كېيىن سوراپ قالسا "پۇلۇمنى ئوغرى ئېلىۋالدى، بولاڭچىغا تارتقۇزۇپ قويدۇم" دېگەندەك گەپ بىلەن قۇتۇلۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. مېيىت يۇغىلى كىرگەن بۇۋىم مېيىتنىڭ قاقسىق دورا پۇراپ قالغانلىقىنى سەزدى، ئەمما نېرى-بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرماي مېيىتنى يۇيۇپ،

چاچلىرىنى تاراپ، كېپەنلىككە ئورىدى.

مېيىت تاۋۇتقا سېلىنىپ مەسچىتكە ئېلىپ بېرىلىپ نامىزى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىلدى. تاۋۇت كۆتۈرگەن ئابدۇباقى ئانىسى تۇپراققا كۆمۈلۈپ كەتسىلا مۇسىبەت ئۇنتۇلۇپ، ھەممە ئىش جايىغا چۈشۈپ، جاھان ئەمدى ئۆزىنىڭ بولىدىغاندەك ئويلاپ، يەڭگىل قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى؛ يىغلاپ ئۈزۈلۈپ قالغان قەمبەر، گۈلەمبەرلەرنىڭ ئاھۇ-زارىنى، جامائەتكە قوشۇلۇپ ئۈنسىز يىغلاپ كېلىۋاتقان ھېلىماخۇننىڭ ئىچ-ئىچىگە پاتماي قالغان دەرد-ئەلەملىرىنى ئويلاپ ھېسداشلىق قىلغۇدەكمۇ چولىسى يوق ئىدى.

باھارخان قائىدە بويىچە دەپنە قىلىنىپ، ئۈچ نەزىر، يەتتە نەزىرلىرىمۇ ئابدۇباقىنىڭ يۈز چىدىماي ئاتىغان پۇلى، ھاراقكەش ئەل-ئاغىنىلىرى، قوشنا-قولۇملىرىنىڭ يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى بىلەن ئەل قاتارى ئۆزىتىلدى. نەزىر كۈنى قەمبەر بىلەن گۈلەمبەر "ۋاي ئانام" دەپ يىغلاپ ياشلىرى قۇرۇپ، ئۈنى پۈتۈپ كەتتى، نەزىرگە كەلگەنلەرمۇ تەسەللىي ئېيتىپ ھارمىدى.

نەزىر تۈگەپ، يىغا-زارىمۇ پەسىيىپ، تۇرمۇش يەنە ئىزىغا چۈشتى، ھېلىماخۇن ياماقچىلىق ماشىنىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىمۇ ئۆي ئىش ئىزدەپ يۈرۈپ كەتتى. قەمبەر ئۆيدە بالىسىنى بېقىپ قالدى. گۈلەمبەر مەكتەپكە قاتراپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى، بىراق ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايتتى. ئۆلۈم ئادەمگە نەقەدەر يېقىن-ھە! تونۇگۈن تېخى مىدىرلاپ، جاڭجىلداپ سۆزلەپ تۇرىدىغان ئانىسىنىڭ بۇ دۇنيادىن جىمجىتلا كېتىپ قالغىنىغا گۈلەمبەرنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەمما بۇ رېئاللىق، بۇ تەقدىر! ئادەم بۇ دۇنيادا زادى نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىمىز؟ ئوقۇپ زادى نېمىنى ئىزدەيمىز؟ بەخت نەدە؟ جەننەت دېگەنچۇ؟... دەپ ئويلايتتى، ھاياتلىق،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەقدىر، كەلگۈسى ھەققىدە خىيال سۈرەتتى. ئۇ يەنە چىمەنگۈل خانىمنى ئىزدەپ باردى، چىمەنگۈل خانىم نەزىرگە كەلگەندە گۈلەمبەرگە تەسەللىي بەرگەن، لېكىن جىق سۆزلىشىشكە ئىمكان بولمىغانىدى. ئۇ چىمەنگۈل خانىمنى كۆرۈپ يەنە يىغلاپ سالدى.

— بولدى، كۆڭلۈڭىزنى بۇزماڭ، بىزمۇ بىر كۈن ئۆلۈپ كېتىمىز، ئۆلگەنلەر ئالدىدا مېڭىپ تۇرىدۇ، قالغانلار كەينىدىن بارىدۇ، بۇ پەقەت ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك مەسىلىسى خالاس... — دېدى چىمەنگۈل خانىم ئۇنى يېنىك قۇچاقلاپ.

— لېكىن مەن پەقەت ئىشەنمەيۋاتىمەن، — دېدى گۈلەمبەر يېشىنى سۈرتۈپ، — ئۆيگە كىرسەممۇ، تالاغا چىقسام‌مۇ ئانام كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ ...

— ھازىر شۇنداق بولىدۇ، ئازراق ۋاقىت ئۆتسە ئۇگىشىپ قالىسىز. ئىمتىھانغا يەنە ئۈچ-تۆت كۈنلا ۋاقىت قالدى، تەييارلىقىڭىز قانداق؟ بەك ئازابلىنىپ كېتىپ ئىمتىھانىڭىزغا تەسىر يەتكۈزمەڭ يەنە!؟

— كاللامغا ھازىر ھېچنېمە چۈشمەيدۇ، كىتابقا قارىسام‌مۇ دىققىتىمنى يىغالمايمەن، بۇ ئۈچ كۈندە قانچىلىك بىر نېمە ئۆگىنىپ بولارمەن؟! ئىمتىھاندا بىر گەپ بولار...

— ھازىرچە كاللىنى ئارام ئالدۇرغانمۇ ياخشى، ئەمما ئىمتىھاننى كۆڭۈل قويۇپ بېرىڭ، خىيالىڭىز باشقا يەرگە كېتىپ قالسا چاتاق. ھازىرقى ھالىڭىز بىلەن ئىمتىھانغا كىرسىڭىز ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

— ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار، — دېدى گۈلەمبەر روھسىز ھالدا، — مۇشۇ ئىككى كۈندىن بېرى نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدىم. كۆپىنچە قىزلار ئاتا-ئانىسىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن ياشاش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپكە بارسام دەيدىكەن، ئىمتىھاننى دەپ تىرىشىدىكەن، ئالىي مەكتەپكە بېرىۋالغاندىن كېيىن

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئويۇن-تاماشىنى باشلايدىكەن، مۇھەببەتلىشىدىكەن، ئەپلەپ-سەپلەپ مەكتەپ پۈتتۈرىدىكەن، تەلىيى كەلسە چوڭ شەھەردە قالالايدىكەن، يۇرتىغا كەلسە ھاكىملارغا يېلىنىدىكەن. ئۆتكەندە مەن شىنجاڭ داشۆنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن بىر قانچە قىز بىلەن ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنىڭ قىرائەتخانىسىدا تونۇشۇپ قالدىم، ئۇلارمۇ ئەدەبىياتقا قىزىقىدىكەن، بىر دەم پاراڭلاشتۇق، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتتى. مانا ئەمدى بىردىنبىر يۆلەنچۈكۈم بولغان ئانام ئۆلۈپ كەتتى. ئوقۇشىقا ئۆتسەممۇ مېنى ئوقۇتىدىغان ئادەم يوق. ئانام كېسەل چاغدا ئوقۇشۇمنى دەپ قولۇمغا 15 مىڭ كوي بەرگەنىدى، 10 مىڭ كوينى ئاكام ئاپامنى داۋالىتىمەن دەپ ئەكىتىپ يوق قىلدى، ئانامنى نەگە ئاپىرىپ داۋالاتتى، نېمىگە خەجلىدى، ئۇقمىدۇق، ئاخىر ئانامنىڭ جەسىتىنى ياندۇرۇپ ئەكەلدى...

— بۇ بولماپتۇ، پۇلىڭىزنى نېمىشقا سورۇشتۇرۇپ باقمايسىز؟

— ئۇياقتىن ئانام ئۆلۈپ كېتىپلا بۇياقتىن پۇلنى نەگە ئىشلەتتىڭ دەپ سورىغىلى نومۇس قىلدىم.

— نېمانچە ئىنساپسىزلىق بۇ! لېكىن بۇنى بەك ئويلاپ تۇرۇۋالماڭ، ئىمتىھانىڭىزغا دەخلى قىلماڭ. ئالىي مەكتەپكە چوقۇم بېرىڭ، ھېلىقى قىزلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماڭ، سىزدە مۇستەقىل ئىدىيە بولۇشى كېرەك، بولمىسا خاتا گەپلەرگىمۇ ئىشىنىپ كېتىسىز. ئۆزىڭىز توغرا دەپ بىلگەن يولدا مېڭىۋېرىڭ، ياشاشنىڭ مەنىسى مانا شۇ!

— لېكىن بۇ ئىش كاللامغا كىرىۋالدى، پۇل شۇنداق يامان نەرسىمىدۇ؟ — دېدى گۈلەمبەر ئىچ-ئىچىدىن ئاھ ئۇرۇپ، — ئانامۇ توختىماي پۇلنىڭ گېپىنى قىلاتتى، ئاكامۇ شۇ پۇلنى دەپ بىزنى ئالدىغاندەك قىلىدۇ.

— پۇل دېگەن ئاشۇنداق يامان نەرسە، پۇلنى دەپ

قېرىنداشلارمۇ ياتلىشىپ كېتىدۇ، مىراس تالىشىپ بىر-بىرىدىن ئادا-جۇدا بولۇپ كەتكەنلەرمۇ تولا! قارىغاندا ئاكىڭىز سىزنى كىچىك كۆرۈپ ئۇ پۇلىڭىزنى ئالداپ ئېلىۋاپتۇ. ئانىڭىزمۇ ئاكىڭىزغا ئىشەنمىگەچكە ئۇ پۇلنى سىزگە ئۆز قولى بىلەن تۇتقۇزغان گەپ، ئانىڭىزنىڭ كاللىسى ئىشلەپتىكەن، ئەمما ئاكىڭىز يەنىلا سىزنى بوزەك قىلىپتۇ.

بۇ گەپ گۈلەمبەرنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەندەك بولدى، ئانىسىنى ئويلاپ كۆزىگە ياش كەلدى، ئاكىسىنىڭ قىلمىشلىرىدىن تېخىمۇ گۇمانلىنىپ، غەزەپ-نەپرەتكە تولدى.

## 5

كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق، پۇلنىڭ ئىشى ۋە پۇلنىڭ گېپى گۈلەمبەرنىڭ بۇرۇنقى رومانتىك روھىغا، ئايغى چىقماس چوڭقۇر خىياللىرىغا زەربە بېرىشكە باشلىدى؛ ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمگە ئاتاپ مەرسىيە يازىدىغان ئىشنىمۇ قايرىپ قويۇپ، ئاكىسى ئابدۇباقى بىلەن پۇل مەسىلىسى توغرۇلۇق نېمە دېيىشىشنى، قانداق تاكاللىششنى ئويلىدى. ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلگەن ئابدۇباقى خۇددى خىيانەتنى سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان ئەمەلداردەك بىخارامان يۈرەتتى. گۈلەمبەر كىتاب كۆرۈۋاتقاندەك قىلىسمۇ دىققەت نەزىرى ئۇنىڭدا، خىيالى پۇلدا ئىدى؛ ھېلىماخۇنمۇ ياماقچىلىق قىلىپ ئولتۇرغان بىلەن كۆڭلىدە تاغدەك ئېغىر دەرد-پىغانى بار ئىدى. بالىسىنى زاكىلاپ قويۇپ، تاماق قىلىمەن دەپ ئوچاق بېشىدا ئىس پۇدەپ يۈرگەن قەمبەرمۇ بالىغا قاراۋاتقان ھېلىماخۇنغا تۇرۇپ-تۇرۇپ "بالا...بالا، ھەي مەتو... ئانىڭ قارا" دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى.

— ئاكا، — دېدى گۈلەمبەر ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ قولىدىكى كىتابنى قويۇپ، — سەندىن شۇنى سوراپ باققۇمىز

بار، ئانامنى سەن زادى نەگە ئاپىرىپ داۋالاتتىڭ، بىزدىن ئالغان پۇلنى زادى نىمىگە ئىشلەتتىڭ؟ سەن 10 كۈننىڭ ئىچىدە شۇنچە جىق پۇلنى خەجلەپ بولدۇڭما؟
ئابدۇباقىنىڭ كۆزى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ، قارىچۇقلىرى نەچچە پىقىراپ ئايلىنىپ بولدى.
— پۇلنى ئانامغا ئىشلەتمەي نەگە ئىشلىتىمەن؟! — دېدى ئۇ گۈلەمبەرگە ھومىيىپ، — 10 نەچچە مىڭ كوينى كوچىدا ئوغرىغا بەردىم. ساڭا ئەمدى ھەممە نەرسىنىڭ ھۆججىتى كېرەكمىدى؟
— ئانام بەرگەن پۇل تۇرسا ئۇ، ساڭا ئىشىنىپ بەرسەك ئۇنى ئاشۇنداق يوق قىلساڭ بولامدۇ؟! — دېدى گۈلەمبەر ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك بوغۇلۇپ سۆزلەپ. بۇ گەپلەرنى ھويلىدا تۇرغان ھېلىماخۇن بىلەن قەمبەرمۇ دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى.
— ئۇرۇمچىدە 10 نەچچە مىڭ كوينى ئوغرىغا بەردىم دەۋاتىمەن، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟! مەنمۇ بۇنىڭ دەردىنى تارتالمايۋاتسام يەنە ماڭا پۇل دەيسەنغۇ! سېنىڭ پۇلۇڭلا ئەمەس، ھېلىماخىننىڭ پۇلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ھېلىماخۇن گەپ قىلمىسا، سەن نېمىگە گۇمانخورلۇق قىلىسەن؟! كىچىككىنە تۇرۇپ پۇلنىڭ غېمىگە چۈشۈپ كەتتىڭما!؟
— ئوقۇشقا ئۆتتىسەم پۇل لازىم، ئانام ماڭا شۇنى دەپ بەرگەن!— دېدى گۈلەمبەر يىغلاپ، — داۋالاتتىم دەيسەن، سەن ئۇرۇمچىگە بېرىپ باقمىساڭ، خەنزۇچە ئۇقمىساڭ نەدە، قايسى دوختۇرخانىدا داۋالاتتىڭ؟!
— يېشۆيەندە، — دېدى ئابدۇباقى قاچانلاردۇ بىر سورۇندا بىرەيلەندىن ئاڭلىۋالغان ئىسمىنى دەرھال يادىغا ئېلىپ.
— قانداق تېپىپ باردىڭ؟
— تاكسىغا چىقىپ يېشۆيەن دېسەك بىلمەيدىغان شوپۇر يوق، ھەممە ئادەم سەندەك دۆت-كالۋا ئەمەس. سەن بىر نىمە تولا مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە، ئاكىسىغا ئىشەنمەيدىغان قانداق

نېمە سەن؟! سەنغۇ ئەزەلدىن مېنىڭ ئۆز سىڭلىم ئەمەس...
ـــ شۇڭا سەن مېنىمۇ ئۆز ئەمەس دەپ، ھېلىماخۇنىمۇ يات ئادەم دەپ شۇنداق قىپسەن-دە! ـــ دېدى گۈلەمبەر ئاچچىق ئەلىمىگە پايلىماي.
ـــ مەن نېمە قىپتىمەن ھەي ماڭقا، ھېلى بىكا زۇۋانىڭغا دەسسەيمەن، مېنىڭ ئۈنچىلىك پۇلۇم بولسا بۇ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىمەن؟! بۇنداق قوتۇ خىزمەتنى ئىشلىمەي چىقىپ سودا قىلمامدىمەن؟! ھەر قايسىڭنى باقىمەن دەپ كۈندە ئىشلەپ ماڭا نېمە كەپتۇ! ساڭا دەپ قوياي، مۇشۇ گېپىڭنى خەقتىن ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام مەندىن بوش قۇتۇلالمايسەن، زۇۋانىڭنى يىغىپ يۈر! يا بولمىسا داشۆسىڭلىككە ئۆتۈپ ئىمتىھان بېرىپ كېلىپ ئوقۇ!
ـــ داشۆگە پۇل كېرەك! مەن ئەمدى نەگە يوقلىمەن؟! بۇ دېگەن ھەممىمىزنىڭ ئۆيى!
ـــ بۇ دېگەن مېنىڭ ئۆيۈم، ئانام بۇنى ماڭىلا مىراس قالدۇرغان، ۋەسىيەت قىلىۋاتقاندا قۇلىقىڭغا پاختا تىقىۋالغانمىدىڭ؟!
ـــ بۇ سېنىڭ ئۆيۈڭ بولسا بىز نەگە بارىمىز؟! ـــ دېدى گۈلەمبەر يىغلاپ، ـــ پۇلىمىزنىڭ ھەممىنى ئېلىۋالدىڭ، يەنە تېخى ئۆيدىن قوغلامسىنا!
ـــ كىم پۇلۇڭنى ئېلىۋاپتۇ ھەي مەينەت، ئانام ئاشۇنداق ياتسا قاراپ تۇرامتىڭ؟! سەن بىر نېمە قاچاندىن بېرى پۇلغا تويماس بولۇپ قالدىڭ؟!
ـــ پۇلغا تويماس دېگەن سەن، ئانامۇ شۇنى بىلىپ پۇلنى بىزگە بۆلۈپ بېرىپتىكەن، گېپىڭگە ئىشىنىپ ئۇنى ئەچىقىپ بېرىپتىمىز. ئانام دەپ تۇرسا يەنە پۇلغا تويماي بىزنىڭ ھەققىمىزنى يەۋالدىڭ...
ـــ ما ھاراملىقنى... ئاناڭنى... كىمنىڭ ھەققىنى يەۋاپتىمەن... گەپ قىلمىسام ئەجەب ھەددىڭدىن ئاشىسىنا...
ـــ ئابدۇباقى ئېتىلىپ بارغىنىچە گۈلەمبەرنىڭ يۈزىگە نەچچە

كىتاب تورى ئۇيغۇر بىلىقى www.uyghurkitap.com

تەستەك ئۇرۇۋەتتى. ھېلىماخۇن بىلەن قەمبەر يۈگۈرۈپ كىرىپ ئابدۇباقىنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

گۈلەمبــەر دوم يېتىپ ئۇزاقتىن ئــۇزاق بوغۇلۇپ يىغلىدى، رەھمەتلىك ئانىسىنى سېغىنغانچە كۆز ياشلىرى بۇلاقتەك قايناپ تاشــتى. ئــۇ ئىككى كۈن تامــاق يېمىدى، كىتــاب كۆرمىدى، يېتىپ يىغلىدى، ئويلاندى، كەلگۈســىنى ئويلاشتىن قورقتى، ئۈمىدســىزلەندى. ئەممــا ئۇزاقتىــن بېرى ئۇنىــڭ خىيالىدىن نېرى بولمىغان چوڭ ئىمتىھان بىر كۈندىن كېيىنلا باشــلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ھەممە ئوقۇغۇچىلار شەھەرگە كىرىپ ياتاقلارغا ئورۇنلىشــىش، ئىمتىھــان مەيدانىنــى كــۆرۈش تەييارلىقىنى قىلىشــىۋاتاتتى. گۈلەمبەر ئىنتايىن روھســىز ھالدا چىمەنگۈل خانىمنى ئىزدەپ باردى.

— خانىم، مەن ئىمتىھان بەرمەيمىكىن...

— نېمىشقا؟ — دېدى چىمەنگۇل خانىم ھەيران قېلىپ، — سىزگە نېمە بولدى!

— ...

— زادى نېمــە ئــىش بولــدى؟ نېمــە گەپ بولســا ماڭا دېمەمسىز؟

— ئاكامغــا پۇل قىنى دېســەم مېنى تىلــلاپ ئۇردى، — گۈلەمبەرنىــڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، — ئوقۇشــقا ئۆتكەن بىلەنمۇ پۇلۇم بولمىسا داشۆدە قانداق ئوقۇيمەن؟! يېنىمدا بەش مىڭ كويدەك پۇل قالغان، ئۇ ھېچنېمىگە يەتمەيدۇ...

— ئۇ ئاكىڭىز ئادەم ئەمەس ھايۋانكەنغۇ! ئۆز سىڭلىسىنىمۇ مۇشۇنداق ئۇرغان بارمۇ؟

— مەن ئۇنىڭ ئۆز سىڭلىسى ئەمەس.

— باھارخان سىزنىڭ ئۆز ئانىڭىز ئەمەسما؟!

— ئۇ مېنىڭ ئانام، لېكىن مېنى ئۆزى تۇغماپتىكەن...

— ئۇنداقتا سىزنى كىم تۇغقان؟

— قەمبەر ئاچام تۇغۇپتىكەنمىش... — دېدى گۈلەمبەر، ئاندىن "بۇ گەپنى نېمىشقا دەپ يۈرۈيمەن" دەپ ئويلاپ ئىچى پۇشۇپ كەتتى.

— بولدى، بۇ گەپ هازىر مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز، سىز چوقۇم ئىمتىهان بېرىشىڭىز كېرەك.

— ئەمما كېيىن قانداق قىلىمەن، بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتىمەن...

— ئۇنداق ئويلىماڭ، ئۈمىدۋار بولۇڭ. سىز ئەدەبىياتتىن هامان بىر يول تېپىپ چىقالايسىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ئوقۇڭ. هېلىتىنلا ئىمتىهان بەرمەيمەن دەپ بەل قويۇۋەتسىڭىز، كېيىن ئىستىقبالىڭىزنى قانداق تاپىسىز؟

— پۇل بولمىسا ئىستىقبالمۇ بولمىغۇدەك، — دېدى گۈلەمبەر ئويچان هالدا، — پۇل تاپامدىم، ئوقامدىم، جېنىمنى باقامدىم، قايسى بىرىنى قىلىمەن، بۇنداق چاغدا ئەدەبىيات، شېئىر دېگەنلەر ئاقامدۇ؟! مەن بۇنىڭدىن هازىر گۇمانلىنىۋاتىمەن خانىم...

— مەن سىزنىڭ هازىرقى كەيپىياتىڭىزنى چۈشىنىمەن، لېكىن بۇ ئىمتىهان نەچچە يىللىق ئوقۇشىڭىزنىڭ نەتىجىسىنى سىنايدىغان ئىمتىهان، تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىدىغان ئىمتىهان! بۇ ئىمتىهاننى قولدىن بەرسىڭىز "ئالتە ئاي ئاتقان پاختام بىر پوغا يارىماپتۇ" دېگەندەك ئىش بولىدۇ. ئاۋۋال ئىمتىهانغا قاتنىشىڭ، ئىمتىهاننى ياخشى بېرىپ ئۆتۈڭ، چاقىرىقنى قولىڭىزغا بىر ئېلىڭ، ئاندىن بارمايمەن دېسىڭىزمۇ ئۈلگۈرىسىز. هازىرلا ئىمتىهاندىن ۋاز كەچسىڭىز خۇددى جەڭ مەيدانىغا كىرمەيلا چېكىنگەن قورقۇنچاق ئەسكەرنىڭ ئۆزىلا بولماسىز، سىزدىكى روھ نەگە كەتتى! ئەگەر مۇشۇنداق قىلسىڭىز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىڭىزنى يوقلا قىلىسىز! سىز هازىر خېلى نامىڭىز بار شائىرە، ھەممە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىنىڭ كۆزى سىزدە، مەنمۇ سىزدىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ كېلىۋاتىمەن، مۇشۇنداق قىلسام

مەكتەپتىكى ئۇستاز- ساۋاقداشلىرىمغا قانداق يۈز كېلەرمەن دەپمۇ ئويلىمىدىڭىزما! مېنىڭ سىزگە نەچچە ۋاقىتتىن قىلغان كەپلىرىم، ئىككىمىزنىڭ قىلىشقان نى گەپلىرىمىزنىڭ تەسىرى قېنى! بۇرۇنقى خىياللىرىڭىز، پىلانلىرىڭىز، ئارمانلىرىڭىزنى ئوبدان ئويلاپ بېقىڭ، سىز ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، مۇستەقىل ياشايدىغان دەۋرىڭىز كەلدى. تۇرمۇش دېگەندە بۇنداق بىسىم- زەربە بولۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن چۈشكۈنلىشىپ كەتسىڭىز ئۆزىڭىزنى نابۇت قىلىسىز. غەلىبە هامان تىرىشچانلارغا مەنسۇپ، بۇ هەرگىز قۇرۇق گەپ ئەمەس!

گۈلەمبەر بۇنچىلىك ياشاش قائىدىسىنى بىلەتتى، ئەمما هەممە ئىش قائىدىگە چۈشەرمىدى؟ خانىم بۇنداق مۇسىبەت، دەرد- ئەلەمگە ئۇچراپ باققانمىدى؟! شۇنداقتىمۇ گۈلەمبەر ئويلىنىپ قالدى، تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچراپ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى هېس قىلدى. بۇنداق كېتىۋەرسە بۇرۇنقى ئۆزىنى تاپالماي قالاتتى، بارلىق ئىستىقبالىنى يوقىتىپ قوياتتى. كىم ئۇنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ؟ دۈشمەنلىرى... ئادەم نېمىشقا ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەن!

## 6

ئابدۇباقىنى پۇل شەهۋانىيەتكە داۋاملىق قۇترىتىپ تۇراتتى. ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتۇرغان سورۇندا خوتۇنلارنىڭ پارىڭى بولۇپ قالسا بۇرۇنقىدىنمۇ دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. شۇ هەققىدىكى قىزىق، ئەپسانە گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا شۇنداق خوش ياقاتتىكى، سىياسەت، سودا، دۇنيا ۋەزىيىتى... هەققىدىكى پاراڭلارغا پەقەت قىزىقمايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ئاشۇنداق پاراڭلارنى بىر باشلىغىلى تۇرسا بىر- بىرىگە گەپ بەرمەي خۇددى زۇڭتۇڭدەك سۆزلىشىپ كېتەتتى. ئىچىپ سەل مەست بولۇشقاندىن كېيىن

ئاندىن خوتۇنلارنىڭ شېرىن-سۇخەنلىكى، قىلىشقان ئىشلىرى ھەققىدە ھەزىل، بەزەپ گەپلەرنى قىلىشىپ، چاقچاقلىشىپ، "خوتۇن مەندىن ئەنسىرەپ كەتمىسۇن" دېيىشىپ خوشلىشاتتى. بىر ئابدۇباقىدىن باشقا ھەممىسى ئۆيىگە ئالدىرايتتى. بەلكىم ئۇلار كەيپ بولۇپ ئۆيىگە بارسا خوتۇنلىرى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالىدۇ، ئېرىنىڭ چاپانلىرى، ئاياغلىرىنى سالدۇرۇپ، ھەتتا پۇتىنى ئىسسىق سۇدا يۇيۇپ، ئاندىن بىللە يوتقانغا كىرىپ ئېرىنى ئۇخلىتىدۇ... ئابدۇباقى ئۆمرىدە بۇنداق ھۇزۇرغا ئېرىشىپ باقمىغانلىقىنى ئەلەم بىلەن ئويلايتتى، ئاغىنىلىرىغا ھەسەت قىلاتتى.

بىر كۈنى سورۇندا تاماكىچى چوكاننىڭ گېپى چىقىپ قېلىۋىدى، ئۇنى پات-پات ئويلاپ قالىدىغان ئابدۇباقىنىڭ كونا دەردلىرى ئانچە-مۇنچە قوزغالدى.

— ئەجەب پەيزى بار نېمىتى، نەشىلىرى، ناۋات دەملىگەن چايلىرى ئاچقان ئۇچەيگىلا باراتتى. ئۆيىنى تاقاپ يوقالغىلى خېلى بولغانىدى، يېقىندا شياڭگاڭ بازىرىدا گەزمال دۇكىنى ئېچىۋاپتۇ، ھازىر كۆرسەڭلا تونۇيالماي قالىسىلە، چىرايلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ، كۆزلىرىدە ئوت بار كاساپەتنىڭ... بىراق قارىسا ئانچە شوخ ئەمەس، بۇۋىمدەك قارا ياغلىق چىگىۋاپتۇ، بىزنى ھازىر كۆرسە تەتۈر قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ...

— شوخ جۇۋان قېرىسا بۇۋىم بولىدۇ، ھاراقكەش قېرىسا موللام بولىدۇ... بۇنداق ئىش دېگەن تولا ھازىر، ئۇنىڭغا ھەيران قالمساڭلارمۇ بولىدۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئىشنى ئەمدى چۈشىمىزدىمۇ كۆرەلمەيدىغان بولدۇق-دە!

— ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىش قىلغانتىڭ؟

— ما گۈينى، نەشە چەككەندە ئۇنىڭ ئۆيىدە سەن يوقما؟

— نەشە چەكتۇققۇ شۇ، سەن ئۇنىڭ بىلەن يەنە نېمە ئىش قىلغانتىڭ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ساڭا ئەمدى ھەممىنى دەپ ئولتۇرۇمەنما؟ مەن قىلغاننى سەنمۇ قىلغانسەن؟

— مەن سەندەك پاھىشىۋاز بولمىسام...

— قاملاشمىغان گۇيكەنسىناۋا، ئۇنىڭ ئەمدى بوۋىم بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپلا گۇناھىڭدىن تېنىۋېلىپ بارىسىنا؟

— مەن نەشە چەككەندە ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، يىلىكىنى قۇرۇتىدۇ، ساراڭ بولىسەن. بىرلا ۋاقىتتا ئىككى كەيپ قىلساڭ چاتىقى چىقىدۇ.

— ماڭە ـ ماڭـــە، يـــوق گەپنـــى تاپمـــاي، مىجەزىم بوش دېگىنە!

— ۋاي ـ ۋاي، پـــو ئاتمىغىنـــا، ئەمدى ماختانمىغان شـــۇ نېمەڭ قالدىما! سەندەك ئۇنى كەچكىچە ئەسلەپ، خەققە داۋراڭ قىلمايمىز...

— بولمىغاندىكىن ماختىنالمايسەن ـ دە!

— بولدى قىلىڭلار ھېي ئاغىنىلەر، سەن قىلدىڭمۇ، مەنمۇ دەپ گۇمان قىلىشـــقىنىڭلارغا قارىغاندا ھەر ئىككىڭلار ھېچ نېمە قىلالمىغاندەك تۇرىسىلەر، قاراڭلا، ئابدۇباقى ھېجىيىپ كەتتى، بـــۇ گۇيدا چوقۇم بىر گەپ بار. قېنى ئېيتە، ســـەن ئۇ چوكاننى نېمە قىلغانتىڭ؟

ئابدۇباقى بۇ گەپتىن ئەندىكىپ كەتتى:

— ھېچ...نېمە، مەنمۇ شۇ نەشە چەككەن.

— باشتا پاك بولدۇڭ، كېيىنچۇ؟

— ئابدۇباقى پو ئاتالمىدى، خۇدۇكسىرەپ جىددىيلەشتى:

— ماڭەۋە ئاداش، خوتۇنۇم تۇرسا ئۇنداق...

— قويەۋە ئۇنداق خوتۇنۇڭنى، سەن خوتۇنۇم دەپ يۈرگەن بىلەن ئۇ ھېكىم پاشىۋاز بىلەن كۆلىغا قىچىپتىغۇ!

— ئۇ قانجۇقنى ئۆزۈم ئۇرۇپ ھەيدىۋەتكەن، كونا خوتۇنىنىڭ پەيزى قالمايدىكەن، يېڭىسىنى تېتىپ باققۇمىز كېلىدىكەن، پۇللا

بولسا جاھاندا خوتۇن خەق دېگەن تولا!

— قارىغاندا ئاناڭدىن خېلى جىق مىراس قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئاز دېگەندە بىرەر يۈز مىڭ كوي قالدى بۇنىڭغا...

مۇشۇ سورۇننىڭ چىقىمىنى ئۈستىگە ئېلىپ كېرىلىپ ئولتۇرغان ئابدۇباقى ئۆلپەتلىرىنىڭ ھەۋەستە چاقناۋاتقان كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قالتىس ھېس قىلدى.

— جىق ئەمەس، 30-20 مىڭ شۇ، مۇشۇنىمۇ جىق دېگىلى بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ ھەسرەت بىلەن.

— ئۆيۈڭلىنى زادى قانچە پۇلغا ساتتىڭلار؟ — دېدى بىرسى.

— ئۇ ئۆينى ھۆكۈمەت سېتىپ يېدى! — دېدى ئابدۇباقى تاماكىسىنى ئاچچىق شوراپ، — ئانام شۇنىڭ دەردىدە قان يۇتۇپ ئۆلۈپ كەتتى ئەمەسمۇ!

باشقىلار ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىشىپ قالدى. ئابدۇباقى ھوشۇر ھاكىمنى تىللاپ بالاغا قېلىشىدىن ئەنسىرەپ گېپىنى توختاتتى.

— نېمە دەردىڭ بولسا مۇشۇ سورۇنغا تۆك، دەردىڭگە ئورتاق بولايلى! قېنى مانى ئىچىۋەت، ئاچچىقنى باسىدۇ! — دېدى ساقى.

ئابدۇباقى ئاچچىق ھاراقنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى، ئاندىن چاي ئىچىپ چوڭ سۆيەت ئولتۇردى، ئاغىنىلىرىنىڭ ھەر تەرەپتىن ئېيتقان تەسەللىي، ماختاشلىرىدىن بارا-بارا كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، يۈرەكلىرى يايرىدى.

ئىچىپ تەڭشىلىپ قالغان ئابدۇباقى تاماكىچى چوكاننى ئەسلەپ قالدى، ئۇنىڭ "نوچى بولسىڭىز خوتۇنۇڭىزنى قويۇۋېتىپ مېنى ئېلىڭ، بولمىسا ئىشىڭىزنى قىلىڭ" دېگەنلىرىنى ئويلىدى، مانا ئەمدى ۋاقتى كەلگەندى، بېرىپ پاراڭلىشىپ باقسا بولاتتى.

ئەگەر گەپلەر قاملىشىپ، ھېسسىياتلار ئالمىشىپ قالسا راست گېپىنى دەيتتى، لېكىن ئۇ چوكان ئۇنامدۇ؟ ئۇنىڭدىن بىلەن خوتۇن قىلغىلى بولامدۇ؟! ئاغىنىلىرى، ئۆلپەتلىرىدىن بىرسىمۇ مەيلى ساق، مەيلى مەست بولسۇن ئۇ چوكان بىلەن بىللە بولغانلىقىنى ئېيتمىدى، چوكانىنىڭ بۇزۇقلۇقى يالغان چىقتى... ئۇنداقتا ئۇ چوكان پەقەت ئابدۇباقىغىلا مەيلىنى بەردىمۇ؟ پەقەت ئابدۇباقىغىلا قوينىنى ئاچتىمۇ؟

ئابدۇباقى گاڭگىراپ قالدى، پەخىرلەندى، گۇمانلاندى، ئەمما يەنە ئويلاندى: ئۇ چوكان ھەقىقەتەن بۇزۇق بولسا، بۇزۇقچىلىقتىن شۇنچە ئاسان ۋاز كېچىپ تۈزىلىپ كېتەرمىدى؟ ئەسلىدە ئۇ ئوبدان چوكان، ئابدۇباقىنىڭ باشقا ئەرلەرگە باققاندا يۇۋاش، سەممىي ئىكەنلىكىنى بىلدۇ... ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان بولۇشى، ئىچى كۆيگەن بولۇشى، ياكى شۇ پەيتتە ئەر سېغىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، چوكانىنىڭ پەقەت ئۇنىڭغىلا قوينىنى ئېچىشى تۇنجى قېتىم تاساددىپىي ئامەت بولغان بولسا، كېيىنكى قېتىملىقى كۆڭۈل قالغان يامان ئادەت...

ئابدۇباقى مۇشۇ كەمگىچە ئۇ چوكانىنى ئۇنتۇماي كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايقىدى، ئۇ چوكان بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇنجى ۋە كېيىنكى مۇناسىۋەتلىرىنى يىغىۋاشتىن ئەسلەپ ھاياجانغا تولدى، خوتۇنى قېشىدا ياتقاندا ھەر دائىم ئۇ چوكان بىلەن خوتۇنىنى سېلىشتۇرۇپ ھەسرەت چېكەتتىغۇ! خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇنچە چوڭ ئىدى، يامان خوتۇن بەربىر يامان ئەر بىلەن قاچتى. يۇۋاش ئەرگە ئۆزىنىڭ خىلى ئېشىپ قالدى...

ئۇ "شياڭگاڭ بازىرى"غا كېلىپ خۇمار چوكانىنى ئىزدەپ تاپتى. چوكان گەزمال دۇكانلىرىنىڭ بىرىدە مال سېتىپ ئولتۇراتتى. ئۆلپەتلىرى تەسۋىرلەپ بەرگەندەك، بېشىغا قارا ياغلىق چىگىۋالغان بولۇپ، ئېغىر-بېسىق، لاتاپەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئابدۇباقىنى

كۆرۈپ سەل ھەيران بولدى:
— بۇ ياققا ئۆتۈپ قاپلىغۇ؟
— سىزنى... ياق... سىلىنى مەشەدىكەن دەپ ئاڭلاپ كۆرۈشكىلى كېلىشىم...
— بىرەر ئىش بارمىدى؟
— باشقا ئىشىمۇ يوق، شۇ كۆرۈپ كېلەي دەپ... مەن ھازىر سودا قىلاي دەپ ئويلاۋاتىمەن، لېكىن بۇ ئىشنىڭ ئەلمى-تەلمىنى بىلمەيمەن، سىلىدىن مەسلىھەت سورىغاچ، شېرىكلىشىپ سودا قىلساق بولامدىكىن دەپ...
— بولىدۇ، قانچە پۇللىرى بار؟ خېلى بايۋەچچىدەك كۆرۈنىلا!
— جىق ئەمەس، شۇ 30-20 مىڭ كويلا پۇلۇم بار، دەسمىي سېلىشقا يېتەمدۇ-يەتمەمدۇ، ئۇقمايمەن.
— خېرىدارلار كېلىۋاتىدۇ، باشقا ۋاقىتتا دېيىشەيلى بۇ گەپنى!
— سىلىگە دەيدىغان يەنە باشقا گەپمۇ بار، كەچتە ئۆيلىرىگە ئىزدەپ بارسام بولامدۇ؟ ئەپسىز بولۇپ قالارمۇ يا!
— سودا ئىشى بولغاندىكىن بولار، لېكىن خەقنىڭ كۆزىدىن نېرىراق بولۇپ كەلسىلە!
— ماقۇل-ماقۇل، بۇنى بىلىمەن...

ئابدۇباقى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئوغرىدەك دىققەت بىلەن كېلىپ، چوكاننىڭ ئىشىكىنى ئاۋايلاپقىنا چەكتى. چوكان ئۇنى دەرھال ئۆيىگە باشلىدى، ئالدىغا ناۋات دەملەپ چاي ئەكەلدى. ئابدۇباقىنىڭ يۈرىكى گويا قايناقسۇغا چۈشكەن شۇ ناۋاتتەك ئېرىشكە باشلىدى. چوكاننىڭ ئۆيى بۇرۇنقىدىن جىق ئۆزگەرمىگەن بولۇپ، پەقەت گىلەمدىن بىر قانچىسى كۆپىيىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئابدۇباقى كارىۋاتقا تىزىلغان مەخمەل تاشلىق يېڭى يوتقان-كۆرپىلەرنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كەتتى.

كىتاب تورىكتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

— پۇلنى بىسىپ ياتماي ماڭا مەبلەغ قوشسىلا، سودىدىن پايدا تاپساق تەڭ ئۈلۈشىلى! — دېدى چوكان ئۈنىگە جاي لىقلاۋېتىپ.

— مەنمۇ شۇنى دەي دەپ كەلدىم، ئالدىمدا ئىككى ئىش بار، بىرى سودا قىلىش، بىرى توي قىلىش...

— تويىنىڭ گېپى چىقىپ قالدىغۇ ئەمدى؟

— خوتۇننى قويۇۋەتتىم، مۇسۇلمانچىلىقتا ئەمدى توي قىلمىساقمۇ بولماس.

— بىرەرسىنى تاپقان ئوخشىمامدا؟

ئابدۇباقى چوكاننىڭ ئۆزىنىڭ تەقۋا قىياپىتىگە ئانچە ماسلاشمىغان ئويناق كۆزلىرىگە قاراپ، بۇ چوكانمۇ ئەر سېغىنىپ ئاران تۇرۇۋېتىكەن دەپ خىيال قىلدى-دە، نېرى-بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا:

— سىلى بىلەن توي قىلايمىكىن دەيمەن... — دېدى.

— چاقچاق قىلمىسىلا! — دېدى چوكان چىرايىنى ئۆزگەرتمەي، — پۇلۇم بار دەپ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقاي دەمىلا!

— ئۇنداق ئەمەس، بۇ سىلىگە قويغان تەكلىپ، مەسلىھەت... ئەگەر ماقۇل كۆرمىسىلە بۇ گەپنى دېمىگەن بولاي!

— سىلىنى نوچى قىلغان شۇ پۇلغۇ، قانچىلىك پۇللىرى بار زادى؟

— 25 مىڭ.

— شۇ پۇلغا ھەممىنى قىلغىلى بولامدا؟

— سىلىگە پەقەت دەپ باقتىم، بولمىسا گېپىمنى ياندۇرۇۋالاي... — ئابدۇباقى ئوڭايسىزلىنىپ جايىدا ئولتۇرالماي قالدى.

— ئەر كىشى بولغاندىكىن ئەمدى چىققان گەپكە ئىگە بولسىلا، نىيەتلىرى دۇرۇس بولسىلا مېنىڭ باشقا گېپىم يوق. سىلى

ماڭا راست گەپ قىلسىلا، خوتۇنلىرى بىلەن راست ئاجرىشىپ كەتتىلىمۇ؟ ئاجراشقىلى قانچىلىك بولدى؟

ئابدۇباقى بىردىنلا ئۈمىد شولىسىنى كۆرگەندەك بولۇپ شادلاندى:

— ئاجرىشىپ بولدۇم، ئاجراشقىلى خېلى بولدى.

— نېمىشقا مۇشۇ چاغقىچە باشقا خوتۇن ئالمىدىلا؟

— ھېچقايسىسى كۆڭلۈمگە يارىمىدى، مېنىڭ سىلىدەك تەقۋا، پاكىز... خوتۇن ئالغۇم بار.

— خېلى ئىمانغا كىرىپ قالغان ئوخشىماملا، لېكىن مەن بىلەن توي قىلسىلا خەق نېمە دەپ قالار؟ نامىم بۇرۇن ياخشى ئەمەس، ئىككىمىزنىڭ بۇرۇنقى گۇناھىنى سىلىمۇ بىلىلا...

بۇ گەپتىن ئابدۇباقى ئىلگىرى پەقەت ئۆزىنىڭلا خۇمار چوكان بىلەن ھەيران قالارلىق دەرىجىدە بىللە بولغانلىقىغا، چوكانىڭمۇ پەقەت ئۆزىگىلا مەيلى بارلىقىغا ئىشەندى، ئۇ ھۆرمەتلىنىش ۋە ھۇزۇرلىنىشقا ئۆلگىدەك تەشنا بولغاچقا، بۇ تاساددىپىيلىق ھېچقانداق يالغان تۇيۇلمايتتى.

— خەق نېمە دېسە دېمەمدۇ! — دېدى ئۇ خۇمار چوكانغا ھاياجاندا تىكىلىپ، — ئىشىمغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئانامۇ تۈگەپ كەتتى، ھازىر مەن ئۆزۈمگە خوجايىن!

— ئەمدى ئەر كىشىدەك گەپ قىلدىلا، ئۇنداق نىيەتلىرى بولسا بوپتۇ، مەن سىلە بىلەن توي قىلىشقا قارشى ئەمەس. لېكىن مەسىلە تويدىن كېيىن چىقىدۇ...

ئابدۇباقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدى. چوكان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەسىلەن، مال-مۈلۈك مەسىلىسى، قاملىشىش مەسىلىسى... مەن سودىگەر ئايال، گەپنى ئوچۇقلا قىلىمەن، ماڭا تويلۇققا ئاز دېگەندە 15 مىڭ كوي بېرىلا، قالغىنىنى قولۇمغا تاپشۇرىلا، سودىغا ئىشلىتىمەن، پايدا-زىيان بولسا ئەر-خوتۇن

www.uyghurkitap.com

بولغاندىكىن تەڭ تارتىمىز، مال-مۈلۈكنى سىيىنىڭ-مىنىڭ دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايمىز، شۇنداق قىلساق نىكاھتىن چاتاق چىقمايدۇ. پۇل تۇتۇشنى، پۇلنى نەگە خەجلەشنى سىلىدىن مەن ئوبدانراق بىلىمەن، شۇڭا پۇلنى مەن تۇتىمەن. مەن ھازىر ئىمان-ئەمەلنى تاشــلىمايدىغان ئايال. مەن ناماز ئوقۇپ يۈرســەم، سىلە ھاراق ئىچىپ، تاماكا چېكىپ يۈرسىلە ھەرگىز قاملاشمايدۇ. شۇڭا مەن بىلەن توي قىلغاندىن باشلاپ ھاراق-تاماكىنى چورت تاشلايلا، ئاغىنىلىرى بار سورۇنغا بارمايلا، ھەر كۈنلۈك بەش نامازنى كامىل ئوقۇيلا، جۈمەگە بارىلا. مۇشــۇ شەرتلىرىمگە كۆنسىلە سىلىنىڭ ئەمرىلىرىگە ئۆتىمەن، كۆنمىسىلە مەيلى...

ئابدۇباقى ئويلىنىپ قالدى، چوكان ئېيتقان بۇ مەسىلىلەر ئۇ ئەندىشــە قىلغان ھېلىقى مەسىلىلەردىنمۇ چوڭدەك قىلاتتى. پۇلنى ئەركىن خەجلەپ، ئاغىنىلىرى بىلەن ئەركىن ئارىلىشىپ يۈرگــەن ئابدۇباقىغا بۇرۇنقــى تۇرمۇشــىدىن ئايرىلىش تەس كېلەتتى. بۇغــۇ خۇمار چوكانىنىڭ خوتۇنلــۇق لەززىتى ئالدىدا ھېچقانچە بىلىنمەس، ھەممىسى ئۆتۈپ كېتەر، ئاغىنىلىرىمۇ ئۇنى "خوتۇنىنىڭ سايىسىدىن چىقالمايدىغان سايىماخۇن" دەپ بېقىپ ئاخىر ئاغزى بېسىقار، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمى تۇرۇپ ھاراق-تاماكىنى تاشــلاپ، ھېچكىمگە ئارىلاشماي كۈندە بەش ۋاق ناماز ئوقۇش... پۇلى، مائاشــى تۇرۇپ ھەممىنى خوتۇنىغا ئۆتكۈزۈپ ئارقىدىــن خوتۇنىغا پۇل دەپ ســارغىيىش... ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەسمۇ؟!

— قانداق، شۈكلەپ قالدىلىغۇ، تەلەپلىرىم ئېغىر كېلىۋاتامدۇ؟

— دېدى چوكان ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرىدە قاراپ.

— تەلەپلىرى سەل ئېشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ، — دېدى ئابدۇباقى ئېغىر تىنىپ، — پۇل دېگەنغۇ قولىنىڭ كىرى، لېكىن ھاراقنــى بىراقلا تاشــلاپ بەش ۋاق ناماز ئوقۇش ئاســان ئىش ئەمەس، ئۇنداقتا مەن ئىدارىدە ئىشلىمىســەم بولىدۇ؛ ئەر كىشى

دېگەننىڭ ئاغىنىلىرى بولىدۇ، دېيىشىدىغان گەپلىرى بولىدۇ، ئۇنىمۇ چەكلەپ قويسىلا، مەن ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرسام بولىدۇ. خوتۇن خەق مېنى بويسۇندۇرىمەن دېسە، بۇنىڭغا مەن ئەمدى كۆنمەيمەن. راستىمنى دېسەم، ئانام رەھمەتلىكمۇ مېنى تولا باشقۇرۇپ بىزار قىلغان، ئەمدى مۇستەقىل بولدۇم دېسەم، سىلى ھېلىتىنلا پۇلنى مەن تۇتىمەن، سېنى مەن باشقۇرىمەن دەپ يۈرسىلە بۇ ماڭا ئېغىر كەلمەمدۇ؟!

— پۇل دېگەننى تۇتالايدىغان ئادەم تۇتىدۇ، مەن سىلىنى باشقۇرىمەن دېمىدىم، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىنى باشقۇراي دېدىم. سىلىنى مەن ھاراق ئىچمە، ناماز ئوقۇ دەپ توغرا يولغا باشلىدىم، ھەرگىز چەكلىۋالمىدىم. ئاغىنە دېگەنمۇ يولىدا ئاغىنە، پۇلى بار چاغدا ئاغىنە، پۇلى يوق چاغدا سېنى كىم كۆردى دەيدىغان ئاغىنىلىرىنىڭ قانداقلىقىنى مەن ئوبدان بىلىمەن، شۇڭا مېنىڭ تەلەپلىرىمنىڭ ھەرگىز چەكتىن ئاشقان يېرى يوق، ئەگەر ئۇنىڭغا كۆنمىسىلە مەن سىلىنى زورلىمايمەن.

— مۇنداق قىلساق بولمامدۇ... — دېدى ئابدۇباقى خۇمار چوكانىنىڭ ئويغا چۆكۈپ قالغان پاكىز چىرايىدىن، تولغان كۆكسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، — تويلۇقنىمۇ 15 مىڭ دەپ تۇرۇۋالمىسىلا، 10 مىڭ كوي بولسۇن، قالغان پۇل ئۆزۈمدە تۇرۇپ تۇرسۇن، كېيىن ئەھۋالغا قاراپ سودىغا ئىشلىتەيلى. ھاراق-تاماكىنى ئازلىتىپ، كەيپتىن ئاستا-ئاستا قول ئۈزەي، ئاغىنىلەر بىلەن بىراقلا ئادا-جۇدا بولغىلى بولمايدۇ، يولىدا ئارىلىشىپ ئۆتەي. ئەتىگەندە بىر ۋاق ناماز ئوقاي، بوپتۇ جۈمەگىمۇ باراي، مېنىڭ ئاتاممۇ موللا ئادەم، بۇرۇنمۇ ئۆزۈم جۈمەگە بارغان. مېنى پۇتۇنلەي ھېچنېمە ئۇقمايدۇ دەپ ئويلاپ قالمىسىلا...

— ئىمان دېگەن سودىلىشىدىغان ئىش ئەمەس، رازىلىقلىرى بولسا دېگىنىمگە كۆنۈپ ئادەم بولسىلا، بولمىسا يول تۈز، ئىشىكىم ئوچۇق! — دېدى چوكان خاپا بولۇپ.

ئابدۇباقى قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن چوكاننى كۆرۈپ سانىيەنى ئېسىگە ئالدى ۋە بۇ چوكان بىلەنمۇ قاملاشالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ چوكان بۇرۇن شۇنداق ئاددىي، مۇلايىم ئىدى. ئابدۇباقىنىلا كۈتۈشنى بىلەتتى، ئەمدى كىبىرى ئۈستۈن، يامان بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق خوتۇننى ئەمرىگە ئالسا كىچىلىك ئىشلار بۇرۇنقىدەك قاملىشارمۇ؟ ئىشلارغۇ قاملىشار، لېكىن ئەتىسى بۇ چوكان يەنە قاپاقلىرىنى تۈرۈپ "قوپسىلا، يۈيۈنۈپ مەسچىتكە چىقسىلا" دەپ ئۈنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ مەسچىتكە ھەيدىگىلى تۇرسا، ھەپتىدە نەچچە كۈن مۇشۇنداق بولىۋەرسە ئۇ قانداق چىدايدۇ؟ بۇ چوكان بىلەن توي قىلىپ راھەتتىن تولا جاپاغا قالغانىڭ ئۈستىگە ھاراق-تاماكىنىڭ ھۇزۇرىدىن، ئاغىنىلىرىدىن، سورۇنلاردىن، قىزىق-قىزىق پاراڭلاردىن ئايرىلسا، ئەڭ مۇھىمى شۇنىڭغا كاپالەت بولىدىغان پۇللىرى ۋە ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالسا بۇ چوڭ زىيان، كېلىشمەسلىك ئەمەسمۇ؟!...

ئابدۇباقى بۇ چوكانغا قانداق تېز قىزىغان بولسا شۇنداق تېز سوۋۇپ كەتتى، بۇ خۇددى ئۈنىڭ جىنسىي تۇرمۇشتىكى مەغلۇبىيىتىگە ئوخشايتتى. بۇرۇنقى شېرىن ئىشلار ئۈنىڭ پەقەت شەيتان ئاتلىغان بىر چۈشىلا بولۇپ قالدى، ئۇنى تەكرارلاش ئەمدى نېسىپ بولمىدى... ئۇ بۇنى ئويلاپ سەل ئىچى پۇشتى، ئەمما چوكاننىڭ ئۆيىدىن چىقىپلا يەڭگىللەپ قالدى. كوچىغا چىقىپ مەززىلىك پۇراۋاتقان ئاشخانىلارغا، ئويۇن-كۈلكە قايناۋاتقان رېستورانلارغا، ئاندا-ساندا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياش قىزلارغا قاراپ، بىردىنلا ھوشىغا كەلگەندەك بولۇپ "مەن نېمە دەپ نامى سېسىق، پۇلغا پىششىق بىر خوتۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ مازلىشىپ يۈرۈيمەن، ئۇ يا مەن تەمىنى تېتىپ باقمىغان خوتۇن بولمىسا... تېخى 15 مىڭ كوينىڭ گېپىنى قىلىدا؟ ئۆزۈمچە ئون مىڭ كوي دەپ بېقىپتىمەن تېخى... 10 مىڭ كوي دېگەنگە بىر

قىز كەلمەمدۇ ھازىر! تاس قاپتىمەن قىلتاققا چۈشكىلى، شەرت قويۇپمۇ ئوبدان قىپتىكەن، بولمىسا نەچچە قىز كېلىدىغان پۇللىرىمنى سېلىپ بېرەركەنمەن. ئەمدى بۇ ئەتراپتىن خوتۇن ئالمايمەن، ئالسامۇ كەمبەغەللىنىڭ كىچىك قىزىنى ئالىمەن، قاراپ باقىمەن، يامان چىقىپ قالسا، يېزىدىن ئەكىلىمەن، ئىشقىلىپ گېپىمنى ئاڭلايدىغان، سىزىقىمدىن چىقمايدىغان بىر ياۋاش قىزنى تېپىپ خوتۇن قىلىمەن، ئۇنىڭ ھۆزۈرى بۇنداق جۇۋاندىن مىڭ ھازا ياخشى!...» دەپ ئويلاپ كەتتى، ئىچى قىزىپ، شېرىن خىياللار مەستخۇشلۇقىدا قاۋاقخانىغا كىرىپ بىر بوتۇلكىنى يالغۇز ئۆرىدى، ئاندىن لەيلەپ ئۆيىگە ماڭدى.

## 7

بىر كۈنى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇباقىنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ كېلىپ قاپىقىنى تۈرۈپ:

— سەن بۇ يەردە ئىشلىسەڭ قوڭاڭنى قىسىپ تۈزۈك ئىشلە، بولمىسا باشقا يەردىن ئىش تاپ! — دەپ ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى:

— نېمە بولدى... نېمە، نېمە ئىش قىپتىمەن؟

— ھاكىمنىڭ ئۈستىدىن نېمىشقا گەپ تارقىتىپ يۈرۈيسەن؟

— مەن نەدە گەپ تارقىتىپتىمەن، توۋا ما گەپنى، بىرسى ماڭا تۆھمەت قىلىپ سىلىگە چېقىشتۇرۇپتۇ-دە؟!

— ھاراق سورۇنىدا ئاغزىڭنى يىغىپ يۈر، ھاكىمنى تىللىغىنىڭ قۇلاققا يېتىپ قالدى، ھاكىم "بىرىنچى قېتىم مەيلى" دېگەچكە ئىشلەپ قالدىڭ، بولمىسا كەشىڭنى توغرىلايتتىڭ!

— ئابدۇباقى سورۇنلاردا بىر-ئىككى قېتىم "ھۆكۈمەت بىزنى بوزەك قىلدى" دېگەندەك گەپلەرنى دەپ سالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى، ھۆكۈمەتنى تىللىغىنى ھاكىمنى تىللىغىنى ئەمەسمۇ! بۇنىمۇ

www.uyghurkitap.com

بىرسى ھاكىمغا چاققان گەپ! ئابدۇباقىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ھوشۇر ھاكىم يېقىندا باش ھاكىملىققا ئۆستى، دىققەت قىل! ئەمدى ئىككىنچى ئانداق ـ مانداق سۆزلەپ يۈرۈيدىغان بولساڭ يۈز ـ خاتىرە قىلمايمەن!

ئابدۇباقى سالپىيىپ يېنىپ چىقتى، ھوشۇر ھاكىمنىڭ ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى ئۇمۇ سورۇندىكى پاراڭلاردىن ئاڭلىغانىدى. ھوقۇقى بارنىڭ پۇلى، پۇلى بارنىڭ ھوقۇقى بولىدۇ، ئۇلار ئىبىل يەپ ـ ئىچىدۇ، ئاشنا ئوينايدۇ... بۇنىڭغا ئابدۇباقى ئەزەلدىن ئىشىنەتتى، شۇنداق كاتتىلارغا ھەۋەسى كېلەتتى، ئىچى قايناپتتى، ئەمما ئويلاۋەرسىمۇ شۇ، يېپىەلمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق! ئەمدى شۇ كاتتىلارغا باش ئەگمەي، يېلىنماي، خۇشامەت قىلماي ئامال يوق، بولمىسا خىزمەتتىن قۇرۇق قالىدۇ، يېقىندا ئىشتىن بوشۇتۇش شاملى چىققىلى تۇردى، ئەگەر شۇ ھاكىمغا يۆلەنمىسە يىلتىزى يوق سۆگەتتەك ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. ئۇ "مۇشۇ گۇيلارنىڭ تۆت تەڭگىسىگە سارغىيىپ يۈرگۈچە ئۆزۈم ئوقەت قىلىپ پۇل تاپاي" دەپمۇ نەچچە ئويلىدى، لېكىن ئىشەنچىلىك بىر پىلان قۇرالمىدى. سورۇندىكى پاراڭلاردىن قارىغاندا، بۇرۇن سودا قىلىپ پۇل تاپقانلارنىڭمۇ ھازىر دۇمبىسى ئاپتاپتا قالغان، سودا ـ سېتىقنىڭ ئايىغى پىشىپ قالغانىدى. بۇ ناھىيە بازىرىدا بىرسى تاللا بازىرى ياكى رېستۇران ئېچىپ ئەمدى بېيىسا، بىر نەچچە ئايدىن كېيىنلا شۇنداق دۇكان ۋە رېستۇران ئاۋۇپ، ھەممىسىنىڭ بازىرى كاسات بولۇپ كېتەتتى. ئىش ـ ئوقەتنى كوممۇنانىڭ داشقازىنىدەك بەرىكەتسىز قىلىۋەتكەن بۇ دورامچى خەقلەرنىڭ ئارىسىدا ئابدۇباقى ئۆزىنىڭ ئوقەت قىلىپ تۈزۈك پۇل تاپالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. بىرەر ئىش قىلاي دېسىلا كەينىدىن دورىغىلى، بۇزغىلى ئادەم بار دەپ ئويلاپ، يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ تۆت تەڭگىسىنى ئىشەنچلىك ھېسابلايتتى.

ئابدۇباقــى "يۇۋاش، كىچىك قىز ئــالاي، يېزىدىن ئالاي، تويلۇقىمۇ ئەرزان، كۆندۈرۈشــكە ئەپچىــل" دەپ ئۆيلىنىشنى باشــلاپ، ئاغىنىلىرى ســايە قىلغان ھەر قانداق قىز-چوكانغا قىزىقمىدى. بىر كۈنى ســورۇندا يەنە ئابدۇباقىنىڭ توي ئىشى توغرۇلۇق پاراڭ چىقىپ قالدى. ئۆلپەتلەر ســورۇندا ئابدۇباقىنى ئۆرۈشــنىڭ ئېپىنى تېپىۋالغانىدى، يالغانــدىن كۆڭۈل بۆلۈپ، يالغاندىن ماختاپ ئۇنىڭ ھارىقىنى ئىچەتتى.

— سەن بەك ئاقسالىشــىپ كەتتىڭ جۇمۇ ئابدۇباقى! قىز تاللايمەن دەپ مۇشۇنداق يۈرىۋېرەمسەن؟

— بۇ چاغقا تاللاپ قويغىنى باردۇ بۇنىڭ!

— ھەممىڭلار شۇنى دەيســلە، ئانامنى ئۇ ياقتىن كۆمۈپ قويۇپ، بۇ ياقتىن توي قىلســام قانداق قاملىشــىدۇ؟ — دېدى ئابدۇباقى كېرىلىپ.

ئۆلپەتلەر قىزغىن ئىدى، بىر-بىرىگە گەپ بەرمەيتتى:

— ئۆلگەنىنــڭ كەينىدىن ئۆلگىلــى بولمايدۇ، پۇلۇڭنىڭ بارىدا نوچى قىز ئېلىۋالمساڭ، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن!

— ئۆزۈم ئۆيلەيمەنغۇ سېنى!

— ئۆزۈڭ ئۆيلەپ سىڭلىڭنى بېرەمتىڭ گۈي!

سورۇننى مەســخىرىلىك كۈلكە قاپلىدى، ئابدۇباقى ئوسال بولغۇچىغا قاراپ بۇ گەپنى خۇددى ئۆزى دېگەندەك ھۇزۇرلىنىپ كەتتى.

— يا بولمىسا سەن "ئانارخان" دېگەن كىنودىكى قۇرباندەك توي قىلساڭمۇ بولىدۇ!

— ئابدۇباقىنى نېمىگە ئوخشــىتىۋەتتىڭ سەن، ئۇ دېگەن قايسى زاماندىكى ئىش، ئابدۇباقىدەك بىر بايۋەچچىنى سەن ئاشۇ قۇرباندەك يالاڭتۆش كۆرۈۋاتامسەن؟!

— بولىۋېرىدۇ، ئاشــۇنداق توي تېخى ئەڭ پەيزى بولىدۇ! ھازىرمۇ دەۋاتامدۇ ئاددىي-ساددا توي قىلىڭلا دەپ...

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— قويەۋا بۇنداق گېپىڭنى، سەن ئاددىي قىلىمەن دېگەن بىلەن خوتۇن خەق ئۇنامدا؟ ھازىرقى خوتۇن خەقلەر ئانارخاننى سارالڭ دەيدۇ، ھازىر كەم دېگەندە 60 گرام ئالتۇن ئالمىساڭ خوتۇن تەگمەيدۇ!

— سەن يېزىنىڭ قىزلىرىنى دەۋاتسەن، شەھەرلىك خوتۇنلارغا 90 گرامدىن كەم ئالتۇن ئالساڭ مۇمكىن ئەمەس، ساڭا تەگمەيدۇ، تېخى ئۆي دەيدۇ، موتوغا مىنىمەن دەيدۇ... بۇنداق خوتۇننىڭ جېدىلى جىق، ھېلى رېستورانغا بارىلى دەۋاتقان، ھېلى بىر كىيىم مودا بوپتۇ دەۋاتقان...

— راست دەيسلەر ئاغىنىلەر، — دېدى ئابدۇباقى ھاراق نۆۋىتىنى ئىچىپ بولۇپ، — شەھەرلىك خوتۇننىڭ زادى نەپسى تويمايدۇ. شۇڭا مېنىڭ بۇ يەردىن توي قىلغۇم يوق، يېزىدىن قىز ئالغۇم بار، بۇنىڭغا پىكرىڭلار قانداق؟!

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ! قېنى قايسىڭلارنىڭ يېزىدا تۇغقانلىرى بار، تونۇشتۇرىدىغانلار بولسا ئەمدى تونۇشتۇرۇڭلار!

— مەن بىرنى تونۇشتۇراي، ئۆزى ئىشچان، قىلىقى ئوبدان، مېڭىشى چاققان، باغلاپ قويسىمۇ جىم تۇرىدۇ...

سورۇن ئەھلى بىر-بىرىگە قاراپ سەت كۈلۈشۈپ كەتتى، ئابدۇباقى گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ قۇلىقىغىچە قىزىرىپ كەتتى، ئۇسال بولغانلىقىنى چاندۇرمىدى، ئەمما ئاچچىقى كەلدى. بۇ ئاداش بايىمۇ بىرسىنى ئۇسال قىلغانىدى، ئۇ پات سۆزلىمەيتتى، سۆزلىسە سېسىق چاقچاقتىن بىرنىلا قىلىپ سورۇننى مازاق-كۈلكىگە كۆمۈۋېتەتتى. نېمىلا بولسۇن، ھېچقايسىسى ئابدۇباقىنىڭ جان يېرىگە چېقىلىدىغان، غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلمىدى، ئېشەكنىڭ گېپىنى چىقارسىمۇ، لېكىن ئۇنى يارىماسقا چىقارمىدى. بۇنىڭدىن ئۇ بەك تېرىكىپ ئازابلىنىپ كەتمەي، سورۇندا باشتىن-ئاياغ ئوبدان ئولتۇرۇپ، ئۆيىگە خۇشال قايتتى.

ئۇ ئۆيىگە كەلگەندە قەمبەر ئۇنىڭغا خۇشخەۋەر يەتكۈزدى:

— ئابدۇباق... گۈلەمبەر... ئۆتەپ...تۇ!

ئابدۇباقى گۈلەمبەرنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ يۈرگەچكە بۇ خەۋەردىن ھەيران قالمىدى، خۇشالمۇ بولمىدى، گەپ قىلمايلا ئۆيىگە كىرىپ، چاپىنىنى تاشلاپ ياتتى. گۈلەمبەرنىڭ ئىستىقبالىنى ئۇ ئالللىقاچان ئويلىنىپ بولغانىدى: داشۆگە ئۆتسە ئۆزىنىڭ بەش مىڭ كويىغا ئوقۇيدۇ، قالغىنىغا مەن ئىگە ئەمەس. ئوقۇمىسا ياكى پۇلى يوق ئوقۇيالماي يېنىپ كەلسە ھوشۇر ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ خىزمەت دېسە، ئۇ ئوغرى بىر نېمە دەيدۇ. قىز بالا ئوقۇپ نېمە قىلىدۇ، ئوقۇپ كەلسىمۇ تېخى ئالدىراپ خىزمەت يوق! ئوقۇپ كاتتا خىزمەتكە ئېرىشىپ كەتسىمۇ يەنىلا ئەرگە تېگىپ، ئېرىگە ئىشلەيدۇ، بۇ ئۆيگە ھەرگىز ئەسقاتمايدۇ...

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ گۈلەمبەرگە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن چاقىرىق كەلدى، چاقىرىقنى چىمەنگۈل خانىم ئېلىپ گۈلەمبەرنىڭ ئۆيىگە كەلدى. قەمبەر ئۆيدە كەچلىك تاماق قىلىۋاتاتتى.

— گۈلەمبەر ئۆيدە يوقما؟ — دېدى چىمەنگۈل خانىم قەمبەرگە قىزىقسىنىپ قاراپ.

— بى دوستى... ئۆيىگە كەتتى.

— قاچان كېلىدۇ؟

— ھېلى... كېلە...

قەمبەر ھەر ھالدا سۆزلىيەلەيتتى، چىراي ئىپادىسى، مۇئامىلىسى تەبىئىي، سۆيۈملۈك ئىدى، بۇنداق ھالەت نۇرغۇن نورمال چوكانلاردىمۇ تېپىلمايتتى. قەمبەر چىمەنگۈل خانىمنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ ئالدىغا چاي ئەكەلدى.

شۇ ئەسنادا بالىسىنى كۆتۈرۈۋالغان ھېلىماخۇن ھويلىدا پەيدا بولدى، قەمبەر ئۇنىڭغا دالان ئۆينى شەرەتلىدى، ھېلىماخۇن ئۆيگە كىرىپ، خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ، بېشىنى قاشلاپ كەينىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياتماقچى بولۇپ تۇرغاندا خانىم:

— ئۇلتۇرۇڭ، سىزگە دەيدىغان گەپ بار، — دېدى.

ھېلىماخۇن سۇپىغا قورۇنۇپقىنە كېلىپ تامغا يۆلىنىپ داستىخانغا يىراق ئۇلتۇردى. چىمەنگۈل خانىم ئىچ-تېشىدىن ئەبگالىق تۆكۈلۈپ تۇرغان بۇ موزدۇزغا ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ:

— گۈلەمبەرگە ئۆرۈمچىدىن چاقىرىق كەلدى، ئۇقۇتامسىلەر؟ — دېدى.

ھېلىماخۇن باشتا خۇش بولدى، ئاندىن شۈكلەپ قالدى، گەپ قىلىشقا مەجبۇرلانغىنى ئۈچۈنلا گەپ قىلىۋاتقاندەك ئېغىر پۇشۇلداپ:

— باھارخان ئانام ئوقۇسۇن دېگەن، قولىغا پۇل بەرگەن، ئاكىسى يوق قىلدى، ئوقاي دېسە ئەمدى پۇلى يوق، بىز ئوقۇتىلى دېسەك... مانا كۆردىلا، قوچاقتا ما بالام بار... ياماقچىلىق ماشىنام بۇزۇلۇپ قالدى، ئوڭشىتاي دېسەم... قەمبەرخان ئاش تۆكىدى، تۇز تۆكىدى دەيدۇ... — دېدى.

چىمەنگۈل خانىم گۈلەمبەردىن ھەممىنى ئاڭلىغانىدى، ھېلىماخۇننىڭ شۇنچە ئېغىر دەرد-ئەلەمنى كۆتۈرۈپ چىداپ ياشاۋاتقانلىقىنى، ئەمدى تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— گۈلەمبەر كەتكەندىن كېيىن ئاكىسى سىلەرنى بۇ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارماس؟!

ھېلىماخۇن نەق شۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك، جىمىپ ئۇلتۇرۇپ كەتتى. چىمەنگۈل خانىم ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ئېچىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ھەي، سىزمۇ بىر ئەر كىشى بولغاندىكىن جاننى چىڭ تۇتسىڭىز بولمامدۇ! جان كۆچ كەلگەندە ئىككى ئېغىز گەپنى راۋرۇس دەپ، بەك بولمىسا ئۇنداق ئادەمنىڭ قولاق تۈۋىگە ئىككىنى قويۇپ، مەن مەيەردە ياشامدىمەن-ياشىمامدىمەن دېمەمسىز؟!

قاچانغىچە قورقۇپ تىترەپ تۈگۈلۈپلا يۈرۈيسىز؟ سىز دېگەن ئەر كىشى، بىر بالىنىڭ ئاتىسى، هازىر ئىككى جان سىزگە قاراشلىق. ئەگەر جانىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر تۇرمۇش يولىنى تاپمىسىڭىز، ياۋاشلىق قىلىپ خەققە بوزەك بولۇپ يۈرۈۋەرسىڭىز، بۇ جاھاندا قانداق ياشايسىز؟ ئايالىڭىز، بالىڭىز قانداق ياشايدۇ؟!

هېلىماخۇن بالىسىنى قامالالاپ، يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— بالىڭىزنى ئۇنداق سىقىۋالماي ئەركىن تۇتۇڭ، — دېدى چىمەنگۈل خانىم — بالىڭىز ئوغۇل بالىدۇ؟ هە ئانداق بولغاندىكىن ئەركىن قويۇۋېتىڭ، ئەركىن ياشىسۇن، ناھەقچىلىككە سىزدەك چىداپ ئولتۇرماي، كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققۇدەك ئەر بولسۇن! سىزنىمۇ ئانىڭىز ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان بولغىيتى، ئەركەك بالام دەپ بېقىپ چوڭ قىلغان بولغىيتى؟ نېمىشقا ئەر كىشىدەك مەزمۇت ياشىمايسىز؟!

ئاش ئۇسۇپ ئەكىرىۋاتقان قەمبەر ئىشىك تۈۋىدە بىر پەس توختاپ، ئاندىن ئاشنى چىمەنگۈل خانىمنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى. ئاشقا قاراپ چىمەنگۈل خانىم ئاخىرقى گېپىنى ئېيتتى:

— كۆڭلىڭىزگە كەلسىمۇ دەي هېلىماخۇن، دۇمبىسىنى پاشا-چىۋىن چاقسىمۇ مىت قىلماي ئولتۇرغان ئادەمنى شۇ نەرسە چېقىپ ئازابلايدۇ، هەتتا ئۆلتۈرىدۇ...

هېلىماخۇن ئۆمرىدە مۇنداق قاتتىق گەپ ئاڭلاپ باقمىغانىدى، ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى، تۇرۇپ قاتتىق ئىزا ئىشتقانلىقىغا قورسقى كۆپسە، تۇرۇپ ئورۇنلۇق گەپ ئاڭلىغاندەك هېس قىلىپ، بالىسىنىڭ ئىسسىق بېشىنى سىلاپ "خۇدايىم بەختىڭنى بېرىدۇ بالام، سېنى بۇ يەردە خارلىققا قويمايمەن..." دەپ ئويلايتتى.

## 8

ئابدۇباقى بىر ئاخشىمى چۈش كۆردى، چۈشىدە سانىيە

بىلەن ناھايىتى ئەرزان بىر مېھمانخانىدا ياتتى، يۈزلىرى ئانار دەك قىزىرىپ، كۆزلىرى ھەۋەســـتە يېنىپ تۇرغان سانىيە قات-قات قىزىل كۇسار كىيىۋالغانىدى، ئابدۇباقى بىرسىنى سالدۇرسا يەنە بىرسىنى سالدۇرالماي كۆپ ئىكىلەشتى، ئىچىدىكى كۇسارلار بىر-بىرىدىن تار، رېزىنكىســـى چىڭ ئىدى، لېكىن بۇنداق كۇسارلار سانىيەنىڭ يوتا-ســـاغرىلىرىنى تېخىمۇ شەھۋانىي كۆرسىتەتتى. ئابدۇباقى كۇسارلارنىڭ ھەممىسىنى سالدۇرۇپ بولغىچە ئۆزىنىڭ بالدۇر ھاياجانلىنىپ كېتىپ يەنە ئۇسال بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئاچقۇچىغا ئېسىۋالغان كىچىك قەلەمتۇرىچىنى ئېلىپ كۇسارلارنىڭ رېزىنكىسىنى كەستى. سانىيە قورقۇپ ئۇنداق قىلما دەپ باقتى، ئابدۇباقى ئۇنىمىدى، ئەسەبىيلەشـــتى، ئاخىر ھەممە كۇسارنىڭ رېزىنكىسىنى كېسىپ، يەنە سالدۇرالمىغانلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئىشـــرەت قايناملىرىغا چۆكۈشـــكە باشـــلىدى، لېكىن لەززەتكە چوكقۇرلاپ كىرمەي تۇرۇپلا تۈگەشتى. ئۇنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، شـــۇ يەرگە سىنچىلاپ قاراپ، ســـانىيەنىڭ يەنە بىر قات كۇسار كىيىۋالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ســـانىيەنىڭ چىرايىغا قاراشـــقىمۇ پېتىنالماي قورقۇپ ئويغىنىپ كەتتى...

ســـانىيە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئانىسىغا كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەۋاتاتتى:

— بېيجىڭ دېگەن ئانداق شـــەھەر، مانداق شەھەر، پۇل دېگەننى توپىنى ئۇسقاندەك ئۇسۇپ يېنىپ كېلىمىز دېسە ئىشىنىپ بېرىپتىمەن. ھېكىمنىڭ تاغىسى ئۇسمىناخۇن ئوبدان كۈتۈۋالدى، مېنى باشتا كۆرۈپ بەك قاراپ كەتكەنىدى، شۇ ۋاقىتتىلا كۆڭلۈمگە بىر گۇمان چۈشكەن. كېيىن راست دېگەندەك، ھېكىمنى كىچىك ئاشخانىســـىغا، مېنى چوڭ رېســـتورانىغا ئايرىپ، ئىككىمىزنى ئايرىۋەتتى. ئارىلىقىمىز خېلى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچە سائەت ئون ئىككىگىچە ئىشلەيمىز، ســـائەت بىردە ئۇخلايمىز، ئۇخلاپ قېتىپ كېتىمىز. ئەتىسى قوپۇپ يەنە ئىشلەيدىغان گەپ. ھېكىم

باشتا ئەپ تاپسا كېلىپ تۇراتتى. كېيىن ئانچە كەلمەس بولدى. ئوسمىناخۇن ئۇنداق قىلىپ، مۇنداق قىلىپ مېنى ھېكىم بىلەن پەقەت بىر يەردە تۇرغۇزمىدى. ھە دېسە ماڭا "خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىپ سىزنى ئالىمەن" دەپ تۇرىۋېلىپ، كەينىمگە بەك كىرىۋالدى. ئۇ ئادەمنىڭ خوتۇنىغۇ ئەسكى ئەمەسكەن، مېنى بەك كۈنلەيمۇ كەتمىدى، ئۇ خوتۇننىڭ سۆلىتىنى دېمەيسىز، قاچانلا قارىسام سىرتتا يۈرەتتى، ئىككىسى ئاخىر ئاجرىشىپ كەتتى، ئاڭلىساق ئېرىدىن 250 مىڭ كوي نەق ئۇنىدۇرۇپ، گۇاڭجۇغا ئاشخانا ئاچقىلى كېتىپتۇ، ئۇ خوتۇننىڭ ھېكىم بىلەن چاتىقى بارمۇ قانداق، ئۇقمىدىم، ھېكىمنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ مازلىقىنى دېمەيدىغان، ماڭا بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي كېتىپتۇ. خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ ئوسمىناخۇننىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، مېنى ئۇنىمىسام ئۇنىماي ئۆيىگە ئەكىرىۋالدى. مەن توي قىلىپ ئاندىن بىر ئۆيگە كىرىلى دەپ چىڭ تۇرىۋالدىم. سىز بىلمەيسىز ئانا، ئۇنداق چوڭ شەھەردە ئوسمىناخۇندەك ئادەمگە ۋاي دەيدىغانلار جىق، رېستۇراندا مەندىن باشقا قىزلارمۇ بار بولمىسا، ئوسمىناخۇننىڭ ھېچقايسىسىغا كۆزى چۈشمەي مېنى تاللىغىنىغا خۇش بولدۇمىيۇ، لېكىن كۆڭلۈمدە بەك ئىشىنىپ كەتمىدىم، بۇنداق ئادەم نەچچە خوتۇننى يولغا سېلىپ بولماي تۇرامدۇ دەيسىز، لېكىن قويۇۋەتسىمۇ خوتۇنىنى رازى قىلىپ، نۇرغۇن پۇل بېرىپ قويۇۋېتىدىكەن، ئۆزىمۇ ئادەتتە مەرت بولغاچقا ئۇنى-بۇنى ئېلىپ بېرىپ كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالدى. "نېمە بولسا بولار، توي قىلىپ ئاندىن قالغىنىنى كۆرەي" دەپ ئويلىدىم. شۇنداق قىلىپ ئوسمىناخۇن بىلەن توي قىلدىم. تويغا خېلى جىق ئادەم كەلدى، ئۇ يەردىمۇ بىر مەھەللىنىڭ ئادىمىدەك خەقلەر بار ئىكەن، ئوسمىناخۇننىڭ ھۆرمىتىنى بەك قىلىدىكەن. توي كۈنى ئىككى-ئۈچ سائەت گىرىم قىلدۇرۇپ، ئۆزۈم تاللاپ توي كۆينىكى كىيگەنىدىم، ئەينەككە قاراپ ئۆزۈمنى

كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تونۇيالمىغىلى تاس قالدىم، يىغلاپ سالدىم، شۇ خۇشلۇقۇمدا ئۇسمىناخۇن بىلەن ئەتە ئاجرىشىپ كەتسەممۇ مەيلى دېيىدىغۇ زادى... تويى بەك قىزىدى، چوڭ بىر رېستورانىنى ئايتىكەن، ناخشا-ئۇسسۇلچىلار سورۇندىن ئوت چىقىرىۋەتتى، ئىشقىلىپ بەك كۆڭۈللۈك بولدى، ئۆمرۈمدە توي قىلدىم دېگۈچىلىكى بار ئۇنتۇلماس بىر توي بولدى. رەسىملەرگىمۇ چۈشكەنتۇق، ھېلى سىزگە كۆرسىتىپ قويىمەن... شۇغىنىسى توي ئاخشىمى بىر ئاز كۆڭۈلسىزلىك بولدى...

— نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ئانىسى ئەجەبلىنىپ، — سوقۇشۇپ قالدىڭلارما؟

— ياق سوقۇشمىدۇق، سىزگە ھەممىنى دەۋېرەي، ئۇسمىناخۇن يامان سېمىز، قورسىقى يوغان بولغاچقا توي ئاخشىمى مېنى بەك جىلە قىلىۋەتتى، توي ياخشى ئۆتكەچكىلا نېمە دېسە بويسۇنۇپ ئىختىيارىغا قويدۇم، تولا تارتقۇشلاپ ھالىمنى قويمىدى، ھەممىگە چىدىدىم. ئاخىر ئۇمۇ شۇ ئابدۇباقى دېگەن لاتىغا ئوخشاپ قالدى قاراڭ...

— ئابدۇباقى نېمە بولغان؟! — دېدى ئانىسى ھەيران قېلىپ.

— مەن سىزگە بۇنى دېمىگەن...ھە... راست، ھەي بۇنى بىر كىمگە دېيىشكىمۇ ئادەم نومۇس قىلىدۇ... سىزگە تېخىمۇ دېگىلى بولمايدۇ. بۇنى شۇ ئەرلەرنىڭ ئۆز خوتۇنىنى رازى قىلالماسلىقى دەپ چۈشەنسىڭىزلا بولىدۇ... مەن سىزگە ئابدۇباقىغا تەگكەن ئالتە ئاينىڭ ئىچىدە ھېچنېمە بولمىدىم دېسەم ئىشىنەمسىز؟

— نېمە دەپ يۈرۈيسەن ئەمدى؟!

— دېسەم ئىشەنمەيسىز، شۇ ئالتە ئاينىڭ ئىچىدە مېنىڭ قىزلىقىم ھېچنېمە بولمىغان، ئۇسمىناخۇنغا تەگكەن توي كېچىسىدىن كېيىنكى نەچچە كۈن ئىچىدىمۇ ھېچنېمە بولمىدىم، لېكىن بەك قىينىلىپ كەتتىم، ئۇ ئىشقىمۇ بەك ئۈچ بولۇپ كەتتىم.

ئوسمناخۇن ئاخىر، بۇ بولمىدى، كۆندە مۇشۇنداق بولۇۋەرسە قىينىلىپ كەتكۈدەكسىز، دوختۇرخانىغا بارىلى دېدى، نېمىشقا دېسەم، قىزلىق پەردىڭىز بەك قېلىن ئوخشايدۇ، ئوپراتسىيە قىلمىسا بولمىغۇدەك دەيدۇ، ھەيران قېلىپ تۇرۇپلا قاپتىمەن!

ــ نېمە؟ سېنىڭ قىزلىق پەردەڭ بەك قېلىنمىكەن؟!

توۋا ما ئىشنى! بەزى خوتۇنلاردا مۇشۇنداق ئىش بولىدۇ دەپ ئاڭلىغان... ئۆزەڭ نېمىشقا ئۇقمايسەن بۇنى؟ نېمىشقا ماڭا بۇرۇنراق دېمەيسەن؟!

ــ ۋاي بۇنى مەن نەدىن بىلەي! مېنى تۇغقان ئادەم سىز تۇرسىڭىز، سىز بىلمىسىڭىز مەن قانداق بىلىمەن؟!

ــ ھە بولدى، گېپىڭنىڭ ئاخىرىنى دېگىنە، ئاخىرى قانداق بولدى؟ ئوپراتسىيە قىلدۇردۇڭمۇ؟

ــ قىلدۇردۇم، بىردەمدىلا قىلىپ بولىدىكەن. ئوسمناخۇن دېمىگەن بولسا ھېچنېمىنى ئۇقماي قىينىلىپ يۈرگىدەكمەن...

ــ نەچچە خوتۇننى يولغا سالغان ئادەم ئۇنچىلىك ئىشنى بىلمەي قالامدۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئۆتتۇڭلار؟

ــ خېلى ياخشى، شۇ قورسىقى يوغان، ئۆزى سېمىز بولغاچقا تولا ھاسىرايدۇ، يۈرەك كېسىلى بارمىكىن دەپمۇ ئەنسىرەيمەن...

ــ سەن ئەمدى خوتۇنى بولغاندىكىن بەزى جەھەتتىن ئانچە ـ مۇنچە باشقۇرۇپ تۇر، كەيپ ـ ساپاغا ئازراق بېرىلسۇن. بۇدا كېلىشىڭدە قانچە كۈن تۇرىسەن؟

ــ قانچە كۈن ئەمەس، نەچچە ئاي تۇرىمەن ئانا، سىزگە يەنە بىر خۇشخەۋەر، ھازىر بويۇمدا بار، بېيجىڭدىكى چاغدىلا تەكشۈرۈتكەنتۇق، ھازىر ئىككى ئايدەك بولدى. ئوسمناخۇن بەك خۇشال، ئۆيگە بېرىپ دەم ئالغاچ كۈتۈنەي دېسەم ماقۇل دەپ، مېنى بىرمۇنچە پۇل بىلەن يولغا سالدى، ئىنىسى بىلەن بىللە كەلدۇق، ئىشلىرىم بولسا ئەمدى شۇ ياردەملىشىدۇ.

ــ ئوسمناخۇن ئۆزى نېمىشقا بىللە كەلمەيدۇ، بىز بىلەن

كۆرۈشمىسە قانداق بولىدۇ؟

— كېلىدۇ ئانا، خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ھازىر سەل ئالدىراش، رېستورانىنىڭ سودىسى ھازىر ياخشى دەڭا، ۋاقىت چىقىرىپلا قالسا ئايروپىلان بىلەن بىر نەچچە سائەتتىلا كېلىپ بولىدۇ. مەنمۇ بۇ قېتىم پويىزدا ماڭاي دېسەم، بالىغا تەسىرى بولىدۇ دەپ ئۇنىماي ئايروپىلاندا يولغا سالدى ئەمەسمۇ! تېخى تۇغۇلمىغان بالىسىغا شۇنداق قىلىپ كېتىدۇ، ماڭىمۇ بەك كۆيۈنىدۇ. بۇنداق ئەرنى ئەمدى ئىككىنچى تاپالماسمەن، سىزگە دېمەيلا قېچىپ چىققىنىمغا يارىشا ئەردىن تەلىيىم چىقىپ قالدى. ھېكىمدىنمۇ يامانلىشىم يوق، مېنى كۆلىغا شۇ ئەچىقمىغان بولسا، ماڭا بۇنداق بەخت-ئامەت نەدە دەڭا!

— بۇ يەردىمۇ بىر توي قىلمىساڭلار بولماس، خەلقئالەم ئالدىدا مېنىمۇ ئويلاپ قوي، سېنى كۆلىدا ئەرگە تېگىپتۇ دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟

— بۇنىمۇ مەن ئوسمىناخۇنغا دېگەن ئانا، خاتىرجەم بولۇڭ، ئوسمىناخۇن كەلگەن ھامان كاتتا چاي بېرىمىز. خەقلەر ئۆمرىدە بۇنداق مەرىكىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمىز دەپ قالىدۇ، قاراپ تۇرۇڭ!

— ئەمدى مېنىڭ قىزىمغا ئوخشىدىڭ، ئابدۇباقىدىن ئاجراش دېسەم بىر ۋاقىتتا قوڭاكنى چۆرۈپ چىقىپ كەتكەنتىڭ، ئاجراشمىغان بولساڭ ئولتۇراتتىڭ ئۆز گۆشۈڭنى ئۆزۈڭ يەپ!

— شۇنى دەڭا، چوڭلارنىڭ سۆزىنى زادى ئاڭلىماي بولمايدىكەن... ھە راست، ئوسمىناخۇن توي كېيىنىشكىسىنىڭ كېپىنى قىلغان. بىزنىڭ ئۇ يەردە نوپۇسىمىز بولمىغاندىكىن توي خېتى ئالالمايدىكەنمىز، ساقچىلار تولا كېينىشكا تەكشۈرىدۇ. مەن تېخى ئابدۇباقىدىن خېتىمنى ئالمىغان، ئۇ چىدىماس بەرگىلى ئۇنىمىغانتى...

— ئەمدى بېرىپ ئال، قاچانغىچە سوزىدىكەن ئۇ

قەلەندەر...

ئانا-بالا ئىككىسى ئۇزاق مۇڭداشتى، سانىيەنىڭ دادىسى قىزىنىڭ قېچىپ يۈرۈپ بەختىنى تاپقانلىقىدىن ئانچە خۇش بولۇپ كەتمىدى، ئۇ ئادەمگە ئۆزىنىڭ تاماكىسىلا بولسا بولاتتى، خۇشاللىقى بىلەن خاپىلىقىنىڭ تايىنى يوق ئىدى، بىر خىللا ياشايتتى.

## 9

— بىر ئىشقا ئالدىراپ خۇش بولغىلى بولمايدۇ. خۇشاللىقنىڭ كەينىدىن غەم-قايغۇ بىللە كېلىدۇ. مەسىلەن، بويىدا قالغان ئايال پەرزەنت كۆرىدىغان بولدۇم دەپ خۇشال بولىدۇ-يۇ، بۇ بالىنىڭ بىر يېرىنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، بالىسى ساق تۇغۇلغاندا خۇشال بولىدۇ-يۇ، ئۇنى قانداق ئەي قىلىشنىڭ غېمىگە چۈشىدۇ... سىز ئۆزىڭىز كۆتكەن نەرسىگە ئېرىشتىڭىز، چاقىرىقنى ئېلىپلا خۇشال بولدىڭىز-يۇ، ئارقىدىن غەم-قايغۇ باشلاندى. شۇنداق بولىدۇ، ئادەم ئارزۇ-ئۈمىد، غەم-قايغۇ ئىچىدە ياشايدۇ. سىز ھازىر پۇلدىن غەم قىلىۋاتىسىز، مۇشۇ غەم ئەڭ چوڭ غەم. بۇ غەمدىن قۇتۇلماق تەس. مېنىڭ سىزگە شۇنداق ياردەم قىلغۇم بار، لېكىن مەكتەپ مائاشىمىزنى كولاپ، قولىمىزغا تەگكىنى ئۆزىمىزدىن ئاشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولدىشىم ھېسابقا بەك چىڭ، ماڭا پەقەت پۇل تۇتقۇزمايدۇ...

— خانىم، ئۇنداق دېمەڭ، سىزنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن ماڭا بەرگەن ئىلھامىڭىزنى ھېچنېمە بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، سىزگە رەھمىتىمنى بىلدۈرەلمەي تۇرۇپلا، پۇل دېيىشكە يۈزۈم قانداق چىدايدۇ، سىزنىڭ قىيىنچىلىقىڭىزنى مەنمۇ بىلىمەن...

— ئەجەب ئەبگا بىر ئەپەندىگە تېگىپ قاپتىكەنمەن، تۇرمۇشىمىز ئاشۇنداق سىقىلىپ ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ...

www.uyghurkitap.com

— ئاكام دېگەن ئاچكۆز شۇ پۇلنى ئالداپ يەۋالمىغان بولسا، بۇنچىلىك غەم قىلىپ كەتمەيتتىم، ھېلىمۇ بەش مىڭ كوي قاپتىكەن، بولمىسا ئالىي مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن ھەرگىز كىرەلمەسكەنمەن. ئاۋۋال مەكتىپىمگە بېرىپ ماكانلىشىپ تۇراي، كېيىنچە بىر ياقتىن ئوقۇپ، بىر ياقتىن ئىشلەپ پۇل تاپارمەن.

— سىرتتا ئىشلىسىڭىز جەمئىيەتكە ئاسان ئارىلىشىپ قالىسىز، شېئىر يېزىپ تېخىمۇ پۇل تاپالايسىز. ھازىرچە بار پۇلىڭىزنى ئېلىپ مېڭىپ تۇرۇڭ، كېيىنچە بىر ئامالى بولۇپ قالار، مەكتەپمۇ قاراپ تۇرماس...

— نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا مۇشۇ كۈنلەرنى كۈتۈپ ئۇخلىيالمايتتىم، چاقىرىقنى قولۇمغا ئېلىپ پەقەت خۇشال بولالمىدىم، ئانامنى ئەسلەپ يىغلىدىم... ئانام بولغان بولسا بۇنداق بولمايتتى، — دېدى گۈلەمبەر ياش تۆكۈپ.

— ئىرادىلىك بولۇڭ، بۇ بەلكىم ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بەزى ئىشلار ۋاقتى كەلگەندە ھەل بولىدۇ.

— ئالىي مەكتەپتە بىر يىل ئوقۇيالىسامىمۇ مەيلى، — دېدى گۈلەمبەر يېشىنى سۈرتۈپ، — تىرىشسام بىر يول چىقىپ قالار...

— سىز چوقۇم ئوقۇپ كېتەلەيسىز، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن!

— ئۇ مەكتەپتە مەن بىلەن سىزدەك پاراڭلىشالايدىغان خانىم چىقارمۇ؟! — دېدى گۈلەمبەر چىمەنگۈل خانىمغا قىيالماسلىق نەزەرىدە قاراپ.

— چىقىدۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ئادەم-دە، دوست بولۇپ ئۆتىسىز بولىدۇ.

— ماڭا بەرگەن تەربىيىڭىزنى، ياردىمىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن خانىم، بارغاندا خەت يېزىپ، تېلېفون قىلىپ تۇرىمەن.

— مەنمۇ سىز بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرىمەن، مېنى ئەمدى ھەدىڭىزدەك كۆرسىڭىز بولىدۇ...

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن گۈلەمبەر قاق سەھەردە يۈك-تاقىنى جىق ئالماي، يەڭگىل قەدەم بىلەن ئۆيىدىن چىقتى، ئابدۇباقى ئاخشام ئىچكەن هاراقتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي ياتاتتى، ھېلىماخۇن بىلەن قەمبەر ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتى، ئاپىسىنىڭ يېشىنى كۆرۈپ گۈلەمبەر تەسىرلىنىپ:

— سىزنى خۇدايىم ساقلىسۇن ئاپا، ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ، ئۇكامنى ياخشى بېقىڭ، مەن يەنە كېلىمەن — دېدى، ئاندىن ھېلىماخۇنغا قاراپ:

— ھېلىمكا، ئاپامنى، ئۇكامنى ياخشى بېقىڭ. بۇ يەردە جان باقالمىسىڭىز يېزىدىكى تۇغقانلىرىڭىزنىڭكىگە كېتىڭ... — دېدى.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن ئۇكام، ئاز بولسىمۇ ماۋۇ 30 كوينى يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، چاي پۇلى بولۇپ قالار...

— ياق، ياق ھېلىمكا، بۇ پۇل سىزدە قالسۇن، مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇكامغا ياخشى نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىڭ.

ھېلىماخۇن ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، گۈلەمبەر ئىچ ئاغرىقىغا چىدىماي پۇلنى ئالغىلى ئۇنىمىدى، كۆزلىرىگە يىغا ئولاشتى. ئىككىسى شۇنداق تالىشىپ تۇرغاندا قەمبەر ئۆيگە كىرىپ ئابدۇباقىنى بىر دەمدە ئويغىتىپ چىقتى. ئابدۇباقى كۆزىنىڭ چاپىقىنى ئۇۋۇلاپ، مەيدە يانچۇقىنى كوچىلاپ ئىككى يۈز كوينى چىقاردى:

— نېمانداق ئەتىگەندىلا ماڭىسەن، ماڭا خوش دېمەيلا كېتەمسەن، ئالە ئاز بولسىمۇ ما پۇلنى، قولۇمغا جىق مائاش تەگمىدى، رازى بولۇپ ئال. ئوقۇما دېسەم ئۇنىمىدىڭ، قېنى بېرىپ ئوقۇپ باق، ئوقۇيالماي قالساڭ يېنىپ كېلەرسەن.

گۈلەمبەر پۇلنى گەپ قىلماي ئالدى، ھېلىماخۇننىڭ پۇلنى

ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئاپىسى قەمبەرگە تۇتقۇزۇپ قويدى. گۈلەمبەرنىڭ چىڭ تۇرىۋېلىشى بىلەن ئۇلار ئۆيدىلا خوشلاشتى، گۈلەمبەر بىكەتكە بېرىپ ئاپتوبۇسقا چىقتى، ئۆيدىن ئايرىلىش پىراقىدا مۇڭلاندى، ئەمما ھاياتىنىڭ يېڭىلىنىۋاتقانلىقى، تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ بۆلەكچە روھلاندى.

بالىلىرىنى ئۇزاتقىلى چىققان ئاتا-ئانىلار ئاپتوبۇس يېنىدا بالىلىرىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشاتتى. گۈلەمبەر ئۇلارغا قاراپ ئانىسى باھارخاننى ئەسلەپ كۆڭلى بۇزۇلدى. بىر چاغدا يالقۇن پەيدا بولدى، ئۇ ئالىي مەكتەپكە بېرىپلا پۇتبول ئوينايدىغاندەك ناھايىتى قىزغىن، ئالدىراش كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاپتوبۇس ئەينىكىدىن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان گۈلەمبەرنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتىپ قويدى.

گۈلەمبەر كېتىپ، ئابدۇباقى تېخىمۇ ئەركىنلىشىپ، ھاراق ئىچىپ كېلىپ قالايمىقان سۆزلەپ ھېلىماخۇن بىلەن قەمبەرنى پاراكەندە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆيدە بولغان چاغدا ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىرەر ئىشى كۆڭلىگە ياقماي قالسا ياكى قەمبەرنىڭ بالىسى يىغلاپ كەتسە جىلە بولۇپ سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرەتتى. بەزىدە ئوچۇقتىن ئوچۇق "سەن نېمىلەرگە ئاشۇ يېزا ياخشى..." دەپ دارىتمىلاپ گەپ قىلاتتى.

بىر بازار كۈنى ھېلىماخۇننىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى سېلىماخۇن يىراق يېزىدىن ھېلىماخۇننى يوقلاپ كەلدى، ئۆيدە ئابدۇباقى يوق ئىدى. ھېلىماخۇن ئاكىسىغا دەردىنى ئاز-تولا تۆكۈپ، ئىچ-قارنىنى بوشۇتۇۋالدى.

— بۇنداق تار يەردە قىستىلىپ يۈرگۈچە خوتۇن-بالاڭنى ئېلىپ بىزنىڭكىگە بار، — دېدى سېلىماخۇن — سەھرا دېگەننىڭ قوينى كەڭ، كېۋەزلىرىمىز ئېچىلىپ، قوغۇنلىرىمىز پىشىپ كەتتى. بىر كونا پاختا تېرىشىپ بەرسەڭمۇ پۇل. مەنمۇ ئەسلىي سېنى بۇ يەردە ئىشسىز بولمىسا بىزگە پاختا تېرىشىپ بېرەرمىكىن دەپ

كەلگەنىدىم. بىرگە بىر كوّن ئىشلىسەڭمۇ قولۇڭغا پۇل تېگىدۇ ئۇكام، خوتۇن ـ بالاڭنى ئوبدان باقالايسەن...

ــ ئەمىسە ئاكا، شۇنداق قىلىلى ــ دېدى ھېلىماخۇن يېنىك ئۇھ تارتىپ.

ــ خوتۇنۇڭ ماقۇل دەمدۇ؟

ــ ماقۇل دەيدۇ، ئۇنىڭمۇ بۇ ئۆيدە تۇرغۇسى يوق.

ــ ئابدۇباقى كەلسۇن، ئۇنىڭغا دەپ قويۇپراق ماڭلى.

ئۇلار كەچكىچە ئابدۇباقىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇردى، ئابدۇباقى قارىسىنى كۆرسەتمىدى. ھېلىماخۇن ئاكىسىنى بۇ ئاخشام قونۇشقا تۇتۇپ قالدى. قەمبەر تاماق قىلدى، ئۇلار تاماق يەپ پاراڭلىشىپ، ئاخىر ئۇيقۇغا چۆككەندە ئابدۇباقى مەست كەلدى؛ ھۇجرىسىغا كىرىپ، كىيىمىنى سالمايلا ياتتى، ئۇخلىيالمىدى، كاللىسى مۇئەللەقتە لەيلەپ، ئاللىقانداق شېرىن خىيالنى بويلاپ ئايلىناتتى، نەپسى قانداقتۇر بىر مەقسەتكە ئىنتىلەتتى، يېتەي دەيتتى، يېتەلمەيتتى. كەيپلىكتە ئەمەس، ساق ۋاقتىدىمۇ ئۇ كۆڭلىدە بىر كىملەرنى ئۇرۇپ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇشنى، خوتۇن تېپىپ ھەۋىسىنى قاندۇرۇشنى، پۇلنى جىق تېپىپ ئۇنىڭ ھەممىسنى ئاشۇ لەززەتكە ئايلاندۇرۇشنى دائىم ئويلايتتى.

مۇشۇ كەمگىچە ئۇ نەچچە مىڭ كوينى ھاراق سورۇنلىرىغا خەجلەپ تۈگەتتى، ئاغىنىلىرى چىللىغان يەرگە بارسا، سورۇندا تۇل چوكانلار بىلەن تانسا ئوينابلا بولدى قىلدى. ئىشلار چىڭغا چىقاي دېسە، سورۇندىن غېيىپىدە تىكىۋېتىپ قۇتۇلدى. بىرەرسى "پالانى چوكاننىڭكىگە بېرىپ قونۇپ كېلىلى" دەپ زورلىسا، "ئانام ئۆلۈپ قالغىلى ئۇزاق بولمىدى، سەت تۇرىدۇ..." دەپ بارغىلى ئۇنىمىدى. ئىچى پۇشۇپ ئۆيگە كەلسە ھېلىماخۇن بىلەن قەمبەر كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ، ھەر قىسما گەپلەرنى قىلىپ، ئۆينى كۆڭۈلسىز قىلدى. ئۇ يانچۇقى قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتقانچە خەجلىگەن پۇللىرىغا قارنى ئاغرىپ، ئەمدى ئازراق نوچىلىق

قىلىپ، يېزىلىق يۇۋاش قىزدىن بىرنى ئېلىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئويلىغىنىنى قىلىپ بولالماي سۆرۈلۈپ يۈردى، هاراقنى تولا ئىچىۋېلىپ، ئاخشىمى مەست بولۇپ، كۈندۈزى سولۇشۇپ يۈرگەچكە، خىزمەت ۋاقتىدا ئىشنى بېرىلىپ قىلماي، نەچچە تەنقىد ئاڭلاپ بولدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە قەمبەر ئابدۇباقىنى ئويغاتتى. ئابدۇباقى بالىسىنى كۆتۈرۈۋالغان قەمبەرنىڭ هېلىماخۇن بىلەن كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ مەڭدەپ قالدى-يۇ، ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلىدىغاندەك يەڭگىللەپ قالدى. ئاڭغىچە سېلىماخۇن كىردى:

— بىز كېتىدىغان بولۇپ قالدۇق، ئۆي سىلىگە ئۆتكىچە قالدى.

— نېمانچە ئالدىراپ...

— هېلىمۇ سىلىنى ساقلاپ بۈگۈن ماڭدۇق...

— بۇلار قاچانغىچە تۇرىدىغان گەپ؟

— هېلىماخۇننىڭ بالىسى ئېگەككە تاقاشقىچە.

— قەمبەر قانداق قىلىدۇ؟

— بالىسىنى باقىدۇ.

— بوپتۇ، ماڭغان بولساڭلار خۇدايىمغا ئامانەت.

— ئۆزەڭلىنى ئوبدان بېقىڭلا، بىز كەتتۇق!

سېلىماخۇن هېلىماخۇن ئەر-خوتۇننى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ قالدى. ئابدۇباقى سېلىماخۇننىڭ دېھقاندەكمۇ تۇرمايدىغان تەقى-تۇرقى، گەپ-سۆزلىرىنى ئويلاپ، هېلىماخۇننىڭ شەھەر يېرىدە تۇرۇپمۇ ئاكىسىدىن ياۋاش ۋە كالۋالىقىغا ئەجەبلەندى.

ئابدۇباقى ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ قويۇپ، ئىشقا ماڭاي دەپ تۇرغاندا ئۆيىنىڭ ئالدىدا سانىيە پەيدا بولدى. ئابدۇباقى ئۇنى كۆرۈپ خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، بىر نەچچە دەقىقە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، سانىيە چىرايلىق



www.uyghurkitap.com

ياســـنىۋالغانىدى. تۇرقىدىـــن بۇرۇنقىغـــا ئوخشـــمايدىغان تەمكىنلىك، سالاپەت چىقىپ تۇراتتى.

ئابدۇباقـــى ســـانىيەنىڭ "خېتىمنـــى ئالغىلـــى كەلدىم" دېگەنلىكىنـــلا ئاڭقىرالىدى، مۇشـــۇنداق بىـــر كۈننىڭ ھامان كېلىدىغانلىقىنـــى بىلگەچكە ئۆيگە كىرىپ توي خېتىنى ئېلىپ چىقتى. ئىككىيلەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشـــماي سوتقا باردى. ئىككىسىنىڭ بالىسى بولمىغاچقا، ھەق ـ تەلەپ دەۋالىرى مۇرەككەپ بولمىغاچقا ئىشلىرى تېزلا ھەل بولدى، كۆك تامغىنىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن ئىككىسى ئاخىر ئاجرىشىپ ئەركىنلىككە چىقتى.

ــ رەھمەت ساڭا، ــ دېدى سانىيە ئابدۇباقىغا خەيرخاھلىق نەزىرىدە قاراپ، ــ ئاڭلىسام مۇسىبەت بوپتۇ...

ــ ئەمدى گەپ قىلىشـــقاننىڭ پايدىسى يوق... ــ دېدى سولۇشـــۇپ كەتكەن ئابدۇباقى تەستە ئېغىز ئېچىپ، ــ ئەمدى يولۇڭغا ماڭساڭ بولىدۇ...



## 10

ھوشۇر ھاكىم ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ گۇلەمبەردىن كەلگەن خەتنى ئوقۇۋاتاتتى:

ھۆرمەتلىك ھوشـــۇر ھاكىم، ياخشـــى تۇرۇۋاتامىلا؟ ئاۋۋال باش ھاكىم بولغانلىقلىرىنـــى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، خىزمەتلىرى ئالدىراشـــمۇ؟ بۇ خەتنى تاپشۇرىۋالغاندا بەلكىم ھەيران قالغانلا. مەن سىلىگە ئۆيىنى ساتقان مەرھۇم باھارخاننىڭ قىزى گۇلەمبەر. مەرھۇم ئانام مېنى ســـىلىگە دېگەن بولســـا كېرەك. مەن ئۆتكەن يىلى شىنجاڭ داشـــۆگە ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە كەلگىلـــى مانا يېرىم يىل بولدى، ھازىر قىشـــلىق تەتىل، پۇلۇم يوق، ئۆيگە قايتالمىدىم، ھەتتا بىر قىشـــلىق چاپان ئېلىپ كىيەلمىدىم. ئۈرۈمچىنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتىدىكەن...

ھۆرمەتلىك ھاكىم، بىز ئۆي ســـاتقاندا ســـىلە ئاتـــا قىلغان 40 مىڭ

www.uyghurkitap.com

كوي پۇلدىن ئانام ھايات چېغىدا ماڭا ئوقۇش دەپ 15 مىڭ كوي مىراس قالدۇرغانىدى. ئابدۇباقى ئۇنىڭ 10 مىڭ كويىنى مەندىن ئېلىۋېلىپ، قەمبەر ئاچامغا مىراس قالغان 10 مىڭ كويىنىمۇ ئېلىۋېلىپ ئانامنى داۋالىتىمەن دەپ ئەكىتىپ يوق قىلدى. ئانام ۋەسىيەت قىلغاندا ئۇنىڭغا ھازىرقى ئۆينى، 10 مىڭ كوي پۇلنى ئېنىق ئايرىپ بەرگەن، ئىنساپلىق بول دەپ تەربىيە بەرگەن، ھەتتا ئۇنىڭ ئىنساپىغا ئاتاپ دۇئا قىلغانىدى، ئەمما ئۇ قارا يۈز ئەتىسىلا ئانام ئۆز قولى بىلەن بىزگە تۇتقۇزغان پۇلنى ئالداپ ئېلىۋېلىپ، ئانامنى داۋالاتماي مېيىتىنى ياندۇرۇپ ئەكەلدى. نەگە ئاپىرىپ داۋالاتتى، قانچە پۇلغا داۋالاتتى، ئۇقمايلا قالدۇق. يىغلىدۇق، قاقشىدۇق، گۇمانلاندۇق. مەن ئاخىر سورىسام، پۇلنى ئۇرۇمچىدە ئوغرى ئېلىۋالدى دەپ يالغان سۆزلىدى، ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەم "ماڭا تۆھمەت قىلدىڭ" دەپ مېنى ئۇرۇپ، ئاغزىمنى ئاچۇرمىدى، "خەققە بۇ گۇمانىڭنى يايساڭ، مەندىن بوش قۇتۇلالمايسەن" دەپ تەھدىت سالدى. ئۇنىڭ رەزىل ئەپت-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىشكە قۇدرىتىمىز يەتمىدى. شۇ كۈنلەردىكى ئاچچىق ئەلەم ئىچ-ئىچىمگە ئۆتۈپ كەتكەچكە ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمىدىم. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ نېمىشقا مەندىكى 15 مىڭ كويىنىڭ ھەممىسىنى ئالمىغانلىقىغا ھازىرغىچە ئەجەبلىنىمەن، بەلكىم بۇمۇ ئۇنىڭ ھىيلە-نەيرىڭى بولسا كېرەك. ئۇ قالدۇرۇپ قويغان بەش مىڭ كوي بولمىسا داشۆنىڭ دەرۋازىسىدىنمۇ كىرەلمىگەن بولاتتىم.

ھۆرمەتلىك ھاكىم، ئانام ئۆلۈپ كېتىپلا بىزگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر ئىنسان چىقمىدى، ئانامنىڭ زادى قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ھەق-ناھەقنى ئايرىيدىغان ئادەم چىقمىدى، يا ئاتىمىز يوق، يا تاغىمىز يوق، قەمبەر ئاچامنىڭ يولدىشى ھېلىماخۇنكام ئۆتۈپ كەتكەن ياۋاش بىر ئادەم، ئاغزىدىن بىر كىم ناننى تارتىۋالسىمۇ، جاننى ئالمىغانىغا شۈكۈر دەپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. مەن بىلەن قەمبەر ئاچام باھارخان ئانامنىڭ ئاجىز قىزلىرى، ئابدۇباقى نېمىلا دېگەن بىلەن ئاكىمىز بولغاچقا مىراس تالىشىپ جېدەللىشىشكە جۈرئەت قىلالمىدۇق. قەمبەر ئاچامنىڭ قۇچىقىدا تېخى بىر بالا بار، ئانام ئۇلارغا قالدۇرغان 10 مىڭ كوي مىراستا شۇ بالىنىڭمۇ ھەققى بار ئىدى. مۇشۇنى ئويلىسام تېخىمۇ ئازابلىنىمەن. ئاكا بولغان ئادەم ئەسلىي ئانام قازا قىلغاندىن كېيىن بىزگە ئاتا ھەم ئانىنىڭ ئورنىدا قارىشى كېرەك ئىدى، ئەمما پۇل دېگەن نىرسە ئۇنىڭ ئىنساپ-

286

ۋىجدانىنى ئاللىقاچان بۇلغاپ بوپتۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئىت-چوشقىنىڭ يۈرىكىگە ئالمىشىپ قالغانمىدۇ دەپ گاھىدا ئويلاپ قالىمەن.

ھۆرمەتلىك ھاكىم، ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن كېيىن پۇل دېگەن نەرسىنىڭ دەھشەتلىك قۇدرىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئانامنىڭ نېمىشقا پۇلنى دەپ ئازاب تارتىپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى، ئابدۇباقىنىڭ نېمىشقا پۇلنى دەپ ئادەم سۆرەتلىك يالماۋۇزغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندىم. پۇل بولمىسا بولمايدىكەن، قولىمىزدىكى كىتاب ۋاراقلىرى پۇل بولغان بولسىمۇ، يىرتىپ ئېلىپلا خەجلىگىلى بولسا دەپ كېتىدىكەنمىز. ماڭا ھەر ئايدا ئۆيدىن بىرەر يۈز كوي كېلىدىغان بولسا بېشىم كۆككە يېتىپ، ئوقۇشۇمنى خاتىرجەم ئوقۇيتتۇم. ھەر قانچە قىلساممۇ مۇشۇ مەۋسۇم ئىچىدە بارى يوق پۇلۇم ھەر خىل چىقىملارغا كېتىپ، مېنى تاغدەك غەم باستى.

ھۆرمەتلىك ھاكىم، مۇشۇ تاپتا كېلەركى مەۋسۇم باشلىنىدۇ، پۇلۇم بولسا داۋاملىق ئوقۇيالايمەن، بولمىسا قانداق قىلارمەن دەپ بېشىم قېتىپ، تولا ئويلاپ، يىغلاپ، ئاخىر سىلىنى ئېسىمگە ئالدىم. مەن سىلىنى كۆرۈپ باقمىغان، ئەمما تەرىپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان. ئاڭلىسام، مېنى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويماقچى بوپتىكەنلا. بۇنى ئاڭلىغاندا مەن "بۇ ھاكىم نېمانداق ياخشى نىيەتلىك ئادەمدۇ" دەپ ئويلىغاندىم. شۇ ئىشەنچ ماڭا مەدەت بولدى. شۇڭا سىلىگە بۇ خەتنى يېزىپ ياردەم سوراش قارارىغا كەلدىم. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئاكام ئابدۇباقىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى مېنى ئازابلاپ كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇ جاراھەتنى سىقۇەتمىسەم كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ. سىلىنىڭ ئېغىر كۆرمەي شۇ ئىنساپسىزنى ئالدىلىرىغا چاقىرىپ قاتتىق تەنقىد بېرىپ، ھەققىمىزنى ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ھەققىمنى ئېلىپ بېرىشلىرىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. سىلە بەرگەن خىزمەتنى بولغاندىكىن ئۇ شۇنىڭغا قانائەتلىنىپ، ھالال ئىشلەپ جېنىنى باقسۇن، بىزنىڭ ھەققىمىزنى يەپ ھاراق ئىچىپ ئويناپ يۈرمىسۇن. بىز بۇ يەردە پۇل يوق سارغىيىپ شۈمشىيىپ يىغلاۋاتساق، ئۇ ئۇ يەردە ئويناپ-يايراپ يۈرەمدىكەن؟! ماڭا نېمىشقا پۇل ئەۋەتمەيدىكەن؟ نېمىشقا مېنىڭ ھەققىمنى يەۋالدىكەن؟! ئانام بەرگەن مىراس پۇلۇمنى ئېلىپ، ياخشى ئوقۇپ ئانامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىمىسام بولمايدۇ، بۇ مېنىڭ ئىرادەم.

www.uyghurkitap.com

هۆرمەتلىك ھاكىم، ماڭا بىر ياردەم قىلسىلا، مەندەك بىر بىچارە يېتىم قىزنىڭ ئاھۇزارىنى تىڭشاپ قويسىلا. خىزمەتلىرى ئالدىراش بولسىمۇ، ۋاقىت چىقىرىپ مېنىڭ ئىشلىرىمغا كۆڭۈل بۆلۈپ قويسىلا. بۇ ياخشىلىقلىرىنى مەن ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن.

سىلىگە سالامەتلىك تىلەپ: گۈلەمبەر

ھوشۇر ھاكىم خەتنى ئوقۇپلا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئىشخانىسىغا يولىيورۇق سوراپ كىرگەن بىر نەچچە ئادەمگە قىسقىچىلا جاۋاب بېرىپ، يەنە ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەن بولدى: بۇ جاھاندىكى ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى نېمانچە تېز، باھارخان ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئابدۇباقى مىراسىنىڭ ھەممىنى يەۋاپتۇ، قىزى ئوقۇشقا ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ كونا زېمىن-جايىدا ھازىر ئۈچ قەۋەتلىك بىنا سېلىنىپ، ئۇ جاي تونۇغۇلى بولماس بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆزى مانا باش ھاكىملىققا سايلىنىپ، بۇرۇنقىدىن زور ئىناۋەت تېپىپ، ھاياتى كاتتا، كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتىدۇ...

ھاكىم بىر شەنبە كۈنى ئابدۇباقىنى ئۆيىگە چاقىرتتى. ئابدۇباقى پۇزۇر كىيىنىپ، موتوسىغا مىنىپ، سوۋغا-سالامنى مول ئېلىپ ھاكىمنىڭ ئۆيىگە ماڭدى، كۆپكۈندۈزدە يولدا ھېچكىمدىنمۇ خىجىل بولمىدى. ئۇ ھاكىمنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، سوۋغاتلىرىنى ئايالىغا تاپشۇرۇپ، مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇردى. ھوشۇر ھاكىم بېغىدىكى ھاجەتخانىسىدىن چىقىپ، قولىنى يۇيۇپ، مېھمانخانىغا كىرىشىگە ئابدۇباقى تويتەك قاڭقىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھاكىم بىلەن ھاياجان ئىلكىدە قوش قوللاپ كۆرۈشتى.

— ھوي، بۇ ئۇستىۋاشلىرىڭ خېلى كاتتىغۇ، پۇل دېگەن ئادەمنى مەدەنىي قىلىۋېتىدىكەن جۇمۇ! — دېدى ھاكىم ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ.

— نەدىكىنى ھاكىم، ئادەمنى خىجىل قىلمىسىلا، ئالدىلىرىغا ئەمدى ئەسكى كىيىم بىلەن كەلگىلى بولمايدۇ.

— ھە ياخشى گەپ، ئۆزگىرىش چوڭ جۇمۇ سەندە! ھە

قېنى ئۆلتۈرە، ئالدىڭدىكى نەرسىلەردىن ئالغاچ ئۆلتۈر، ئاڭلىسام ئاناڭ قازا قىلىپ كېتىپتۇ.

— ھە، شۇ ئۆپكە، يۈرەك، جىگەر... ھەممە كېسىلى پىشىپ قاپتىكەن، داۋالاتساقمۇ ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتتى، ھازىرقى دوختۇرخانىلار پۇلنى هارام يەيدىكەن.

— خىزمەتنى قانداق ئىشلەۋاتىسەن؟

— ياخشى، شۇ يېقىندا ئىدارىنى ئىككىگە بۆلىدىكەن، ئادەم قىسقارتىدىكەن دەۋاتىدۇ...

— سېنىمۇ قىسقارتىمىز دەۋاتىدۇ، ئاڭلىسام سەن تولا هاراق ئىچىپ تۈزۈك ئىشلىمەيدىكەنسەن.

— هازىر ئانچە جىق ئىچمەيمەن هاكىم...

— هاراق سورۇنلىرىدا مېنىڭ ئۈستۈمدىن غەيۋەت قىلغىنىڭ راستمۇ؟

— ياق، ياق، هاكىم، كىممۇ مېنى ئۇنداق چېقىشتۇرغان، مەن ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىمەن، يۈزلەش دېسىلىمۇ بېرىپ يۈزلىشىمەن...

— سېنى ئۇلار ئىشتىن بوشىتىمىز دېگىلى خېلى بولدى، مېنىڭ ئاغزىمغا قاراپلا ئۇنداق قىلالمىدى. يېقىندا يەنە ئىسلاھات بولىدۇ. بايا دېگىنىڭدەك، ئاشلىق ئىدارىسى ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. سەن دۆلەتلىك كارخانا ئورۇننىڭ رەسمىي خىزمەتچىسى ئەمەس، تەمىنلەش شىركىتىنىڭ رەسمىي ئىشچىسىمۇ ئەمەس، پەقەت مېنىڭ يۈزۈمدىنلا تۇرۇپ قالغان ۋاقىتلىق ئىشچى. سەن هاراق ئىچىۋېلىپ، خىزمەتكە سۇس قارىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇلار ساڭا ئىشەنچ قىلالماي، ئامبارغا ئەمدى رەسمىي تەربىيىلەنگەن ئەسكەرنى ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. مەيلى نەدە ئىشلە، ساڭا ئەمدى ھېچكىم مائاش بېكىتىپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ساڭا قارا ئىشچى بولىدىغان بىرلا يول قالدى، ئىشلەيمەن دېسەڭ تەمىنلەش شىركىتىنىڭ قارىمىقىدىكى ماي زاۋۇتىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇنچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

شـۇ يەردە ياغ تارتىپ، كۈنجۈر چىقىرىسەن. ئايلىق مەققىنى ئۇلار ئىشلىگىنىڭگە قاراپ بېرىدۇ.

ئابدۇباقىنىڭ بېشى ساڭگىلاپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— قولۇمغا 30 مىڭ كوي بېرىپ ئىشتىن بوشاتسا مەيلىتى، — دېدى ئۇ ھاكىمغا تەلمۈرۈپ قاراپ.

ھوشۇر ھاكىم مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:

— نەدىكى گەپنى دەۋاتىسەن؟ سەن گېپىمنى تېخى چۈشەنمىدىڭما؟

— بەزىلەر شۇ پۇلنى ئېلىپ ئاندىن ئىشتىن بوشايدىكەنغۇ؟!

— دېدى ئابدۇباقى ئۇۋاللىقتا قالغان ئادەمدەك زارلاپ.

— ئۇلار دېگەن رەسمىي ئىشچىلار، ئۇلار ئون نەچچە يىللىق خىزمەت ستاژىغا ئىگە. سېنىڭ ئۇنداق سالاھىيىتىڭ يوق، سەن پەقەت مېنىڭ يۈزۈمدىنلا ماڭاش ئېلىپ كېلىۋاتقان ۋاقىتلىق ئىشچى.

ئابدۇباقى ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئەمدى تونۇۋاتقاندەك بولۇپ، ئېغىر تىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— بۇنداق سولۇشۇپ كەتمە، — دېدى ھاكىم تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، — ئىشنىڭ يولى مۇنداق، گەپنى ساڭا ئوچۇقلا قىلاي، ماڭا 15 مىڭ كوي بەرسەڭ، باشلىقنىڭ سېنى ئەتىلا رەسمىي ئىشچىلىققا ئالىدۇ. ئاندىن تۆت-بەش يىل ئىشلەپلا چىقىۋالساڭ، ئۇ چاغدا ئىدارە ساڭا 30-20 مىڭ كوينى بېرىپ يولغا سالىدۇ.

ئابدۇباقى بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ ھوشۇر ھاكىمغا بىر قاراپ قويۇپ، "بۇ ئوغرىنىڭ گەپلىرى راستىمدۇ، يا ئادەم ئالدامدۇ؟ پۇلۇم بارلىقىنى نەدىن بىلىدۇ؟ ئۇ قاچانقى گەپ..." دەپ ئويلىدى.

— مەندە ئۇنچىلىك پۇل يوق... — دېدى ئۇ بېشىنى يەنە

ساڭگىلىتىپ ــ توي قىلدىم، موتو ئالدىم. ئۆي ياسىدىم...

ــ ئاناڭدىن قالغان پۇلنىڭ ھەممىنى خەجلەپ تۈگەتتىڭما؟ ئەجەب نوچىكەنسىنا سەن!

ــ ئانامنى داۋالاتتىم، سىڭىلچاقنى داشۆگە يولغا سالدىم. ئۆزۈمگە ئىشلەتتىم... شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. 40 مىڭ كوي دېگەنمۇ بىر دەمدە تۈگەيدىكەن.

ــ ما قوڭالتاق گۇينى، ئەجەب پوچىلىشىپ كېتىپسىنا سەن، 40 مىڭ كوي پۇل كۆزۈڭگە كۆرۈنمىگۈدەك شۇنداق نوچىلىشىپ كەتتىڭما سەن؟! ئۇنداق ئادەم ئەمىسە نېمىشقا ھۆكۈمەتنىڭ مائاشىغا سارغىيىپ يۈرۈيسەن، ئۆزۈڭ بىر ئىش قىلساڭ بولمامدۇ؟! ھەممە پۇلنى شۇنداق قىلىپ تۈگەتتىڭما؟ سىڭلىڭنى قانداق ئوقۇتىسەن؟!

ــ ئۇنى مەن ئوقۇ دېمىگەن، ئۇنى سىلە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغان بوپتىكەنلا، ئوقۇيالماي يېنىپ كەلسە...

ــ ھەر قايسىڭنىڭ چوڭ دادىسىمۇ مەن؟! قاچانغىچە پوقۇڭلارنى ئادالايمەن! ئۆي-زېمىنىڭنىڭ ھەققى قاچانغىچە تۈگىمەيدۇ؟ شۇنچە يۈز-خاتىرە قىلسامۇ ئاناڭ بۇ ياخشىلىقنى بىلمەي بىزگە خېلى جاپا سالدى. بولدى، ئۇ دۇنياغا كەتكەن ئادەمنىڭ يامان گېپىنى قىلماي. ئىشقىلىپ، مەن ھەر قايسىڭغا قىلىدىغانلىكى ياخشىلىقنىڭ ھەممىنى قىلدىم. ئەمدى تۈگىدى، سېنىڭ ئىشلىرىڭمۇ تۈگىدى. بايا مەن دېگەندەك قىلساڭ قىل، قەرز ئېلىپ بولسىمۇ 15 مىڭ كوينى تېپىپ ئەكەل، بولمىسا كارىم يوق. بايۋەچچە بولغاندىكىن ئىشلىمىسەڭمۇ بولىدۇ، موتورىڭنى مىنىپ، هارىقىڭنى ئىچىپ، ئۆيۈڭدە خوتۇنۇڭنى قۇچاقلاپ يېتىۋەر...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئابدۇباقى خەجلىگەن پۇللىرىدىن سۆرگەن راھەتلىرىنى بىر قېتىم ئەسلەپ چىقتى، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق جان بېقىشنى ئويلاپ بېشى قاتتى. "ئەگەر ھازىر 15 مىڭ

كويۇم بولسا ئۇنى ھاكىمغا تۇتقۇزۇپ ساراڭمۇ مەن، ئۆزۈم بىر ئىش قىلمامدىمەن" دەپ ئويلىدى؛ شۇنداق ئويلىغان بىلەن ئۇ پۇلنى بار چاغدىمۇ ھېچ ئىش قىلالمىدى، تەييار پۇلنى خەجلەپ تۈگىتىپ، ئاخىر بىر نەچچە مىڭ كويىلا قالدى. مانا ئەمدى مائاشىدىن قۇرۇق قالىدۇ، ھازىرقى ئۆيىدىنمۇ قۇرۇق قالامدۇ تېخى، كىم بىلىدۇ، ھاكىم ۋەدە قىلغان تام ئورنىنىڭ گېپى يوقاپلا كەتتى. بۇنى ئەمدى بولسىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك.

— ھېلىقى تام ئورنىنى تېخى كۆرسىتىپ بەرمىدىلە ھاكىم...

— قايسى تام ئورنى؟ ھازىر يەر قىس، ئۇنىمۇ سەن مېنى بىكارغا ھەل قىلىپ بېرىدۇ دەپ قالدىڭما؟ پۇل ئەكەل پۇل، پۇل بولمىسا قۇرۇق گەپ بىلەن ئىش ھەل بولمايدۇ.

— ئۇنى سىلە بېرىمىز دېگەنىغۇ ھاكىم، مېنى خىزمەتتىنمۇ ھەيدىۋەتسىلە، تام ئورنىنىمۇ بەرمىسىلە...

— تام ئورنىنى بەرسەك ئۇنىمۇ سېتىپ يەپ قۇرۇتىسەن، سەن پۇلنى ساماندەك خەجلەيدىغان نوچىكەنسەن ئەمەسمۇ!

ئابدۇباقى غۇدۇڭشىدى:

— پۇلنى خەجلەيدىغان يەرگە خەجلىدۇق ھاكىم، مېنى ھەممىدىن قۇرۇق قويسىلا مەن بۇ جاننى قانداق باقىمەن، خوتۇنۇمنى قانداق باقىمەن...

— قانداق باقساڭ باق، بېشىڭغا كۆن چۈشمىگىچە ئادەم بولمايدىغان نېمىكەنسەن، كەچكىچە ئۆزۈڭنىلا ئويلامسەن؟! سىڭلىڭ ئۆرۈمچىدە قانداق ئوقۇۋاتىدۇ، ئۇنى ئويلىمامسەن؟! مۇبادا ئۇ پۇلنى دەپ شۇ چوڭ شەھەردە بۇزۇلۇپ كەتسە قانداق قىلىسەن؟

— "ھاكىم سېنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ" دېسەم ئۆزى ئۇنىماي كەتكەن، نېمە بولسا ئۆزىگە...

— سەندىنمۇ نوچى قىز بالىكەن ئاشۇ! سەنمۇ ئەر كىشى

بولغاندىكىن ماڭا يۆلەنمەي ياشىساڭ بولمامدۇ!

— ئۇنىڭ قولىدا بەش مىڭ كوي بار ئىدى، شۇڭا كەتكەن ئۇ نوچىلىق قىلىپ، ئۇرۇمچىدە ئۇيىنغۇسى كېلىپ...

— بەش مىڭ كويى تۈگەپ بولماي تۇرامدۇ، سەن ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم پۇل ئەۋەتمىدىڭما؟

— ياق، — دېدى ئابدۇباقى هاكىمنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئەجەبلىنىپ، — پۇل ئەۋەتمەي دېسەم ماناشىم ئۆزۈمگىمۇ يەتمىسە، مانا ئەمدى بۇ ماناشىمۇ بولمىسا نېمىنى ئەۋەتىمەن... هەممىمىز تەس كۈنگە قالدۇق، نېمە قىلسا قىلىپ جېنىنى باقار ئۆزى...

هاكىم كاستۇم-بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىپ كۆچۈكلىنىپ ئولتۇرغان ئابدۇباقىغا قاراپ ئىچى قاتتىق پۇشتى. چوپچوڭ هاكىم تۇرۇپ بۇ كىچىك ئىشلارغا ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى هېس قىلىپ، گەپنى ئۈزدى:

— سىڭلىڭىزنىڭ قانداق يۈرۈش مەسىلىسى بۇ يۇرتنىڭ ئىناۋىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، شۇڭا سوراپ قويدۇم. ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ، مېنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشلىرىم جىق، ئەمدى هېچقايسىڭىزنىڭ ئىشى بىلەن كارىم يوق، مېنى ئەمدى ئىككىنچى ئىزدەپ كەلمە!

ئابدۇباقى هاكىمنى ئىچىدە مىڭنى تىللاپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن سالپىيىپ چىقىپ كەتتى. موتوسىنى غارقىرىتىپ مىنىپ "ۋاي ئاناڭنى تويماس ئوغرى، نومۇس قىلماي 15 مىڭ كوي دەيدۇ تېخى، قوتو خىزمىتىڭنى نەگە ئاپارساڭ ئاپار، ماناش ئالمىغانغا ئادەم ئۆلۈپ قالمايدۇ، جان بولسا جاهان..." دەپ ئويلاپ، يولبويى ئىچى پۇشۇپ، ئالغان سوۋغاتلىرىغا قارنى ئاغرىپ كەلدى. ئۆيىگە كېلىپ، كىر يۇيۇپ ئولتۇرغان ياۋاش خوتۇنىغا قاراپ، ئىغىر غەم-قايغۇغا چۆمدى. دەسمايە غالتەككە چىقسا بۇ خوتۇنىمۇ بىر كۈنى ئۇنىڭغا ۋارقىرايدۇ، خېتىنى ئالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 11

## قىشلىق تەتىلدىن كېيىن چىمەنگۈل خانىم گۈلمبەردىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۈنتىك ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

قەدىردان ئۇستازىم، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ ئۆي ئىچى، مەكتەپلەر تىنچلىقتۇ؟ مەندىن ئەھۋال سورىسىڭىز، كۈنلۈم بەك تەستە ئۆتۈۋاتىدۇ. ھازىر دەسلەپكى ھاياجانلىرىمنىڭ بىرسىمۇ قالمىدى. موھتاجلىق بېسىمىدا كۆزۈمگە پۇلدىن باشقا ھېچنېمە چىرايلىق كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ھوشۇر ھاكىمغا خەت يازغانىدىم، ھېچقانداق سادا يوق، ياردەم ئەسلا يوق. قارىغاندا خېتىم بەلكىم تەگمىدى، يا بولمىسا تەگكەن بولسىمۇ ئۇ ئادەمنى تەسىرلەندۈرەلمىدىم. بۇنداق ئادەمنىڭ قەلب دېرىزىسىگە قاپقارا كىرلىشىپ كەتكەن 100 كويلۇق، 50 كويلۇق پۇللار چاپلاپ قويۇلغان بولسا كېرەك. بۇ ئادەم شۇنىڭغا قاراپ ھۇزۇرلانسا ھۇزۇرلىنىدىكەنكى، ئۇنى سويۇپ ئېلىپ، ئاچ-يالىڭاچ قالغان موھتاجلارغا بېرەي دېمەيدىغان ئوخشايدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە قارىسىڭىزلا دېرىزە ئەينەكلىرىگە چاپلانغان رەڭگا-رەڭ ئېلان، باھا، سېرىق رەسىم... كۆزگە چېلىقىدۇ. بىزنىڭ بەزى قىزلار ئۆزىنى پەردازلاپ كوچىغا ئاشكارا چىقىشقا باشلىدى. بەزى ئوغۇللار ئوقۇماي يۇرتىغا كېتىۋاتىدۇ. غۇرۇرىنى ساتقانلار كوچا-كويلاردىكى مەرەزلەرگە چاپلىشىپ، نەچچىسى قوغلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بىز ئەينى چاغدا تەلپۈنگەن يەر مۇشۇ ئىدىغۇ؟ مەكتەپ ئىچى، بىنالار، گۈللەر خېلى چىرايلىق، ئەمما مەن ئۆزۈم تەلپۈنگەن ئوقۇش كەيپىياتىنى بۇ يەردىن ھېچ تاپالمىدىم. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم ئەزەلدىن بەك گۈزەلمۇ ياكى موھتاجلىقتىن سىقىلىپ يۈرگەچكە ھەممە نېمە كۆزۈمگە خۇنۇك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتامدۇ، ھېچ بىلمىدىم...

سىز دېگەندەك، ئەھۋالىمنى سىنىپ مۇدىرىغا دېدىم، مۇئەللىم مەن فاكۇلتېتقا ئەھۋالنى دەپ باقاي، ھەر ئايدا مەكتەپتىن ئازراق تۇرمۇش ياردەم پۇلى ھەل قىلىپ بېرىشكە تىرىشايلى دېدى. ئەمما بۇ پۇل تېخى قولۇمغا تەگمىدى. ئاشخانىچە يەنە ياشىشىم، ئوقۇشۇم كېرەك. خېلى بىر شېئىرلارنى يېزىپ باقتىم، ھېكايىلارنى يېزىپ باقتىم، پوچتا ماركىسىغا ئاران چىقىنىپ ئۇنى ئەۋەتسەم ھېچ جاۋاپ يوق، قەلەم ھەققى دېگەندىن

ئەسلا ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. مېنىڭ يازغانلىرىم بەك ئەركىن بولۇپ كېتىپ، مۇھەررىرلەرگە يارىماي قالدىمىكىن دەپ ئويلىدىم. لېكىن جاپا چەككەنچە ئەدەبىي قىزغىنلىقىم ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، قورسىقۇم ئاچ قالغاندا بىر نەرسە يازسام خېلى ياخشى يازىمەن. يازمىلىرىمنى شېئىر يېزىپ خېلى نامى چىققان بىر مۇئەللىمىمىزگە كۆرسەتسەم، سىز ئاۋۋال مېنىڭ يازغانلىرىمنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ مەشىق قىلىپ ماڭا ياردەملىشىڭ، ئاندىن مەن سىزنىڭ شېئىرىڭىزنى گېزىت-ژۇرناللارغا يارىغۇدەك قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەھرىرلەپ بېرەي، دېدى. مەن ماقۇل دەپ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئاقفا چىرايلىق كۆچۈرۈپ بەردىم، يازغانلىرىنى مەن ياراتمىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ مۇئەللىم، مەن ئۆيۈمگە كومپيۇتېر ئالدىم، شېئىرنى ئەمدى شۇنىڭدا يازىدىغان بوپ قالدىم، دېدى. ئەمدى مېنىڭمۇ ئىشىم قالمىدى.

شەنبە-يەكشەنبىدە ئاشخانا-رېستورانلاردا ئىشلەي دەپ بارسام، خوجايىنلارنىڭ ھاكاۋۇرلىقى جېنىمدىن ئۆتتى، خۇددى بىر شىركەتكە ئادەم ئالىدىغاندەك خىللاپ كېتىدىكەن. بىر كۈن ئىشلىسە قورساقنى ئاران باققىلى بولىدىكەن، پاسكىنا ئىشنىڭ تولىلىقى، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى مېنى ئۇ يەردىنمۇ تويغۇزدى. باللاردىن تىلەپ ئالغان قەرز بىلەن ياشاۋاتىمەن، بەزىدە نان بىلەنلا كۈن ئۆتىدۇ. ئەھۋالىمغا ياتاقداشلىرىم ئانچە-مۇنچە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئەمما ھە دېسىلا ئۇلارغا ئېغىزىمنى سېلىشقۇم كەلمەيدۇ. ئۇلار ئۇمۇ چىدىمىدى. بىر كىمدىن بىر نەرسە سوراش ماڭا ئەزەلدىن ئېغىر كېلەتتى، لېكىن بۇ يەردىكى موھتاجلىق يۈزۈمنى قېلىن قىلىۋەتتى. موھتاجلىقنىڭ تاشتىن قاتتىق ئىكەنلىكىنى، مېنى ئاجايىپ چىدامىلىق قىلىۋېتىپ بارغانلىقىنى بارا-بارا ھېس قىلىۋاتىمەن. خەير، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر. ئۈمىدىمنى ھەرگىز ئۈزمەيمەن.

خەير، خۇشۋاق بولۇڭ خانىم!

ئوقۇغۇچىڭىز ھەم سىڭلىڭىز گۈلەمبەر

چىمەنگۈل خانىم خەتنى ئوقۇپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ، چوڭقۇر ئويغا چۆمدى، دەرسى يوق ئىككى سائەتتىن پايدىلىنىپ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپلا دەرھال جاۋاب خەت يازدى:

كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۆلەمبەر، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى. ئۇ مەكتەپنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا ھېچ ۋەقەسى يوق، بەلكىم نۇرغۇن نەرسە ئىسلاھ قىلىنىدى، يېڭىلاندى. سىزنىڭ شۇنىڭغا كۆنۈپ ياشىماي ئامالىڭىز يوق. ئەتراپىڭىزدىكى خۇنۇك نەرسىلەرگە قاراپ ئىچىنىپ، ئىچىڭىزنى سىقماڭ، سىز ئۆزگەرتەلمەيدىغان ئىشلارغا ئارتۇقچە ئازابلىنىپ كەتمەڭ. سىزنىڭ ھازىر پەقەت بىلىم ئېلىش مەجبۇرىيىتىڭىز بار. توغرا، موھتاجلىق غېمىدىن قۇتۇلمىغىچە خاتىرجەم ئوقۇغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك، بۇنىڭغا سىز مۇداۋاملىق ئامال قىلىڭ، جان بولسا جاھان دەيدۇ. بىز مۇ ئامال قىلىشقا تىرىشايلى.

ئالدىنقى ھەپتىدە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ئىشخانىسىدىكى گۈزەلنۇر بىلەن ھوشۇر ھاكىمنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ تويى بولدى، گۈزەلنۇر ھازىر ئىشقا چۈشتى. ئەھۋالىڭىزنى گۈزەلنۇر ئارقىلىق ھوشۇر ھاكىمغا دەپ، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن سىزگە ئاز-تولا ئوقۇش ياردەم پۇلى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى مېڭىپ باقاي. بۇنىڭدىنمۇ ئۈمىد بولمىسا يەنە باشقا ئامالارنى قىلىپ باقايلى. پەقەت ھېچقانداق ئامال تېپىلماي قالغۇچە چىداپ ئوقۇپ تۇرۇڭ. جاھاندىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۈمىدىنى يوقاتماي تىرىشقان كىشىلەرگە مەنسۇپ.

سىزگە ئارانلا يۈز كوي ئەۋەتەلىدىم، مېنىڭ ئەھۋالىم ئۆزىڭىزگە ئايان، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، پۇل يوق بولسىلا چۈشكۈنلىشىپ كەتمەڭ. سىز دېگەن شائىر، جۇشقۇن، قىزغىن ياشاشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ياخشى تەرەپتىن تەسىر كۆرسىتىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇڭ، ياخشىلار ئەتراپىڭىزدا چوقۇم بار، ئۇلاردىن سەممىي ياردەم سوراپ بېقىڭ، بىرەرسى بولسىمۇ چىقىپ قالىدۇ.

مەن يەنە تەكىتلەي، بىر نەرسە يازمىسىڭىزمۇ ھەر كۈنلۈك ھاياتىڭىزنى خۇددى بىر پارچە ياخشى ئەسەردەك مەزمۇنلۇق، تەسىرلىك ئۆتكۈزۈڭ. ئاچ قورساق ئادەم ھەرگىز بوشۇشۇپ كەتمەي، چوقۇم جان-جەھلى بىلەن كۈرەش قىلىشى كېرەك. جەمئىيەت مېنىڭچە تېخى پۇل بىلەن كۆيۈۋاتقان قاباھەتلىك دوزاخقا ئايلىنىپ كەتمىدى. سىزدىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتىمەن.

ئۇستازىڭىز ھەم دوستىڭىز چىمەنگۈل.